# قان تامچىلايدىغان دەرەخ

# چەت ياقىدىكى بىر ئۇيغۇر شەھرى تۇغرىسىدىكى تەسىراتلار

نىك خولدستۆك

ئېدىنبۇرگ لۇئات باسمىسى چەكلىك شىركىتى

ماگدا بوربېيساغا بېغىشلايمەن

## تەرجىماندىن

خىتاي تىلى مائارىپىدا ئۇقۇغىنىم ئۈچۈن قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلىش ماڭا ئاسانغا توختىمىدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ۋاقىت، ئەقلى ۋە جىسمانى ئەجىر ۋە رۇشەن ئىقتىسادى سېلىنما كەتكەندىن سىرت، يەنە ئانا تىلىمدىكى نۇرغۇنلىغان كەمتۈكلۈكلەرنىڭ تۇسقۇنلۇغىغا ئۇچرىدىم. شۇنداقتىمۇبۇنداق مۇشكۇلاتلار ئالدىدا قىلچە بۇشاشماي، قوربۇم يەتمىگەن يەرلەرگە باشقىلاردىن ياردەم سوروپ، نەتجىدە ھەر خىل توسۇنلارنى بۇسۇپ، مۇئاپىقيەتلىك ھالدا نەشر قىلدۇرۇپ، كىتاپخانلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم. تەرجىمە قىلىش جەرياندا يۇلۇققان مۇشكىلاتلار ھەققىدە بۇ يەردە كۆپ توختالمايمەن، چۈنكى كىتاپ ئۇقۇشنى ئىرادە قىلغانلار ئۈچۈن بۇنداق بىر ئەسەرنى رۇياپقا چىقىرىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ كىتىدىغانلىغىنى پەرەز قىلىش ئانچە مۇشكۇل بولمىسا كىرەك. تۈۋەندە نىمە ئۈچۈن بۇنداق بىر كىتاپنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىگىم ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ ئۆتىمەكچىمەن. دۇنيانى كۈرۈش ۋە تونۇشنىڭ كۆزنىگى ۋە قېلىپى بىر ئەمەس، قىسمەن قاراشلىرىم بەلكىم بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنداقلا بەزى پىكىرلىرىم قىسمەن ئۇقۇرمەنلەرنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقماي قېلىشى ياكى دىتىغا ياقماي قېلىشىمۇ تەببى، چۈنكى ھەر بىر ئادەمنىڭ تارازىسى ۋە دۇنيا قارىشى ئۆز موھىتىنىڭ ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋىتىنىڭ تەسرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈۋەندىكى قاراشلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىششتىن بۇرۇن كەڭ ئۇقۇرمەنلەردىن ئالدىن ئەپۇ سورايىۋالاي. ئەگەر بەزى مەزمۇنلار مەزكۇز كىتاپنىڭ دائىرىسىدىن سەل ھالقىپ كەتكەن بولسا توغرا چۈشەنگەيسىزلەر، چۈنكى دىمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسى پېقىر مۇھىم دەپ قارىغان بەزى مەسلىلەرگە بولغان شەخسەن قارىشىمنىڭ خۇلاسىسى خالاس.

پىكىرىمنى تۈۋەندىكى مەزمۇنلارنى چۆرىدىگەن ھالدا بايان قىلىشنى توغرا تاپتىم. ئالدى بىلەن مەزكۇر كىتاپنىڭ ئاپتۇرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە بىتەرەپ مەيدانىنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشقا بولغان تەسرى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن، ئاندىن ئىككىنچى مەسلىدە ئەقلى بىلىش بىلەن ھىسسى بىلىشنىڭ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزدىكى تەسرى ھەققىدە قىسقىغىنا توختالغاندىن كىيىن ئاخىرىدا تېمىدىن سەل چەتنىگەن ھالدا ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە قارىشىمنى ئۇقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمەن.

يېقىنقى ئون نەچچە يىللاردىن بىرى ئامىرىكىنى ئاساس قىلغان غەرپ ئەللىرىدە خەلقىمىز ۋە ئانا تۇپرىغىمىزنىڭ تارىخى، سىياسى ۋە ئىقتىسادى ۋەزىيتى، ئىتنوگرافىيەسى ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرىگە ئايىت ئەقلى يازمىلار خېلى كۆپ نەشر قىلىندى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تىگىشلىك غوللۇق ئەسەردىن بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈمەن. ئالدى بىلەن 1998 – يىلى دىرۇ گلادنىنىڭ ئۆزۈن مۇددەت ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىش نەتجىسىدە

ۋۇجۇتقا چىقارغان ئانتروپولوگىيە تەتقىقات ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور خىتاينىڭ مىللى سىياستى، مۇسۇلمانلار ۋە شىنجاڭ مەسلىسى ھەققىدە توختالغان. مەزكۇر ئەسىردە مۇسۇلمانلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە باشقا ئاساسلىق مەدەنىيەت ئېقىمى سىرتىدىكى گۇرۇپپىلار ۋە قۇۋملەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشتە ئۇيغۇر مىللى كىملىگى ھەققىدىمۇ مەخسۇس تەھلىل ئېلىپ بارغان. ئۇندىن باشقا يەنە 2000 ـ يىلى كەمبىرىجدىن چىقىدىغان *ئىچكى ئاسىيا تەقىقاتى* دىگەن ئىلمى ژورنالنىڭ پۈتۈن بىر سانى شەرقى تۈركىستان تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مەزكۇر توپلامدا شىنجاڭ تەتقىقاتىدا تونۇلغان تارىخشۇناسلار، ۋە ئىجتىمائى پەن ئالىملىرىنىڭ ئىلمى ماقالىلىرى يىغىپ بىرىلگەن. مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مىللى مەدەنىيەت، يەرلىك تارىخ، سىياسى قۇرۇلما، دولەت سياستى، يىمەك -ئىچمەك ئادىتى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ستراتىگىيەلىك ئورنى ۋە خىتاي ھاكىميتىنىڭ بۇ يەرنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىغا ئايىت تەتقىقاتلار كىرگۈزۈلگەن. 2004 - يىلى فېرىرىك ستار تەھرىرلىگەن شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمى ماقالىلار توپلىمىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ بولۇپ، نۇرغۇن مەسلىلەر ئانالىز قىلىنغان. 2004 - يىلى كىم خودۇڭنىڭ شەرقى تۈركىستاننىڭ 18 ـ ئەسىر تارىخىغا بېغىشلانغان "خىتاي ئېلىدا غازات' دىگەن ئەسىرى، ۋەتىنىمىزى تارىخدىكى داۋالغۇچ بىر يېرىم ئەسىرنى ناھايتى ياخشى مۇجەسسەملەپ بەرگەن. 2007 ـ يىلى جەمىس مىلۋاردىنىڭ مەزكۇر رايۇننىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى كىتاۋىمۇ، غەرپىنىڭ تارىخ تەتقىقات نەزەريسى ئاساسىدا يېزىلغان غوللۇق بىر ئەسەر ھساپلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان مەسلىسىنى ئاساس قىلغان يازمىلارنىڭ سانى بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالغىنى يوق، باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ، ئەمما ۋاقىت مۇناسىۋتى بىلەن ھەممىسىنى بۇ يەردە ساناپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈريىتى يوق دەپ قارىدىم.

يىغىپ ئەيتقاندا، شۇنچىلىغان نادىر ئەسەرلەر ئارىسىدىن نىمە ئۈچۈن سەپەرنامە ژانىرىغا كىرىدىغان بۇ ئەدەبى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش قارارىغا كەلگەنلىگىمگە سەۋەپ بولغان فاكتورلار كۆپ تۈرلۈك بولۇپ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە. ئالدى بىلەن كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاپ ئوقۇش ھەۋىسى، ۋاقىت ۋە باشقا چەكلىمىرىنى نەزەرگە ئالدىم. مۇئاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىجتىمائى ۋە مائارىپ ساپاسى تەكشى ئەمەس، شۇڭا ھەممىگە ماس كىلىدىغان ئاممىباپ بۇ ئەسەرنى تاللاشنى توغرا تاپتىم. چۈنكى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان باشقا ئىلمى ئەسەرلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى، پىكىر قىلىش مەنتىقىسى ۋە ئەقلى خۇلاسە قىلىش ئۇسۇللىرى مەلۇم ئەقلانە تەتقىقات ئاساسى بار ئوقۇرمەنلەرگە ماس كەلگەچ، جامائىتىمىز ئارىسىدا غەرپنىڭ ئەقلى مەدەنيىتى بىلەن تولۇق تونۇشلىغى بولمىغان نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشۈنۈپ كىتىشى سەل مۇشكۇل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، كەسپى خاراكتىرى قويۇق ئەسەرلەرنىڭ كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشى بىراز تەس، چۈنكى بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا قىززىقمىغانلارنىڭ مۇشۇ تىپتىكى ئابستراكىت يازمىلارنى تاقەت بىلەن ئوقۇپ چىقشى ئۈچۈن ئىرادىدىن باشقا يەنە ۋاقىت ھەم ماجال كىتىدۇ.

بىلىشىمچە بىزدە ئەقىلى تىلدا يېزىلغان، مۇلاھىزە تېپىنى ئالغان، ئابستراكىت ئۇقۇملار بىلەن بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئۇقۇيدىغان تاقەت كۆندىن كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. بەلكىم ئەدەبىياتچىلىغىمىزنىڭ مۇساپىسىنىڭ ئېگىز پەسلىگى، مىللى يېزىقچىلىغىمىزدا ئۇتتۇرا ئەسىر يېزىقچىلىق شەكلىنىڭ تېخىچە تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىغى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئاپتورلىرىمىز ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆخشاشلا رەڭدار سۈپەتلەر بىلەن ھېسسىلاشتۇرۇلغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا ھەم ئوقۇشقا بەكرەك قىززىقىدۇ. گەرچە قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر بىزنىڭ شۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن خېلىلا پەرقلىق يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەردىن بەك كۆپ ئەقلى مۇلازىمەت تەلەپ قىلمايدۇ دەپ قارىغىنىم ئۈچۈن بۇ كىتاپنى تەرجىمە قىلىشنى توغرا تاپتىم. ئۈچۈنچى مەسلە، بۇ كىتاپنىڭ زامان بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىغى ۋە ھازىرقى ھاياتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىغى تۈرتكە بولدى.

ئاپتورنىڭ سۇبىكتىپ قارىشى، كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىغا بولغان ئىنكاسلىرى، كۈزۈتۈشى ۋە مۇلايىزىلىرىنى چورىدەم يېزىلغان مەزكۇر كىتاپنى ئوقۇپ چىققىنىمدا ئۇزۇندىن بىرى ئىزدەپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان سوئاللىرىمنىڭ بەزىلىرىگە جاۋاپ تاپقاندەك ھاياجان ۋە پەرىشان بولدۇم. چۈنكى كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر يېرىدا بىزدىكى ئۆزلۈك قارىشى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بىزنىڭ ئۆبرازىمىزنىڭ ئوتتۇرىسدا ئۇزۇكلۈك بارلىغىنى پەرەز قىلىپ كەلگەن بولسامۇ، باشقىلارنىڭ نەزىرى بىلەن ئۆزىمىزگە قارىغىنىمدا، روھى دۇنيايىمىزدىكى تەۋرىنىشنىڭ بۇنداق رەۋشەن بولىدىغانلىغىغا پىسخىكا ھازىرلىغىمنىڭ يېتەرسىلگىنى ھېس قىلدىم. ئادەم ئەينەككە قارىمىغىچە يۈزىدىكى ئەيىپنى كۆرەلمەيدۇ دەپ راس دەپتىكەن كونىلار. بۇ پەردە كىتاپنىڭ مەزمۇنى توغرىسدا بەك كۆپ ئۈچۈرلارنى ئاشكارىلاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەۋىسىنى بوزغۇم يوق، شۇنى ئەيتىپ ئۆتۈش كۇپايىكى، مەيلى بىر شەخس ياكى بىر قوۋم بولسۇن، ئەگەر كۆللۈكتىپ چۈشەنچىسىدە ئىنسانپەرۋەرلىگىنى ئۆزىگە تەۋە بولغان كىشلەرگىلار بېغىشلاپ، ئۆزىگە ياتلار تۈپىغا ئۆخشاش بولمىغان ئۆلچەمدە قارىسا، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىمۇ خۇددى ئۇزى دۈشمەن كۆرگەنلەرندىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىغىنى ھېس قىلىشقا بولۇدۇ. تاكى مۇشۇ كۈنگىچە نىمە ئۈچۈن ئادالەت ئىلاھىنىڭ كۆزىنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىگىنى بۇنداق چوڭقۇر ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدىم. ئادەمدە ئۆز يارىسىنىلا كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ زارىغا كۆز يۇمۇدىغان خىسلەت بولىدىكەن، ئادالەتمۇ، سائادەتمۇ ئۇلاردىن قاچىدىكەن. بۇنى كىتاپتىكى دىيالوگلاردىن رۇشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمدى ئىككىنچى مەسلىگە كەلسەك، گەپنى يەنىلا ئەدەبىياتچىلىغىمىزدىكى رەڭدار ئىبارىلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسسى ئىنكاسىنى قوزغاپ ئەقلى ئىزدىنىشگە باشلاپ بارالماسلىغىنىڭ كىتاپ ئوقۇش خاراكتىرىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن باشلايمەن. بۇ

قارىشىمىزنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ئۆزۈن مۇددەتلىك كۈزۈتۈش ۋە ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ نۇقتىنى شەرھىلەيدىغان تىپىك مىساللارمۇ ئاز ئەمەس؛ ئەدەبى يازمىلىرىمىز، كىنو سىنارىيلىرىمىز، شۇنداقلا شېھرى ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەقلى ئىنكاس قوزغاشنىڭ ئورنىدا، ھىسسى جاۋاپقا ئۈندىگەچ، بىزدە ھادىسگە ئىنكاس قايتۇرىدىغان، ئەمما سەۋەپكە سەل قارايدىغان كۆللىكتىپ خاراكتىر شەكىللەندۇرگەن. ئەگەر ئوز نېنىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە بىر خەلق بولغان بولساق بۇ خىل قاراشنىنىڭ يامان تەرىپى يوق ئەۋەتتە، ئەمما ئۆزۈن مۇددەت مۇشۇنداق مەدەنيەت بىلەن ياشاش بىزنى زامان بىلەن تەڭ پىكىر قىلىش پۇرسىتىدىن مۇستەسنا قىلىپ قويغان. نەتىجىدە، پىكىر ئۇسۇلىمىزدىكى بۇ خىل يوچۇق باشقىلارنىڭ بىزنىڭ ھىسسى ئاجىزلىغىمىزدىن پايدىلىپ، يوللۇق تەلەپلىرىمىزنىمۇ بۇرمىلاپلا يولىسىز قىلىپ كۆرسىتىپ، ئوز مېيىمىزدا ئوز گوشۇمىزنى قورىسىمۇ تاقابىل تۇرۇشقا ئىمكانىسىز قالىدىغان بىر خىل پاسسىپ ھەم نائىلاج ھالغا باشلاپ كىلىۋاتىدۇ. قىسقىسى نەزەر دائىرىمىزنىڭ چەكلىمىسىنى بىلمەي ھەم ئىقرار قىلماي تۇرۇپ، ھەر قانچە تىرىشساقمۇ ئۇخشاش يەردە پىرقىراپ تۇرماقتىن باشقا چارە يوق. تاكى مۇشۇ كەمگىچە بىز يەنىلا مۇشۇنداق گىرداۋغا چۈشۈپ قېلىشىمىزغا سەۋەپچى بولغان قىممەت قاراشلىرىمىزنى بۇخچا قېلىپ جاھان كېزىپ كىلىۋاتىمىز. زامان بىزنىڭ رايىمىزغا باقمىغانغا قارىماي بېشىمىزنى ئىچىمىزگە پۈكۈپ بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ، ئوزگۆلۈكنى نىقاپ قىلىپ كىلىۋاتىمىز. بىزدە "ئىللەت ئۆزگەرمىسە مىللەت ئوزگەرمەس" دىگەن گەپ بار، ئىللەتنى تونۇماي تۇرۇپ ئۇنى ئوزگەرتىشتىن ئېغىز ئېچىش خۇددى سو كورمەي تامبال سالغاندەك ئىش. دىمەكچىمەنكى، ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن ئۆزىمىزگە بىر قاراپ باقايلى، بۇ ھەرگىزمۇ ياتلار نىمە دىسە ھەممىسى توغرا دىگەنلىك ئەمەس، ئەمما نەزەر دائىرىمىزنى ئېچىشتىن كىلىدىغان مەنپەەت بىكىنچىلىگىمىزدىن كەلگەن زەخمەتتىن كۆپ يۇقۇرى ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەقلى ئىزدىنىشىمىز ۋە پىكىر ئۇسلۇبىمىز جاھان بىلەن ھەمقەدەم مېڭىشى كىرەك!

ئاخىردا، قىممەت قارىمىشىمىزدىكى بۇ خىل ئۆزۈكلۈكنىڭ مىللى داۋايىمىزنىڭ ئىلگىرلىشىگە كورسىتىۋاتقان قىسمەن سەلبى تەسىرلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. مەن ئوتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەن داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندا غەرپتە بىزنى بىلىدىغانلار ۋە بىزگە ھىسداشلىق قىلىدىغانلارنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىك كىلەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ۋەزىيەتتە كۆپ بۇسۇشلەر بولدى. ئالدى بىلەن ئىدىلىگىيە ساھەسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشى بىلەن كۇندىن كۇنگە رۇشەنلىشىشكە باشلىغان مىللى مەسلە دۇنيا ۋەزىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ يەردە دىمەكچى بولغان مىللى مەسلىنىڭ رايون ۋە قەۋم چەكلىمىسى يوق، ئۇيغۇر مەسلىسىمۇ مۇشۇ يېڭى ئوزگۇرۇشنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىدۇر. بىزنى بىلىدىغانلار، بىزگە ھىسداشلىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى، شۇنداقلا بىزنىڭ بەختىسىزلىمىزدىن پايدىلىنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ ئىقتىسادى

قۇۋۇتىنىڭ ئېشىش بىلەن، دۇنيا جامائىتىنىڭ خىتاي ھاكىمىيتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئۆزگۆرۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ رۇشەن قۇربانى بىز بۇلۇپ قالدۇق. ئىقتىسادى مەنپەتنىڭ تۇرتكىسى بىلەن نۇرغۇن قېرىنداش قۇۋملىرىمىز بىزنىڭ داۋايىمىزنى پۇل تاپىدىغان، خىتاي بىلەن سودىلىشىدىغان دەسمايىغا ئايلاندۇرۇپ، بىزنى ۋەتىنىمىز ئەتراپىدىكى تۇپراقلاردا ۋەتەن داۋاسى ئېلىپ بىرش ئىمكانىيتىدىن مەرۇم قويدى. ئاتالمىش دىنى ۋە مىللى قېرىنداشلىرىمىز ئۆز مەنپەتى ئۈچۈن نۇرغۇن باتۇر يىگىت قىزلىرىمىزنى خىتايغا قايتۇرۇپ بىرش بەدىلىگە ئۆزلىرىگە سياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەت ئىزدىدى. بۈگۈنكى كۈندە تۈركيە ۋە ياپۇنيە ۋە قىسمەن ئوتتۇرا شەرق دولەتلىرىدىن باشقا ئاسيا تۇپرىغىدا بىز ئۈچۈن ھەركەت ئېلىپ بېرىش پۇرستى يوق دىيەرلىك بۇلۇپ قالدى. نەتىجىدە، ھازىرقى كۈندە ئامىركا قاتارلىق بىر قانچە غەرپ دولەتلىرىلا ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ ھەركەت مەركىزى بۇلۇپ قالدى. ئەمما چەكلىمىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس. مىللى داۋايىمىز ئوتكەنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە بىر مەزگىل ئەۋجىگە كۇتۇرۇلۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئاستا ئاستا پەسىيشكا باشلىدى. كۆپ ساندىكى غەرپ مەتبۇئاتلىرىدىمۇ يېقىندىن بىرى بىزگە ئايىت ئۇچۇرلاردا ئاساسەن خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بايان قىلىدىغان بولدى.

ئەلۋەتتە، ھېچ قانداق بىر ئىجتىمائى ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلىغى بىرلا ئامىل تۈپەيلى بولمايدۇ، مىللى داۋايىمىزدىكى بۇ داۋالغۇچلارنىڭ كىلىپ چىقىشىنىمۇ ئاددىلا بىر سەۋەپتىن دېيش مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر. ئەمما، مىللى داۋا ھەركىتىنىڭ باشلىغۇچلىرىدىن بىرى بۇلۇش سالاھىيتىم بىلەن ئېلىپ ئەيتسام، مىنىڭ قارىشىمچە بىزدىكى مەسلىنىڭ كۆپ قىسمى ئەقلى پىكىر قىلىش ئادىتىمىزنىڭ يىتەرسىزلىگى، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ چەكلىكلىگى شۇنداقلا بىزگە يار يۆلەك بۇلىۋاتقانلارنىڭ مەقسەت مۇددىئاسىنى تولۇق ھەزىم قىلالمىغانلىغىمىزنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. بىزدە ئالدى بىلەن بىر ئوبىكتىپ تارىخى كۆز قارىشى شەكىللىنىش كىرەك، ئاندىن مەنتىقىلىق پىكىر قىلىدىغان خىسلەت يىتىلدۇرىشىمىز كىرەك. ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ ئوتكەنكى بىر يېرىم ئەسىر جەريانىدىكى كەچمىشىگە قارىساق، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بۇلۇش پۇرستى ئاساسەن ئاز بولغان، خەلقىمىز ۋە تۇپرىغىمىز ھەمىشە باشقىلارنىڭ سياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەت ئۈچۈن سودىلىشىدىغان ئوبىكتى بۇلۇپ كەلگەن. بۇ خىل ھالەتنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كىلىۋاتقانلىغىنى ھىلىھەم ھىس قىلمىساق، بۇنى ھىس قىلىس پۇرستىدىن مەڭگۇ مەھرۇم قېلىشىمىز مۇمكىن. ۋەتەن داۋاسى بىر سياسى ھەركەت، بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيلەنگەن سياسۇنلار كىرەك، مىنىڭدەك بىر دوختۇر، ياكى بىر سودىگەر ۋە ياكى قېنى قىززىق ھەۋەسكار ھۇددىسىدىن چىقالايدىغان مەسۇليەت ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئەيتقاندا سياسەتبازلىق بىر كەسپتۇر، ئەمما بىزنىڭ مىللى ھەركەت رەھبەرلىرىمىز ئارىسدا قىزغىنلىق ۋە پىداكارلىقتىن باشقا سياسى ئويۇننى ئۆز يولى بىلەن ئويناشنى بىلىدىغانلار قانچىلىك؟ بىزدە سەھنە ئالدىدىكى سىمۋۇللۇق رول ئوتەيدىغان رەھبەرلەر بىلەن پەردە ئارقىسدا تۇرۇپ ئەقلى پىكىر قىلالايدىغان رەخبەرلەرنىڭ بېلىم ساپاسىدا

پەرق بولمىسا، مىللى ھەركىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىدىن مەندە ئانچە چوڭ ئۈمۈت يوق. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئوزگەرتىش ئۈچۈن چۇقۇم يىراقنى كۆرەلەيدىغان، رۆشەن پىكىر، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ياخشى بىلەلەيدىغان بىر ئەۋلات ئۇيغۇر سىياسۆنلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارلىق شەخسى مەنپەئەت ۋە نام ئاتاق تالىشىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ تۇرۇپ، تۆلۆق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بىرلىككە كەلگەن مىللى بىرلىك سەپ قۇرۇش ئۈچۈن تېرىشىشىمىز كىرەك. قىسقىسى، پىكىرىمىزدىكى ئۆزۆكلۆك ئۆلانمايدىكەن، يېقىندىن بىرى بىزگە ھىسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ ۋە بىزنى قوللاۋاتقانلارنىڭ مەيدانىدىكى داۋالغۇچىلارغا سەۋەپ بولىۋاتقان ئامىللارنى بىلەلىشىمىز ئاسان ئەمەس، بىز ئۈچۈن بىر ئەقلى ئويغۇنۇش دەۋرى كىرەك.

ئەنۋەر تۇختى لوندون.

## ياردەم بەرگۈچىلەر

بۇ كىتاپنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتىم، ئۇلارنىڭ ئەجرى ئۈچۈن كۆپتىن كۆپ مىننەتدارمەن. ياردەملەشكۈچىلەر ئارىسدا ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ كىتاپنى باسقان نەشرىيات بىلەن ئالاقە قىلىش تەلىۋىنى بەرگەن جېنىنى رېنتونغا رەخمەت ئەيتىمەن. شۇنداقلا 2010 – يىلى شىنجاڭ سەپىرىم ئۈچۈن ئىقتىسادى ياردەم بەرگەن شۇتلاندىيە سەنئەت كونسۇلىغا كاتتا رەخمەت ئەيتىمەن. ئۇندىن باشقا يەنە ئەڭگىلىيەنىڭ "گاردىيان" گېزىتىنىڭ ئىلگىرى شەرقى ئاسىيا رايىندىكى مۇخبىرى جون گىڭتىڭنىڭ مەزكۇر كىتاپنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالنى كۆرۈپ چىقىپ، قايتۇرغان ئىلھام بەخش پىكىرلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە مىننەتدارمەن.

رىيان فەن ۋىنكل، بېنجامىن موررىس، دەن گورمان، ياسمىن فېددا، دۇنكان مەكرۇگېر، لۇۋىس مىلنى ۋە ۋىللىيام ۋاتسۇن قاتارلىقلارنىڭ ئوز نوۋىتىدە بەرگەن پىكىرلىرىگە، يېزىقچىلىق ئۈچۈن جاي هازىرلەپ بېرىپ، موھلىتى كەلگەندە دوستانە يار ـ يۆلەك بولۇپ، گايىدا بەرگەن سەمىمى تەنقىدلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە رەخمەت ئەيتىمەن.

ئانام ۋە دادامغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

قۇلىغمغا سۇلداتلارنىڭ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، يۇقۇرى ئاۋازدا قىلغان ۋاراڭ چۇرۇڭلىرى ئاڭلانغاندا مەن بىر مەسچىدنىڭ گۇمبىزىگە قاراپ تۇراتتىم. قايرىلىپ قارىسام تۇلۇق قۇراللانغان، ئۇستى بېشىغا قارا رەڭلىك ئوق ئوتمەس كىيىم كىيىۋالغان، چىرايىدىن ھىچ قانداق ئىپادىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، سۇرۇن چىراي بىر قاتار خىتاي ئەسكەرگە كۇزۇم چۇشتى. شۇ تاپتا بىز ئۇرۇمچىنىڭ ئالدىراش سۇدا مەرگەزلىرىدىن بىرى بولغان دوڭ كوۋرۇك بازىرىنىڭ ئالدىدا ئىدۇق. تېخى بىر قانچە سىكۇنتنىڭ ئالدىدا بۇ يەر سۇدا قايىنمىدا قىززىپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ئىتىبارى بازاردىكى ئىشتان، كوينەكلەرنىڭ باھاسىدا ئىدى. ئەمما تۇساتتىن پەيدا بولغان ئەسكەرلەر كىشىلەرنى چۇچۇتىۋەتەلمىدى، ئاددەملەر ھىچ ئىش بولمىغاندەك سالماقلىق بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.ھىچ كىم قورقۇپ، پات ـ پاراق بۇلۇپ ئورنىدىن يوتكۇلۇپ تارقىلىپمۇ كەتمىدى. كىشلەرنىڭ ئىنكاسىدىن بۇ خىل مەنزىرىلەرگە كۇنۇپ قالغانلىقى مەلۇم، ئۇلار بۇ ئەسكەرلەرنى نەزىرىگە ئالمىغاندەك پىسەن قىلمىغاندەك ئاستا بىر تەرەپكە ئۇتۇپ، ئۇلارغا يول بۇشۇتۇپ بەردى. قايناق بازار سەل جىمىپ، بىر ھازاغىچە لەشكەرلەرنىڭ شۇئارلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇلار ئۇتۇپ كىتىشى بىلەن بازار يەنە قايتىدىن جانلىنىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۆتكەن كەچكەنلەرنى جەلىپ قىلىش ئۇچۇن ئاۋازىنىڭ بېرىچە خېرىدار چاقىرىپ، باھا تالىششلار باشلىنىپ، بازاردىكى قايناق ھايات ئەسلىگە كەلدى. كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدە تېخمۇ كوپ ئەسكەرلەرنىڭ بارلىغىنى بايقىدىم، قاراپ تۇرسام بىر گۇرۇپپا قارا فورما كىيۋالغان "لەھەڭلەر" كۇچا چارلاپ ئوتۇپ كەتتى. ھەر يۇز مىتىردا ئىككى ئۇچتىن ساقچى پوستا تۇراتتى، بانكىنىڭ ئالدىدا، كاۋاپدانىنىڭ ئالدىدا شۇنداقلا يەر ئاستى يولىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىمۇ ساقچىلار پوستا تۇرغان ئىدى. كۇچىنىڭ تۇۋەن تەرەپتىن بىر بىرۋانىۋىك بازار تەرەپكە كىلىپ، توت يولىنىڭ دۇققىسىدا توختىدى.

گەرچە بۇ خىل زۇراۋانلىق بىلەن كۇچ كورستۇش كىشىنى بىئارام قىلسىمۇ، بۇنىڭ ھەيران قالارلىغى يوق ئىدى، چۇنكى تۇققۇز ئاينىڭ ئالدىدا، يەنى 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل كۇنى بۇ كۇچىلار 1989 ـ يىلى تىيئەنەنمىندىكى ۋەقەسىدىن بۇيان، يۇز بېرگەن ئەڭ قانلىق ۋەقەلەرگە شاھىد بولغان ئىدى. ئۇرۇمچى شەھرى جوڭگۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇلكىسى ھىساپلىنىدىغان شىنجاڭنىڭ مەركىزىدۇر. بۇ رايۇندا ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇرلار تۇركى تىلىدا سوزلىشىدىغان مۇسۇلمان قۇۋم بۇلۇپ، ئۇلار شىنجاڭدىكى 23 مىليۇن نۇپۇسنىڭ يېرىمىنى تەشكىللەيدۇ) بىلەن خىتايلار ( خىتايلار جوڭگۇدىكى نۇپۇسى ئەڭ كوپ مىللەت ھىساپلىنىدۇ) ئارىسىدا تارىختىن بىرى تۇقۇنۇشلار يۇز بېرىپ كەلگەن. 2009 - يىلى ئىيۇلدا يۇز بەرگەن ۋەقە بۇ خىل تۇقۇنۇشلانىڭ ئەۋجىگە چىقىۋاتقانلىغىدىن دىرەك بىرەتتى. ئاڭلىشىمچە 5 ـ ئىيۇل چۇشتىن كىيىن 300 ئەتىراپىدا ئويغۇر ئوقۇغۇچى شەھەرنىڭ ئوتتۇرسىدىكى مەيدانغا يىغىلىغان، بىر مەھەلدىن كىيىن بۇ ئۇقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۇپۇيۇپ بىر قانچە مىڭغا يەتكەن، ناماشىمغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ ھەركىتى قانلىق تۇقۇنۇشقا ئايلانغان. ھۇكۇمەت ئورگانلىرىنىڭ

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا بۇ قېتىمقى تۇقۇنۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 200 كىشى بولۇپ، يۈزلەپ كىشى يارىلانغان. دولەتنىڭ تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا بېرىلگەن خەۋەرلەردە نامايىشچىلارنىڭ يولدىكى كىشىلەرنى دەسسەپ، چەيلەپ ئۇرغان كۆرۈنۈشلىرى كورسۇتۇلگەن. هوكۇمەت تەرەپتىن ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى دوختۇرخانىلاردا سېن ئالغۇغا ئالغان كۆرۈنۈشلەردە كىشىلەرنىڭ باش كۆزىدىن ئېقىۋاتقان قانلار كورسۇتۇلگەن. ئىككى كىشى مىۋە ساتىدىغان قول هارۋىسىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. ئۇلارنى دوست يارەنلىرى مۇشۇ هارۋىلاردا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. توت ياشلىق بىر ئوغۇل بالا دوختۇرخانىنىڭ چاقلىق هارۋىسىدا ياتاتتى. ئۇ بېشىدىكى يارا زەربىسىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نىمە قىلارنى بىلمەي گاڭگىرىپ قالغان ئىدى. هامىلدار ئانىسىغا ئوق تەككەندە بۇ بالا ئانىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ يېنىدا تۇرغان ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مىڭلىغان تۇپلاڭنى باستۇرۇش ساقچىلىرى بىلەن قۇراللىق ساقچى قوشۇنلىرى، يۈقۈرقى كوچىلارنى قاتتىق قامال قىلىپ، قوللىرىغا كالتەك، بامبۇك تۇقماق ۋە سوزماقلارنى ئېلىپ، ئاساسلىق بازارلاردا چارلاش ئېلىپ بارغان. يولدا ئۈستىدە ۋە كوچىلاردا كويۇپ قالدۇغى قالغان ماشىنلار، ئىككى ياقىدىكى ئوتتا كويگەن دۇكانلارنىڭ خارابىلىرىدىن تېخچە ئىس چىقىپ تۇراتتى. كوچىلار قان داغلىرى، سۇنغان ئەينەك ئۇۋاقلىرى، ۋە ئۇ يەر بۇ يەردە چۇشۇپ قالغان يەك پاي ئاياقلار بىلەن تولغان ئىدى. ۋەقەدىن كىيىن قول تېلىفونى مۇلازىمىتى قامال قىلىنىپ، ئىنتىرنېت تورلىرى كىسىۋىتىلگەن ئىدى.

بۇ تۇپلاڭنىڭ باشلىنىش سەۋەپلىرى توغرىسىدا ئىككى خىل قاراش ئىلىگىرى سۇرۇلگەن. هوكۇمەت تەرەپنىڭ بايانىدا بۇ قېتىمقى قارشىلىق كورسۇتۇش هەركىتىنى ئالدىن پىلانلانغان، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان جىنايى قىلمىشى، ئۇنى " چەتئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، يىتەكچىلىك قىلغان، دولەت ئىچىدىكى قانۇنسىز كۈچلەر ئىجرا قىلغان هەركەت" دەپ ئىلىگىرى سۇرگەن. جوڭگۇنىڭ دولەت ئاخبارات ئورگانى بولغان شىنخۇا ئاگىنتلىغى مەزكۇر هەركىتنى "رابىيە قادىر رەخبەرلىگىدىكى دۇنيا ئويغۇر قۇرۇلتىيى پىلانلىغان" دەپ خەۋەر قىلغان. رابىيە قاردىر بىر ئويغۇر سودىگەر ئايال بولۇپ، ئامىرىكىغا سۇرگۇن قىلىنىشتىن بۇرۇن جوڭگۇ تۇرمىدىسىدە قامالغان. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئولكۇلىك پارتىكوم سېكرىتارى ۋاڭ لېچۈەن مەزكۇر ۋەقە "دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت بۇ بولگۇنچى ئورگاننىڭ تېررورىست تەبىيتىنى ئاشكارىلاپ بەردى" دىگەن. ئۇ يەنە بۇ تۇقۇنۇش "بىر قېتىملىق قانغا بۇلغانغان ساۋاق بولدى" دىگەن.

ئۇ يەنە مەزكۇر تۇپىلاڭنىڭ مەخسىدى شىنجاڭدا چوڭ بالايى - ئاپەت ۋە بۇزغۇنچىلىق كەلتۇرۇپ چىقىرىشنى نىشان قىلغان دەپ جار سالغان. ئۇ گەرچە يېقىندا جوڭگۇنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى

گۋاڭدوڭ ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىمقى تۇقۇنۇشنى ئېغىزغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇ تۇقۇنۇشنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە سەۋەپ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلغان.

ئەمما دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گۋاڭدۇڭ ۋەقەسىنى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتىدا ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بىر خىتاينىڭ تورۇدا ئالتە ئۇيغۇر يىگىت ئىككى "نارسىدە خىتاي قىز" غا باسقۇنچىلىق قىلدى دىگەن ئۇچۇرنى تارقىتىشى سەۋەبىدىن گۋاڭدۇڭدىكى تۇقۇنۇش يۈز بەرگەن. بۇ ساختا خەۋەرنىڭ قۇتراتقۇلىقىدا بىر توپ خىتاي بىر قانچە ئۇيغۇر كۆچمەن ئىشچىنى شاۋگۇەندىكى زاۋۇت ھويلىسىنىڭ ئىچىدە قوغلاپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. رابىيە قادىر جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ۋەھشىلىك بىلەن ئادەم ئولتۇرگەن خىتاي قاتىللارنىڭ جىنايى جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتۈشتە ئۇنۇملۇك تەدبىر تۇتمىغانلىقىنى مەزكۇر ۋەقەنىڭ پارتلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ. 5-ئىيۇل كۈنى ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر ياش، بىر يەرگە توپلىشىپ ھوكۇمەتنىڭ گۋاڭدۇڭ ۋەقەسىگە تۇتقان پوزۇتسىيەسىگە بولغان نارازىلىقىنى تىنچلىق بىلەن ئىنكاس قىلىشقا ئورۇنغان. ئەمما ساقچىلار ئۇلارغا كوزدىن ياش ئاققۇزغۇچى گاز، پىلمۇت ۋە بۇرۇۋۇنىكلار بىلەن جاۋاپ قايتۇرغان. بۇ جەرياندا باللارنىڭ بىر قىسمى خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ، ياكى تاياق-تۇقماقلار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۋېتىلگەن، بەزىلىرى بىرووۋنىكنىڭ ئاستىدا قېلىپ جېنىدىن ئايرىلغان.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان قانلىق ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ توربېكىتىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، خىتايلار قوللىرىغا تاياق تۇقماق، خەنجەر پىچاق قاتارلىق قۇراللارنى ئېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئويغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلار " خىتايلار ئالى مەكتەپلەرنىڭ ياتاقلىرىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە قۇرالىرى ۋە تۇرالغۇ جايلىرىغا، ئىش ئورۇنلىرىغا ۋە ئورگانلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، نارسىدە باللارنى، ئاياللارنى ۋە ياشانغانلارنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ" دەپ ئىلگىرى سۈرۈدۇ. ئۇلار يەنە " خىتايلار قۇچىغىدا بالا كوتۇرىۋالغان بىر ئويغۇر ئايالنىڭ بالىسى بىلەن بىرلىكتە قەتلى قىلىپ، جەسىدىنى پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن ... قوللىرىغا پىچاق ۋە خەنجەر ئالغان، مىڭدىن ئارتۇق خىتاي شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇنلىغان ئويغۇرلارنى قىرغىن قىلغان... ئىككى نەپەر ئويغۇر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتىلىپ، باشلىرىنى ياغاچقا سانچىپ كوچىدا سازايى قىلغان" دىگەندەك خىتايلارنىڭ ۋەھشىلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى تورۇدا تارقاتقان. ئەمما بۇ خەۋەرلەر رەسمى يوسۇندا ئىسپاتلانمىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنچە تور بېتىدىن ئېلىۋېتىلگەن.

**2009 ـ يىلى ئىيۇلدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق تۇقۇنۇشقا ئايىت نۇرغۇن ئۇچۇرلارنىڭ تەپسىلاتلىرى تېخىچە ئېنىقلانغىنى يوق. مەيلى تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بىرىلغان نامايىشچىلارنى قىرغىن قىلىش ھەركىتى بولامدۇ، ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىن پىلانلانغان قانلىق توپىلاڭ بولامدۇ، ۋە ياكى بۇ ئىككى خىل پەرەزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە بولامدۇ، بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەللەرنىڭ مىسالى شىجاڭ تارىخىدا ئاز ئەمەس. شىنجاڭدا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرۇدۇ، بەزىلەر بۇ ۋەقەلەرنى "توپىلاڭ" دەپ تەسۋىرلىسە يەنە بەزىلەر ئۇنى 'قانلىق قىرغىنچىلىق' دەپ قارايدۇ. مەسلەن 1997 ـ يىلى 2 ـ فىۋرال كۈنى شىنجاڭنىڭ چىگرا شەھرى بولغان غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە مۇشۇ خىل ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر. مەزكۇر ۋەقەمۇ بەلكىم بىر قېتىملىق نامايىش، ۋە ياكى بىر توپىلاڭ، ھەتتا بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شۈبھىسىزكى شۇ قېتىمقى ۋەقەدىمۇ ئۇقلار ئېتىلغان، كىشىلەر يارىلانغان ۋە بىراۋلار جانلىرىدىن ئايرىلغان.**

**ئەمما زادى نىمە ئىشلار يۈز بەردى، بۇ ۋەقەلەر نىمە ئۈچۈن بولدى دىگەن سۇئاللارغا كىسىپ جاۋاپ بىرىش ھىلىھەم تەس. خۇددى بۇگۈنكىدەك، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ، نۇرغۇنلىغان بىر - بىرىگە زىت ئۇچۇرلار، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئەيىپلايدىغان بايانلار ئوتتۇرىغا چىققان. مىنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەقەلەرنىڭ تېگىگە يېتىشنىڭ بىردىن بىر يۆلى ۋەقە يۈز بەرگەن شۇ تۇپراققا بېرىپ ئىزدىنىش ئىدى. نەتىجىدە، 2001 ـ يىلى مەن ئۇ يەرگە بېرىش پۇرستىگە ئىرىشتىم. توغرىسى، ماڭا غۇلجىدا ئىنگىلىزچە دەرس ئۆتۈدىغان بىر خىزمەت چىقىپ قالغاچ، ئۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ كەلدىم. بۇ بىر يىل مابەينىدە ئاڭلىغان ھىكايىنىڭ ئاخىرى ھىلىھەم داۋاملاشماقتا.**

**كەچمىشلىرىمنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدىكى بايانلارنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇپ، گەپنى ئەڭ دەسلىۋىدىن باشلاي.**

# سەپەر خاتىرىسى

سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ بۇلۇتلۇق بىر كۈنى، سىنى ئېلىپ غەرپكە سەپەر قىلىدىغان پويىز بېيجىڭ غەربى ۋوگزالىدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئەتراپىڭنى قورشاپ تۇرغان ھاۋا، كوكرەك قەپىسىڭ ۋە بېشىڭنى چىڭقاپ بېسىپ، جىسمىڭدىكى ھارارەتنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئالدىڭدا ئۇزۇن بىر مۇساپە كۈتۈپ تۇراتتى. بەختىڭگە يارىشا سەپىرىڭ بىر قەدەر راھەت ئېچىدە ئوتكۇسى، چۈنكى سەن پۈيىزنىڭ يۇمشاق كارۋاتلىق ئالاھىدە ۋاگۇنىدا سەپەر قىلىش شەرپىگە ئېرىشكەن ئىدىڭ. سەن سىرلىما ئىشكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، كىچىك خانىغا كىرگەندە قالغان ئۈچ كارۋاتنىڭ ئاللىبۇرۇن ئىگەللىنىپ بولغانلىغنى كۆرۈپ، چامدىنىڭنى جايلاشتۇرۇپ، كارۋىتىڭغا چىقىپ ئۇرۇنلىشىسەن. پۈيىز يولغا چىقىپ، بېيجىڭ ئاستا -ئاستا كوزدىن غايىپ بۇلۇپ، يىراقلايدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن، كۈزۈڭنى ئېچىپلا، دەرىزە سىرتىدىكى ئوڭكۇرلەر بىلەن تۇلغان سېرىق تۇپىلىق جىلغىلارنى كۇرۇسەن. تۇپراقلارنىڭ زايا كىتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ھەممە يەر مايسىلار بىلەن قاپلانغان ئىدى. بۇ شەنشى ئولكىسى بۇلۇپ، قاقاس چوللۇكلەرگە كىرشنىڭ ئالدىدىكى مەنزىرىلەر ئىدى. شۇنىس مەلۇمكى بۇ سەن كورگەن باشقا تۇپراقلارغا ئۇخشمايتى.

يىگۇدەك بىر نەرسە ئىزدەپ پويىزنىڭ بىر بېشىدىن يانا بىر بېشىگە بارىسەن. پويىز ئاشپۇزۇلى جايلاشقان ۋاگۇن سېمىز گۇشتا ئېتىلگەن تائاملار بىلەن غىزالىنىۋاتقان ئادەملەر بىلەن تولغان ئىدى.سەن ئۇتتىرا ياشلىق بىر جوپ خىيتاي ئەر ـ ئايالنىڭ يېنىدا بىر كىشلىك ئۇرۇن تېپىپ ئولتۇرىسەن. ئەركىشى قارا كوك رەختىن كاستۇم بۇرۇلكا كىيىۋالغان،  ئايالنىڭ ئۇچىسىدىكى شاپتۇل چىچىگى رەڭلىك پۇپايكىنىڭ ئۇستىگە كۇمۇشرەڭ يىپتا گۇل چۇشۇرۇلگەن ئىدى.

ئۇلار سەندىن قەيەرلىك ئىكەنلىگىڭنى ۋە قەيەرگە ماڭغانلىغىڭنى سۇرايدۇ. سەن "ئەنگىلىيەلىك" دەپ جاۋاپ بەرگەندە ئۇلار كۇلۇمسىرەيدۇ. "غۇلجىغا ماڭدىم" دىگەندە ئۇلارنىڭ قۇشۇمىسى تۇرۇلىدۇ.

"ئۇ ياخشى يەر ئەمەس" دەيدۇ ئىرى. "ئۇ يەر بەك قالايمىقان" دەپ قۇشۇپ قويىدۇ ئايالى.

"قانداق قالايمىقان"؟

**ئىرى بېشىنى چايقاپ بىر نىمە دەپ غۇدۇڭشۇپ، دەرىزە سىرتىغا قارايدۇ. سىنىك تامىغىڭمۇ يېتىپ كىلىدۇ. سەن ماي تېمىپ تۇرغان بىر تەخسە چۆشقا گۆشى بىلەن غىزالىنىسەن. ئاندىن كارۋىتىڭغا قايتىپ كىتىسەن.**

**سەن قايتا كۆزۈڭنى ئاچقاندا كەڭرى كەتكەن تۈزلەڭلىكنىڭ بىر پارچە كۆلرەڭ قەغەز كەبى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يېيىلىپ تۇرغانلىغىنى كورىسەن. بۇ شۇنچە ئۇچۇق، ھەم كەڭرى كەتكەن زېمىننىڭ ھەر بىر تەپسىلاتى ئادەمگە بىباھا بىلىنەتتى. يەككە يىگانە بىر ئادەم، ئەتىراپىدا بىرەر ئوي ياكى مشىنىمۇ كۆرۈنمەيدىغان جەزىرەدە تەنھا بىر يەرلەرگە كىتىۋاراتتى. دەرىزىنىڭ سىرتىدا ئاندا ساندا خارابىلار، ياكى ئېچىلىپ قالغان زارەتگاھلار كوزدىن غىل پال قىلىپ ئۆتۈپ كىتەتتى. بىكەتلەردە پۈرلىشىپ، مورىلىرى ساقىيىپ قالغان فورما كىيىۋالغان تۆمۈريول خادىملىرى ئۆتۈپ كىتىۋاتقان پويىزغا ھەربىچە سالام بىرىپ تۇراتتى.**

**كۆلرەڭ ئاسمان ئاستا ئاستا قاراڭغىلىشىدۇ، قۇم بارگاھلىرى قۇرام تاشلارغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن، كۆلرەڭ ئاسمان بىردىن رەڭدار ئالەمگە ئايلىنىدۇ. كائىناتنى سۆسۈن، سېرىق، قىزىل، ۋە قىزىلغا مايىل سېرىق رەڭلەر قاپلاپ، خۇددى ئىرىپ كەتكەن رەڭدار مارۇژنىغا ئوخشاپ قالىدۇ.**

**پويىز داۋاملىق غەرپكە قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. كوك ئاسماندا قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرىنى تۇسىدىغان بىرەر پارچە ئالقانچىلىك بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتى. پويىز چەكسىز باياۋان ئارىسىدىكى يېشىل بەلۋاغ تۈرپان بىكىتىدە توختايدۇ. سەن بېشىغا قىزغۇچ رۇمال ئارتىۋالغان بىر ئويغۇر ئايالدىن ئازراق ئۈزۈم سېتىۋالىسەن. بۇ ئۈزۈملەر ئاغزىڭغا پەۋقۇلادە شىرىن تېتىيدۇ. سەپىرىڭ داۋاملىشىدۇ، سەن تاغلاردىن ھالقىپ، بىر تاش تۈننىلدىن ئۆتۈسەن. بىردىن كوز ئالدىڭدا شامال كۈچى بىلەن پىقىراپ توك چىقىرىۋاتقان، سىمۇنت تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇغان ئاق رەڭلىك پۇلات تىغلار پەيدا بۇلىدۇ.**

**2192 كىلومىتىر مۇساپىنى بېسىپ، شىنجاڭنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىسەن، دىمەك مەنزىلىڭگە يېقىنلاپ قالغان بۇلساڭمۇ، ئالدىڭدا يەنە 500 كىلۇمىتىر مۇسايە سىنى ساقلاپ تۇراتتى. پويىز يۇلى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى.**

**سەپەردە يۇك تاقلىرىڭ باشقا يۈكتاقلار بىلەن چاڭلاشقان بولسا كىرەك، نەرسە كىرەكلىرىڭنىڭ سانى بىردىن كۆپىيۈپ قالغان ئىدى. سەن بىر قېتىمدا ھەممىسىنى كۆتۈرەلمەي ئىككى سەپەر قاتنايسەن. ئاندىن ۋوگزالدا تۇرۇپ خىيالغا چۆكۈپ كىتىسەن. مەن بۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلۇنىسەن. نىمە ئۈچۈن ئۆزۈڭ تەنھا شۇنچە يىراق بىر يەرگە كەلدىڭ؟ ئەگەر بېشىڭغا بىرەر بالا قازا كەلسە قانداق قىلىسەن؟ دىگەن ئويلار خىيالىڭدىن كىچىدۇ.**

ئەمما ھازىر سىنىڭ ئەنسىرىگۈدەكمۇ ۋاختىڭ يوق ئىدى. سومكىلىرىڭنى يوتكۈشىڭ كىرەك. سەن پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سومكىلارنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنسەن، ئەمما كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. بىشىڭنى كۆتۈرۈپ، ئۇچىسىدا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كوك رەختىن ئىشتان چاپان، كەپكە شەپكىنى قىرلىۋالغان بىر ئاددەمگە كۆزۈڭ چۈشۈدۇ. كۆزلىرىڭلار ئۇچراشقاندا ئۇ كىشى سەن تەرەپكە كىلىپ، مەن ساڭا ياردەم بىرەي دەيدۇ.

سەن كۈچىلارنى ئارىداپ يۈلغا چىقىسەن، كورگەن بىنالار يا يىرىم پۈتتۈرۈلگەن، ياكى يىرىم چىقىلغان ھالەتتە بۇلۇپ، ھەممە يەرنى تۇپا چاڭ ئاستىدا قالغان ئىدى. يول يۈزىنى ماي قاپلاپ كەتكەن بىر كۈچىدا پەقەت ماشىنا زاپچاسلىرى سىتىلىدىكەن. ئىككى تەرەپتىكى كىچىك بوتكىلاردا رىمۇنتچىلار تۇمۇرلەرنى سۈۋاركىلىغاندا چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى بىر يىنىپ، بىر ئۇچۇپ تۇراتتى.

سەن سەل ھاردۇغۇڭنى چىقىرىۋىلىش ئۇچۈن توختايسەن. ئاسمان كۈلرەڭ كۆرۈنەتتى. يىنىڭغا قولىدا سۈۋەت كۆتۈرىۋالغان ئىككى كىچىك بالا پەيدا بۇلۇدۇ، ئۇ سۈۋەتتە بىر كىچىك ئاسلان تۇگۇلۇپ ياتقان ئىكەن.

"بۇنى قانچە پۇلغا ئالىسەن"؟ دەپ سۇرايدۇ باللارنىڭ بىرى

"ماڭا ئۇنىڭ كىرىگى يوق" دەپ جاۋاپ بىرىسەن.

"ئالمەن دىسەڭمۇ ساڭا يوق" دەپ كۈلۈدۇ يەنە بىرى، قۇلىدىكى سۈۋەتنى ئويناپ تۇرۇپ.

يەنە ئىككى كوچىدىن ئوتكەندىن كىيىن، ئاخىرى سەن چۈشكەن مىھمانخانىغا يىتىپ بارىسەن. مىھمانخانىنىڭ كۈتۈۋىلىش زالىنىڭ تاش پەگاھسى، پەشتاقلار ۋە كارىدۇرلارنىڭ ھەممىسى ھول بۇلۇپ كەتكەن ئىدى، كارىدۇردا جىلىتكە كىيىۋالغان كىشلەر مىڭىپ يۈرەتتى.

ياتاققا كىرگەندىن كىيىن ھىلىقى ساڭا يۈك تاقلىرىڭنى كۆتۈرشۈپ بەرگەن ئاددەم سەن پەرەز قىلغاندىن ئۇن ھەسسە يۇقۇرى باھا سۇرايدۇ، سەن مىھمانخانا مۇلازىمىنى چاقىرىمەن دەپ تەھدىت سالغاندىن كىيىن، ئۇ ئەسلى سۇرىغان سۇممىنىڭ يىرىمىنى ئىلىشقا رازى بۇلۇدۇ.

ياتاقتا ئىككى كارۋات قۇيۇلغان بۇلۇپ، بىرىدە ياپۇنىيەلىك بىر مويسىپىت كارۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئەرزان باھالىق تاماكىسنى پۇقۇرۇتۇپ چىكىپ، سەن بىلمەيدىغان بىر كىتاپنى ئۇقۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ئىچ كىيىمنى ئاددەمگە تىگىپ قالغۇدەك پاكار يىپقا ئىسىپ قويغان ئىدى. كىچىدە قاتتىق ئۇيىقىدا شىرىن چۈش ئىچىدە پۈشۈلداشلىرى گويا كاۋاك قالغان ئىشىكتىن ئىسقىرتىپ كىرگەن شامالدەك ۋىزىلداپ چىقاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سەن ئاپتۇۋۇز بىكىتىگە بارىسەن. ئۇلار سىنىڭ خىزمەت قىلىش رۇخسەتنامەڭ يۇقكەن دىگەننى بانا قىلىپ ساڭا بىلەت سىتىپ بىرىشنى رەت قىلىدۇ.

"ئۈنىڭسىز سىزگە بىلەت بىرەلمەيمىز" دەيدۇ تاغاردەك سالپىيىپ تۇرىدىغان كىلەڭسىز فۇرما كىيىۋالغان بىر ئايال.

"مەن ئۇ يەرگە بارماي تۇرۇپ قانداقمۇ خىزمەت رۇخسەتنامىسىنى ئالالايمەن".

"مىنىڭ كارىم يۇق".

"مەن ئۇ يەرگە قانداق بارالايمەن؟"

"بىلمەيمەن"

"ئۇستۇڭدىن شىكايەت قىلىمەن"

"قىلساڭ قىل" دەپ مورىسىنى مىدىرلىتىپ قۇيىدۇ.

سەن ۋاقىراپ باقىسەن، يالۋۇرۇپ باقىسەن، لىكىن ھىچ قايسى ئىشقا يارىمايدۇ. بىرەر سائەت غۇدۇڭشۇپ يۇرۇپ، ئاخىرى سىنى ئاپىرىپ قۇيۇشقا رازى بۇلغان بىر كىرا ماشىنىسىنى تاپىسەن. سەن شۇپۇر بىلەن باھا تالىشىپ يۇرۇپ، پۇلدا كىلىشكەندىن كىين كىرانى تۇلەپ ماشىنا تۇشقىچە ئىككى سائەت ساقلايسەن.

ئۇرۇمچىدىن يۇلغا چىققاندا كۇن چىڭقى چۇش بۇلغان ئىدى. دەسلەپكى بىر قانچە سائەتلىك يۇل يۇقۇرى سۇرەتلىك سىپىلىق يول بۇلۇپ، يولدا قاتناشمۇ ئاز ئىدى. ساڭا ھاردۇق يىتىپ كۇزۇڭ ئۇيقىغا كىتىدۇ. بىر چاغلاردا ماشىنىنىڭ سىلكىشى سىنى شىرىن ئۇيقۇڭدىن ئۇيغۇتىۋىتىدۇ. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى يىپىشىل تاغلار يىقىنلاپ، يول تارىيىشقا باشلايدۇ. ئۇزۇن سۇزۇلغان تاغ ئارىلاپ سەپىرىڭ داۋاملىشىدۇ. تۇساتتىن كوز ئالدىڭدا قارشى قىرىنى كورگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ گۇزەل، يۇغان ھەم ياپ يىشىل بىر كۆل پەيدا بۇلۇدۇ. يول كۆلنى بويلاپ تاغ ئۇچىغا چىققاندىن كىيىن، ئەگرى بۇگرىجىلغىنى بويلاپ تۇۋەنلەشكە باشلايدۇ. كەچكى شەپەق تاغ چۇققىلىرىغا ۋە يول ياقىسىدىكى ياغاچ جازىلارغا تىزىلغان ھەسەل شىشىلىرىگە چۇشۇپ كوزنى قامىتىدۇ.

سەن ئولتۇرغان ماشىنا يۇك ئاپتۇمۇبىللىرىغا قاراپ تىز سۇرەتتە ئىلگىرلىگىنىدە، خۇددى ھازىر سۇقۇلۇپ كىتىدىغاندەك ئەنسىزلىك ھىس قىلىسەن. كوز ئالدىڭدىن سەھرانىڭ ئۇزگىچە ئالاھىدە مەنزىرىلىرى تىز ـ تىز ئۇتۇپ تۇرۇدۇ. پاختا ئىتىزلىرى، قوي ئوتلاۋاتقان ئىگىز يايلاقلار، ئاتقا مىنگەن قاۋۇل كىشلەرنى كۇرۇسەن. بۇگۇن بىيجىڭدىن ئايرىلغىنىڭغا ئۇچ كۇن بولغان ئىدى. سەندە گۇيا باشقا بىر ئەلنىڭ چەت ياقىلىرىغا كىلىپ قالغاندەك، جۇڭگۇنىڭ ئاخىرىغا يىتىپ كەلگەندەك ھىسيات پەيدا بۇلۇدۇ.

دارىلمۇئەللىمىنگە يىتىپ كەلگىنىڭدە قاراڭغۇ چۇشۇپ بولغان ئىدى. مەكتەپتە خۇددى كىچىك بالىدەك جۇغى كىچىك، ۋىجىك بىر ئايال سىنى ياتىقىڭغا باشلاپ كىرىدۇ. غۇۋا چىراق نۇرىدا

مايلىشىپ كەتكەن كونا پالاس، سىمۇنت پەھگا بىلەن قاچا يۇيۇدىغان يىرى چىنىقىشتىن ياسالغان بىر ئاشخانىسى بار ياتاقنى كۇزۇڭدىن كەچۇرىسەن. ئاشخانا ئويدەقاچا قۇچا، يا مەش ئۇچاق دىگەندەك ئەسۋاپلار كۇرۇنمەيتى. دەرىزىدە پەردىمۇ يوق ئىدى. ھاجەتىخانا بولسا يەرگە كۆلاپ قويغان بىر ئورەككە ئۇخشايتى.

"سىزنىڭچە بۇلامدىكەن" دەپ سۇرايدۇ ھىلىقى ۋىجىك ئايال چىقىراق ئاۋازدا.

سەن ئەترابقا قاراپ بىقىپ ھەممىنى دەڭسەپ كۇرۇپ

"بەك ياخشىكەن" دەپ جاۋاپ بىرىسەن.

سەن ئاخىرى مەنزىلىڭگە يىتىپ كەلگەن ئىدىڭ. غۇلجىغا كەلگىنىڭنى تەبرىكلەيمەن!

**1**

**بۇ يەرنىڭ چېگرا ئېغىزى ئىكەنلىكى غۇلجا ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك تۇنجى ئۇچۇر بولۇپ، شەھەر ئىچىدىن ماشىنا بىلەن بىر سائەت ماڭسا قازاقىستان چېگرىسىغا كېلىپ قالاتتى. بۇيەرنىڭ چېگرا رايون بولۇشىنىڭ ئۆزىلا غۇلجىغا ئالاھىدە تۈس قوشقان بولۇپ، ئۆز چېگرىسىنى ياخشى ئىدارە قىلالمىغان دولەتنىڭ زاۋال تېپىشى تۇرغانلا گەپ.**

**غۇلجا شەھرى جوڭگونىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان شىنجاڭ (يېڭى زېمىن) ئۆلكىسىنىڭ غەربى - شىمالى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ جوڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكىسى بولۇپ، كۆلۈمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە زېمىنلىرىنىڭ جۇغلانمىسىغا تەڭ كېلىدۇ. شىنجاڭ زېمىنى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، جەنۇبىدا ھىمالايا بىلەن پامىر تاغلىرى، شىمالىدا ئالتاي تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تەڭرى تېغى غەربتىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ زېمىننى ئىككىگە بۆلەيدۇ. بۇ تاغلار زىمىنلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا بولۇپلا قالماي، ھىمالايا بىلەن پامىر تاغلىرى ھىندى ئوكياندىن كېلىدىغان تۆرپىك بەلۋاغ ھاۋاسىنىڭ نەملىكىنىمۇ توسۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا ھول يېغىن ئاز بوغاچ، تەكلىماكاندەك چوللۇك شەكىللەنگەن. تەكلىماكان قوم ۋە شېغىللار بىلەن توشقان بىپايان چوللۇك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تەببى گاز بىلەن نىفتىنىڭ كۆلۈمى سەئۇدى ئەرەبىستاندىنمۇ كوپ بولۇشى مۇمكىن.**

**ئەمما بۇ قاقاس تاغلارنىڭمۇ باغرى يۇمشاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۇققىلىرىدا شەكىللەنگەن قار- مۇزلاردىن ئېرىپ چۈشكەن سۇلار تەكلىماكاننىڭ چورىسىدىكى كۆكلەملەرنى سۇغۇرۇپ، ھاياتلىققا ئىمكان بەرگەن. قەدىمى زاماندا ياۋرۇپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مەشھۇر يىپەك يولى ياقىسىدىكى كونا شەھەرلەرمۇ دەل مۇشۇ كوكلەملەرگە جايلاشقان.**

**شىنجاڭ ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئىككىنچى مۇھىم ئۇچۇر شۇكى شىنجاڭدا ياشاۋاتقان يەرلىك خەقلەرنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي ئەمەس.**

**2**

**ئەلۋەتتە، مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا شىنجاڭلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇق ھىساپلىنىدۇ، چۈنكى ھەممىسى جۇڭگو دولەت تەۋەلىگىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇنداقتا قانداق بولۇپ كوپ قىسمىنى جۇڭگولۇق ئەمەس دەيسەن؟**

بۇ مەسلىنىڭ ئادەمنى قايماقتۇرىدىغان يېرى، ئىنگىلىزچىدە "جۇڭگولۇق" دىگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىشىمىزدىكى ئېنىقسىزلىقتىن كىلىپ چىققان. ئادەتتە بىز بىرىنى جۇڭگولۇق دىگىنىمىزدە بۇ ئۇلارنىڭ دولەت تەۋەلىگى بىلەن مىللى كىملىگىنى تەڭ كورسىتىدۇ. بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئاسانلا ئارلىشىپ كىتىشى ھەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۇنكى جۇڭگودا خەن دەپ ئاتىلىدىغان مىللەت نوپۇس جەھەتتىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كوپرەكىنى ئىگەللەيدۇ. بىز غەرپتە جۇڭگو مەدىنيتى دەپ تونۇيدىغان، يىمەك - ئىچمەك ئادىتى، كىنوچىلىغى، سەنئىتى، ئەنئەنىسى ۋە دولەت تىلى ئەمەلىيەتتە نوپۇس جەھەتتىن ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيدىغان خىتايلارغا تەۋە. نەتجىدە بىز جۇڭگوغا تەۋە دەپ قارىغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىتاي خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما شىنجاڭدا ئۇلاردىن باشقا يەنە 12 مىللەت ياشايدا، ئۇلارنىڭ ئومۇمى نوپۇسى يەرلىك نوپۇسنىڭ يېرىمىنى دىگۇدەك ئىگەللەيدۇ. ئۇلارنى ھەم جۇڭگولۇق ئەمەس دىيىشكە توغرا كىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار بولارنىڭ ئارىسىدىكى نوپسى ئەڭ كوپ مىللەت بولغاچ، جۇڭگو ھوكۇمىتى شىنجاڭنى ئاشۇلارنىڭ نامى بىلەن شىنجاڭ ئويغۇر ئاپتونوپ رايونى دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلار تۇركى تىللىق خەلق بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ، تۇركىيەگىچە كىڭەيگەن تۇركى خەلقلەر بىلەن بىر قۇۋم ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار تۇركى تىلىدا سوزلىشىدۇ (ئوزبەكلەرنىڭ تىلىغا يىقىن)، ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەپ يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ئىسلام دىنىنىڭ سۇننى مەزھىبىگە تەۋە بولسىمۇ، شىماللىقلار بىلەن جەنۇپلۇقلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرى ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. جەنۇپتىكىلەرنىڭ دىنى ئەقىدىسى شىمالدىكىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر كۈچلۈك.

نوپۇس جەھەتتىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلار تۇڭگانلارمۇ سۈننى مەزھىبىگە تەۋە مۇسۇلمان خەلق. تۇڭگانلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 907 ـ 618 ) جۇڭگوغا كىلىپ ئولتراقلىشىپ قالغان ئەرەپ ۋە پارىس سودىگەرلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلاردىن يەنە بىر پەرقى، تۇڭگانلار شىنجاڭغىلا يىغىلىپ قالماستىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى نۇرغۇنلىغان مەركىزى شەھەرلىرىدە تارقىلىپ ياشايدىكەن. ئۇندىن باشقا تۇڭگانلارنىڭ ئوزلىرىنىڭ ئايرىم تىلى ـ يېزىقى يوق بولۇپلا قالماي، چىراي شەكلىمۇ خىتايلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

گەرچە شىنجاڭدا تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەممىدىن كوپ بولسىمۇ، غولجا شەھرىنىڭ ھىچ قايسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى يوق. غولجا ئىلى قازاق ئاپتونوپ ئوبلاستىنىڭ مەركىزى (بۇ جۇڭگولۇقلار ئىشلىتىشكە ئامراق بولغان، ئادەمنىڭ ئاغزىغا لىق كىلىدىغان قۇرۇق قالپاقلارنىڭ يەنە بىر مىسالى). شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى بىر مىليوندىن ئاشىدۇ، كوپ قىسمى كوچمەن چارۋىچىلىق بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدۇ. قازاقلار 19 ـ ئەسىر ئەتراپىدا رۇسلارنىڭ كىڭەيمىچىلىگىدىن قېچىپ، پانا ئىزدەپ ئىلى رايونىغا كوچۇپ كەلگەن.

يغىپ ئەيتقاندا غۇلجا شەھرى خىتاي دولىتىگە تەۋە ئۇيغۇر ئۇلكىسىدىكى قازاق رايۇنىنىڭ مەركىزى دىمەكتۇر. كاشكى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال خۇرام ھەم ئىناق ياشايدۇ دىيەلىسەم ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بۇلاتتى، ئەمما بۇ يەردە مەسلە بەك كوپ، بۇ مەسلىلەرنىڭ ئەڭ چۇڭى تارىخى مەسلىلەر.

## 3

جۇڭگۇ ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭ تارىخى تۇغرىسىدىكى مەۋقەسى كىشىنى ئاپرىن دىگۇزگۇدەك دەرىجىدە مۇقەرەر. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ :

*شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپلا جۇڭگۇنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىۋى قىس ئىكەنلىگىنى ھەرگىز ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ۋەتىنىمىز ئەزەلتىدىن تارتىپ كوپ مىللەتلىك بىر دولەت .*

قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا بۇلغان چۇشەنچىسىمۇ ئۇخشاشلا مۇقەرەر بۇلۇپ ئۇلار مۇنداق دەپ ئىلگىرى سۇرىدۇ:

*شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگۇنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئەمەس ئىكەنلىگىنى ھەرگىز ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت يىقىندىلا جۇڭگۇنىڭ بىر مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان .*

بۇ ئىككى مىللەتنىڭ 1949 - يىلى، يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيتىنىڭ قۇرۇلغان يىلىغا بولغان قارىشىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

خىتايلارنىڭ قارىشى :

*1949 - يىلى دولىتىمىز تارىخىدىكى كىشىنى ئەڭ ھاياجانلاندۇرىدىغان، ئۇمۇت ۋە خۇشاللىق بىلەن تۇشقان يىل. ئازاتلىق يىلى.*

ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشى:

*1949 - يىلى دولىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ زاۋاللىق بىر يىل، ئولۇم ۋە ۋەھىمە بىلەن تۇلغان بىر يىل ،ۋەتەن مۇنقەرز بولغان بىر يىل .*

ئۇلارنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بولغان قارىشىمۇ پەرقلىنىدۇ.

خىتايلارنىڭ قارىشى:

*شىنجاڭ كوپ مىللەتلىك رايۇنلاردىكى مىللى مەسلىلەرنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشنىڭ تىپىك ئۇلگىسى. بۇ يەردە ھەر مىللەت خەلقى بىر چوڭ ئائىلە بۇلۇپ ئىتتىپاقلاشتى. خىتايلار تىز تەرەقى قىلىپ كەلگەچ، باشقا مىللەتلەر ئۇلارنىڭ يۇقۇرى دەرىجىدە راۋاجلانغان ئىشلەپچىقىرىش*

*ۋاستىلىرىنى ۋەزامانىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۇگەندى. خىتايلارمۇ كەڭ قۇساقلىق بىلەن بۇ خىل يارەمنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيتى دەپ بىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۇگەتتى. خىتايلار بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئاكىسى. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن قالاق بىر رايۇن رۇناق تاپتى. شىنجاڭدىكى بۇ باياشاتلىقنىڭ تارىختا مىسلى كۇرۇلۇپ باقمىغان.*

ئۇيغۇرلار مۇنداق قارايدۇ:

*نەچچە ئون يىللاردىن بىرى خىتايلار قىنىمىزنى شۇراپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۇڭۇل بىلىدىغىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كوپ بايلىققا ئىرىشىش. تۇپرىغىمىزدىكى ماي، كان ۋە گاز بايلىقلىرىمىزنى، ئوي ماكانلىرىمىزنى ۋە ئەركىنلىگىمىزنى بۇلاپ كەتتى. بىز ئوز يۇرتىمىزدا ئۆيىسىز قالدۇق، ئانا يۇرتىمىزدا يېتىم بولدۇق، ئاتا بۇۋىمىزدىن مىراس قالغان تۇپراقتا قۇلغا ئايلاندۇق. خەلقىمىز ئىنسانىيەت تارىخدا مىسلى كۇرۇلمىگەن دەرىجىدە ئاچ ـ يالىڭئاچ قالدى.*

ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىغى توغرىسىدىكى قارشىمۇ پەرقلىق.

خىتايلار مۇنداق دەيدۇ:

*دولەتنىڭ پۇتۇنلىگى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق بۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ چىن كوڭلىدىن كۇتۇدىغان ئارزۇ ۋە ئۇمۇدى، ئەمما شۇنىمۇ ئىنىراپ قىلىش كىرەككى، ئازاتلىقتىن بىرى ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم بولگۇنچىلەر، دولەت سىرتىدىكى دۇشمەن كۇچلەرنىڭ قوللاپ قوۋەتلىشى بىلەن، مىللەتلەر ئىتىپاقلىغىنى ۋەيران قىلىپ، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ پۇتۇنلىگىگە زىيان يەتكۇزۇش نىيتىدىن يانغىنى يوق. بۇ بىر ئۇچۇم ئەكسىل ئىنقىلاپچى تېرۇرچىلار، ئوزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىدىنى دايىم دىنى تون ئىچىگە يۇشۇرۇدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنىمىزنى پارچىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىغىمىز كىرەك.*

ئۇيغۇرلار:

*بىزنىڭ ئىرادىمىز ھەرگىز بۇشاشقىنى يوق. خىتاي ھاكىمىيتى يۇرتۇمىزنى بېسىۋالغان تۇنجى كۇندىن تارتىپلا مۇستەمچىلىككە قارشى، مىللى مۇستەقىللىق ھەركىتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار فاشىست خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى كۇرۇشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمايدۇ. بىز بۇندىن كىيىنمۇ مىللى بېسىمغا قارسى كۇرۇشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھامان بىر كۇنى ئەركىنلىككە ئىرىشىمىز.*

ئەمما بۇ قاراشلار تارىخ ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسى تەشۋىقات. بىر تەرەپتىن جوڭگو كومپارتىيەسى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىرتەرەپتىن مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەشۋىقات ئىلىپ بارماقتا. ئۇيغۇرلار شىنجاڭ دىگەن ئاتالغۇنى رەت قىلىپ، بۇ

يەرنى شەرقى تۈركىستان دەپ ئىتىراپ قىلىش كېرەك، بۇ زېمىن ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى، خىتايدىن پەرقلىنىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرۈدۇ. مۇشۇ نۇختىدىن قارىغاندا ئادەمنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىبەت مەسىلىسىگە ئوخشاتقۇسى كېلىدۇ، چۈنكى ھەر ئىككى خەلق خىتايلارنى تاجاۋۇزچىلار دەپ قارايدۇ.

ئەمما تىبەتلەرنىڭ تارىخىغا تەپسىلىرەك قارىساق، ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان تارىخى مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. تىبەتلەر تارىخىدا خىتايلارنىڭ رولى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلار گايىدا بار گايىدا يوق، گايىدا زومىگەر كۈچ سۈپىتىدە پەيدا بولسا، گايىدا ئىزدىرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ، ياكى تىرەك ـ پىرەك بولۇپ كەتكەن ئاجىز بىر خۇشنىسى سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ. خىتايلارمۇ بىر قانچە قېتىم تىبەتلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىغان.

شىنجاڭ تارىخىمۇ ئوخشاشلا مۇرەككەپ. بۇ رايوننىڭ بىر پۈتۈن زېمىن سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇيانقى ئىش. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ زېمىن ھەرگىزمۇ بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەتنىڭ ھوكۇمرانلىقىدا بولۇپ باققان ئەمەس.

مۇقەررەركى خىتايلارمۇ خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا بۇ رايوننىڭ تارىخىنىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ كەلگەن. بۇ رايون ھەققىدە خىتاي تارىخىدىكى تۇنجى خاتىرە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردە يېزىلغان. ئۇ چاغدا ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن خەن سۇلالىس مەزكۇر رايونغا بىر ئەلچى ئەۋەتكەن. مىلادى 73 ـ يىلى بىلەن 97 ـ يىللىرى مابەينىدە خەن سۇلالىسى ھاكىمىيتى شىنجاڭ رايونىدا بىر مەمۇرى ئورگان قۇرغان. شۇندىن تاتىپ تاكى 5 ـ ئەسىردە تۈركى قەبىلىلەر بۇ رايوننى ئىگەللىۋالغانغا قەدەر شىنجاڭ خىتايلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. تاڭ سۇلالىس دەۋرىگە كەلگەندە بۇ زېمىن بىر مەزگىل قايتىدىن تاڭ ھاكىمىيتىنىڭ كونتروللىقىغا ئوتكەن بولسىمۇ، ئەمما تاڭ سۇلالىسى زاۋاللىققا يوزلەنگەندىن تارتىپ تاكى 1750 - يىلى چىڭ سۇلالىسى بۇ يەرنى قايتىدىن بېسىۋالغانغا قەدەر خىتايلار بۇ زېمىغا بولغان كونتروللۇغنى تامامەن يوقۇتۇپ قويغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىلىرىنىڭ ئوزىمۇ سىرتتىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار بولۇپ، "شىنجاڭ" دىگەن ئىسمىنىمۇ مانچۇ ھوكۇمتى قويغان. مانجۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى باشتىن ئاخىر ئاجىز بولۇپ، چىڭ ھوكۇمتىگە تەۋە ھوكۇمەت خادىملىرى ئاساسەن سولداتلار، ئەمەلدارلار بىلەن مەھبۇسلاردىن تەركىپ تاپقان. بىلىشىمچە ئەسىرلەردىن بىرى خىتايلار بۇ زېمىننى "جاھالەت بىلەن تولغان زېمىن" دەپ قاراپ كەلگەن ئىكەن.

شىنجاڭ بىلەن خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ پايتەختى ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنىڭ يىراق بولۇشى ھوكۇمەتنىڭ شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇغنىڭ مۇتلەقلىقىغا قىينچىلىق تۇغدۇرغان. چۈنكى موتورلۇق تىرانسپورت يوللىرى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، شىنجاڭدىن بېيجىڭغا بىرىش ئۈچۈن 100 كۈندىن ئۇشۇق ۋاقىت كىتەتتى. نەتىجىدە، 19 ـ ئەسىردىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىۋىگىچە شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان توپىلاڭلار يۈز بەرگەچ، بۇ زېمىن جۇڭگودىكى ئەڭ

تىنچسىز زېمىن دىگەن ئاتاقنى ئىرىشكەن. 1949 - يىلىدىن باشلاپ بۇ زېمىن رەسمى يۇسۇندا جوڭگۇنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بۇلۇپ قالغان.

دىمەك، 2000 يىلدىن بىرى خىتايلارنىڭ شىنجاڭغا بولغان هوكۇمرانلىغى، گايىدا بار گايىدا ئۈزۈلۈپ قالغان بۇلغاچ، بۇ زېمىننى هەمىشە خىتاي تۇپرىغىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ئىدى دىيىشكە بولمايتى. ئۇنداقتا، بۇ زېمىن ئەزەلدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانىمىدى؟

**4**

*كۇچلۇكلەرنىڭ زومىگەرلىگى ئالدىدا هەر قانداق بىر تارىخى هوقۇق داۋاسىنىڭ قىلچىمۇ ئەمىيىتى يۇقتۇر.*

ئالىكساندىر تىللى، فولكىسدىيېنت

1981 ـ يىلى تەكلىماكان چۆللۈگىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى لولەن دىگەن جايدا بىر ئايال كىشىنىڭ جەسىدى تېپىلغان. ئۇنىڭ چاچلىرى سېرىق، ياۋرۇپالىقلارغا ئوخشاش ئىلمەك بۇرۇن بۇلۇپ، قەدىمى بىر زامانلارغا تەۋە جەسەت ئىكەنلىگى مەلۇم. ئەمما بۇ جەسەت قۇرغاق قوم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدا پېتىنى يۇقاتماي ساقلىنىپ قالغان. ئۇنى كورسىڭىز ئەڭ كوپ بولسا مىڭ يىل بولغاندۇ دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما بۇ جەسەتكە ئاز دىگەندە 3 مىڭ يىل، هەتتا 6 مىڭ يىل بولغان بۇلۇشى مۇمكىن.

ئۇلار يەنە بۇ زېمىدا قىزغۇچ ياكى بېغىر رەڭ چاچلىق باشقا جەسەتلەرنىمۇ تاپقان بۇلۇپ، بۇ جەسەتلەرنىڭ هەقىقى سالاهىتى ۋە يېشى هەققىدىكى تالاش تارتىشلار هىلىغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دەسلەپكى كاربۇنلۇق تەكشۇرۇشتىن قارىغاندا بۇلار 6000 يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر دىگەن خۇلاسىگە كەلگەن، ئەمما بۇ قاراشلا ناتۇغرا بۇلۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ تۇپراقلار ئاتۇم سىنىغىنىڭ رادىيوئاكتىپ ماددىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇلغاچ، تەكشۇرۇش نەتىجىسىگە تەسىر قىلغان بۇلۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ جەسەتلەرگە ئەڭ ئاز دىگەندىمۇ 3000 يىل بۇلغان دىگەن پەرەزلەر بار.

قىسقىسى، بۇ قەدىمى مۇمغا ئايلغان جەسەتلەرنىڭ سالاهىتىنى بىكىتىش سىياسىۋىلەشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەگەر بۇلار ئۇيغۇر بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى 6 مىڭ يىل دىگەن گەپ. دىمەك خىتايلار كىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپ بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بىر قىسىم ياۋرۇپالىقلارغا ئوخشايدىغان قوڭۇر ياكى بەزى

قىزىل چاچ ئادەملەر بار. نەتىجىدە، مۇشۇنى دەستەك قىلىپ، بەزىلەر ئۇيغۇرلار 6 مىڭ يىلدىن بىرى شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن دىگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇخىل قاراشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، مۇمغا ئايلانغان بۇ جەسەتلەرنىڭ تۈركى خەلقلەر ياكى خىتايلارغا قىلچىمۇ يىقىن يىرى يوق. قەدىمى تۇقۇمۇچىلىق بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسىس ئىلىزابىت باربىر تۈركى خەلقلەر ۋە موڭغۇللارغا ئوخشايدىغان چىراي شەكىللەرنىڭ بۇ تۇپراقتا پەيدا بولۇشى، مەزكۇر جەسەتلەر ياشىغان دەۋردىن بىرەر مىڭ يىل كىيىنغا توغرا كىلىدۇ دەپ ئىلگىرى سۈرۈدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ كىشىلەر ياۋرۇپانىڭ مەركىزى رايونلىرىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراش بىراز ئەقىلگە مۇئاپىق كىلىدىكەن. بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ كىشىلەرگە ئوخشاپ كىتىشى ئەسىرلەردىن ئىلگىرى يۇقۇرقى ياۋرۇپالىقلار بىلەن ئارلىشىپ ياشاش جەريانىدا ئوز ئارا توي قىلىشىپ ئوتكەن كۆنلەرنىڭ يالدامىسى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭلا زىمىنى ئەمەسلىگىنىڭ مۇھىم بىر تايى دەلىلى ھساپلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر دەلىلى بولسا قەدىمى ئۇيغۇر خاندانلىقلىرى موڭغۇلىيەدە قۇرۇلغان، شىنجاڭ زىمىندا ئەمەس.

## 5

ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 744ـ يىلدىن 840 - يىلىرى مابەينىدە، بىر ئەسىرگە يىقىن موڭغۇلىيەنىڭ كوپ قىسمىنى ئىدارە قىلغان. ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولغان مەنىچىنىزىمگە ئىتىقات قىلغان. بۇ دىنىنىڭ دىنى ئەقىدىسىدە روھ رۇشەنلىككە، تەن قاراڭغۇلۇققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەيتىشلارغا قارىغاندا بۇ دىنغا ئىتىقات قىلغاندىن كىيىن "جىسمىدىن ۋە خوي قىلىقىدىن قانخۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ياۋايى بىر قۇۋم بىردىنلا گوش يىيىشتىن تۇختاپ، كوكتاتلار بىلەن غىزالىنىدىغان، قانخۇرلۇقتىن ئوزگۇرۇپ ساۋاپلىقنى قوغلىشىدىغان بىر جەمىيەتكە ئايلانغان"مىش.

ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى تۇپۇلاڭلىرىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بىرىشى ئۇلار قىلغان ئاشۇ "ساۋاپ"لىقلىرىنىڭ بىرىدۇر. 840 - يىلى قىرغىزلارنىڭ تاجاۋۇزى تۇپەيلى ئۇيغۇر خاندانلىغى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

نەتىجىدە ئويغۇرلار يۇرت ماكانىنى تەرك ئىتىپ، تۇرپان ئويمانلىغىغا قىچىپ كىلىپ، بۇ يەردە بىر بۇدھىست دولىتىنى ئىنشا ئىتىدۇ. بۇ دولەت تاكى 13ـ ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسىغىچە ھوكۇم سۈرۈدۇ. بۇ رايۇننىڭ باشقا قىسمىلىرىنى بولسا ئىسلام دىنىغا كىرگەن باشقا تۈركى تىللىق خەلقلەر ئىدارە قىلغان. ئۇ زامانلاردا "ئۇيغۇر" دىگەن ئاتالغۇ، مۇسۇلمان بولمىغان

كىشىلەرنى كورسىتىدىغان بىر خاس ئىسىم شەكلىدە قوللىنىلغان. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، "ئۇيغۇر" دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئىستىمالدىن قالغان. ئەلۋەتتە، بۇ ھادىسە يۇقۇرقى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن دىرەك بەرمەيدۇ، پەقەت "ئۇيغۇر" كىملىك ئاتالغۇسىنىڭ تارىختىن يۇقۇلىشى بۇلۇپ ھىساپلىنىدۇ.

1920 – يىللارغا كەلگەندە، ستالىنىنىڭ مىللى كىملىكلەرنى قېزىش قىزغىنلىغىدا "ئۇيغۇر" ئاتالغۇسى قايتىدىن قوللىنىلغان. بۇ ئىسمنى زادى كىم تۇنجى بۇلۇپ قايتىدىن قوللاندى دىگەن مەسلە ئۇستىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق، ئەمما ئۇيغۇر دىگەن ئىسىمنىڭ ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمان خەلقنى كورسىتىدىغان بىر ئاتالغۇ ئىكەنلىگى 1930 – يىللارغا كەلگەندە مۇقۇملاشقان.

دىمەك، "ئۇيغۇر" ئاتالغۇسى تارىختا ئوخشاش بولمىغان دىنى ئېتىقادى بولغان، بىر قۇۋم ياكى كىشىلەرنى كورسىتەتكەن. "ئۇيغۇر" ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى ئىستىمال مەنىسى خۇددى "شىنجاڭ" دىگەن ئىسمغا ئوخشاشلا يېقىندىن ئىجات قىلىنغان بىر ئۇقۇمدۇر. دىمەك، شىنجاڭ تارىخنىڭ ھەقىقەتتىدىن شۇنى كۇرۇۋېلىشقا بۇلۇدىكى، بۇ يەر يا ئۇيغۇر خاندانلىقى ياكى خىتاي خاندانلىغىنىڭ مۇتلەق زېمىنى بولغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ زېمىندا تارىخنىڭ ئۇخشاش بولمىغان زامانلىردا ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ياشىغان بۇلۇپ، ھىچ زامان بىرلا خەلقنىڭ مۇقۇم كونتۇرۇللىغىدا بولمىغان.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا، نوۋەتتە خىتاي ھوكۇمىتى ياكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ قاراشلىرىنىڭ قايىسسى توغرا قايىسسى خاتا دىگەن خۇلاسىنىڭ ئۇزى ئانچە مۇيىم ئەمەس، مۇيىم بولغىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئوز قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىگىگە چىن پۇتۇدۇ. نەتىجىدە، بىز ئۇخشاش بىر تۇپراقتا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەق ـ ھوقۇقى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە زىت، ئىككى خىل قاراش بىلەن يۈزلىشىپ تۇرۇپتىمىز، ھەر ئىككى تەرەپ ئوز قارشىنى ئىلگىرى سۇرۇش ئۇچۇن نۇرغۇن ئەجىر سىڭدىرۇپ، كوپ كۇچ سەرپ قىلغان. بۇ پىكىر ئىختىلاۋى بىزنى يۇقۇرىقى تۇپىلاڭلارغا قاراپ بېقىشقا باشلاپ كىلىدۇ.

6

1997 – يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىدىكى ئەڭ چوڭ مۇشكىلات شۇكى، بۇ ۋەقەگە ئايىت ئۇچۇرلارنى بايان قىلغۇچىلارنىڭ كوپ قىسمى ۋەقەگە بىۋاستە قاتناشقانلار ئەمەس. مەزكۇر ۋەقەتىدىن بىۋاتسە خەۋىرى بار بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بولسا مىللى مەۋقەسى ۋە مەيدانىدا بىر تەرەپپكە مايىللىق بۇلغاچ، ئۇلاردىن دۇرۇس ئۇچۇرغا ئىرىشىش تەس بولغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى چاغدا ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە چەتئەللىك مۇخپىرلارنىڭ بېرىپ تەكشۇرۇپ خەۋەر بىرىشى چەكلەنگەن. ھوكۇمەت تەرەپنىڭ ئۇچۇرلىرى ئېنىقسىز ھەم قىسقا بۇلۇپ "تۇپىلاڭ يۈز بەردى، بۇ قانۇنسىز

تۆپىلاڭ، ھەر قانداق قانۇنسىز تۆپۈلاڭلار جازالىنىدۇ" دېگەندەك تۇتامغا چىققىچىلىكى يوق گەپلەر بىلەن تولغان.

نۇرغۇنلىغان چەتئەل مەتبۇئاتلىرى بۇ قېتىمقى تۆپىلاڭنى بىر قېتىملىق سىياسى نارازىلىق دەپ بايان قىلغان. ئامېرىكىنىڭ بىرلىك ئاخباراتى (Associated Press) بۇ قېتىمقى تۆپىلاڭنى "مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئازاتلىق مارچى" دەپ تەسۋىرلىگەن. رېئۇتېر ئاگېنتلىغى بۇلسا " بۇ بىر بولگۈنچىلىك ھەرىكىتى" دېگەن. س ن ن ئاگېنتلىغى "بۇ بېيجىڭنىڭ ھوكۇمرانلىغىغا قارشى ئېلىپ بىرىلغان تۆپىلاڭ" دەپ خەۋەر قىلغان. ئەمما بۇ ۋەقەگە ئايىت يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇخشاشمىغان بايانلارمۇ بولغان بۇلۇپ، شەرقى تۈركىستان ئاخبارات مەركىزى بۇ ھەرىكەتنى "ئىنسانى ھۇقۇقىقا ھورمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بىرىلغان بىر نامايىش" دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. كېيىنكى كۈنلەردا خىتاي ھوكۇمىتىگە تەۋە قىسمەن ئاخبارات ۋاستىلىرى، بۇ قېتىمقى ۋەقەنى بەڭگىلەر، ئۇغرىلاردىن تەركىپ تاپقان بىر قىسىم "جەمىيەتتىكى ئەخلەتلەر" ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق ھەركىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى تۇغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش شەكىللەنگەن بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر قايسى تەرەپنىڭ خەۋەرلىرىدە شۇ كۈنى مىڭغا يېقىن ئويغۇر ياشنىڭ كۇچىغا چىقىپ نامايىش ئېلىپ بىرىپ، شۇئار تۈۋلىغانلىغى، ئۇلارنىڭ ساقچى دائىرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ زەخملەنگەنلىگى ۋە ھەتتا جېنىدىن ئايرىلغانلىغى، ۋەقەدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تۇتۇلۇپ كىتىپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىغى ھەققىدە بەرگەن بايانلىرى ئوخشاش ئىدى.

بۇ قېتىمقى مەسلىدە ئېنىقسىز بولغىنى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئىدى. مەسلەن زادى ئولگەنلەرنىڭ سانى قانچىلىك؟ پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، بەزىلەر بىرمۇ ئادەم ئولمىگەن دىسە، بەزىلەر مىڭ كىشى ئولگەن دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. توقۇنۇشنى كىم كەلتۈرۈپ چىقارغان؟ تۆپلانغان ئاممىغا ئوق چىقاردى دەپ ئەيىپلەنگەن ساقچى دائىرلىرىمۇ ياكى نامايىشچىلارمۇ؟ خۇددى 12 يىلدىن كىيىنكى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىكىگە ئوخشاشلا ئەينى چاغدىكى نامايىشچىلارنىمۇ خەلقنىڭ مال ـ مۈلكنى بۇلاپ، زىيانغا ئۇچراتتى، خىتايلارغا ھوجۇم قىلدى دەپ ئەيىپلىگەن.

شىنجاڭ رايۇنلۇق ھوكۇمىتى ئەينى چاغدىكى ۋەقەنى "چەتئەللەردىكى ھوكۇمەتكە قارشى كۈچلەر" پىلانلاپ قوماندانلىق قىلىپ ئېلىپ بارغان، ھوكۇمەتنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلانى مەخسەت قىلغان بىر قېتىملىق بولگۈنچىلىك ھەركىتى دېگەن. بۇمۇ مەزكۇر ھوكۇمەت ئورگاننىڭ 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىگە بەرگەن ئېنىقلىمىسى بىلەن ئوخشاش. بەزىلەرنىڭ غۇلجا ۋەقەسى ھەققىدىكى بايانىغا ئاساسلانغاندا ھوكۇمەت تەرەپ دىنى ساۋادىنى چىقىرىۋاتقان بىر قانچە ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئېلىشى مەزكۇر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغانمىش. يەنە

**بەزىلەرنىڭ ئەيتىشىچە بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى 30 نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىشى مەزكۇر ۋەقەنىڭ كىلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان ئىكەن.**

**زادى قانچىلىك ئادەم قولغا ئېلىندى؟ 100؟ 500؟ 1000؟ ئۆلارنىڭ تەغدىرى قانداق بولدى؟ كىينچە چەتئەللەردىكى مۇساپىر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ۋەقەدە قولغا ئېىنغان مەبۇسلارنىڭ بىر مەيدانغا يىغىلىپ، خەلق ئالەم ئالدىدا قىپ يالىڭئاچ سازايى قىلىنىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان دىگەن بايانلىرى زادى راسمۇ يالغان؟**

**مەن مۇشۇ خىل ئېنىقسىز قالغان سۇئاللارنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا نىيەت قىلىپ بۇ زېمىنغا قەدەم باستىم.**

## كۈز پەسلى

## 7

غۇلجا گەرچە يىراق بولسىمۇ، نۇرغۇنلار ئۇچۇن ئەيتىقاندا بۇ يەر ناتونۇش جاي ئەمەس. تەنها پىلانىت دىگەن كىتاپنىڭ بىرىنچى باسمىسىدىلا غۇلجا توغرىسىدا ئۇچۇر بىرىلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق قىيىلگەن:

*"غۇلجىدا يا كۇلۇشىڭىزنى ياكى يىغلىشىڭىزنى بىلمەي قالىسى. بۇ يەردىكى يەرلىك نوپۇسنىڭ يېرىمى دىگۇدەك هاراق شاراب بىلەن مەسخۇش بولۇپ، هىچ قانداق بىر ئىش يۇرۇشىدىغاندەك ئەمەس."*

مەزكۇر كىتاپنىڭ بەشىنچى باسمىسىدا غۇلجا ھەققىدىكى بايانىنىڭ مەزمۇنى سەل مۇلايىملاشقان:

"غۇلجا شەهرى بولسا ئاندا ساندىكى رۇسچە قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەسكىرەپ كەتكەن قالدۇقلىرى بىلەن بىزەلگەن مەينەت بىر يەر" دىيىلگەن.

يۇقۇرقىدەك سەلبى بايانلارغا قارىماي، غۇلجىغا كەلگىنىمدە بۇ يەردە مەندىن باشقا يەنە 10 چەتئەللىكنىڭ بارلىغىدىن خەۋەر تاپتىپ. ئېلىينۇر خانىم مەن تونۇشقان تۇنجى چەتئەللىك بولۇپ، ئۇ ئەڭگىلىيەنىڭ دېربىشىر دىگەن يېرىدىن بولۇپ، بوي تۇرقى ئىگىز، كەلگەن دوستانە بۇ قىز ، ئىككى يىلدىن بىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. كىينچە ئۇ مىنى باشقىلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىدى.

---

ئاپتۇۋۇز ئازاتلىق كوچىسىدا بىردەم توختاپ بىردەم مىڭىپ دىگەندەك ئاستا ـ ئاستا ئومىلەپ ئىلگىرلىمەكتە. دەرىزىدىن قارىۋىىم، كۆز ئالدىمدا نىكوتىن رەڭلىك بىنالار، يۇزلىرىگە ماسكا تاقىۋالغان كوچا تازىلىقچىلىرىنىڭ سۇپۇرگىلىرىدىن كوتۇرۇلگەن چاڭ توزاڭلار، قىپ قىزىل ئالما بېسىلغان بىر ئىشەك هارۋىسى كىتىپ باراتتى. يول ياقىسىدا يەردە ياتقان ۋەلىسىپىتنى كۆرسۇتۇپ بىر نىمىلەرنى دەۋاتقان بىر ئادەمنى ئورۇۋالغان بىر توپ ئادەمنى تۇراتتى، يەنە بىرى شۇ يەردە توختىتىلغان كىرا ماشىنىسىغا يۆلۈنۇپ تۇرۇپ، توختىماي بېشىنى چايقاپ تۇراتتى.

بىز كوچا دوققىسىدا تاشتىن ياسالغان بۇركۇت ھەيكىلى بار كوچىدا ئوڭغا قايرىلدۇق. مىلتىق ئېسىۋالغان بىر ئەسكەر بىر سىمونت دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پوستا تۇرۇپتۇ. نۇرغۇن ئەگرى بوگرى يوللاردىن ئوتۇپ، ئاخىرى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى، قىزغۇچ ۋە ئاق قىش ياتقۇزۇلغان بىر مەيدانغا يىتىپ كەلدۇق.

مەيداندا  بىزنى ئىككى ئۇيغۇر يىگىتنى ساقلاپ تۇرغان بولۇپ، بىرى بەكلا ئىگىز بوي، يەنە بىرى بورۇت قويۇۋالغان پاكارراق ئىدى. پاكار يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئىنگىلىز تىلىدا "غۇلجىغا كەلگەنلىگىڭلارنى قاشى ئالىمىز، مىنىڭ ئىمىم مۇرات" دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

"ئۇنىڭ غۇلجا دىگىنى يىنىڭ دىگەن بىلەن ئوخشاشمۇ؟ دەپ ئىلىينۇردىن پىچىرلاپ ئاستىغىنا سورۇغان بولسامۇ، مۇرات سوئاللىمنى  ئاڭلاپ قالدى. ئۇ مەنستىمىگەن ھالدا دىمىغىنى تارتىپ قويۇپ "خىتايلار شۇنداق دەپ ئاتايدۇ، ئەمما بىز غۇلجا دەيمىز يۇرتىمىزنى. غۇلجا دىگەن سوزنىڭ مەنىسى ياۋايى قوچقار دىگەن گەپ" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىگىز بويلۇق يىگىتنىڭ ئىسمى ئىسمائىل بولۇپ، بۇ ئىككىس شۇ يەردىكى بىر مەكتەپتە ئىنگىلىزچە كۇرس ئېچىپ پۇل تاپىدىكەن. بىز كاۋاپ شاھى دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك ئاشخانىدا غىزالاندۇق. ئاشخانىنىڭ سىرتىدا ئالدىغا بىر دوۋە گۇشنى قويىۋالغان سېمىز بىر ئادەم ھەدەپ كاۋاپنى زىققا ئوتكۇزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يىندا بىر قازاندا گۇرۇچ بىلەن سەۋزەدىن ئىتىلگەن تاماقتىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى. بىزنىڭ كەلگەنلىگىمىزنى كۇرۇپ سېمىز كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى سەل ئېگىپ سالام قىلىپ، مۇرات، ئىسمائىل ۋە مىنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۇرۇشتى، ئېلىينۇرغا كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئاشخانىنىڭ ئىچى سەل گۇڭگا بولۇپ، تاماق يەۋاتقانلارنىڭ يۇقۇرى ئاۋازدا چاينىشلىرى ۋە باشقا شەۋقۇنلىرى بىلەن غۇژۇلداپ تۇراتتى. ئىسمائىل قولى بىلەن ئۇرۇندۇقلارنى كۆرسۇتۇپ تۇرۇپ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ " بۇ يەر بەك ياخشى، بەك پاكىز. بىز ئويغۇرلار مۇسۇلمان، ھاراق تاماكىغا ئارلاشساق بولمايدۇ. سىلەرنىڭ نىمە يىگۇڭلار بار؟ پولۇ يەپباقتىڭىزمۇ؟ پولو ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تامىغى" دىدى.

پولو دىگىنى ئىشكىنىڭ ئالدىدا كورگەن ھېلىقى سەۋزە ئارلاشتۇرۇلغان گۇرۇچ ئېشى ئىكەن. ئۇنىڭدا يەنە يۇمشاق قوي گوش پارچىسىمۇ بار ئىدى. ئۇندىن باشقا  يەنە بىر تەخسىدە قارامتۇل ئاچچىقسۇ ئارلاشتۇرۇلۇپ، پەمىدۇر ۋە پىياز دىن تەييارلانغان سالاتمۇ كەلتۇرۇلدى.

"ياخشىمىكەن؟"

"بەك ياخشىكەن".

"سىز چۇقۇم بۇ يەردە كوپرەك تۇرۇڭ" دىدى ئىسمائىل كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ئاندىن بىز سادا چىقارماي تاماقلىنىشقا باشلىدۇق. "نۇرغۇنلىغان خىتايلار ئاغزىنى شالاپشىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ تاماق يەيدۇ" دىدى مۇرات ئارىلىقتا.

ئىسمائىل گەپ قوشۇپ "ۋارقچۇرۇڭ قىلىۋاتقانلار شۇلار" دىدى.

مەن تامىقىمنى بىسادا يىگەچ، ئۆلارنىڭ خىتايلارغا بولغان نەپرىتىدىن سەل ھەجەپلەندىم. ئۆلارنىڭ بۇ گەپلەرنى ئەمدىلا تونۇشقان يات بىرىگە قىلچە پەرۋا قىلماستىن قىلىشى مىنى تېخمۇ ھەيران قالدۇردى.

چۈشلۈك تاماقتىن كىيىن بىز مەيداننى چورىدەپ بىر دەم سەيلە قىلدۇق. ئەتىراپنى يۇغان ئىلان تاختىلىرى قورشاپ تۇرغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە ماۋزىدۇڭ، دىڭشاۋپىڭ ۋە شۇ چاغدىكى دولەت رەيىس جاڭزېمىننىڭ سۈرەتلىرى ئېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا يۇغانلىقى 20 فۇت كىلىدىغان يۇغان بىر رەسىم بولۇپ، بۇ رەڭگاھ رەڭ كىيىملەرنى كىيۋالغان 57 مىللەتنىڭ توپلىشىپ چۈشكەن رەسىمى ئىدى. ئۆلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن ھاياجىننى باسالماي ھىلىلا ناخشا باشلاپ كىتىدىغاندەك خۇشاللىق جىلۋىسى چىقىپ تۇراتتى.

مەيداننىڭ قاشى تەرىپىگە ئوتكۇنىمزدە مەنزىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىگىنى ھىس قىلدىم. كۇچىنىڭ بۇ تەرەپىدە خىتايلارنىڭ رەڭدار بوتكىلىرى، قول سومكا، ئاياغ ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىنى ساتىدىغان دوكانلىرىدىن دىرەك قالمىغان ئىدى. ئۆلارنىڭ ئورنىنى ئوزگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا خاس شارپا ـ رومال، گىلەم، چىنە قاچا، توپ ـ توپ خىننە، ناۋات، گۇلە قاق، قارا چاي قاتارلىق مىللى توۋارلانى ساتىدىغان دۇكانلار ئالغان ئىدى. يالاڭاچ باشلارنىڭ ئورنىنى باشلىرىغا ھەر خىل كىگىز قالپاقلار، كەپكە شەپكىلەر، ئۇچلۇق تۇماقلار، چىكىلەكلىك سپۇرت شەپكىسى، ئەڭ كوپى تۇت بۇرجەكلىك قاتۇرۇلغان دوپپا دەپ ئاتىلىدىغان باش كىيمنى كىيۋالغانلار ئالغان ئىدى.

مۇرات ماڭا بۇرۇلۇپ "بىرەرسىگە دەپ سالماڭ، مەن ھاجەتخانىغا بىر بېرىپ كىلەي" دىدى.

"چاتاق يوق، ئاۋۇ يەردە بىرى باركانغۇ؟"

"بارلىغىغۇ بار، ئەمما مەن چۇقۇم ئويگە بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ".

بىز ئۇنىڭ شاپاشلاپ مىڭىشىغا قاراپ تۇراتتۇن، ئىسمائىل كارنيىنى قىرىپ تۇرۇپ "ئۇنىڭ ھاجەت قىلىشى ئۇچۇن ئۇزۇن ۋاقىت كىتىدۇ. ئۇنىڭ ھېلىقى ... نىمىستى...بىر نىمىس ياخشى ئەمەس" . ئۇ گىپىنى ئۇختۇرۇپ بولالمغاچ، بىز ئاخىرىدا ئۇنىڭ بورىكىدە چاتاق بار دىگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. ئېلىنۇر مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ "بىزنىڭ يان فۇنلىرىمزنى تىڭشىشى مۇمكىن" دەپ مىنى ئاگالاندۇرۇپ قويدۇ. ئۇ گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قۇيۇپ، بەزىدە تېلىفۇنۇمدا غەيرى سادالار ئاڭلىنىدۇ، گاھىدا بىرەرسىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش ئۇچۇن ماڭغاندا قارشى تەرەپىنىڭ بۇ ئىشلاردىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ چارىلارنى كۇرۇپ بولغانلىغىدىن ھەيرانلىق ھىس قىلغانلىغىنى ئەيتتى. ئۇ گەپلەرنى دەسلىۋىدە ئاڭلىغىنىمدا مەن ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئىتياتچان بۇلۇپ كىتىپتۇ دەپ پەرۋا قىلغمىغان ئىدىم، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۇتۇشى بىلەن مەنمۇ ئوز قاراشلىرىمنىڭ توغرا ياكى خاتالىغىدىن گۇمان قىلىدىغان بولدۇم.

مۇرات قايتىپ كەلگەندە چىرايىدىن خۇددى مۇشكۇل بىر ۋەزىپىنى مۇئەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغاندەك خۇشاللىق جىلۋىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بازار ئايلىنايلى دىدى. بىز كىرىش ئىشىگى ئىسلامچە ئىمارەتلەرگە تەقلىد قىلىنغان بازارغا يېقىنلاشقاندا مەككىنىڭ رەسىملىرىنى ستىۋاتقان ئۈچ كىشى بىزگە قاراپ بىر نىمىلەرنى دەپ توۋلىدى.

"ئۇلار نىمە دەۋاتىدۇ؟" دەپ سورۇدۇم

"ھەي ئورۇسلار ياخشىمۇسىلەر دەۋاتىدۇ"

تارىختا غۇلجا رايۇنى رۇسلارنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر كەڭ ئۇچرىغان بولۇپ، 1871 ـ 1881 - يىلىرى رۇسلار ئىلى ئويمانلىغىنى بېسىۋېلىپ بۇ يەرنى ئون يىل ئىدارە قىلغان. 1917 - يىلىدىكى بولشىۋىك ئىنقلاۋىدىن كىيىن، سوۋىت ھوكۇمىتى غۇلجىدا ئالاھىدە سودا نۇپۇزىغا ئىرىشىپ، غۇلجا شەھرىدە بىر كونسۇلخانا ئاچقان. 1924 - يىلى سوۋىت ئىتىپاقى بىلەن خىتاي ھوكۇمىتى تۈزگەن كىلىشىمگە ئاساسەن روسلارنىڭ بۇ رايۇندىكى تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، يەرلىك سودىنىڭ 80 پىرسەنتىنى روسلار ئېلىپ بارغان. 1934 ـ 1944 - يىللىرى شىنجاڭنى ئىدارە قىلغان شىڭشىسەي مىلىتارىست ھاكىمىيتى سوۋىت ئىتىپاقىنىڭ ھەربى ياردىمىگە تايانغان. 1943 - يىلى شىڭشىسەي ھوكۇمىتى، سوۋىت ئىتىپاقىدىن يۈز ئورۇپ، ساداقىتىنى قايتىدىن گومىنداڭ ھوكۇمىتىگە بەرگەندىن كىيىن ، رۇسلار شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن چىكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان. رۇسلارنىڭ چېكىنىپ چىكىتىشى بىلەن پۇل پاخاللىغى ئەۋجگە كوتۈرۈلۈپ، سۇدا پالەچ ھالغا كىلىپ قالغان. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئوتمەي، بۇرۇندىن تارتىپ رۇسلار بىلەن سودا قىلىشقا تايىنىپ كەلگەن قازاقلار كۆتۈرگەن توپىلاڭ رۇسلارغا قايتىدىن بۇ يەردىكى تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۇرستىنى ھازىرلاپ بەرگەن. سوۋىت ئىتىپاقىنىڭ بىۋاستە قۇرال ياراق ياردىمى بىلەن توپىلاڭچى قوشۇن 1944 - يىلى غۇلجا شەھرىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقى تۈركىستان جومھورىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. شۇندىن تارتىپ تاكى 1949 - يىلى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى شىنجاڭنى كونتۇرۇللىغىغا ئالغانغا قەدەر رۇسلارنىڭ بۇ رايۇندىكى تەسىرى كۈچى داۋاملىشىپ كەلگەن. 1950 - يىللىرى خىتاي ھوكۇمىتى بىلەن سوۋىت ھوكۇمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ناچارلىشىپ ماڭىدۇ، 1960 - يىلىغا كەلگەندە مۇناسىۋەت ئۈزۈل كىسىل يامانلىشىپ، دوشمەنلىشىش پەللىسىگە يىتىدۇ. نەتىجىدە رۇسلارنىڭ شىنجاڭ رايىندىكى تەسىرى كۈچىگە خاتىمە بىرىلىدۇ.

بۈگۈنمۇ غۇلجىدا رۇسلارنىڭ ئوتمۇشتىكى تەسىرىنى نامايەن قىلىدىغان يالدامىلار دايىم كوزگە چېلىقىپ تۇرۇدۇ. رۇسىيەنىڭ كونا كونسۇل بىناسى رېستۇرانغا ئوزگەرتىلگەندىن باشقا، ئۇ يەر بۇ يەردە رۇسچە قۇرۇلۇشلار ئۇچراپ تۇرۇدۇ. ئۇنداق قۇرۇلۇشلاردىن بەزىلىرى بىزنىڭ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىچىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. غۇلجا شەھىردە يەنە ئاز ساندىكى رۇسلار

ئۆلتۈراقلىشىپ قالغان بولۇپ، غۇلجىدىكى ئەڭ لەززەتلىك پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنى ئۇلارنىڭ بولكىخانىسىدا تاپقىنى بولۇدۇ.

غۇلجىغا دەسلەپتە كەلگەن چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك رۇسلار بوغاچقا، ئۇلارنىڭ ئېلىنۇر ئىككىمىزنىمۇ رۇس دەپ قاراشى مەنتىقىغە چۈشەتتى. رۇس بولسام بولاي، بۇ ھەممە كىشى مىنى ئامرىكىلىق دەپ پەرەز قىلغاندىن پەرقلىق بولىدىكەن.

بازار ئىچى سەل گۆڭگىراق بولۇپ، ئىككى تەرەپ قاتار كەتكەن تەنزىلەردە خورۇم چاپان، باش ياغلىقى ۋە بوككە، دوپپا، كاستۇم بورۇلكا، قېلىن پوپايىكىلار، بازارغا ماس ئاياغ، قېلىن يامغۇرلۇق كىيىملەر، ۋە ھەر خىل يۇڭ مەسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان سودىگەرلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن. بەزى سودىگەرلەر بىزنىڭ دىققىتىمنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىسقىرتاتتى. مۇرات بىلەن ئىسمائىل نۇرغۇنلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشۇپ ماڭدى. ئۇلارنى قانداق تونۇيسىلەر دەپ سورۇسام " ئىسمائىل ئىككىمىزمۇ بۇرۇن موشۇ يەردە خورۇم سودىسى قىلغان " دىدى مۇرات.

"نىمىشقا داۋاملاشتۇرمىدىڭلار ؟"

"بازار كاساتلىشىپ، سودا ئولدى"

ئىسمائىل ئېغىر تىنىپ قويدى. "نۇرغۇن كىشىلەر ئىشسىز قالدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش تاپمىغى تېخمۇ تەس، 80% ئادەم دىگۇدەك ئىشسىز".

"نىمە ئۈچۈن؟"

مۇرات جاۋاپ بەرگەندە ئىسمائىل يەرگە قارىۋالدى.

"بۇ شەھەردە قىسمەن مەسىلىلەر بار، بۇلارنى سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بۇ يەردە ئىشلار بىراز تەس" دىدى مۇرات. ئۇ يۇتۇلۇپ قويۇپ، " كەچۈرۈڭلار، بىز بېرىپ ناماز ئوتۇۋالايلى " دىدى.

بۇ ئۇلارنىڭ بىر كۈن ئىچىدە ئوتۇگەن ئۈچۈنچى نامىزى ئىدى. ئۇلار مەسچىتكە كىرىپ كەتكەندىن كىيىن ئېلىنۇر ئىككىمىز ئارقا كوچىلارنى كىزىپ چىقىش ئۈچۈن قوزغالدۇق. توپ ئوينىۋاتقان بىر توپ بالا بىزنى كورۇپ، ئويۇندىن توختاپ بىزگە قاراپ كولۇشتى، سەل يوُرەكلىكلىرى "خەللو" دەپ سالام قىلدى. يولنىڭ ياقىسىدا ئىككى ئادەم پۇتۇن زېھنى بىلەن شاخمات ئويناۋاتاتتى، بىرى تۇساتتىن قولىدىكى ۋەزىرنى شاخمات تاختىسىغا قاتتىق ئۇرۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئاسمان خۇددى بۇياپ قويغاندەك، رەڭگىنى ئوزگەرتمەستىن ئۇخشاشلا كۆپ كۆك تۇراتتى.

**8**

ئەتىسى ئەتىگەندە تېلىفۇننىڭ جىرىڭلىغان ساداسى شىرىن ئويقۇمنى ئېچىۋەتتى.

"خەللۇ، نىكمۇسىز؟"

"مەن سەي خانىم بۇلىمەن."

"كىم؟"

"مەن تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىن"

ئاران تەستە كىم ئىكەنلىگىنى ئاڭقىرالىدىم. ۋەيبەن دەپ تۇنۇلغان بۇ كشى ماڭا ئوخشاش چەتئەللىكلەرنىڭ بىخەتەرلىگى ۋە تۇرمۇش تەمىناتلىرىغا مەسۇل ئىدى. كۆڭلۇمدە ھىلىقى كۇنى كىچىدە ماڭا ياتىغىمنى كورسۇتۇپ قويغان كىچىك بالىدەك كۇرۇنىدىغان ۋىجىك ئايال بولسا كىرەك دەپ پەرەز قىلدىم.

"دەرھال ئىشخانامغا كىلىڭ، سىزگە دەيدىغان گەپلەر بار"

" بۇلۇدۇ، ھە راس، سىزنىڭ ئىشخانىڭىز قەيەردىدى؟"

"دەرۋازىنىڭ يىنىدا، ئىككىنچى قەۋەتتە".

مەن ئويدىن چىقىپلا ئىزىپ قالدىم، باشقىلاردىن ياردەم سۇرىسام ھىچ كىم پەرۋا قىلمىدى. تەمتىلەپ ئەتىراپىمقا قاراپ تۇرغاندىم بىر كىچىك بالا كىلىپ ماڭا ياردەم قولىنى سۇندى. ئۇ چاپىنىمنىڭ يىڭىدىن تۇتۇپ مىنى باشلاپ ھويلىدىن تالاغا چىقىپ، ئۇزۇن بىر ئىككى قەۋەت رۇسچە بىنانىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. مەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتىم. ئۇزۇن كارىدۇرنىڭ ئۇ بىشىدىن بۇ بىشىغا مىڭىپ، بىر قانچە ئىشكلەردىن ئۇتۇپ، بىر ئىشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماشرەڭ كىيىم كىيۋالغان ۋىجىككىنە بىر ئايال بىلەن كۇزۇم ئۇچراشتى. ئۇ مىنى كۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئىكاسىدىن خۇددى ھىلىلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كىتىدىغاندەك كۇرۇندى.

"خەللۇ نىك، كىرىڭ، كىرىڭ"

ئۇنىڭ خۇشاللىق بىلەن تۇشقان ئاۋازى كىشىگە خۇددى دىينشىپ قويغىلى خىلى ئۇزۇندىن بولغان دالا سەيلىسىگە ھىلىلا ماڭىدىغاندەك ھاياجانلىق تويۇلدى.

ئۇ ئالدى بىلەن ياتىغىمنىڭ كوڭۇلدىكىدەك بولمىغانلىغى ئۇچۇن ئوزرە تىلەپ، ئەسلىدە ياتىغىڭىزنى تازلاش ئۇچۇن كىرەكلىك تازىلىق پاراشۇكلىرىنى ئالاي دىگەن، ئەمما مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بوربكىدە تاش چىقىپ قىلىپ، بالنىستقا كىرىپ قالدى، ئۇپىۇراتسىيە قىلدىكەن، شۇڭا ئالالمىدىم دىدى. ئۇ گەپتىن تۇختاپ، چىرايىدىن باشلىققا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىغىنى ئىپادىلىدى، مەنمۇ كوڭۇل بولگەن قىياپەتتە ئەخۋالى قانداقراقكەن دەپ سۇراپ قويدۇم، ئەدەپ يۇزىسىدىن.

"ياخشى بولۇپ قالدى، كوپ ياخشى بولۇپ قالدى. ئەمدى مال سېتىۋېلىش تالۇنىغا قول قويۇپ بېرەلەيدۇ".

"بۇ ياخشى خەۋەركەن" دېدىمدە، ئىچىمدە ياتاقتا پەردە، ۋە بىر قانچە قاچا قۇچا ئېلىپ بېرىك دەپ سۆرايمىكى دېگەن پىكىر كاللامدىن كەچتى.

"سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزچۇ؟" دەپ كەسكىن ئاۋازدا سورىدى.

"سالامەتلىكىم ياخشى، رەخمەت"

"خوپ، ئائىلىڭىزچۇ؟"

"ئائىلەمدىكىلەرمۇ ناھايىتى ياخشى"

بۇ خىل تەكەللۇپلار خېلى داۋاملاشتى، تاكى ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت يۇمشىمىغىچە ئۇ ئاساسى تېمىغا كەلمىدى.

"نىك، مەكتەپ مۇدىرى سىزگە قىسمەن مەسىلىلەرنى بىلدۈرۈپ قويۇشۇمنى بويرىدى. بۇلار ئىنتايىن مۇيىم مەسىلىلەر. سىزگىمۇ مەلۇم، غۇلجا بىر چىگرا رايۇنى، بۇ يەر بىخەتەر، غەم قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق، شۇنداقتىمۇ ئىتىيات قىلغان ياخشى، چۈنكى بۇ يەردە بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر بار، دايىم ئىش چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ".

"قانداق ئىش چىقىرىدۇ دەيسىز؟"

"بەزى ئادەملەر دىندىن پايدىلىنىپ جىنايەت سادىر قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ جوڭگۇدىن بۆلۈنۈپ كىتىش نىيىتى بار. ئۇلار بەك ئەسكى ئادەملەر".

ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىكىگە قوشۇمۇسنى تۈرۈپ نارازلىق بىلدۈردى.

"سىز چۈققۇم ئىتىيات قىلىڭ، سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىز بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم".

"رەخمەت".

"ئەلۋەتتە، ئۇندىن باشقا يەنە دەيدىغانلىرىم بار، ياتىقىڭىزدا سىز ۋە يېقىن تۇققانلىرىڭىزدىن باشقا ئادەم تۈرۈشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ".

"نىمە ئۈچۈن؟"

"ئۇنداق قىلىش قايدىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇندىن باشقا سىزمۇ كىچىلىرى تالادا قونۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ."

" نىمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟"

"گايىدا تالادا يامان نىيەتلىك كىشىلەرگە ئۇچراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. يەنە بىر مەسىلە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دولىتىمىزدە ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىگى بولىدۇ، ئەمما باشقىلارنى مەلۇم ئېتىقاتقا ئىشىنىشكە مەجبۇرلاش قانۇنغا خىلاپ. ئۆتمۈشتە قىسمەن ئەجنەبىلەر ۋەتىمىنىزگە كىلىپ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان".

"خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھىچ قانداق بىر دىنغا ئېتىقات قىلمايمەن".

"راسلا شۇنداقمۇ؟"

ئۇ ماڭا گۇمان بىلەن قارىدى.

"چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسلا دىگۈدەك دىندار ئەمەس".

مەلۇمكى بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ئىدى.

" سىز ھىچ نىمىگە ئېتىقات قىلماسىز؟"

"شۇنداق، ھىچ نىمىگە ئېتىقات قىلمايمەن".

"ھە. ئۇنداقتا بوپتۇ".

ئاغزىدا شۇنداق دىگەن بىلەن يەنىلا ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.

"ئەمما نىمە ئۈچۈن ئىشەنمەيسىز؟"

"بىلمەيمەن، بەلكىم ئىلىم پەنگە ئېتىقات قىلىدىغاندىمەن".

"ياخشى! ياشى! ھە راس يەنە بىر مەسىلە بارتى، كوۋرۇكنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتمەڭ."

"قايسى كوۋرۇكنىڭ؟".

"ئىلى دەرياسىنىپ ئۈستىدىكى كوۋرۇكنى دەيمەن".

"نىمە ئۈچۈن؟".

"ئۇ يەر باشقا ناھىيىگە تەۋە، ئۇ يەرگە بېرىش ھازىرچە مەنى قىلىندى. سىز ھەرگىزمۇ دەريانىڭ ئۇ قىرىغا ئۆتۈپ سالماڭ!"

## 9

ۋەلىسپىت مىنىپ كوۋرۇكنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكۈنۈمدە، قۇياش خۇددى نارازى بولغاندەك بېشىمنى قىززىتىۋەتكەندەك بولسىمۇ، ئەمما كوۋرۇك ئاستىدا قىرلىرىغا سىغماي ئېقىۋاتقان دەريا

ماڭا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. پەقەت ئالدىمدا باغرىنى ئېچىپ، ئۆزىگە چاقىرىۋاتقان تاغلارلا ماڭا ئىلھام بىرەتتى. ئېچىمدە بولسا قائىدە تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغاندىلا ھىس قىلغىنى بولىدىغان ئالاھىدە ھاياجان يۇرۇگۈمنى يايرىتىۋەتتى. قەيەرگە بىرىشىمنىمۇ بىلمەي ئاتلانغان بۇ سەپەرىمدە قەيەرگىچىلىك بارالارمەن دىگەندىنىمۇ غەم قىلىش ھاجەتسىز ئىدى.

يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا كۆمۈشرەڭ تىرەكلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بىر تەرەپتىن ۋەلىسىپتىمنى پىداللىغاچ كۆزۈمنى يول بويىدىكى تىرەكلەردىن ئۈزمەي ئىلگىرىلىدىم. تىرەكنىڭ ئارقىسىدىن تىرەكلەر تىزلىپ كەتكەن...ۋاي ئاۋۇ شەكلى چىدىرغا ئوخشاپ كىتىدىغان، ئەمما يۇمۇلاق كەلگەن، يىنىغا بىر ئات باغلاپ قۇيۇلغان ئاق نەرسە نىمىدۇ؟ بەلكىم كىگىز ئۆيىدۇ.

ھاۋا ئىسسىغانسىرى خۇددى ئاچچىق چۈچۈك خۇرۇچلار بىلەن ماشىنا مېيىي ئارلاشتۇرۇلغاندەك بىر خىل قىرتاق پۇراق بارا بارا كۈچۈيىشكە باشلىدى. يولدا ئىككى ۋەلىسىپتلىك كىشىدىن ئوتتۇم، ئۇلارنىڭ كونىراپ كەتكەن ۋەلىسىپىنىڭ رامللىرىغا غاقىلداپ تۇرغان غازلار ئېسىلغان ئىدى. ئاز دىگەندىمۇ بىر تەرەپتە يىگىرمە ئەتراپىدا غاز ئېسىغلىق ئىدى. قارىسام ئۇلار ئۆيىغۇردەك كۆرۈندى، بۇ يىڭىدىن ئۈگۈنىۋالغان بىر ئېغىز ئويغۇرچە سوزنى ئىشلىتىۋىلىشىم ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى.

"ياخشىمۇسىز" دەپ ئۆيغۇرچە سالام بەردىم. ئۇلارمۇ گىپىمنى چۈشۈنۈپ سالام قايتۇرغاندى، ئوز ئوزۇمدىن ئالاھىدە بىر پەخىرلىنىۋالدىم.

يول ياقىسىدىكى ئۆتلاقتا توپ توپ قويلار ئوتلاۋاتتى، پادىچىلارنىڭ بەزىلىرى يىتىپ ئارام ئېلىۋاتقان، يەنە بىرلىرى بىلىق تۇتۇش بىلەن ھەلەك ئىدى. مەن يول بۇيى بىرەرسى مىنى تۇختىتارمىكى دەپ گۇمان بىلەن يۇلۇمنى داۋاملاشتۇردۇم، ئەمما كىشىلەرنىڭ قىززىقىش بىلەن قاراشلىرنى ھىساپقا ئالمىغاندا ھىچ كىشىنىڭ كارى بولمىدى. ھەتتا يول بۇيىدىكى پاكار جىغانلارغا يۇلۇنۇپ تاماكا چىكىۋاتقان ئەسكەرنىڭمۇ مەن بىلەن چاتىغى بولمىدى. مەن ئۆستەڭدە ئاستى تۇشۇك كونىسۇرۇۋا قۇتىسىدا بىلىق تۇتۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئىككى ئويغۇر بالىنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈش ئۈچۈن يول بويىدا توختىدىم. مەن چايناۋاتقان سېغىز بىلەن كۇنسۇرۋانىڭ ئاستىدىكى تۇشۇكنى ئېتىپ بىرىۋىدىم، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تەڭ كۈلۈشتۇق.

"قەيەردىن كەلدىڭىز؟" بىشىغا ھاۋارەڭ سپۇرت شەپكىسى كىيىۋالغان بالا سۇرىدى خىتايچىدە. نەدىن كەگەنلىگىمنى دەپ بەرسەم ئۇ بالا ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. يىنىدىكى دوستى كۈلمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىلىك چىقىپ تۇراتتى. "ئۇ يەردە نۇرغۇن بۇرىلەر باردۇ" دىدى، مەن ئۇنداق ئەمەس دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسامۇ ئىشەنمىدى.

مەن سەپىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم، تۇساتتىن يولغا تۇغرىسىغا ئېسىپ قويغان سىم تۇساققا ئۇدۇل كېلىپ، بېشىمدىن ئايرىلىپ قالغىنى تاس قالدىم. قارىسام سىم تۇساقنىڭ سەل نېرىسىدا يول ئوتتۇرىسىغا شېغىل دوۋلەپ قويۇپتۇ، دىمەك يول تۇساق دىگەن گەپ. مەنمۇ ئۇزەمنى سۇراپ چەتتىكى كىچىك يولغا چۈشتۇم. يىغلىق پەسلى تېخى ئاياغلاشمىغان بولۇپ، ئېتىزلاردا يۇتكەشكە ھازىرلاپ قويۇلغان سامان، قۇناق، بوغداي قاتارلىقلار تۇپ تۇپ جۇغلاپ قويۇلۇپتۇ. مەن يول ياقىسىدا قۇرۇتۇش ئۇچۇن ئېسىپ قويغان قاتار قاتار قىزىل مۇرچلانى كۇرۇپ، ئۇنى سۇرەتكە ئېلىش ئۇچۇن توختىدىم.

ئېتىزلىقنىڭ قىرىدا بىر ئائىلە كىشلىرى جەم بولۇپ، تاماق ئىتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مىنىڭ شۇنچە ئاددى ئەرزىمەس نەرسىنى رەسىمگە تارتقانلىغىمنى كۇرۇپ، كۇلۇشۇپ كىتىپ، مىنى يىنىغا چاقىردى. بۇ بىر ئايلە كىشلىرى ئۇچ ئەۋلاتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، 40 ياشلاردىكى بىر قانچە ئايال، ئىككى كىچىك قىز بالا، 70 ياشلاردىن ھالقىغان بىر موماي قاتارلىقلار ئىدى. مىنىڭ سالام بەرگىنىم قىززىق تۇيۇلدى بولغاي قىزلار ۋىلىقلاپ كۇلۇشۇپ كەتكەنتى مۇماي ئولارنى ئەيىپلەپ توختاتتى. ئۇلار ئۇچ تەرىپى تۇسالغان، ئۇستى ئاددىغىنا يىپىلغان، پەھگاسى تۇپراقتىن پۇتكەن ۋاقىتلىق بۇ پاناگاھىدىن ماڭا بىر ئۇرۇندۇقتا ئورۇن بەردى. ئوينىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇستىگە پالاس سېلىغان بىر ياغاچ سۇپا ئىگەللىگەن بولۇپ، ئىككى تامنىڭ ئوتتۇرىسدا بىر تاختا تۇغرىسىغا بىكىتىلگەن ئىكەن. تاختىنىڭ ئۇستىگە بىر قانچە قاچا، بىر چىش چوتكىسى، بىر تۇتام چوكا، بىر قانچە پىرژىنە، بىر قىڭراق ۋە يۇغان بىر قاپتا ئاق پاراشوك قويۇلغان ئىدى.

چىرايدىن ئۇلار ئۇيغۇرلاردەك قىلمايتى، خىتاي ياكى توڭگانغىمۇ ئوخشاپ كەتمەيتى، مەن بىلدىغان ئۇچۇنچى ئېتماللىق قازاق قالغان ئىدى.

"سىلەر قازاقمۇ؟" دەپ خىتايچە سۇرۇدۇم،

"ياق، بىز شىۋە" دەپ جاۋاپ بەردى قىزلارنىڭ بىرى.

"شىۋە؟"

"شۇنداق، بۇ يەردە شىۋەلەر بەك ئاز، كوپ قىسمى خىيلوڭجياڭدا"

خېيلوڭجياڭ جوڭگونىڭ شەرقى شىمالىغا تۇغرا كېلىدىغان بىر ئولكە. قانداق بولۇپ شىۋەلەر جوڭگونىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا كېلىپ قالغاندۇ؟

ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىمۇ بىر جەھەتتىن 1950 - يىللىرى شىنجاڭغا چىققان خىتايلارنىڭ كەچمىشلىرىگە ئوخشۇشۇپ كىتىدۇ. بىردىن بىر پەرقى ئۇلارنىڭ كەچمىشى خىتايلارنىڭكىدىنمۇ پاجەلىك بولغان. 18- ئەسىردە مانجۇ چىڭ ھاكىميىتى مەزكۇر رايۇننى بويسۇدۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئەيتقاندا "شىنجاڭ" نى بەرپا قىلىش تەرەدۇتىدا

**بۇلۇدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربى يۈرۈشى شىنجاڭنىڭ شىمالىدا جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تۇسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. بۇ رايۇن گاھىدا جۇڭغارىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تېررىتورىيەسى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن باشقا يەنە موڭغۇلىيەنىڭ غەربى، قازاقىستاننىڭ شەرقىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالاتتى. مانجۇ ئارمىيەسى جۇڭغارلارنىڭ قولىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە دۇچار بۇلۇدۇ. بۇ شەرمەندىچىلىككە چىدىمىغان پادىشاھ كاڭشى بۇ يەرنى بوي سۇندۇرۇش ئۇچۇن قابىلىيەتلىك گىنىراللىرىدىن بىرى بولغان زو زوڭتاڭنى ئىۋەتىدۇ. ئۇ ئالدىرىماي ئىلگىرلەش تاكتىكىسىنى قوللۇنۇپ، جەڭچىلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭدا بىر مەزگىل ئاشلىق تىرىتىپ ئاندىن ھەربى ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇدۇ. نەتجىدە، ئۇلارنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىغا يىتىپ كىلىشى ئۇچۇن ئۇچ يىل كىتىدۇ، شۇنداقلا جۇڭغار موڭغۇللىرىنى ئۇزۇل - كىسىل يوق قىلىۋىتىدۇ. بۇ قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن جۇڭغار رايۇنىنىڭ نۇپۇسى كاملاپ، پادىشاھ چەنلۇڭ 1000 ئائىلە شىۋە ئوفىسەر جەڭچىنى ئائىلە تاۋاباتىنى ئېلىپ جۇڭغار رايۇنىغا كۇچۇپ ماكانلىشىشقا بويرۇيدۇ. يۇقۇرقى رايۇنلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى ئۇچۇن شىۋەلەر بىلەن قالدۇق مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ تۆپىسى كوپ. ئۇلار سۇغۇرۇش قانالىرى ئېچىش ئارقىلىق دىقانچىلىق قىلىش شارائىتىنى يارىتىپ، بۇ يەرنى ئوزگەرتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شىۋەلەرنىڭ نۇپۇسى 35 مىڭ ئەتىراپىدا بۇلۇپ، كوپىنچىسى دىقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىۋەلەردىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇلار مانجۇ يېزىغىنى ئىشلىتىشتىن توختىمىغان. مانچۇ يېزىغى خىتايچىدەك ئوڭدىن سولغا يېزىلماستىن، يۇقۇرىدىن تۈۋەنگە قاراپ تىك يىزىلىدۇ، شەكلىمۇ ئەگرى - بۈگرى چىشلىق تارغاققا ئوخشاپ كىتىدۇ. شىۋەلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى دۇكان ۋە كوچا ناملىرى ھازىرمۇ مۇشۇ يېزىقتا يىزىلىدىكەن.**

**بىز ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكىنىمىزدە چىڭقىچۈش ئاپتىپى جاھاننى قىززىتىۋەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مىڭىشقا تەمشىلىپتىپ تۇرسام، ساھىپخان چۈشلۈك تاماق تەييار بۇلۇپ قالدى دەپ مىنى تۇتىۋالدى. مەن ئولتۇرۇپ بىر دوۋە قىزىلمۇرچ، پەمىدۇر ۋە پىيازنى توغراپ چۈشلۈك تاماق ھازىرلاۋاتقان ئاياللارنى كۈزەتتىم. ئۇلارنىڭ يېنىدا چۈشلۈك تاماق ئۇچۇن تەييارلانغان بىر دوۋە نانمۇ بار ئىدى. ئەتىراپتىكى ئېتىزلاردىن ئەرلەرمۇ يىغىلىشقا باشلىدى، تاماققا ئوتتۇرغۇنىمىزدا دۇسقاندا 12 ئادەم جەم بولدى.**

**سەل تۇزلۇق بۇلۇپ كەتكەنلىگىنى ھىساپقا ئالمىغاندا كۆكتات سالىتى يىيىشلىك ھەم يۇمشاق بوپتۇ. يېشى چوڭراق ئاياللارنىڭ بىرى مەندىن تاماق قانداق بوپتۇ دەپ سۇرىدى.**

**"بەك ياخشى بوپتۇ".**

**"ئۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەڭ، تۇزى ئاز بوپتۇ مىنىڭچە"**

**ئۇ يەنە ئازارق تۇز سەپتى سالات ئۇستىگە. ئەرلەردىن بىرى "يەنە ئازراق تۇز سېپىڭ" دىدى.**

گەپ قىلغان ئەر يەنە بىر چىمدىم تۇزنى سەپكەندى ئەتىراپتىلەرنىڭ ھەممىسى تامغىنى قىرىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئەمما تۇزنىڭ ئېشىپ كەتكىنىدىن مىنىڭ بۆرىگۇم ۋايىسغىنى تۇردى. ئارقىدىن چىنىدە ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان سۈتلۈك چاي كەلتۈرۈلدى، تۇشاق سۈت قۇيۇلغان چاينى كۆرۈپ مەندە ئازراق ئۈمۈت پەيدا بولدى. بىرى ماڭا بىر پىيالە سۇندى، پىيالىدا ئاپپاق پاراشۇك بار ئىكەن، مەن شىكەر ئوخشايدۇ دەپ، يۇغان بىر سىقىم ئېلىپ چايغا قويۇپ، بىر ئوتلىغاندىم، ئۇنىڭ تۇز ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى. تۇزلۇق چاينى ئىچىپ بۆرەكلىرىم ۋايساپ كەتتى.

شىۋەلەرنىڭ دوسقىنىدا نان ۋە گۈرۈچ يىمەكلىرىدىن باشقا يەيدىغانلىرىنىڭمۇ تاينى بولمىغاچ، يۇقۇرقى يىمەكلىكلەرنى كوپرەك يىيىش ئۈچۈن تۇزنى كوپ ئىستىمال قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار ئارىسىدا يۈرەك ۋە بۆرەك كىسسەللىرىنىڭ نىسبەتەن كوپ بولۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

ئىسسىقتىن نەپىسىم بوغۇلۇشقا باشلىغاندى، مەن ئۇزرە تىلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رەسىمىنى تارتىم. خوشلىشىدىغاندا رەسىمنى ئىۋەتىپ بىرىمەن دەپ ۋەدە بەرسەم، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ ئادرىسىنى شىۋە يېزىقىدىمۇ ياكى خىتايچە يېزىش توغرىسىدا بىر ئاز دىلغۇل بولۇپ، ئاخىرىدا ئىككى خىل يېزىقاتا يېزىشقا توختالدى.

ئەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلۇشۇپ، ئاياللارغا رەخمىتىمنى بىلدۈرگەندىن كيىن، ۋەلىسپىتىمگە مىنىپ سو بار تەرەپكە چاپتىم.

**10**

غۇلجىغا بېرىشتىن بۇرۇن خېنەندىكى بىر مەكتەپتە بىر مەزگىل دەرس ئوتكەن ئىدىم. خېنەن جوڭگۇنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئولكە بولۇپ، ھەممە يەرنى شال ئېتىزلىرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئەتىيازدا تەكشى كەتكەن تۇت بۇرجەك شال ئېتىزلىرى كىشنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەل يېشىللىققا ئايلىنىدۇ. مىنىڭ شىنجاڭغا بارىدىغانلىغىمدىن خەۋەر تاپقان بىر ئۇقۇغۇچى "ھەجەپ ياخشى بوپتۇ! شىنجاڭ دىگەن ياخشى جاي. بىلەمسىزكى، ھوكۇمىتىمىز غەرپنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتىدۇ. چۇقۇم شۇنداق قىلىش كىرەك" دىدى ئىنگىلىز تىلىدا.

مەن ئۇنىڭ گراماتىكىلىق خاتالىقلىرىنى تۇزۇتۇپ، نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كىرەك ئىكەنلىگنى سورۇدۇم.

"چۇنكى شىنجاڭ ...بەك قالاق، بەك نامرات، بەك...

ئۇنىڭ گىپىنى باشقا بىر ئوغۇل بالا ئۈزۈۋەتتى "شۇنداق، ئەمما شىنجاڭنىڭ قىزلىرى بەك چىرايلىق!، ئۇيەرلىكلەر ناخشا ئۇسۇلغا بەك ئۇستا" دەپ قوشۇپ قويدى.

سىلەر شىنجاڭغا بارغانمۇ دەپ سورىدۇم.

"بېرىپ باقمىغان لېكىن بارغۇم بار" دېدى بىرىنچىسى.

"مەن تېلېۋىزوردا كۆرگەن" دېدى ئىككىنچى بالا.

مىنىڭ شىنجاڭغا بارىدىغانلىقىمدىن خەۋەر تاپقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاش ئىنكاستا بولدى. مەن تونۇيدىغانلارنىڭ ئارىسىدا گەرچە شىنجاڭغا بېرىپ باققانلار بولمىسىمۇ، ھەممىسى دېگۈدەك، "ناخشا ئۇسۇلغا ئۇستا، چىرايلىق" دېگەن گەپلەرنى تەكرارلايتتى. بۇ گەرچە ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان قاتمال بىر ئوبراز بولسىمۇ، ئۇلارنى ئەيىپلىگۈم كەلمىدى. چۈنكى ئۇلار كۆرىدىغان گېزىت ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭدار كىيىم كەيگەن ئۇيغۇر قىز يىگىتلىرىنىڭ خۇشاللىق يېيغىپ تۇرغان سۈرەتلىرى بېسىلاتتى. سۈرەتتىكى قىزلار ئەۋرىشىم كەبى نازۇك، يىگىتلەر ساكىن ئەمما بەقۇۋۋەت كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ سۈرەتلەردىن  باشقا بىلىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، چۈنكى بۇ يەردە ئۇيغۇرلار يوق، شىنجاڭغا باراي دېسە ئارلىق يىراق، ئۈچ كېچە كۈندۈز ئويىزغا ئولتۇرۇشى كېرەك كېلەتتى. مەن ئۆز ئۆزۈمگە تەسللى بېرىپ، ھېچ بولمىغاندا غۇلجىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىم چوقۇم بۇ خىل مەسلىلەردىن كۆپرەك خەۋەردار دۇر دېدىم.

**11**

***شىنجاڭنىڭ گۈزەل تاغ ـ داۋانلىرى، چاقناق كۆللىرى، شېرىن تاۋۇز قوغۇنلىرى، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئۇسۇلى جاھانغا مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسۇلغا ماھىر مىللەت. يېڭى دوستلار بىلەن ئۇچراشقاندا رەڭدار كىيىملەرنى كىيىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناش ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ رەڭدار ھاياتىنىڭ سىمۋولى.***

ياڭ خەيمېي.

بۇ شىنجاڭغا كەلكەلگىنىمگە ئۈچ يىل بولغان بىر قىزنىڭ يازغان ماقالىسى. 20 ياشلىق بۇ خىتاي قىز، شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى شىخەنزە، قاراماي ۋە كويتۇن قاتارلىق يەرلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

1949 - يىلىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ بەش پىرسەنتىگە يەتمەيتتى. شۇندىن كېيىنكى يىللاردا ھۆكۈمەتنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، نوپۇسى زىچ ئىچكىرى رايونلاردىن نۇرغۇن خىتاي كۆچمەنلىرى كۆچۈپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ نوپۇس بەلەنسىنى ئاسمان زېمىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەيتىشلارغا قارىغاندا بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى خىتاي نوپۇسى ئالتە مىليوندىن ئاشقان بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن. (بۇ ستاتىستىكىلارنىڭ توغرا بولۇشى گۇمانلىق،

**خىتايلارنىڭ ھەقىقى نوپۇس سانى بۇنىڭدىن كوپ بۇلۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھوكۇمەت خىتاي كوچمەنلىرنىڭ ھەقىقى سانىنى سىرتقا ئاشكارىلاشنى خالىماسلىغى مۇمكىن).**

**ئاز دىگەندىمۇ خىتاي نوپۇسىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش دىۋىزيەسىدىكىلەر تەشكىل قىلىدۇ (بىڭتۇەن). بۇ دىۋىزيە 1950 - يىلى تەسلىم بولغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى يەرلىكلەشتۇرۇش ئۈچۈن تەسسى قىلىنغان بۇلۇپ، ئۇندىن باشقا 1952ـ يىلدىن 1954 - يىللىرى مابەينىدە 170 مىڭ ئازاتلىق ئارمىيە ئەسكەرلىرى بويرۇققا ئاساسەن يەرلىكلىشىپ يۇقۇرقى دىۋىزيەگە قوشۇۋىتىلگەن. 1961 - يىلى شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ زېمىننىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىنى ھوكۇمەت تارتىۋىلىپ، كوللىكتىپلەشتۇرۋەتكەن. 1963ـ يىلدىن 1966 -يىلغىچە بولغان 3 يىل جەريانىدا شاڭخەيدىنلا ئىۋەتىلگەن خىتايلارنىڭ سانى 100 مىڭغا يەتكەن. شۇندىن كىيىن بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى يىلدىن يىلغا ئېشىپ، بۈگۈنكى ئۇمۇمى نوپۇسى 2 يېرىم مىليۇنغا يەتكەن.**

**بىڭتۇەن جۇڭگۇنىڭ سياسى تۈزۈلمىسىدىكى ئالاھىدە بىر ئورگان. چۈنكى ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇش ھوقۇقى شىنجاڭ يەرلىك ھوكۇمىتىكە تەۋە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئوز ئالدىغا ساقچى ئورگانى، سوت مەھكىمىلىرى، دىخانچىلىق ۋە سانائەت تارماقلىرى، شۇنداقلا بىر قاتار ئەمگەك بىلەن ئوزگەرتىش لاگىرلىرى ۋە تۈرمەخانىلىرى بار. دولەت تەۋەلىگىدىكى دىخانچىلىق مەيدانلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئورگانلىرى ھىساپلىنىدۇ. بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىغى يەرلىك ئىقتىساتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تۇپىلاڭنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل فۇنكىتسيەسى بار. ئۇلارنىڭ ھەربى مارشىنىڭ بىر مىسراسىدا ئوزلىرىنى "ھەربى فورمىسى كەيمەيدىغان ئارمىيە" دەپ تەسۋىرلەيدۇ.**

**يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە يىزا نوپۇسى ئېشىپلا قالماي شەھەر نوپۇسىمۇ تىز سۈرەتتە كوپەيدى. كويتۇۈن ئەسلدە بىر يىزا بۇلۇپ، 1985 - يىلىغا كەلگەندە ئۇ نوپۇسى 50 مىڭغا يەتكەن بىر شەھەرگە ئايلانغان. ئۈرۈمچىنىڭ نوپۇسىمۇ 1949 - يىلى 80 مىڭ بۇلۇپ، 1981 - يىلى 850 مىڭغا يەتكەن. شىمالدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بۇ يېڭى شەھەرلەردە خىتاي نوپۇسى كوپ سانلىقنى ئىگەللەيدى، ئۇلار يەرلىك خەلقلەردىن ئايرىلىپ ياشايدۇ.**

**شۇڭا مەلۇم نۇختىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا شىنجاڭدىكى خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىم بىلەن خېنەندىكى ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئويغۇرلار ھەققىدىكى ئۇقۇملىرىنىڭ ئۇخشىشىپ كىتىشىمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس. چۈنكى ھەر ئىككىس خىتايلارنىڭلا ئارىسىدا چوڭ بولغان. ئەمما غۇلجىنىڭ ئەۋالى پەرقلىق ئىدى. 2001 - يىلى غۇلجىدىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى خىتايلاردىن كوپ ئىدى. ھەيران قالارلىغى شۇكى، مىنىڭ بۇ خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىم مۇشۇنداق بىر كوپ مىللەت ئارىلاش موھىتتا ئۈچ يىل ياشاپمۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى قارىشىدا قىلچە ئوزگۇرۇش بولمىغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرلار يەنىلا شۇ ناخشا ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىنەتتى.**

كىشىنى تېخمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋېدىغان 200 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدا ئارانلا ئون نەپىرى خىتاي ئەمەس مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان. مەن ھەجەپلىنىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىسام، ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار ئىنگلىز تىلىگە قىززىقمايدۇ دەپ جاۋاپ بەردى. ئەينى چاغدا بۇ ماڭا سەل غەلىتە تۇيۇلدى، چۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا پەنلەرگە بولغان قىزغىنلى خىتايلارنىدىن قېلىشمايتى. ئەمما مىنىڭ بۇ مەسىلەرنى چۈشەنۇرلاپ ئىزىدىنىشىمگە قىسمەن سەۋەپلەر تۇسالغۇ بولدى. بۇ سەۋەپلەردىن بىرى ياتاق شارائىتىمىدىكى كەمتۈكلۈكلەر، يەنى، تېخچە يا ئوچاق، يا چىنە قاچا يا پەردە مەسىلىسى ھەل قىلىنمىغان ئىدى. ئىككىنچى مەسلە بولسا مەن ئۇچۇراشقان غەلىتە ئادەملەرنىڭ مىجەز خۇلقىدىكى غەلىتىلىكى سەۋەپ بولدى.

**12**

خۇنەن ۋە شىنجاڭدا ئۇچراتقان ئادەملەر ئارىسدا كۆزۈمگە ئەڭ غەلىتە تۇيۇلغىنى يەرلىكلەر ئەمەس، بەلكى ماڭا ئوخشاش ئەجنەبىلەر بولدى. ئۇلارنىڭ خاراكتىرىدىكى بۇ خىل غەلىتىلىك ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى مىجەزىمۇ ياكى جوڭگوغا كەلگەندىن كىيىن شەكىللەنگەن قىلىقمۇ، بۇنىڭغا كىسىپ بىر نىمە دىيەلمەيمەن. دەسلىۋدە چەتئەللىكلەر بىلەن بەك يېقىن ئۆتۈشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم، چۈنكى تۇلا يېقىنلىشىپ ئارلاشساق ئاسانلا مۇساپىرلار گورۇھغا ئايلىنىپ، ئۆزىمىزگە تەسەللى ئىزدەپ، باشقا يەرلىكلەردىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. دەسلىۋدە غۇلجىدە ئون چەتئەللىك بار دىگەننى ئاڭلىغىنىمدا ئۇ يەرگە بېرىش بارماسلىق ھەققىدە سەل دىلغۇل بولغان ئىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق ئەنسىرەشلەرنىڭ بىھاجەتلىگىنى ھىس قىلدىم، چۈنكى ئۆزۈمنى ئولارندىن بەك يىراق تۇتمىساملا ئۇلارغا بولغان قىززىقىشىم مىنى مەشغۇل قىلىپ تۇرۇۋدىكەن.

ئەمدى يېتىپ ئارام ئالاي دەپ تۇراتتىم، بىرى ئىشىكنى چەكتى، ئاچسام بويى ئىگىز كەلگەن، قوڭۇر چاچ، چاقماق كوينەك كىيۋالغان، سول قولىنى داكىدا بوينىغا ئېۋالغان بىرى ئۆيگە كىردى.

"ئاپتۇۋزدا كەلدىڭىزمۇ؟" سورىدى قارشى تەرەپ ئامىرىكا تەلەپپۇزىدا.

" ياق، كىرا ماشىنىسىدا كەلدىم، ماڭا بىلەت سېتىپ بىرىشنى رەت قىلىشتى"

ئۇ ساق قولىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، تېزىغا بىرنى ئۇرۇپ " بۇ ئىرقى كەمسىتىش" دىدى. ئارقىدىن ئۇلاپلا، "ئۇلار بۇنداق قىلىشنى قائىدىگە خىلاپ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە قائىدىنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ، بىلمىگەننى ئاز دەپ، بىلدىغانلارنىدىن سوراپ بېقىشنىڭ ئورنىغا، بولمايدۇ دەيدۇ خالاس. بۇ يەردىكى مەسلىنىڭ ھەممىس مۇشۇنداق ئىشلاردىن كىلىپ چىقىدۇ" دىدى.

ئۇ ئېغىر بىر خۇرسىنىپ بىر ھازا چىرايىنى تۈردى، تۇساتتىن جانلىنىپ كەتكەندەك ھاياجان بىلەن "كىرا ماشىنىسىدا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىكەن؟" دەپ سورىدى.

"يەتتە سائەتقۇ دەيمەن"

"ۋاھ، تىز كەپسىلەر، ئەڭ تېز ماڭسىمۇ ئالتە يېرىم سائەت كېتىدۇ، ئالتە يېرىم سائەت ئەڭ يۇقۇرى رىكورت".

ھىلىغىچە ئۇنىڭ كىملىگىدىن بىخەۋەر ئىدىم، مەن ئەدەپ يۈزىسىدىن قولىڭىزغا نىمە بولدى دەپ سورىدۇم.

"ئورۇمچىدە ۋەلىسپىتتىن يىقىلىپ چۈشتۈم، كىتىۋاتاتتىم، تۇساتتىن بىر ماشىنا ئالدىمغا كېلىپ تورمۇز قىلغانتى، جىنىمنىڭ بارىچە تورمۇز قىلىشىم بىلەن سىلكىنىپ رولىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ يەرگە چۈشتۈم، مۇرەمنىڭ "قارس" قىلىپ سۇنغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولدۇم".

ئۇنىڭ ئىسمى گېبى ئىكەن، غۇلجىغا ئويغۇر تىلىنى ئۆگەنگىلى كەلگىنىمۇ بىر قانچە يىل بولۇپ قاپتۇ. ئۇندىن باشقا ئامرىكىلىق ئۇقۇغۇچىلاردىن يەنە بىرەد، جەمى، لىسا ۋە مىشەل قاتارلىق توت كىشى بار ئىكەن.

مەندىن باشقا مۇئەللىملىق قىلىدىغان چەتئەللىكتىن كۆلىن ئىسىملىك بىرىلا بار بولۇپ، ئەنگىلىيەدىن كەلگەن بۇ مۇئاللىم، گېبى كىلىپ ئۆزۈن ئوتمەي مەن بىلەن كۆرۈشكىنى ياتىغىمغا كىرىۋىدى بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

"بۇيىڭىزنى بۇنچىلىك دەپ پەرەز قىلماپتىكەنمەن، سىزنى بۇنىڭدىن ئىگىزرەك بولسا كىرەك دەپ پەرەز قىلغان".

"سىزنى نائۇمۇتتا قويغۇنىم ئۇچۇن ئوزرە تىلەيمەن!" دىدىم. ئۇ پاكار ھىساپلىناتتى.

"ھىچقىسى يوق، پەقەت چاخچاق قىلىپ قويدۇم ئادىشىم!"

"سىزمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئۇقۇتقۇچىمۇ؟"

"شۇنداق، 98 ـ يىلىدىن بىرى مۇشۇ يەردە ئىشلەۋتىمىز".

"ئىشلەۋاتىمىز...؟"

ئۇ بارمىغى بىلەن كۆز ئەينىگىنى ئۇستىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، " مىنىڭ ئائىلەمۇ مۇشۇ يەردە، ئايالىم سۇسەن، قىزىم سارا، ئوغلۇم ئەدىم ھەممىس مۇشۇ يەردە، قىزىم توتكە كىردى، ئوغلۇم سەككىزگە كىرەي دەپ قالدى. سىزنىڭمۇ بالا چاقىڭىز بارمۇيا؟"

"يوق".

"ئەنسىرىمەڭ" دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ، ماڭا تەسەللى بەرگەندەك دولامغا ئۆرۈپ قويۇپ "ۋاقىت تېخى كوپقۇ" دىدى.

مەن ئىپادە بىلدۈرمىدىم.

"چاخچاق قىپ قويدۇم. ئوغلۇمنى يۇيۇندۇرىدىغان ۋاقىت بوپ قاپتۇ، ئەتە بىزنىڭكىگە بىرەر ئىستاكان قەھۋە ئىچىشكە كىلەلەمسىز؟ بىلمەن بەلكىم ئىشىڭىز باردۇ، شۇڭا ئەنسىرەشنىڭ هاجىتى يۇق، بېسىم يوق" دىدى ئۇ.

مەن بېرىشقا تىرىشىپ كۆرەي دىيىشىم ئۇ "ئۇنداق قىلالىسىڭىز قالتىس ئىش بۇلۇدۇ" دىدى. گىپىنى تۈگۈتۈپ بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ خۇددى يەنە دەيدىغان باشقا گېپى باردەك بىردەم ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ، ئاخرىدا هىچ نىمە دىمەي كۆلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

**13**

ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ هەممىسگە ئىنگىلىزچە خاتىرە يېزىشنى ئۆرۈنلاشتۇرۇدىم، بىرىنچىدىن بۇنىڭ ئولارنىڭ يېزىقچىلىغىغا پايدىلىق ئىدى، ئىككىنچىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەردار بۇلۇشۇمغا ياردىمى بۇلاتتى. تۇۋەندىكىسى 3 ـ يىللىقتا ئوقۇيدىغان خۋاڭلىي ئىسىملىك بىر ئۇقۇغۇچۇمنىڭ خاتىرىسىدىن ئېلىندى:

*ئەتىگەندە ئويغانسام هاردۇغۇم تېخى چىقماپتۇ، تەنتەربىيەگە چىقماي دىسەم جىرمانە تۆلەيدىغان گەپ. نائىلاج ئورنۇمدىن تۇرۇپ تەنتەربىيە مەيدانىدىكى توپقا قېتىلىپ، تەڭ چېنىقتۇق. ئاندىن مەكتەپ ئاشخانىسدا ناشتا قىلدىم، دەرسكە كىچىكىپ قالغىنى تاس قاپتىكەنمەن، سىنىپقا قاراپ يۈگۈردۈم. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن توت سائەت دەرس بار ئىدى، رۇسچە ۋە تەرجىمانلىق كەسپىنى ئۆگەندۇق. مەن رۇسچىنى ياخشى كۆرۈمەن، ئەمما ئۆگىنمەك ئاسان ئەمەس. تەرجىمانلىق كەسپى بىلەن خۇشام يۇق، بەك زىرىكىشلىك. لىياڭ مۇئەللىمدىن نەپرەتلىنىمەن. ئۇ بىزنى بەش مىنۇت كىچىكتۇرۇپ قويىۋەتكەچكە، مەكتەپ ئاشخانىسدا ئۆرۈن قالماپتۇ.*

*چۈشتىن كىيىن تەنتەربىيە دەرسى بار ئىدى، مۇئەللىم كىلەر هەپتە ئىگىزگە سەكرەشتىن ئىمتىهان ئالىمەن، مەشق قىلىڭلار دىدى. مەن بىر پاكار قىز بولغاچ، بۇ خەۋەر مىنى ئەنسىرىتىۋەتتى. كەچلىك تاماقتىن كىيىن يىغىنغا قاتناشتىم، يىغىن باشقۇرغۇچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى هەققىدە ئۇزۇن نۇتۇق*

*سوزلىدى. ئاندىن سىنىپقا بىرىپ تاكى سائەت 11 غىچە ئۆگۈنۈش قىلدىم. بىز كەچلىك ئۆگۈنىشنى ياخشى كورمەيمىز، ئەمما قاتناشمايمۇ ئامال يوق.*

ئۇقۇغۇچىلارنىڭ كۈنى بىر خىل رىتىمدا ئۆتەتتى، ئۇلار ئۇيغۇنۇپلا چىنىقىشقا چىقىدۇ، ئارقىدىن تاماق، ئاندىن دەرس، يەنە تاماق ئاندىن يەنە دەرس ئاندىن ئۇخلاش دىگەندەك ئەتىگەندىن تەكرار ئىشلار بىلەن كەچكىچە باشقىلارنىڭ نەزىرىن يىراق بولالمايلا ئۆتەتتى. دىمەك، هەر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ۋاقتى بىرەر ئىككى سائەتتىن ئاشمايتى، بۇنىڭ سەۋىبىنى تازاتۇلۇق چۈشۈنەلمەي هەيران قالاتتىم.

خۇنەندىكى چاغدا مەكتەپ ئۇقۇغۇچىلارنى دەرس ئالدىراشچىلىقىدىن باشقا هە دىسلا سىياسى پائالىيەتلەرگە ئۇرنلاشتۇرۇپ، جىدەل ماجرا چىقاغۇدەك ۋاقىت قالدۇرمايتى. غۇلجا دارىلمۇئاللىمىندىمۇ ئۇقۇغۇچىلار ئۇخشاش ئۇسۇلدا باشقۇرۇلۇپ، خۇنەندىكىدىنمۇ قاتتىقراق كۇنتۇرۇل قىلىناتتى. بۇ يەردە قاتنىشىدىغان سىياسى ئۆگۈنۈشلەر، سىياسى پائالىيەتلەرنىڭ سانىمۇ ئۇخشاشلا كۆپ بۇلغاندىن باشقا مەجبۇرى ئۆگۈنۈش قىلىش ۋاختىمۇ ئۇزۇن ئىدى. مەن بۇنداق بۇلۇشنى غۇلجا چىگرا رايۇن بولغاچقا شۇنداق دەپ خۇلاسىلىدىم.

مەكتەپنىڭ قۇرۇلمىسىنى چۈشۈنۈش تەس ئەمەس، قائىدە تۈزۈملەرنى ئۆگۈنۈپلا قويسا بولدى دىگەن گەپ. هايات شۇنداق ئاددى كۇرۇنۇدۇ قارىماققا، ئەمما مەكتەپ هاياتىدىكى قۇشۇمچە مىزانلارنى تونۇپ يىتىشىم ئۈچۈن بىر قانچە هەپتە كەتتى.

---

چۈشلۈك تاماققا قوڭغىراق چېلىنىش بىلەن ئۇقۇغۇچىلار ۋارڭ چۇرۇڭ قىلىشىپ، كۇلكە چاخچاقلار بىلەن ئاشخانىغا قاراپ چېپىشتى. مەن يولنىڭ بىر بۇرجىگىدە ئېلىنۇرنى ساقلاپ تۇراتتىم، باللارنىڭ توت يولنىڭ دۇققىسغا كىلىپ ئىككى ياققا بۇلۇنۇپ كىتىۋاتقانلىغىغا دىققەت قىلدىم. بىر قىسمى مەكتەپ ئاشخانىسغا ئۇدۇل ماڭدى، يەنە بىر قىسمى ئوڭغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. قارىسام خىتاي ئۇقۇغۇچىلار ئۇدۇل مىڭىشتى، ئۇيغۇر ۋە قازاق ئۇقۇغۇلار ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ باشقا تەرەپكە ماڭدى. مەن بىر خىتاي ئۇقۇغۇچۇمنى توختىتىپ بۇلار نەگە ماڭدى دەپ ئۇيغۇرلارنى ئىشارەت قىلدىم.

"چۈشلۈك تاماققا ماڭدى"

"نەدە"

"ئوزلىرىنىڭ ئاشخانىسىدا"

"ئولارنىڭ ئايرىم ئاشخانىس بارمۇ؟"

"ئەلۋەتتە".

بۇنىڭدىن ھەجەپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلار مۇسۇلمان بولغاچقا چۈشقا گۆشى يىمەيدۇ، ئەمما خىتايلار يەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇمۇمەن چۈشقا گۆشى سېتىلىدىغان رېستۇرانلاردا تاماق يېيىشنى رەت قىلغاچقا، ئۇلار ئۇچۇن ئايرىم ئاشخانا ھازىرلاش كىرەك ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئايرىمچىلىقنىڭ يىتەرلىك ئاساسى بار دىسەك بولىدۇ. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇقۇغۇچىلارنىڭ باشقا جەھەتلەردىمۇ ئايرىلىشىپ ئوتمەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭ ياتىقى خىتايلاردىن ئايرىم ئىكەن. ئۇلارنىڭ دەرسخانىلىرى ۋە دەرسلىرىمۇ ئايرىم ئۆتۈلىدىكەن، ئىنگلىز تىلى كافىدىراسىمۇ ئايرىم ئىكەن. ئەمما بۇ خىل ئايرىمچىلىق مۇتلەق ئەمەسكەن، مەسلەن كومپيۇتېر دەرسى بىلەن سىياسەت دەرسلىرى ئارىلاش ئۆتۈلىدىكەن، باشقا جەھەتلەردە مىللەتلەر ئايرىلىپ ياشايدىكەن.

ئىجتىمائى مۇھىتتىكى ئايرىمچىلىق تېخىمۇ رۇشەن بولۇپ، خىتاي ئۇقۇغۇچىلار بىلەن مىللى ئۇقۇغۇچىلار بىر بىرى بىلەن ئارلاشمايدىكەن، سوزلەشمەيدىكەن، ھەم بىرگە سپورت مۇسابىقىلىرىمۇ ئوينىمايدىكەن. مىللى قىز - يىگىتلەرمۇ مىللەت ئاتلاپ خىتايلار بىلەن مۇھەببەتلەشمەيدىكەن.

مۇشۇنداق ئايرىمچىلىق ئىچىدە ياشىسۇمۇ، قارىماققا ئۇلار ئوتتۇرىسدا ئاشكارە ئۆچ - ئاداۋەت باردەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھالىتى ماڭا ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قاراپ، بىر بىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كورمەسكە سېلىۋاتقاندەك بىلىندى.

**14**

بۈگۈن مۇرات بىلەن ئىسمائىل ماڭا ئۇيغۇرچە ئۆگۈتىش ئۇچۇن ياتىقىمغا كەلمەكچى بولغان، ئەمما دىيىشكەن ۋاقىتتىن ئىككى سائەتچە ئوتتى، ئەمما مۇراتنىڭ سايىسىمۇ كورۈنمەيتى. ئىككىدىن ئون مىنۇت ئوتكەندە ئىسمائىل كىرگەندە مەن سوفادا ئاچچىقىمنى يۇتۇپ ئولتۇرتاتتىم. ئۇنىڭ خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان چىرايدىن مەن بىلەن كورۇشكىنىدىن مەنمۇن بولغانلىقىنى چىقىپ تۇراتتى، ئەمما كىچىكىپ قالغىنىغا قىلچىمە پەرۋا قىلغاندەك كورۈنمەيتى.

"ئەخۋالىڭىز ياخشىمۇ نىك؟"

"ياخشى".

"نىملەر بىلەن مەشغۇل بولدىڭزى؟"

"ھىچ ئىش، ئولتۇردۇم شۇ، مۇراتچۇ؟".

"ئۇ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، سەل كېچىكىپ كىلىمەن دىدى".

مەن ئاچچىغىمنى تەستە بېسىپ،

"قولىڭىزدا سائەت بارمۇ ئىسمائىل" دەپ سورۇدۇم.

"بار".

"قانچە بوپتۇ هازىر".

"ئون ئىككى بولدى".

"ئون ئىككى؟"

"ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ مانا".

قارىسام سائەتنىڭ كىچىك ئىستىرىلكىسى 12 نى كورسۇتۇپ تۇراتتى.

"سىزنىڭ سائىتىڭىز ئارقىدا قاپتۇ"

"راسمۇ؟"

"شۇنداق، مىنىڭكىگە قاراڭ، ئىككى بولدى".

"سىزنىڭ بېيجىڭ ۋاختى ئىكەن"

"نىمە؟"

"بېيجىڭ ۋاختى شىنجاڭ ۋاختىدىن ئىككى سائەت بۇرۇن "

"شۇنداقمۇ؟"

"ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ۋاختىنى، خىتايلار بىيجىڭ ۋاختىنى ئىشلىتىدۇ. شىنجاڭ ۋاختى 12 دىمەك بېيجىڭ ۋاختى 2 دىمەكتۇر".

شىنجاڭ ۋاختىنىڭمۇ بارلىغىنى ئۇنتۇپلا كىتىپتىمەن، چۈنكى مەكتەپ بېيجىڭ ۋاختىنى ئىشلەتكەچ، مەنمۇ سائىتىمنى شۇنىڭغا تۇغرلاپ قويغان. ئەتىگەنلىك بىرىنچى دەرسىم سائەت 10دا باشلىناتتى، هىسسى جەهەتتىن سائەت 10 دىمەك سائەت 8 دىگەندىن كىشىگە بەكرەك ياقاتتى. بۇ يەردە شىنجاڭ ۋاختىنى ئىشلىتىشنىڭ تۇغرا ئىكەنلىگىدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن، كۈن چىققان ۋاقتىتىن هىساپلىغاندا شىنجاڭ ۋاختىنى ئىشلىتىش ئەڭ تۇغرا كىلىدۇ. ئەمما سائەت 10 دىسە خۇددى ئۇزۇن ئۇخلىۋالغاندەك هىس قىلىدۇ ئادەم. دىمىسىمۇ بۇ ۋاقىتتىكى ئۇخشاشماسلىق ئادەمنى سەل قايماقتۇرۇپ قويۇدۇ.

ۋاقىت ئىشلىتىشتىن ئىبارەت موشۇ بىر رىئاللىقتىن جوڭگو ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بولغان سەزگۈرلۈكىنى ھىس قىلىش مۇمكىن. دىمەك، شىنجاڭدا يەرلىك ۋاقىت ئىشلىتىلسە بۇ يەرنىڭ جوڭگودىكى باشقا يەرلەردىن پەرقلىق ئىكەنلىگى گەۋدىلىپ چىقىشتىن ساقلانغىنى بولمايتى. بۇ غۇلجىدىكى مىللەتلەرنىڭ جىسمانى ۋە ۋاقىت جەھەتتىمۇ بىر بىرى بىلەن پەرقلىنىدىغانلىغىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ئىدى.

مۇرات يۇتۇلۇپ قويۇپ، كەلگەنلىگىدىن بىشارەت بەردى. ئۇ كىچىكىپ قالغانلىغى ئۇچۇن ئوزرە تىلىگەندىن كىيىن بىز دەرسىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بىرەر سائەتتىن كىيىن كانايلىرىم قۇرۇپ، تىللىرىم سەل قېتىپ كەتكەندەك بىلىنىشكە باشلىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ ۋاقىت ئىچىدە سالام سائەتكە ئائىت قىسمەن سوز-ئىبارىلىرى بىلەن ئىككى ئۇچ ئەرەپچە (ئويغۇرچە) ھەرپ ئۇگۇنىۋالدىم. ئىنگىلىزچە رەخمەت ئەيتقۇم كەلمىدى، ئامما ئۇيغۇرچە قانداق رەخمەت ئەيتىشنىمۇ بىلمىگەنلىگىم ئۇچۇن مەن خىتايچە "شيې شيې نى لاوشى (رەخمەت مۇئەللىم) دەپ رەخمىتىمنى بىلدۇردىم.

ئىسمائىلنىڭ چىرايىدا ھىچ قانداق ئىپادە كۆرۈلمەي ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى، مۇرات سەل ناراز بولغاندەك "بىزگە خىتاي تىلىدا سۆزلىمەڭ، خىتايچىنىڭ ھاجىتى يوق" دەپ بۇلۇپ "باشقا قىلىدىغان ئىشىڭىز بارمۇ؟" دەپ سورىدى.

ئۇقۇغۇچىلىرىغا ئىنگىلىز تىلى مەشق قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بىرىش ئۇچۇن، مۇرات بىلەن ئىسمائىل ھەر يەكشەنبە كۇنى باللارنى بىر يەرگە يىغىپ سوزلىشىش يىغىلىشى ئوتكۇزۇپ بىرەتتى. ئىسمائىل باللارغا رۇھى ئىلھامى بۇلۇدۇ دەپ مىنى بىر قانچە قېتىم بىرىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سوزلىشىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى، گەرچە مىنىڭ قاتنىشىشىم قىسمەن ئۇقۇغۇچىلارنى تەمتىرىتىپ قويسىمۇ، ئۇلار يەنىلا كەلسىڭىز ياخشى بۇلاتتى دەپ تەكرار تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۇقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش پەرقى ھەر خىل بۇلۇپ، ئارىسىدا باللارمۇ،ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ۋە ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئەمما ھەممىسى دىگۈدەك ئويغۇرلار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ يىغىلىشىغا تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا ئۇقۇغۇچىلار ئارىسىدا يىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان بىر ياش، تەمتىرىمەي مەندىن ئىنگىلىزچە سۇئال سوراشقا پېتىندى.

"ئويغۇرلارغا بولغان تەسىراتىڭىز قانداق، سوزلەپ بىرەمسىز؟"

مەن ئۇچراشقان ئويغۇرلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى ئىنسانلار ئىكەن دىدىم.

"خىتايلارچۇ؟ سىزنىڭچە ئۇلار سەتمىكەن؟"

ئۇنىڭ سۇئالىدىن ئەتىراپتىكىلەر پاراققىدە كۇلۇشۇپ كەتتى، بۇ مەن ئۇچۇن ھەيرانلىغىمنى بېسىپ، سورالغان سۇئالغا جاۋاپ ھازىرلاش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

"بەزىلىرى سەتدۇر بەلكىم، سەت چىرايلىق ئادەملەر ھەممە مىللەتتە بارغۇ" دىدىم.

مىنىڭ ئىھتىيات بىلەن بەرگەن جاۋابىمدىن قانائەتلەنمىگەنلىكىنى بىلدۇرۇپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

"خىتايلارنىڭ بۇرنى پاناق، چۇشقىغىلا ئوخشايدۇ"

ئەتراپتىكىلەر يەنە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، ئۇنىڭ گېپىنى قوۋۋەتلەپ باش لىڭشىتتى. مەن ھەيرانلىقىمنى بېسىش ئۈچۈن مۇرات بىلەن ئىسمائىلغا قارىدىم، ئەمما ھەر ئىككىسى ئۇقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇ خىل سۆز ئىبارىلىرىدىن قىلچە ھەيرانلىق ھىس قىلمىغاندەك بىپەرۋا تۇرۇشاتتى. بەختىمگە يارىشا ئۇزۇققىنا كەلگەن قۇشما قاش بىر ئادەم سوز تىمىسىنى ئوزگەرتىۋەتتى.

"پۇتبولغا قىززىقامسىز؟ مەن بەك قىززىقىمەن، بىرازىلىيە كاماندىسىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلاردا رونالدو، رىۋالدۇ...."

ئۇ بىرازىلىيە كاماندىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ چىقىپ، سۆزدىن توختىغاندا مەن ئىسمىنى سورىدۇم،

"ئىسمىم تىلىۋالدى. مەن ھوكۇمەت كادىرى. مەن بەك ئالدىراش ئىشلەيمەن، ئالدىراشلىقىمغا باقماي، ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر مۇنچە قۇرۇق گەپ ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن. كوممىنىست پارتىيە، دولەت باشلىغى جاڭزېمىن ھەققىدە بىر قاتار قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرىمىز. مىنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن قىلچە خوشۇم يوق، مەن شۇنچە ئالدىراش، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق. ئۇلار نىمە ئۈچۈن ۋاختىمىزنى ئىسراپ قىلىدىغاندۇ؟ بۇنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى ئۇلارمۇ بىلىدۇ بولمىسا..."

ئۇ مۇشۇ يۇسۇندا يەنە بىر مىنۇتتەك داۋاملىق سوزلەپ ئاندىن توختىدى. مەن دىققىتىمنى ماڭا يېقىن يەردە ئولتۇرغان، ئەتىگەندىن بىرى ھېچ قانداق گەپكە ئارلاشمىغان جىمغۇر ئىككى ياش قىزغا قاراتتىم. ئىسمىنى سورىسام، جاۋاپ بىرشىنىڭ ئورنىغا كۈلۈشۈپ كەتتى، سورىغان سۇئاللىرىمنىڭ ھەممىسگە مۇشۇنداق كولكە بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ، قىلىدىغان گېپىمىز قالمىغاندا تىلىۋالدى گەپكە ئارلىشىپ كوۋرۇكلۇك ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالدى. ھەر ئىككىسى ئوخشاش رەڭدە كۆك پۇپايىكا كىيىۋالغان بولۇپ، بىز توم كىرۇزنى ياخشى كۆرىمىز دىدى. قىزلانىڭ بىرى ئىنگىلىز تىلىنى ئۆگىنىپ، ئامىرىكىغا بىرىپ ئۇزىنى ئوپىراتسىيە قىلدۇرۇدىغانلىقىنى ئەيتتى، يۈتىسىدا ئوپىراتسىيە يىپلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كوردۇم.

قايتىپ چىقىدىغان چاغدا خىتايلارنىڭ پاناق بورنىنى مازاق قىلغان ھېلىقى بالا بىلەن يېقىن ماڭدىم. ئۇ ئىسمىنى ئەركىن دەپ تونۇشتۇرۇپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىنى ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن 9719 - يىلى يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە قانداق ئۇچۇرلارنى بىلىدىغانلىقىمنى سورىدى.

باشقىلاردىن ئازراق ئاڭلىغان ئىدىم.

"بەزىلەر ھوكۇمەت بىلەن سوقاشتى"

"قاتناشقانلار كۆپمىدى؟"

"كۆپ".

"كۆپ ئادەم قولغا ئېلىندىمۇ ئۆلەرنى؟"

"بەزىلەر قولغا ئېلىندى، بەزىلىرى قولغا ئېلىنمىدى. بۇ چوڭ مەسىلە".

ئۇنىڭ چوڭ مەسىلە دېگىنى يۈز بەرگەن تۇقۇنۇشنى كۇرستەمدۇ ياكى باشقىلارنىڭ قولغا ئېلىنىشىنى كورستەمدىغانلىقىنى دەپ ئويلىغۇنۇپ قالدىم. قول ئېلىشىپ خوشلىشىش ئالدىدا ئۇ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ "كېلەر ھەپتە تويۇمغا كېلىڭ" دەپ تەكلىپ قىلدى.

**15**

*ئاز ساندىكى بىر قىسىم جىنايەتچىلەر دولەت قانۇنىنى كوزگە ئىلماي، ئوروپ تالاپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ جىنايەت ئوتكۇزدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئىجتىمائى مۇقۇملۇققا بوزغۇنچىلىق قىلدى. دولەت قانۇنىنىڭ ئابرۇيىنى قوداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن، قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا قانۇنى تەرتىپ بويىچە چارە قوللۇنۇپ، قانۇنسىز ھەركەتلەرنى توختاتتى.*

تاڭ گوچياڭ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى.

بۇ ئاتالمىش قانۇنى تەرتىپ نىمىلەردىن دىرەك بىرىدۇ؟ تۇقۇنۇشتىن كىيىن نىمىلەر يۈز بەرگەندۇ؟

تۇپىلاڭدىن كىيىن غۇلجا ۋە ئۇرۇمچىدە ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈلگەن. بىڭتۇەندىن كەلگەن خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئەسكەرلىرى كوچىلاردا قاراۋۇللۇق قىلغان. ئويلەر كەڭ كۇلەمدە ئاختۇرۇلۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاساسسىز قولغا ئېلىنغان. خەلقارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا 3 مىڭدىن 5 مىڭغىچە كىشى قولغا ئېلىنغانمىش. نۇرغۇن كىشى بىڭتۇەن تۇتىنچى دىۋىزىيەسىنىڭ غۇلجىدىكى تۇرمىسىغا قامالغان، بىر قىسمى بولسا باشقا يەرلەرگە يوتكىلىپ قامالغان. نۇرغۇنلىرى ھىچ قانداق قانۇنى ئاساسسىز ھەپتىلەپ ھەتتا ئايلاپ سولاپ قويۇلغان. بەزىلەر قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنغانمىش.

بىڭتۇەننىڭ بۇ قتىم كورسەتكەن خىزمىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان، مەسىلەن، ۋاڭ لېچۇەن "يېقىنقى يىللاردىن بىرى بىڭتۇەن قۇراللىق ساقچى قوشۇنى شىنجاڭنىڭ بىرلىگى ۋە سىياسى مۇقىملىقى ئۇچۇن ئالاھىدە مۇھىم توھپىلەرنى قوشتى" دەپ ماختىغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەينى چاغنىڭ ئۆزىدە جوڭگودا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان، كېيىنچە تەنئەنمىگە تانكا ئەۋەتىپ ئوقۇغۇچىلار ھەركىتىنى باستۇرغان دىڭ شاۋپىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن دولەت ئالتە كون ماتەم تۇتتى. 1997 - يىلى 25 ـ فېۋرال كۈنى ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئوتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم مۇراسىمى ئوتكۈزۈلىۋاتقان كۈندە بىر تەرەپتىن ئۆزۈن تەزىيە نۇتۇقلىرى ئوقۇلۇپ، گۈل چەمبىرەكلەر تەقدىم قىلىنىۋاتقان پەيتتە ئۈرۈمچىدە ئۈچ ئاپتۇۋۇزدا بومبا پارتىلىدى. پۈتۈن شەھەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئاپتۇۋۇز بېكەتلىرىدە قۇراللىق ساقچى ئەسكەرلەر پۇسقا قويۇلدى.

ئارقىدىن بېيجىڭدا بىر بومبا پارتىلىشى بىلەن تۈركىيەدىكى ئوكتىچى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بۇ ۋەقەگە ئوزلىرىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. ئۇلار بۇ ھەركەتنى "ھوكۇمەتنىڭ شىنجاڭدىكى مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنى قاتتىق باستۇرۇپ، دىئالوگ ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قىساس ھوجۇمى"دىگەن. پارتىلاشتىن كېيىن بېيجىڭدا ئامانلىق ساقلاش كۈچەيتىلىپ قىسمەن چارىلار يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ چارىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىدى. مەن بىلەن سوزلەشكەن قىسمەن ئۇيغۇرلار ئەينى چاغدا كىرا ماشىنىلىرى ئۇلارنى چىقىرىشنى رەت قىلغانلىقىنى، بەزى مېھمان كۈتۈشلەر ياتاق بىرىشنى رەت قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

بۇ ۋەقەلەر ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان. 1997 - يىلى ب ب س مۇخبىرلىرى غۇلجىغا مەخپى كىرگەن. ئۇلار ئىككى كۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ توپلىغان سوھبەت خاتىرلىرى ۋە سىن ئالغۇ لىنتىلىرىنى ساقچىلار مۇسادىرە قىلىپ مۇخبىرلارنى قولغا ئالغان. ئەيني چادىكى كونديلىك تېلېگراف گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، مۇخبىرلار ئون كۈن قاماپ قويۇلغاندىن كېيىن پاكىستانغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ھوكۇمەت ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنلەرنىمۇ قولغا ئالغان.

شۇ يىلى ئاپرىل ئېيىدا مۇشۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقانلار سوت قىلىنغان. ئۇلارغا ھوكۇم ئىلان قىلىش يىغىنى غۇلجا شەھرىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئوتكۈزۈلگەن بولۇپ، 5 مىڭچە كىشى ھوكۇم ئىلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان. بۇ قېتىمقى ھوكۇم ئىلان قىلىش يىغىنىدا توپلاڭغا قاتناشقان دىگەن قالپاق بىلەن 30 ئۇيغۇرغا جازا ھوكۇم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ كىشىگە "زەخملەندۈرۈش، ئوت قويۇش، لوكچەكلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق" جىنايىتى بىكىتىلىپ ئولۇم جازاسى بىرىلگەن. ھوكۇم ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن، شەھەر سىرتىدىكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بىرىلىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئولتۇرۇلگەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا بۇلارنىڭ جەسىدى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلۇپ بىرىلمىگەن.

**هوكۇم ئىلان قىلىش يىغىنىدىن كېيىن، قالغان 27 جاۋاپكار ماشىنا بىلەن شەھەر كوچىلىرىدە سازايى قىلىنغان. بۇ ماشىنىلار كوچىلاردىن ئۆتكەندە، جاۋاپكارلارنىڭ ئۇرۇق -تۇققانلىرى ماشىنىغا يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن سوزلىشىشكە ئۇرۇنغانمۇ ياكى قوتقۇزۇۋشقىمۇ، ئۇنىسى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ماشىنىلارنى قوغداپ ماڭغان ساقچىلار ئۇلارغ ئوق چىقىرىپ ئۈچ كىشىنى ئولتۇرگەن. نۇرغۇنلىرىنى يارىلاندۇرغان. 1997 - يىلى 1 ـ ماي كۈنى غۇلجا كەچلىك گېزىتىگە بېسىلغان بىر خەۋەردە بۇ ۋەقەدە ئولگەن ۋە يارىلانغان ئاممىنى "توپىلاڭچىلار" دەپ خەۋەر قىلىپ، بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئىككى كىشى ئولگەن، يەتتە كىشى يارىلانغان دەپ ئۇچۇر بەرگەن. مەزكۇر خەۋەردە يەنە قۇراللىق ساقچى قىسملىرى ئالدى بىلەن هاۋاغا ئو چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن دەپ خەۋەر قىلىغان.**

**ئارقىدىن نۇرغۇنلىغان كىشى قولغا ئېلىنغان. غۇلجا كەچلىك گېزىتىنىڭ 22 ـ ماي كۈنىدىكى خەۋىرىدە شەھەردە ساقچىلارنىڭ غۇلجا رايۇنىدا ئويمو ئوي ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغانلىغى ھەققىدە ئۇچۇر بىرىلگەن. بۇ قىتىمقى "قاتتىق زەربە بىرىش" ھەركىتى جەريانىدا 61 ماشىندا 248 ساقچى "زومىگەر جىنايەتچىلەر،تېرورىستلار، ۋە ئاساسلىق دىنى رەھبەرلەرنى قۇلغا ئېلىش ئۇچۇن ئىشەتىلىپ، 84 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئېلىپ كەلگەن" لىگى خەۋەر قىلىنغان.**

**ئيۇن ئايلىرىغا كەلگەندە هوكۇمەت بۇ قېتىمقى تۇپۇلاڭنى دولەتنى پارچىلاش ھەركەتلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەندۇرۇشكە باشلايدۇ. شىنجاڭ گىزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا يەر ئاستى دىنى تەشۋىقات ئەسلىيەلىرىگە قىلىنغان بىر قېتىملىق هوجۇم نەتىجىسدە 133 مەسچىت قۇرۇلۇشى توختىتىلغان. ھەممىس بولۇپ مەزكۇر رايۇندا قانۇنسىز ھەركەتكە باشچىلىق قىلغان 44 نەپەر جىنايەت گۇماندارى قولغا ئېلىنغان. ئۇندىن باشقا قانۇنسىز قۇرئان ئۆگۈتۈش ئوۋىلىرىدىن 100 پاچاقلانغان. مەزكۇر خەۋەردە "قانۇنسىز دىنى ھەكەتلەر رايۇنمۇ رايۇن، كەنتمۇ كەنت ئويمۇ ئوي ئاختۇرۇلۇپ، ئۈزۈل كىسىل تازىلاندى" دەپ جار سېلىنغان. ئىيۇل ئېيىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىينىڭ رەئىسى هامۇدۇن نىياز " بولگۇنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنى پائالىيەتلەرگە خەلق ئۇرۇشى ئىلان قىلايلى" دەپ چاقىرىق قىلغان. ئو سۆزىدە يەنە ئىتىياتچانلىق بىلەن" *بىزنىڭ بولگۇنچىلەرگە قارشى كۇرۇشىمىز مىللى مەسلىمۇ، دىنى مەسلىمۇ ئەمەس. بۇ ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنىۋاتقان بولگۇنچىلەر بىلەن دولەتنىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكى ئۇچۇن كۇرەش قىلىۋاتقانلار ئوتتۇرىسىكى سىياسى كۇرەش"* دەپ چۈشەنچە بەرگەن.**

**ئولۇم جازاس بىرىش سوتلىرى ئيۇن، ئىيۇل ئاليرىدىن باشلاپ تاكى 1998 ـ 1999 - يىللىرىغىچە داۋاملاشتى. ئارقىدىن غۇلجىدا يەنە بىر قېتىملىق ئۇچۇق هوكۇم ئىلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، سوتنىڭ جەريانى تىلىۋىزۇردا كورستىلدى. بويۇنلىرىغا ئىسمى ۋە جىنايەت قىلمىشلىرى يېزىلغان تاختىلار ئېسىلغان، قوللىرى كەينىگە باغلانغان، باشلىرى ئىگىلگەن جىنايەتچىلەر ھەربى ئاپتومۇبىللىرىدا قاتار تۇرغۇزۇلغان كۇرۇنۇشلەر كورسۈتۇلگەن. ئارقىدىن ئۇلارمۇ**

كۆچىلاردا ماشىنا بىلەن سازايى قىلىنغان. 1999 - يىلىدىكى دۇنيا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا غۇلجا ۋەقەسىدىنى كېيىن، مەزكۇر رايۇندا 200 گە يېقىن كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ۋەزىيەت ئاستا ئاستا كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ھالەتتە پەسىيىشكە باشلىدى. ھوكۇمەتنىڭ دىققىتى بىردىن فالۇنگۇڭچىلارغا يوتكەلدى. ئۇلار دىنى گۇرۇھ دىگەن قالپاققىمۇ مۇيەسسەر بۇلالمىغان، فالۇنگۇڭچىلار "بىدئەتچىلەر ياكى رەزىل مۇناپىقلار" دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئەينى چاغدا ھوكۇمەتنىڭ تەلەپپۇزى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە كەك قۇساق ئاڭلانغان.

***بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەۋىرچانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. پارتىيە چۇقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىل ـ يېزىق، ئۇرپ - ئادەتلىرىدىكى ئوزگۇلۇكلەرگە ھورمەت قىلىدىشى كېرەك.***

2001 ـ يىلى 1 ـ سىنتەبر كۇنى، ۋاڭ لېچۇەن دۇنياغا "شىنجاڭ تېرۇر يۇز بېرىدىغان زېمىن ئەمەس" (يەنى ھەمشە تېرۇرلۇق ھوجۇملىرى يۇز بىرىدىغان يەر ئەمەس) دەپ ئىشەنچ بىلەن جاكارلايدۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ئوتمەي ئامىرىكىدىكى دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ ئىككى ئىگىز بىناسى ئىككى ئايرىپلاننىڭ ھوجۇمىغا ئوچرايدۇ.

**16**

***شىنجاڭدىكى ئىنسان ھوقۇقلىرى مەسلىسىگە ئېنىق باھا بىرىش ئانچە ئاسان ئەمەس، چۇنكى بۇلگۇنچىلىك تەرەپدارىدىكى قىسمەن ئويغۇر تەشكىلاتلىرى ئوز مەخسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن گاھىدا زورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللانغان. بۇنداق شارائىتتا جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ دولەت بىخەتەرلىگى ئۇچۇن ھەركەت ئېلىپ بىرىشى قانۇنسىز ئەمەس.***

ئىنسان ھۇقۇقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتى

دەسلەپكى چۇچۇش ۋە ھەيرانلىقتىن باشقا، مىنىڭ خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىگە بولغان ئىنكاسى ئاساسى جەھەتتىن ئۇچ تۇرگە بۇلۇنىدۇ.

بىرىنچى خىلى:

***مىنىڭچە بۇ يامان ئىش. نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ئولگەنلىكىنى ئاڭلاپ كوڭلۇم بەك يېرىم بولدى. راستىنلا يىغلىغىم كەلدى.***

ئىككىنچى خىلى:

***بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خوش بولۇپ كەتتىم، چۈنكى ئۆزۈڭدىن بىرى ئامرىكىلىقلار دايىم باشقىلارغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارلىشىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دونيا ساقچىسى، نوچى ھىساپلاپ كەلگەندى، قېنى ئۇ نوچىلىقى ئەمدى.***

ئۈچۈنچى خىلى:

***دەسلىۋىدە بۇ خەۋەردىن بەك خۇشال بولدۇم، چۈنكى ئامرىكىلىقلار دايىم باشقىلارنىلا بوزەك قىلىدۇ، كىيىن ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كوڭلۇم يېرىم بولۇپ، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.***

جۇڭگو ھوكۇمىتى تۇنجى قەدىمنى ناھايىتى ئويلۇنۇپ ئېلىپ، ئامرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى قۇللىدى. ئىلگىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشقا دولەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارلىششقا قارشى تۇرۇپ كەلگەن. مەسلەن ئىراق ۋە يۇگوسلاۋىيەدىكى تۇقۇنۇشلارغا باشقىلارنىڭ ئارلىششىغا قارشى تۇرغان. بۇ خىل قاراشنىڭ كەينىدە باشقىلارنىڭ تەيۋەن ياكى تىبەت ئىشلىرىغا ئارلىششىدىن ئەنسىرەش، ياكى ئوزى بىلەن يېقىن مۇناۋىتى بار مۇستەبىت دولەتلەرنى قوللاش يۇزۇسىدىن ئىلىپ بارغان سىياسى تاللاشلار ئىدى. ئۇنداقتا قانداق بولۇپ "تېرورغا قارشى جەڭ"گە بولغان قارىشى ئوزگۇرۇپ قالدى؟

ئەلۋەتتە، ئامرىكا پىرىزىدىنتى بۇشنىڭ بىز بىلەن بول ياكى بىزگە دۇشمەن بول دىگەن تەھدىتى مۇھىم رول ئوينىغان.ئەمما جۇڭگو ھوكۇمىتىگە ئەڭ خوش ياقىنى بۇندىن كىينى ھەرقانداق ئىچكى ياكى تاشقى ھادىسىگە "تېرورىزىم" دىگەن قالپاقلا كەيدۇرۇلسە، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرسا ھىچ قانداق تۇسالغۇغا ئۇچرىمايتى. دىمەك، جۇڭگو ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرىدىن بىرەرسىنىڭ يادىغا تاكى مۇشۇ كۇنگىچە يۇز بەرگەن "تېرورىزىم" ھەركەتلىرى كەپ قالدى بولغاي، 2001 ـ يىلى ئوكتەبردىن باشلاپ ئەمەلدارلار شىنجاڭدىكى بولگۇنچى كۇچلەرنىڭ چەتئەللەردىكى تېرور كۈچلەر بىلەن باغلىنىش بار دىگەن گەپلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ بولگۇنچىلىك ھەركىتى ماھايەت جەھەتتىن "تېرورىزىم" بىلەن پەرقلەنمەيدۇ دىگەن ئۇقۇمنى تارقاتماقچى بولغان.

شۇندىن كىيىن تۇتقۇن قىلىشلار توختىماي داۋاملاشتى. دولەت بايرىمىغا ئۇلگۇرتۇپ يەتتە ئويغۇرغا "جەمىيەت تەرتىۋىنى بۇزغان" دىگەن جىنايەت بىكىتىلىپ، ئولۇم جازاسى بىرىلگەن. جۇڭگو خەۋەرلىرى گېزىتى ئۇرۇمچى ساقچى دايىرلىرى قالدۇق دىلۇلارنى تازىلاش ھەركىتى ئېلىپ بارىدى دەپ خەۋەر قىلىدۇ. ئۇرۇمچى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇ جىئەن شىنىڭ شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان گىپى بويىنچە ئېلىپ ئەيتقاندا ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتىنىڭ مەقسىدى ھەددىدىن ئىشىۋاتقان زومىگەر تېرورىست كۇچلەرنىڭ ئەدىۋىنى بىرىپ، شىنجاڭ رايۇنىنىڭ قىشتىن ئەتىيازغىچە بولغان ئىجتىمائى بىخەتەرلىگىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىكەن. مەزكۇر

گېزىتنىڭ كېيىنكى خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا 20 - سىنتەبىردىن 30 نۇيابىرغىچە بولغان قاتتىق زەربە بېرىش ھەركىتى جەريانىدا "زومىگەر تېرورىست" ۋە باشقا جىناي ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 166 جىنايەتچى قولغا ئېلىنغان. دۇنيا ئۇيغۇر خەۋىرى تور بېكىتىنىڭ خەۋىرىدە قولغا ئېلىنغانلار 3 مىڭدىن ئاشقان دېيىلگەن.

ئەينى چاغدا مىنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھېچ قانداق خەۋىرىم يوق ئىدى، چۈنكى غۇلجىغا كەلگىنىمگىمۇ تېخى ئۇزۇن بولمىغان ئىدى. 11- سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنمۇ كوپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالدىم. ئەمما ئەتىراپىدىكى ئۆزگۈرۈشلەردىن سىياسى مۇھىتتا ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم.

دىققىتىمنى تارتقان بىرىنچى ئىش مەن، گېپى ۋە كولىن قاتارلىق ئۈچ ئەجنەبىنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىنغا چاقىرلىش بولدى. سەي خېنىم نىمە ئۈچۈن چاقىرىلغانلىقىمىزنىڭ سەۋىبىنى دىمىدى، ئەمما بەك مويىم ئىش ئىكەنلىگىدىن بىشارەت بەردى. بىز پادىشاھنىڭ تەختى قويۇلغان بىر ئىشخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغان ئىدۇق، مەكتەپ مۇدىرى كىرىشى بىلەن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۇ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ "غۇلجا كوپ مىللەتلىك بىر چىگرا رايۇنى، سىلەر كوپرەك ئېتىيات قىلىڭلار" دىدى. ئۇ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، 'ئاز ساندىكى بوگۇنچى كۈچلەر قالايمىقانچىلىق چىقىرىشقا ئۇرۇۋاتىدۇ، سىلەر ئۇنداق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلماڭلار، ھەمدە ئۇلار ئوزلىرىنى بىر مىللەتنىڭ ياكى دىنى ئەقىدىنىڭ ۋەكىللىرى دىسە ئالدىنىپ قالماڭلار' دەپ ئۇقتۇردى. ئاخىردا، ئۆزەڭلەرنىڭ بىخەتەرلىگى ئۈچۈن بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 11:30 دىن كىيىن تالادا قالماڭلار دەپ خۇلاسىلىدى. سوزىگە ئازراق ۋەھىمە قېتىش ئۈچۈن بولسا كىرەك، بۇ ئەتىراپتا قىسمەن تالىبانلار ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ گۆھرۆگە ئېلىش نىشانى بولۇپ قالماڭلار دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇ بىزنىڭ رەخمىتىمىزنى كۈتۈپ بىراز تەخرى قىلدى، گېپى بىلەن كولىنىنىڭ رەخمەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن خۇشاللىق بىلەن، قويۇندەك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ يۇقۇرقى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ ھېچ قايسىنى پەرۋايىمغا ئالمىدىم. مىنىڭ پۈتۈن ھىس خىيالىم، كىلەر ھەپتىدە بىر تاش ئاتقۇ يىراقلىقتىكى قازاقىستانغا قىلىدىغان سەپىرىمدە ئىدى.

## 17

چەتئەللىكلەر خالىغان ۋاختىدا جوڭگۇدىن چىقىپ كەتسە رۇخسەت، ئەمما قايتىپ كىلىشى ئۈچۈن چۇقۇم قايتا كىرىش ۋىزىسى ئېلىش كىرەك، بولمىسا خىزمەت قىلىش رۇخسەتنامىسى

مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ۋىزا ئىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس، بىر قانچە جەدۋەل تۇشقۇزۇپ، بىر پارچە رەسىم بىلەن ئازراق پۇل تاپشۇرسىلا ۋىزا بېرىدۇ. ئەمما غۇلجىدا ھىچ قانداق ئىش ئۇنداق ئاسان پۈتمەيدۇ. بۇ يەرنىڭ بەزى قائىدە مىزانلىرىنىڭ قانۇن بىلەن ھىچ قانداق چاتىغى يوق. مەسلەن كوۋرۇكتىن ئۆتۈشنى مەنى قىلىشنىڭ ئۇزىنىڭ ھىچ قانداق قانۇنى ئاساسى يوق. كېينچە ئۇقسام، ئۇنداق قانۇنمۇ مەۋجۇت ئەمەسكەن، قارشى تەرەپكە بېرىشمۇ مەنى قىلىنماپتىكەن، مەكتەپ مىنىڭ بەك يىراقلارغا كىتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپلا شۇنداق دەپ قويغان ئىكەن.

قايتا كىرىش ۋىزىگە ئىلتىماس سۇنۇشمۇ مۇشۇنداق مۇشكۇللۇكلەرگە دۇچار بولدى. ئۇلار ئىلتىماس سۇنۇش ئۇچۇن مەكتەپتىن خەت ئەكىلىشىمنى بويرىدى. ئالدى بىلەن سەي خانىمغا دىدىم بۇ ئىشنى، ئۇ "نىمە ئۇچۇن بارىسىز؟ ئۇ يەردە نىمە قىلىسىز؟ كىملەر بىلەن ئۇچۇرىشىسىز؟" دىگەندەك بىر قاتار گۇمانلىق سۇئاللارنى سۇرىدى. ئاندىن بۇ مەسلىنى مەكتەپ مۇدىرىگە دوكلات قىلدى، مودىر بىر ھەپتە ئويلانغاندىن كىيىن بېرىشىمغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سەي خانىم مىنىڭ چەتئەلگە چىقىشىمغا مەكتەپنىڭ قوشۇلغانلىغى ھەققىدە بىر پارچە خەت چىقىرىپ بەردى. خەتنى قولغا ئالغاندىن كىيىن تۇشقۇزۇلغان جەدۋەل ۋە تەلەپ قىلغان رەسىمنى ئېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا باردىم. ساقچى ئىدارىسىدا كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ مەقسىدىمنى ئۇقتۇرۇپ، يۇقۇرقى ماتىرىياللارغا قوشۇپ پاسپۇرتۇمنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، ئىشلىرىم ئوڭ بۇلار دىگەن ئۇمۇتتە چىشلىرىمنى كورسۇتۇپ تاتلىققىنا بىر قانچىنى مەجبۇرى كۇلۇمسىرەپ قويدۇم. ئۇلار ماتىرىياللارنى ئالغاندىن كىيىن ئەتە ئەتىگەندە كىلىشىمنى بويرىدى.  بۇنى ئاڭلاپ مۇرەمدىكى تاش ئېلىۋىتىلگەندەك بولدى، دىمىسىمۇ لوندۇندا بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ ئاران ھەل قىلغان قازاقىستان ۋىزىنىڭ بىكار بۇلۇپ كىتىشىنى خالىمايتىم. ئەگەر ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئىشلەتمىسەم ۋىزىنىڭ ۋاختى ئۆتۈپ، پاسپۇرتۇمغا چاپلانغان بىر پارچە چىرايلىق رەڭدار قەغەزگە ئايلىنىپ قالاتتى.

ئەتىسى ئەتتىگەندە ساقچى ئىدارىسى ئىشىقا چۇشۇشتىن بۇرۇنلا بېرىۋاپتىمەن. ساقچىلار خۇددى مەكتەپ باللىرىدەك قاتاردا تۇرۇپتۇ، بەزىلىرىنىڭ فورمىسى بار بەزىلىرىنىڭ يوق. سېپىمىز بىرى يوقلىما قىلىۋىتىپتۇ. مەن سەۋىرچانلىق بىلەن ساقلىدىم، ئون مىنۇتلاردىن كىيىن كىرسەم، ۋىزىڭىز تېخى پۈتمىدى دىدى.

"ئەتە چىقارمۇ؟"

"بەلكىم".

ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ساقچى ئىدارىسىغا بارسام، سەي خانىم مىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مىنى كۇرۇشى بىلەنلا بېلىگىمدىن يىتىلەپ بىر چەتكە تارتتى.  نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە بىر ماشىنىغا چىقىپ ساقچى ئىدارىسىدىن يىراقلاشتۇق. پاسپۇرتۇم تېخىچە ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى.

"نىملەر بۇلۇۋاتىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ۋىزا ئالسام بولمىغۇدەك؟"

"شارايىت ئۆزگۈرۈپ قالدى، ئۇ يەرگە بىرىشىڭىز بىخەتەر ئەمەس".

"مەن بىلمەيدىغان بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ بىلىشىمچە قازاقىستاندا ۋەزىيەت تىنچغۇ؟"

ئۇ بېشىنى بىر ياققا سىڭايان قىلىپ، قاشلىرىنى كۈتۈرۈپ، ئاغزىنى يۇملاق بىر چەمبىرەكتەك پۈرۈشتۈرۈپ:

"ياق، بىزنىڭ قارىشىمىزچە قازاقىستان بىخەتەر ئەمەس، بىزنىڭ گېپىمىزگە قۇلاق سېلىڭ، بىز سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈمىز. قازاقىستانغا كىينچە بارسىڭىزمۇ بۇلۇدۇغۇ" دىدى.

مەن ۋىزام مۇشۇ ھەپتىدىن كىيىن قالسا بىكار بۇلۇپ كىتىدىغانلىغىنى چۈشەندۇرۇشكە ئۇرۇندۇم، سەي خېنىم گېپىمنى ئاڭقىرالمىغاندەك بىردەم دىلغۇل بولغاندىن كىيىن، مەكتەپ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشۇپ بېقىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يېرىم سائەتتىن كىيىن قايتىپ كىلىپ "سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا مەسئۇل ئادەمنى تاپالمىدۇق" دەپ كىردى.

"گېپىڭىزنى چۈشۈنەلمىدىم، نىمە دىمەكچى سىز؟ مىنىڭ بېرىشىنى تۇسقان ساقچىلارمۇ ياكى مەكتەپمۇ؟"

"بىز سىزنى تۇسۇپ قالايلى دىمىدۇق، پەقەت بارمىسڭىز ياخشى دەپ تەۋسىيە قىلدۇق".

ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل قەھرى غەزەپ قاپلىدى.

"تەۋسىيە قىلدۇق؟ سىز مىنى تۇسۇۋالدىڭىز. تەۋسىيەلىرىڭىز بىلەن كارىم يوق. مەن بارىمەن دەپ ماڭغان ئادەمنى سىز تۇسۇۋالدىڭىز. ئەمدى سىزدىن ئىككى نەرسىنى تەلەپ قىلىمەن، مىنى تۇختىتىۋالغانلىغىڭىزنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن كورسەتكەن سەۋەپلىرىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان بىر پارچە يازما ئىسپات يىزىپ بىرىسىز، ئىككىنچىس، دەرھال پاسپۇرتۇمنى قايتۇرۇپ بىرىسىز. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى بۈگۈن قۇلۇمغا يەتكۈزىسىز" دەپ ۋاقىرىدىم.

ئۇلار گەرچە "سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈمىز" دىگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى مىنىڭ بىخەتەرلىكىم ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئىدى. يەنى، مىنىڭ بېلىمغا كۈتۈلمىگەن بىرەر بالا چۈشسە، ياكى ئۇلارنىڭ خىيالىدىكى تالىبانلارنىڭ بىرەرسى ماڭا زەرەر بەرسە، ياكى گۆرۆگە ئېلىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلارنىڭ مەن بىلمەيدىغان باشقا تەشۋىشلىرىمۇ باردۇ بەلكىم، ئەمما مىنىڭ قارىشىچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز ۋەسۋەسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەتىسى ئەتىگەندە پاسپورتۇمنى قۇلۇمغا ئېلىپ قارىسام، ئىچىدە ئەپكەس قىلىش تامغىسى بېسىلغان يېپ يېڭى بىر قايتا كىرىش ۋىزى چاپلاغلىق ئىدى. تۇساتتىن بۇنداق دەردۇ ھالىدىنى بىلدۇرىدىغان بىرەر ئورگانى يوق سىستېمىدا ياشاشنىڭ قانداق بولۇدىغانلىغىنى ھىس قىلغاندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ بۇنداق يولسىز قىلمىشى مىنى غەزەپلەندۇرۇپ، ئۈمۈتسىزلەندۇردى. كۈندە مۇشۇنداق تۇتامىيوق بىر ئىجتىمائى مۇھىتتا ياشاشنىڭ نەقەدەر كىشىنى ئازاپلايدىغانلىغىنى ھىس قىلىشقا باشلىدىم. بۇنداق ئىشلار ئادەمنىڭ غەزىۋىنى تاشقۇزۇپ، جاندىن تويدۇرۇپ، تويوق يولغا مىڭشىقىمۇ مەجبۇرلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

**18**

غۇلجىنىڭ كۈز پەسلى توي قىلىشقا ئەڭ مۇئاپىق كىلىدۇ. ياز بەك ئىسسىق، قىشى بەك سوغاق، ئەتىيازدا ھول يىغىن كوپ. ئەمما كۈز پەسلىدە ھاۋا موتىدىل، ئاسمان ھەمىشە زۇمرەتتەك كوپ كوك بولۇپ، ئۆيدىكى ئىشكاپلار ئېچىلىپ، يۇتقان كورپىلەر ئاپتاپتا قاقلىنىدۇ. قوي ۋە ئاتلارنىڭ ئەڭ سېمىرغان پەسلى.

ئەركىننىڭ مىنى بىرلا كۆرۈپ، تويغا تەكلىپ قىلغانلىغىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئۇ شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 2 دە ئازاتلىق يولىدىكى بىر ناۋايخانىنىڭ يىپدا كۆرۈشلى دىدى. مەن ۋاختىدا ئۆلگۈرۈپ دىگەن يەرگە بارسام، ئىسمائىل، مۇرات قاتارلىق ئالتە ياش بالىنى كوردۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا كاستيۇم بۇرۇلكا كىيۋالغان بولۇپ، مەيدىلىرىگە قىزىل گۈل تاقىۋالغان ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى ئەركىنگە ئوخشۇتۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم.

"ياخشىمۇسىز؟ بۇ سىزنىڭ ئەڭ بەختلىك كۈنۈڭىزغۇ دەيمەن؟"

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئەمما چىرايىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. كەينىمدە تۇرغان بىرىسى "شۇنداق، ئەلى قولداش بولغانلىغىدىن ئالاھىدە خۇشال، ئەمما مەن ئۇنىڭدىنمۇ خۇشال" دەپ جاۋاپ بەردى. قايرىلىپ قارىسام ئەركىن ئىكەن. مەن خىجىللىقتا ئۇڭايسىز ھىجىيىپ قويدۇم، ۋە توي مۇراسىم قاچان باشلىنىدۇ دەپ سورۇدۇم.

"مۇراسىم تۈگىدى، مەن توي قىلىپ بولدۇم" دىدى.

مۇراسىم شۇ كۈنى ئەتىگەندە قىز تەرەپنىڭ ئويىدە ئوتكۈزۈلۈپتۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىنچە توي مۇراسىمغا كىلىن كوپ ھاللاردا قاتناشمايدىكەن. قىزنىڭ رازىلىغى ئەتىگىنى خالى بىر ئويدە مۇللام بىلەن بىر گۇۋاچىلارنىڭ ئالدىدا ئېلىنىدىكەن. توي مۇراسىمغا مۇللام، تويى بولغا يىگىت، قولداش ۋە بىر قانچە ياش دوست بۇرادەرلىرى قاتنىشىدىكەن. مەن ئەركىنگە ئوخشۇتۇپ خاتا تونۇۋالغان ئەلى دىگەن يىگىتكە، پەرىزىمچە بۇنداق توي قىلىش ئۇسۇلغا ماقۇل بولىدىغان ئايالللار بىرىتانىيەدە يوقمىكى دەيمەن دىدىم.

"بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىمىز، بىز مۇسۇلمان. ئەمما تۇرپاندىكى بەزىلەر بۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ كىلىنلىرىمۇ مۇراسىمغا قاتنىشىدىكەن" دەپ جاۋاپ بەردى.

"ئۇلارمۇ ئۇيغۇرمۇ؟"

"ئۇيغۇر، ئەمما ياخشى مۇسۇلمان ئەمەس"

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يەرلىكلەرنى چۈشۈرىدىغان سوزلەرنى خېلى كوپ ئاڭلىدىم. پېتىر فلېمىڭنىڭ 1930 - يىلى يازغان كىتاۋىدا بۇ مەسلىنى مۇنداق ئىزھارلىغان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل يىراغلىق ۋە بولگۇنچىلىك ئىڭى، ئۇلار ياشىغان مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن بولغان، يۇرت بىلەن يۇرت ئوتتۇرىسىدا كەڭرى كەتكەن چوللۇكلەر ۋە قوم بارخانلىرى بولغاچ بۇ خىل مۇھىت "شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتىرىدە بىر خىل ئىتىپاقسىزلىق، ۋە نەزىرى تار بۇلۇشتەك ئالامەتلەرنى شەكىللەندۇرۇدۇ. شۇڭلاشقا خىتايلار بۇ يەرلەرنى ئىدارە قىلغاندا ئۇزلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بىرى قوللۇنۇپ كىلىۋاتقان بىرلىكنى بۇزۇپ، ئايرىپ باشقۇرۇش سىياستىنى بۇ يەردە قايتىلاشنىڭ ھاجىتى قالمىغان، چۈنكى بۇ ۋەزىپىنى تەبىئەت ئۇرۇنداپ بولغان ئىدى" دەپ يازغان.

ئەلىنىڭ تۇرپانلىقلارنى چۈشۈرىدىغان سوزلىرى بۇنىڭلىق بىلەن تۇگۇمىدى.

"بىرەر غۇلجىلىق تۇرپانغا بارسا، تۇرپانلىقلار ئۇلارنى ئالدايدۇ، ئەمما تۇرپانلىقلار غۇلجىغا كەلسە، بىز ئۇلارنى بەزىدە شاڭخۇ قىلىپ قويىمىز ئەمما ئالدىمايمىز" دىدى.

"باشقا يۇرتلۇقلارنى قانداق پەرق ئىتەلەيسلەر؟"

"ئۇلارنىڭ شىۋىسىدىن ياكى بەزىدە بېشىدىكى دوپپىسىدىن بىلگىنى بۇلۇدۇ".

شىنجاڭدىكى قىسمەن شەھەرلەردىكىلەرنىڭ دوپپىلىرى بىر بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. غۇلجىلىقلارنىڭ كوپۇنچىسى يۇمۇلاق قىزىل دۇپپا كىيدۇ، قەشقەرلىقلەر تۇت قىرلىق يېشىل رەڭ دوپپاغا ئامراق، خوتەنلىكلەرنىڭ دوپپىسى ئاق نەقىش چۈشۈرۈلگەن قارا رەڭ كىلىدۇ. ئەگەر بىرەر غۇلجىلىق قەشقەر دوپپىسىنى ياخشى كۇرۇپ كەيسىمۇ ھىچ كىم ئۇنى تۇسۇۋالمايدۇ.

ئەلى غۇلجىنى ياخشى كۇرەمسىز دەپ سۇراپتى، خۇنەنگە قارىغاندا ياخشىكەن دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ "غۇلجىدا خىتاي ئاز شۇڭا ياخشى!" دەپ گىپىمنى بۇلۇۋەتتى. مەن ئىچىمدە خىتايغا ئۇچ ئەمەس ئۇيغۇرمۇ بارمىدۇ دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم.

ھەر خىل گۇل چەمبىرەكلەر، پىلاستىك گۇللەر ۋە رەڭدار لىنتىلار بىلەن پەدەزلەنگەن بىر قانچە ئاپتۇمۇبىل يىتىپ كەلدى. ئەلى ئۇزىنىڭ قولداشلىق ھوقۇقىنى پەش قىلىپ ماشىنىڭ بىزەكلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ۋايىسدى. ئارقىدىن ئۇز قولى بىلەن گۇللەرنى تۇزەپ، بەزىلىرىنى قىرقىپ، بەزىلىرىنى قايتىدىن بىكىتىپ، بەزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ دىگەن خۇددى ئالدىراش بىر

سەتىراچتەك پايپاسلاپ كەتتى. ئۇن مىنۇتلاردىن كېيىن ماڭساق بولۇدۇ دىدى. ئەركىن بىلەن ئەلى بىرىنچى ماشىنىغا چىقتى، ئىسمائىل، مۇرات ۋە مەن ئىككىنچىسىگە چىقتۇق، ئارقىمىزدىن يەنە يەتتە ماشىنا ماڭدى.

ماشىنىلار سىگناللىرىنى ۋاقىرىتىپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ كوۋرۇككە كېلىپ توختىدى. ئۇ يەردە شۇ كۈنى توي قىلغان بىر قانچە جۈپ ياش قىز يىگىت ۋە ھەمرالىرى رەسىمگە چۈشۈۋاتقان ئىكەن. كوۋرۇكتىن ئۆتۈدىغان قاتناشنىڭ كوپلىگىدىن رەسىمچىلەرنىڭ رەسىمگە تارتىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتى. ئۇلار ئاران تەستە 30 چە كىشىنى تۈزەپ رەسىمگە تارتاي دەپ تۇرسا يا بىر يۇغان يۈك ماشىنىس، ياكى ئاپتۇۋۇز، كىرا ماشىنىس، ياكى ئويىگە يېتىپ ماڭغان قوي پادىلىرى ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ، رەسىم تارتىشىغا توسالغۇ بولاتتى. ھىچ قانداق چارسى قالمىغاندا رەسىمچى يولنىڭ ئوتتۇرىسدا تۇرۇۋىلىپ، قاتناشنى توسۇپ، ئاندىن تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

بىز نوۋەت كۈتۈپ ساقلاپ تۇردۇق، غەرپكە قىيىغان كۈچلۈك ئاپتاپ چىرايىمزنى يۇرۇتۇپ تۇراتتى. مۇرات بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر توپ قىز يىگىتنى كورسۇتۇپ

"ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن" دىدى.

"كىمدىن؟"

"ئاۋۇلاردىن".

قارىسام، ئۇ كورسەتكەن توپ ئارىسدىكى يېڭى كېلىن چىرايلىق ئاپپاق توي كىيمى كىيىۋالغان ئىكەن.

"ئاۋۇ كىيملەرنى كىيۋلغانلاردىن. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى ئۇيغۇرلانىڭ ئەنئەنىۋى كىيمى ئەمەس. ئۇلار ئويغۇرچە كىيم مەدىنيىتىنى ساقلىشى كىرەك".

"كۈچىلاردا ماشىنا بىلەن ئايلىنىپ يۇرۇشۇچۇ؟ سىزنىڭچە ئۇلار ئويغۇرچە قائىدىمۇ؟" دەپ سورۇدۇم. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن "بۇ 21 ـ ئەسىر، بۇ زامانىۋى دەۋر، نۇرغۇن پەن ـ تېخنىكىلىق يېڭىلىقلار ۋۇجۇتقا كەلدى. بىزمۇ قىسمەن ئوزگۇرۇشلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كىرەك. ياخشى تەرەپلىرىنى دىمەكچىمەن" دەپ جاۋاپ بەردى.

كوۋرۇكتىكى قىستاڭچىلىق ئاستا ئاستا بېسىقىپ، ئەركىن، يېڭى كېلىن ۋە ئۇلارنىڭ قىز ئۇغۇل قولداشلىرى يىتىپ كەلدى. قىز يۈزۈگە چۈمپەردە تاقىۋالغان، ئەتلەستىن كوينەك كىينۋالغان ئىدى. قىز قولداشمۇ ئەتلەس كوينەك كىيىپتۇ. بىز تاكى گۇگۇم چۈشكىچە رەسىمگە چۈشۈپ، ئاندىن كەلگەن ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ ئەركىننىڭ ئويىگە قايتتۇق. ئەركىن يېڭى ئوينى مۇرات، ئەلى ۋە ئىسمائىلنىڭ يارىدىمى بىلەن ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىزەپ

تۆگەتكەن ئىدى. ئۆندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن تويى مەركىلىرىگە قاتناشتىم، ھەممىسى دىگۈدەك رېستۇراندا ئۆتكۈزۈلدى. رېستۇراندا تويى مەركىسىنى ئۆتكۈزۈش يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئادەت، بەلكىم خىتايلارنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا رېستۇراندا تويى مەركىسى ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. رېستۇراندا تويى مەركىسى ئۆتكۈزسە چىقىممۇ جىق كېتىدۇ. قارىغاندا مۇرات ۋە ئۇنىڭ يار بۇرادەرلىرى بۇ خىل ئادەتنى ھەرگىز ياقتۇرمايدىكەن.

ئەركىننىڭ ئۆيىنى تاپالماي خېلى ئايلىنىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران يېتىپ باردۇق. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈچ تەرىپى ئۆيلەر بىلەن ئورالغان بىر ھويلا بولۇپ، بىر تەرىپى يوغان ياغاچ دەرۋازا بىلەن توسۇلغان ئىكەن. ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر قانچە تال سۆسۈن ئەتىرگۈل ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ، قوتاندىن قويلارنىڭ مەرىگەن ساداسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن مۇرات بىلەن ئەلىگە ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئاستىغا تاش ياتقۇزۇلغان كىچىكىنە بىر ئۆيگە كىرىپ، ئايغىمىزنى سېلىپ قويۇپ، ئىچكىرىدىكى قېلىن گىلەم سېلىنغان بىر ئۆيگە كىردۇق. ئۇ ئۆيدە 20 ئەركىشى پۈتلىرىنى قۇراشتۇرۇپ، گىلەم ئۈستىدە تامغا يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۇسقان ئۈستى نان، قەن ـ گېزەك ۋە مېۋىلەر قويۇلغان تەخسىلەر بىلەن تۇشقۇزۇلۇۋېتىپتۇ. ئەركىن ئىشىككە ئۇدۇل كىلىدىغان يەردە ھەممىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئايالى قېنى دەپ سورىسام

"ئايالى ياندىكى ئۆيدە ئاياللار بىلەن غىزالىنىۋاتىدۇ، بىز تاماق يەپ بولغاندىن كېين كىرىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى مۇرات.

مەن ئەلىنىڭ يىنىدىن ئۇرۇن ئالدىم، ئۇ ھەر خىل قەن گېزەكلەردىن تېتىپ كۆرۈشمىنى دەۋەت قىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن يەپ ئولتۇردۇم. تازا ھوزۇرلىنىپ كەمپۈت چايناۋاتتىتم، تۇساتتىن 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىگە قانداق قارايدىغانلىغىمنى سورىدى. مىنىڭچە بەك قەبىي ھادىسە دىدىم. ئۇ مىنىڭ پىكىرىمنى قوللاپ بېشىنى لىڭشىتتى. سىزنىڭچە بۇ ۋەقەگە كىم سەۋەپچى بولغاندۇ دەپ سوراپتى، بەلكىم بىن لادىندۇ، ئەمما بۇ پەرەزنى ئىسپاتلايدىغان بىۋاستە دەلىللەر يوق دەپ قوشۇپ قويدۇم. ئۇ بېشىنى تېخىمۇ بەكرەك لىڭشىتىپ، مەن تەرەپكە يېقىن بۇلۇپ "نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بىن لادىن قىلمىغان دەپ قارايدۇ" دەپ پىچىرلىدى.

"سىزنىڭچە كىمدۇ" دەپ سورۇدۇم.

ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ "خىتايلار" دەپ پىچىرلىغاندا ئۇنىڭ تېنىقى يۈزۈمنى سىپاپ ئۆتتى.

مەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاردىم.

"بۇ راس گەپ" دىدى

"راسلا شۇنداق بولسا بەك يامان بۇلۇدۇ"

"بەلكىم، ئەمما بۇنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار".

"قانداق دەيسز؟"

"ئامرىكىلىقلار خىتايلار بىلەن سۇقۇشىدۇ، ئۇلار چۇقۇم يېڭىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ هورلۇككە ئىرىشىمىز ئەمەسمۇ".

گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ كۇلۇپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ چاخچاق قىلمايۋاتقانلىقىنى هس قىلدىم. ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىدىن بەزى ئويغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك ئۇچۇن قانچىلىك نەشنا ئىكەنلىكىنى هس قىلىشقا بۇلاتتى. ئەمدى جاۋاپ بىرەي دەپ تەمشىلىپ تۇراتتىم، دوسقانغا ئۇستىگە كاللەك كاللەك قوي گۇشلىرى بېسىلغان، هورى چىقىپ تۇرغان پولۇ كەلتۇرۇلدى. ئويدە پولۇ قول بىلەن يېيىلەتتى. باشتا قول بىلەن يېيىشنى تازا قاملاشتۇرالمىدىم، ئەلى يېڭىگە چۇشۇپ قالغان بىر قانچە دانە گۇرۇچنى بىر ياققات قېقىۋېتىپ، ئاندىن قول بىلەن يېيىشى ئۇسۇلىنى ماڭا كورسۇتۇپ قويدۇ. ئۇ بارماقلىرى بىلەن بىر كاپام گۇرۇچنى لىگەننىڭ لېۋىگە چىڭداپ بېسىپ، بىر كاللەك ئاشنى ئاغزىغا سالدى.

بىز تويغىچە پولو يىدۇق، ئەركىننىڭ زورلىشى بىلەن يەنە ئازراق ئاشۇرۇپ يىدۇق. ئارقىدىن قۇساقلىرىمىزنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق. بىردەم جىم جىت ئولتۇرغاندىن كېيىن، هەممەيلەننىڭ دىققىتى سۇرونىدىكى كۇرۇمسىز، تەمبەل بىرىگە مەركەزلەشتى. ئۇ سۆز باشلىشى بىلەن هەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۇچۇن قۇلاقلىرىنى ئۇ تەرەپكە بۇرىدى.

"بۇ ئادەم كىم؟"

"ئۇ بىر قىززىقچى" دەپ كۇلۇپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى ئەلى.

هەممەيلەن ئارقا ئاقىدىن ئۇچ نوۋەت قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى.

"نىمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟"

ئەلى سەل ئوڭئاسىزلىنىپ مىدىرلاپ قويۇپ "چاخچاق قىلىۋاتىدۇ" دىدى.

يېقىندا ئۇگۇنىۋالغان ئون جۇملە ئويغۇرچە سوزلۇكنىڭ بىرەرسىنى ئىشلىتىپ قالارمىكى دىگەن ئۇمۇتتە پۇتۇن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاشقا تىرىشتىم. ئەمما بۇنداق ئېتىماللىقنىڭ ئىنتايىن تۇۋەنلىگىنىمۇ ياخشى بىلەتتىم.

"بىر نىمە بىر نىمە بىر نمە بىر نىمە ئەنگىليە بىر نىمە"

بىر سوز تۇنۇشتەك ئاڭلاندى. كولكە داۋاملاشتى، بۇ راسلا قالتىس قىززىقچى ئادەمدەك قىلاتتى.

"ئەلى ، ئۆنىڭ ئەڭگىلىيە دىگىنى بىز دولەتمۇ؟"

"...شۇناق"

شۇندىلا ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بىرى مىنى مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم.

"ئەنگىلىيە بىر نىمە بىر نىمە بىر نمە..."

بۇ قىززىقچىنىڭ شۇنداقلا كىلىپ قالغان مىھمان بولماستىن، بۈگۈنكى سۇرۇننى قىززىتىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان ئالاھىدە مىھمان ئىكەنلىكىنى ماڭا بىرەرسىمۇ دەپ قويماپتۇ.

قىزىقچىلارنى تويغا تەكلىپ قىلىش يەرلىك ئادەتلەرنىڭ بىرى بۇلۇپ، ئۇلار ئادەتتە سورۇندىكى بىرەر ئىككى ئادەمنى چاخچاقتا كەلتۈرۈپ قىززىقچىلىق قىلىدۇ. گاھىدا ئىككى ئۈچ قىززىقچى تەكلىپ قىلىنسا ئۇلار بىر بىرىنى كەلتۈرۈپ سۇرۇننى قىززىتىدۇ. رۇشەنكى بۈگۈنكى بۇ قىززىقچى مىنى بوزەك كۈرۈپ، ئۆزنىڭ چاخچاق ئۈبىكتى قىلىۋالغان ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ ئاغرىنمىدىم. سۇرۇندا چاخچاققا چىدىمىغانلار تويدىن كىيىن چاخچاقچىنى ئۇرغان مىساللارنىمۇ خېلى كوپ ئاڭلىدىم.

ئۇنىڭ دىققىتى باشقىلارغا يوتكەلگەندە مەن سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ بىرىنىڭ يۈزىنى ئەركىشىنىڭ جىنسى ئەزاسىغا ئۇخشىتىشى، يەنە بىرنى گۈرۈللاغا ئوخشىتىپ قىلغان چاخچاقلىرىنى ئەلى خۇشاللىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ، كۈلۈپ كوزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ قىززىقچىنى كوپ كورگەن بۇنداق قىززىقچىلىقنى ئاڭلاپ بامىغان دىدى. ئەمما نوۋەت ئۇنىڭغا كىلىپ، قىززىقچى ئۇنى كەلتۈرۈشكە باشلىغاندى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئوچۈپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، قارشىلىق بىلدۈردى. باشقىلار ئۇنىڭ ئىنكاسىغا پەرۋا قىلماي قاتتىق كۇلۇشۇپ كەتتى، گەرچە چۈشەنمىسەممۇ مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ تەڭ كۇلدۇم. ئاخىرىدا، سورۇنغا كەلتۈرگەن خۇشاللىقىدىن مەنمۇن بولغاندەك، چىرايلىرىدىن كۇلكە يېغىپ تۇرغان قىززىقچى كەيىنىگە يۇلۇنۇپ ئولتۇردى.

ئەلى ئەرەپچە بىر قانچە ئىغىز گەپلەرنى قىلىپ، سورۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. سورۇندىكىلەرخۇددى ئالقىنىدا بىر كىتاپ كۆتۈرىۋالغاندەك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشتى. ئاندىن قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ، يوق ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇشتى. ئاندىن ھەممىمىز ئورنۇمىزدىن تۇرۇپ، ئاياغلىرىمىزنى كىيىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىپ بۇلۇشتۇق.

**19**

ئەتىسى ئەتىگەندە سەي خانىمنىڭ تىلىفۇننى ئىلىش شەرىپىگە ئىرىشتىم.

"خەللو نىك، ياخشىمۇسىز؟ ئاخشام تىلىفۇن قىلىپ تاپالمىدىم سىزنى. قەيەردە ئىدىڭىز؟"

مىنى ئۇغۇرلۇقچە قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتىمىكى دەپ ئويلىغان بولسا كىرەك.

"تويغا قاتناشتىم".

"قانداق تويكەن ئۇ؟"

"ئۇيغۇرلارنىڭ تويى".

"پاھ، نىمە دىگەن پەيزى! ئۇلار ناخشا ئەيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغاندۇ؟"

**20**

ئەركىننىڭ تويدىكى قىززىقچىنىڭ مىنى مازاق قىلىپ قىلغان چاخچاقلىرىدىن خىجىللىق ھىس قىلدى بولغاي، ئەلى ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئوتكەندىن كىيىن تېلىفۇن قىلىپ مىنى بىر يەرگە تەكلىپ قىلدى.

"باغچىدا كۆرۈشلى، مەن سىزنى ئۇلۇغ بىر زات بىلەن تونۇشتۇراي" دىدى.

خەلق باغچىسى ئەخمەتجان يولىدا ئىدى. بۇ يول 1944 ـ يىلدىن 1949 - يىللىرى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇ مۇشۇ كوچىدا تۇغۇلۇپ، موشۇ كوچىدا چوڭ بولغان ئىكەن. ئۇ 1949 - يىلى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۇلكۇلىرىنى ئاساسەن ئىدارە قىلىپ بولغان ماۋزېدۇڭ بىلەن كىلىشىم تۈزۈش ئۇچۇن بېيجىڭغا قىلغان سەپىرىدە ئايرىپىلان ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. ۋەقەدىن بىرمۇ ئادەم تىرىك قالمىغان. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار خەلقتىن ساقلىنىپ كەلگەچ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنى ماۋ قەسلەپ ئولتۇرىۋەتكەن دىگەن گۇمان بىر قەدەر كەڭ تارقالغان.

شەرقى تۈركىستان جومھۇرىيىتىنىڭ غۇللۇق رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ قېتىمقى ۋەقەدە قازا قىلغانلىقى ئۇچۇن، كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشنى توسۇدىغان ھىچ قانداق توسالغۇ قالمىغان. ئەمما خىتايلارنىڭ شىنجاڭ رايونغا بولغان ھوكۇمرانلىقىغا نارازى كۆچلەر بۆگۈنكى كۈندىمۇ بۇ رايوننى شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتاپ، بۇ زېمىننىڭ ھىچ بولمىغاندا ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ كوممۇنىستلار بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن مۇستەقىل بولغان دىگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى مۇستەقىل بىر دولەتنىڭ رەھبىرى بولغاچ، كىشىلەر ئارىسدا ئالاھىدە ھورمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئەلىنىڭ ئەخمەتجانغا بولغان ھورمتى چىڭ كوڭلۇدىن ئۇرغۇپ چىقاتتى.

"بۇۋامنىڭ ئەيتىشچە، ئەخمەتجان سەمىمى ياخشى ئادەم ئىكەن. ئۇ دايىم كۆچا ئارىلاپ، كىشىلەرنىڭ هال موڭىنى ئاڭلاپ، مۇشكۇلىنى هەل قىلىپ بىرىدىكەن. كىشىلەرنىڭ غەم غۇسسىلىرىنىڭ چوڭ كىچىك بۇلۇشى بىلەن ھىساپلاشماي ھەممىشە زىرىكمەي موڭدىشىدىكەن. ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلمايدىكەن، ياكى يولىسىز ئاچچىقلانمايدىكەن. قارىمامىسىز ئاقىۋىتى نىمە بولدى؟ ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى!" دىدى.

بىز كۆلرەڭ سىمۇنت يۇلىنى بويلاپ ماڭدۇق، يول ياقىسىدىكى چوپلۇككە دەسسەش مەنى قىلىنغان بۇلۇپ، خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جىرىمانە تۆلەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردىغان تاختىلار كوزگە چېلىقىپ تۇراتتى. يولبۇيىدا چاڭ بىسىپ كەتكەن پۇتۇلكىغا قاچىلانغان ئەپلىسۇن سۈيى سىپىتۇاتقان بىر ئايالنىڭ يېنىدىن ئوتتۇق، ئۇ مىنى چاقىرىپ قولى بىلەن ئىچىشى ئىشارىتى قىلىپ، ئەپلىسۇن سويى ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. سەل نىرىسىدىراق بىر جۇپ خىتاي قىز ئۇغۇل قول تۇتۇشۇپ، قارمۇ قارشى تەرەپكە قارىشىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇ قىز نۇمۇس قىلىپ قىزىرىپ كەتكىچە ئۇلاردىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارىدىم.

يۆل تۈختاپ، دەسسەش مەنى قىلىنغان چوپلۇكمۇ ئاخىرلاشقان يەردە ئىككى ۋاسكىتبۇل مەيدانىدەك چوڭلۇقتىكى بىر سىمۇنت مەيدان بار ئىكەن. ئوتتۇرىدا چاقچۇققا ئوخشايدىغان يۇغان بىر توۋرۇك كوككە تاقىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايچە:

***ئۇلارنىڭ روھى ئەبىدىل راھەتتە بولسۇن! ئۇلار دولەتنىڭ ئازاتلىغى ۋە خەلق دىمۇكراتيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۆلىدا جانپىدا قىلدى!***

**ماوزېدۇڭ، 1949.**

**دىگەن سۆزلەر ئۇيۇلغان ئىدى.**

بۇ سوزلەرنى تۇنجى قېتىم ئۇقۇغۇنىمدا بەكلا غەلىتە تۇيۇلدى. بىردىن ئىچىمدە ئىككىنچى بىر ھىس پەيدا بۇلۇپ، بەلكىم ماۋ ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپ ئۈچۈن جان پىدا قىلىشنى دولەتنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ قارىغانمىدۇ دىگەن ئوي كەلدى.

ھوكۇمەتنىڭ ئەخمەتجان ۋە شەرقى تۈركىستان جۇمھوريىتى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى جاڭ چىن قاتارلىق تارىخنى بۇرمۇلىغۇچىلارنىڭ "شىنجاڭ ھەققىدىكى ھىكايىلەر" دىگەنگە ئوخشاش تەشۋىقات ماتىرياللىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدا "شىنجاڭدىكى ئازاتلىق ھەركىتى ماركىسىزىم، لېنىنىزىم تەلىماتىنىڭ چۇڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان سىياسى ھەركەت....1949 – يىلى بۇيۇك غەلبىنىڭ ھارپىسىدا شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋى كۆرەشنىڭ نۇرغۇن غوللۇق رەھبەرلىرىنىڭ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلىشى، شىنجاڭ ئۈچۈن، شۇنداقلا پۈتۈن جۇڭگو ئۈچۈن بۈيۈك بىر تىرادىگىيەدۇر" دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ شەرقى تۈركىستان ھەركىتىنى جوڭگو ئازاتلىق كۆرىشىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى دىيىشىنىڭ تۈگۈنى، ئۇلارنىڭمۇ

گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ خۇددى "دۈشمىنىمنىڭ دۈشمىنى مىنىڭ دوستۇم" دىگەنگە ئوخشىشىپ كىتىدۇ.

ئەخمەتجان ۋە شەرقى تۈركىستان ئىنقىلاۋىنى جۇڭگو ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ بىر تەركىۋى قىسى دەپ ئىتىراپ قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك سەۋىبى بار. بىرىنچىدىن، بۇ قىتىمقى كۈرەشنىڭ رەقىبىنى بولغان گومىنداڭنى بىر سىياسى كۈچ سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىكى مىللى ھىسياتنى يۇققا چىقىرىپ، مەزكۇر ئىنقىلاپنى خىتايلارغا قارشى ئىنقىلاپ ئەمەس دەپ ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئىككىنچىدىن، ئەگەر شەرقى تۈركىستان ئىنقىلاۋى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ كۈرەش مەقسىدى بىر بولسا، ئىنقىلاپ غەلبە قىلغاندىن كىيىن شەرقى تۈركىستان ھوكۇمىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ دەپ، ئۇنى سىياسى سەھنىدىن چۈشۈرۈۋىتىشكە بانا سەۋەپ تەمىنلەپ بىرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئازاتلىق داۋاسى ئۆچۈن ھىچ قانداق ئاساسى قالمايدۇ.

مەيداندا چاقچۇق بىلەن بىزدىلگەن ئۇچ قەۋرە بار ئىدى، ئەلى ئوتتۇرىسىدىكى قەۋرىنى كورسۇتۇپ" بۇ ئەخمەتجاننىڭ قەۋرىسى" دىدى.

"قالغان ئىككىسى كىملەرنىڭ؟"

"بىرسى بىر قازاقنىڭ، يەنە بىرى بىر خىتاينىڭ، ئۇلارنى نىمە دەپ بۇ يەرگە قويىدىكىن، بەلكىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى سەپداشلار ئىدى دىگەن ئۇقۇمنى تارقىتىشقا ئۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە يالغانچىلىق بەك كوپ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ئەگەر ئەخمەتجان ھايات بولغان بولسا ئىشلار باشقىچە بولاتتى. ئۇ خىتايلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىغا يول قويمىغان بولاتتى". دىدى.

ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجان ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭ نىملەرنى قىلىشنى پەرەز قىلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ راستىنلا مۇستەقىللىق تەرەپدارى ياكى ئەمەسلىگىنىمۇ ئېنىق بىر نىمە دىمەك تەس. گەرچە ئۇ بىر گومىنداڭ گىنىرالىنى "ئۇ شىنجاڭنى تىنجىتىشنىڭ بىردىن بىر ئامالى، شىنجاڭلىقلارنى گورگە كۆمۈش، دەپ قارايدىغان بىر خىتاي ئەمەلدارى" دەپ تەسرۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گومىنداڭغا قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى ياقىلايدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ئېنىقى بىر مەلۇمات يوق. ئۇ بىر قېتىمقى يىغىندا

***"بىز شۇنى قايتا مۇقەرەرلەشتۈرىشىمىز كىرەككى، شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلگەندىن كىيىن، ئىلى ھوكۇمىتى مەيلى يۇشۇرۇن ياكى ئاشكارا يۇسۇندا بولسۇن، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ مۇستەقىل بولۇش پىكرىدە بولۇپ باقمىغان. ئىلى ھوكۇمىتى، باشتىن ئاخىرى تىنچلىق كىلىشىمنىڭ ماددىلىرىغا ئاساسەن، كىلىشىمدىكى ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلدى، ھەم بۇندىن كىينمۇ شۇ يولدا داۋاملىشىدۇ"***

دىگەن نوتىقى، ئۇنىڭ كۆممىنستلارنى قوللايدىغانلىغىغا ئەڭ يېقىن كىلىدىغان بىردىن بىر ئىسپاتى دىيىشكە بۇلۇدۇ.

ئەمما ئۇ شىنجاڭدا ھەقىقى ئىسمى جىسمىغا ماس ئاپتونۇمىيە قۇرۇپ، مائارىپ ۋە ئىقتىسادى ھوقۇقى دەخلى تەرۇزسىز بۇلۇش شەرتى بىلەن يۇقۇرقى نۇتۇقنى سوزلىگەن. ئەمما بۇ شەرتلەرنىڭ ھىچ قايسى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئۇ خىتاي كوچمەنلىرىنىڭ مىليونلاپ شىنجاڭغا چىقىشىنىمۇ قۇللىماسلىغى مۇمكىن ئىدى.

"ئەمدى ئۇنىڭدەك بىرى قالمىدى. تىبەتلەرنىڭ دالاي لامىسى بار، بىزنىڭ كىمىمىز بار؟ بىزنىڭ گىپىمىزنى قىلىپ بىرىدىغان كىم بار" دەپ بشنىى قاتتىق چايقىدى ئەلى.

**21**

سىنىپقىلا كىرىپ كەتسەم، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كوڭلى ئارامىغا چۈشەتتى. سىياسەتكە ئارلاشمىسىملا، دەرسخانىدا قانداق دەرس ئۇتۇشۇم، ۋە نىمىلەرنى سوزلىشىمگە ئانچە ئارىلىشىۋالمايتى. گاھىدا تەيۋەن ياكى تىبەتكە ئايىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇرۇنسام، ئۇ دەرھال تۇساپ قوياتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئىنگىلىز تىل كافىدىراسىنىڭ مۇدىرى گەپكە قالاتتى. ئۇنى مەن گىپىڭ ئەپەندى، ياكى باشلىق دەپ چاقىراتتى، ھەر ئىككىسىگە كۆنۈك ئىدى، ئەمما باشلىق دەپ چاقىرشىم كوڭلىگە بەكرەك ياقاتتى.

ئۇنىڭ بىلەن غۇلجىغا كەلگەن بىرىنچى ھەپتىسى تۇنۇشتۇق. بىر كۇنى ئەتىگىنى ئەمدىلا تاڭ ئېتىشىا بىر ئىشىكنى تۇختىماي ئۇرۇپ كەتتى، ھىچ تۇختايدىغاندەك ئەمەس قارىسام. شۇنىڭ بىلەن سەپرايىم ئورلەپ، كىم بولسا ئەدىۋىنى بىر بىرەي دەپ ئاچچىغىمدا ئىشىكنى قەھرىم بىلەن ئاچسام ئىشىك ئالدىدا 40 ياشلاردىكى دۇغلاق بىر كىشى تۇرۇدۇ. مەن ئېغىز ئىچىپ بولغىچە ئۇ

"كۆلگە بارىمىز مېڭىڭ" دىدى

"نىمە؟"

"سايرام كولىنى دەيمەن".

دەرھال يادىمغا ھېلىقى كۇنى يولدا كورگەن تەڭداشسىز كوپ كوك كۆل كەلدى.

"قاچان؟"

"ھازىر".

"بارالمايمەن، مەن ..."

"نىمە مەن مەن بۇ..."

"مەن ئالدىراش، ھە راس ئۇزىڭىز كىم بولىسىز؟"

ئۇ يانچۇقىدىن بىر ئىسىم كارتوچكىسىنى ئېلىپ ماڭا سۇندى، كىملىگىنى بىلگەندىن كىيىن، كوڭلۇمدە ھىلىمۇ ياخشى ئەدىۋنى بىرىپ سالماپتىمەن دەپ خوشال بولدۇم.

"سىزمۇ كەلسىڭىز ياخشى بولاتتى، شاڭخەيدىن كەلگەن بىر پىرافىسورمۇ باردۇ".

"شۇنداقمۇ، ئەپسۇس، كىيىنچە بارارمەن، ئەمما تەكلىپ قىلغىنىڭىز ئۇچۇن رەخمەت".

"ھەي كەپسىز بالا".

"شۇ، بەلكىم".

"كەپسىز".

"توغرا"

چاخچاق ئارىسىدا دىققىتىم ئۇنىڭ بېشىدىكى قۇيۇق، كىشىنىڭ ئىشەنگۇسى كەلمىگۇدەك قاپ ـ قارا پارقىراپ تۇرغان چېچىغا چۈشتى. ئۇنىڭ چېچىغا مەسلىگىم كىلىپ قاراپ تۇراتتىم ئۇ "كىلەر ھەپتە سىزنىڭ دەرسىڭىز يوق، ئۇقۇغۇچىلارنىڭ باشقا ئىشى بار، سىز ئارام ئالسىڭىز بولىدۇ" دىدى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى خەۋەر ئىدى، دىمەك ئەتىراپنى قېزىپ، تاماشىشا قىلىش پۇرسىتى دىگەن گەپ. مىنىڭ ئۇقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى توختىتىپ قىلىدىغان قانداق مۇھىم ئىشتۇ دىگەننى بىلگىم كەلدى.

ئاردىن بىر قانچە كون ئوتكەندىن كىيىن، ئىنگىلىز تىلى كافىدراسىنىڭ جۇ فېڭما ئىسىملىك بىر خىتاي مۇئاللىمى مىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغاندا ھىلىقى ئىشنىڭ نىمىلىگىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇنىڭ ئۇيىگە كىرىشىم بىلەن خۇددى خۇنەنگە قايتىپ بېرىپ قالغاندەك ھىس قىلىپ قالدىم. ئىشىك تۇۋىدە يۇمشاق ساپما كەشلەر قۇيۇلغان، ئويگە چىنە قىش ياتقۇزۇلغان، ئۇرۇندۇقلارمۇ بەكلا راھەتىسىز ئىدى. ئويگە يەنە پىلاستىك گۇل تىزىلغان ۋازىلار بىلەن، تېلىۋىزورنىڭ يېنىدا بىر كارا ئوكەي ماشىنىسى جايلاشتۇرۇلغان ئىدى. مەندىن باشقىمۇ مېھمانلار بار ئىدى، كىرسەم، ئويدە ئۇن نەچچە ياشلىق قىزلاردىن بىر قانچىسى ئۇزۇم يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار مىنى كۇرۇپ، كۇلۇشۇپ قويۇپ، دىققىتىنى تەخسىدىكى شاپتۇلغا يوتكىدى. مەن فېڭمادىن بۇلار كىم دەپ سۇرىدۇم.

"ئۇلار سىز بىلەن ئىنگىلىزچە سوزلىشىش ئۇچۇن كەلدى، نىمە دىگەن ياخشى ئىش بۇ؟" دەپ سۇئال بىلەن جاۋاپ بەردى.

ئۇ تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، مەن قىزلار بىلەن پاراڭلىششقا ئۆرۈنۈپ كوردۇم، ئەمما نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر بانا تېپىپ، ھاجەتخانىغا كىرىدىم، قارىسام، ئۇ يەردە دەۋىد بېكخام دېگەن ئىسىم يېزىلغان بىر سوسۇنرەڭ پىلاستىك قاچا تۇرۇپتۇ.

تاماقنىڭ مىزىلىك ھىدى مىنى ئۆزىگە تارتىپ، قايتىپ چىقسام، فېڭما چوڭ تەخسىلىك تۇخۇ قورىمىسى ئېتىپتۇ. بۇ تۇخۇ گۆشى بىلەن كارتۇشكا ۋە سەۋزە بىلەن ئېتىلگەن تاماق بولۇپ، تەمى ئالاھىدە ئىدى. گەرچە تاماق ئالاھىدە ئوخشىغان بولسىمۇ، قىزلار مۇنى كوپ يىۋالغاچقىمىكى ئانچە كوپ يىمىدى. ئۇلار تويۇپ كەتتۇق دىسىمۇ، فىڭما ھەدەپ ئۇلارنىڭ تەخسىسىگە تاماق قويۇپ، "يەڭلەر، قارا ئۇرۇقلىغىڭلارغا" دەپ زورلاپ تۇردى.

ئۇ ئانىلىق مېھرىبانلىغىنى قىزلاردىن ئۆزۈپ، ماڭا قاراپ قايسى دەرسلەرنى ئۆتتۇۋاتقانلىغىمنى سورىدى. مىنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ دىققەتسىزلىگىدىن پايدىلىنىپ قىزلاردىن بىرى تەخسىسىدىكى بىر پارچە تۇخۇ گۆشىنى ئاستىغىنە يانچۇغىغا سېلىۋالدى. ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئىشى بار ئىكەن شۇڭا ھازىر دەرسىم يوق دەپ قېتىپ قويدۇم.

"شۇنداق، ئۇلار ئالدىراش، پاختا تىرىۋاتىدۇ"

"پاختا؟"

"شۇنداق، ھەر يىلى ئوقۇغۇچىلار دىخانلارغا ياردەم قىلىپ بىر قانچە ھەپتە پاختا تىرىشىپ بىرىدۇ".

"ئۇلارنىڭ بېرىش بارماسلىقىنى تاللاش ھوقۇقى بارمۇ؟ ئەمگىگى ئۈچۈن ھەق ئالامدۇ؟"

"ياق، ئۇلار خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىۋاتىدۇ".

"مەكتەپ چۇقۇم دىخانلاردىن پۇل ئالىدىغاندۇ؟ سىزنىڭچە بۇ خىيانەتچىلىك ئەمەسمۇ؟"

"خىيانەتچىلىك؟ ياق، ھەرگىز خيانەتچىلىك ئەمەس. ئادالەتسىزلىك دىسەك مۇئاپىق".

خۇددى بۇنچىلىك كىچىك ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەببى دىگەندەك قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇقۇغۇچىلىرىمنى قايتا كۆرگۈنۈمدە ھەممىسىنىڭ ئۇرۇقلاپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەنلىگىنى سەزدىم. بىر قانچىسى "قاراڭ، بىز قارىداپ كەتتۇق!" دىدى.

ھەر بىرى كۈنىگە ئاز دىگەندە 35 كىلو پاختا تىرىشى كىرەك ئىكەن، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلارغا جازا بىرىلىدىكەن، ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارغا ئازراق پۇل مۇكاپات بىرىلىدىكەن. ئۇلاردىن خۇشالمۇسىلەر دەپ سورۇدۇم.

"ياق، هاۋا بەك ئىسسىق، ھەم بەك چارچاپ كەتتۇق،....ئەمما بىزدە نىمە ئامال" دەپ جاۋاپ بىرىشتى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن ئامالسىزلىقىنىڭ پۇرىغى چىقىپ، بۇنداق ئىشلارغا چىدىماي بولمايدۇ دىگەندەك ئاڭلاندى ماڭا. بەزى ئۇيغۇرلارنى خىتايلارغا ئوچ قىلۇەتكەن ئادالەتسىزلىكلەرنى تولۇق بىلمەيمەن، ئەمما مىنىڭ قارىشىمدا بۇ خىل تۇزۇمدە خىتايلارنىڭ كۇنىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتى. ئۇندىن باشقا ئۇقۇغۇچىلارنىڭ بىرمۇنچە نارازلىقلىرى ۋە مۇشكۇللىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىپ ئوز ئاۋازىنى ئاڭلىتىشتىن ئۇمۇت يوق ئىدى.

## 22

دەرسىم يوق كۇنلىرى ئەتىگەندە، كارۋاتتىن قوپماي يېتىشقا ئۇرۇنساممۇ بولمايتى. پەردىنىڭ يۇچۇغىدىن چۇشۇپ تۇرغان قۇياش نۇرى، دەرىزىنىڭ يۇچۇقلىرىدىن كىرىۋاتقان ئىللىق شاماللار كوزلىرىمنى ئېچىپ مىنى تالاغا تارتاتتى. ئاخىرىدا تالاغا چىقماقتىن باشقا چارەممۇ قالمايتى.

چىگرىغا بارىدىغان يول مەكتەپ ئالدىدىن ئۇتەتتى، مەكتەپتىن چىقىپ، ئوڭغا قايرىلىپ 90 كىلومىتىر ماڭسىلا قازاقىستان دىگەن گەپ. گەرچە ۋەلىسىپىت بىلەن بۇ مۇساپىنى بېسىپ بۇلالىشىمغا كۇزۇم يەتمىسىمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كورەي دىدى.

يۇللار جىم جىت ئىدى، چۇنكى غۇلجىدا ماشىنىس بارلار ئاز بۇلۇپ، كوپۇنچىسى ۋەلىسىپىت ياكى ئاپتۇۋۇز بىلەن قاتنايتى. ئون مىنۇتلارچە ماڭغاندىن كىيىن شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ قالدىم. ئاپپاق بىنالارنىڭ ئورنىنى ھەر خىل كۆك رەڭلەردە بۇيالغان، ئۇستى تۇز يېپىلغان، ھويلىسى ئەتىر گۇلى بىلەن تۇشقان ئويلەر ئالدى. چوڭ يولنىڭ ياقىسىدىكى چىغىر يوللار قەھۋە رەڭ تۇپراقلىق ئىتىزلارنىڭ ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرەتتى. مەن يول ياقىسىدىكى ئۇستى تۇنىكە بىلەن يېپىلغان، مەسچىتكە ئوخشاپ كىتىدىغان بىر قۇرۇلۇشنى كۇرۇپ قىززىق تۇختىدىم. بۇ مەن كورگەن باشقا مەسچىتلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئوگزىسىمۇ مەن ئىچكىرىدە كورگەن بۇتخانىلارنىڭكىدەك يانتۇ بۇلۇپ، شەھەردىكى باشقا مەسچىتلەردە كوزگە چېلىقىپ تۇرۇدىغان، بىزەكلىك مۇنارلىرىمۇ كۇرۇنمەيتى. ئەمما تىلاۋەت قىلىش زالى بىلەن ئىچىدىكى ئەرەپچە خەتلەردىن بۇنىڭمۇ بىر مەسچىت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردۇم. دولىسىدا كەتمەن كۇتۇرۇپ ئۇتۇپ كىتىۋاتقان بىر ئويغۇر دىخاندىن "بۇ بىر مەسچىتقۇ دەيمەن؟" دەپ سۇرۇدۇم.

"شۇنداق"دەپ جاۋاپ بىرىپ، ئارقىدىن "بۇ تۇڭگان مەسچىدى" دەپ قۇشۇپ يوقدى، تەلەپپۇزىدىن بۇ مەسچىدنى ئانچە ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئوزلىرىنىڭ مەسچىدى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئۇشاشلا سۇننى مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، مەزھىپى ئوخشمايتى، تۇڭگانلار ئىمام شافى پىرقىسىگە، ئۇيغۇرلار بولسا خەنىنەفى پىرقىسىگە ئىتىقات قىلاتتى.

گەرچە ئۇلارنىڭ دىنى ئەقىدىلەردە كۆرۈنەرلىك پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇخشاش بىر مەسچىتتە ناماز ئۇقۇيالىغۇدەك دەرىجىدىمۇ پەرقلىنىپمۇ كەتمەيتى. كىينچە مەلۇم بولدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئايرىم ئايرىم مەسچىتلەردە ناماز ئۇقۇشىغا دىندىكى پەرق سەۋەپچى بولمىغان ئىكەن. تامغا يولۇنۇپ، ئاغزىدا بىر تال چىغ چىشلىۋىلىپ تۇرغان بىر ئۇيغۇردىن ئالغان جاۋابىدىن ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ باشقا ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم.

"بۇ تۇڭگان مەسچىدى شۇنداقمۇ؟" دەپ سۇرۇدۇم

ئۇ دىمىغىنى قىرىپ قويۇپ "بۇ خىتاي مەسچىدى" دەپ جاۋاپ بەردى، گەرچە بىۋاستە بىر نىمە دىمىگەن بولسىمۇ، تەلەپپۇزىدىكى مەنستىمەسلىكتىن نۇرغۇن مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. كۆزلۈك يىغىن ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بۇلۇپ، يولدا ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئۇما قالدۇقلىرى بىسلغان ئشەك هارۋىلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. كوك پىيازلار دەرىزە تەكچىلىرىگە تىزىلىپ، هويلىلارنىڭ ئايۋانلىرى كوكباشلار بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى. هويلىلاردىكى كىر ئاسىدىغان تانىلارغا ئېسىلغان قىزىل مۇرچلار خۇددى كىچىك قىزىل پايپاقلاردەك كۆرۈنەتتى. سەلكىن شامال يۇپۇرماقلارنى يەلپىتى، نەزىرىم يۇپۇرماقلار ئارىسدا ئوتتۇرىسدا تۇشىگى بار پۇرلاق، يۇمۇلاق سىرىق قەغەزلەرگە چۈشتى.

يۇل ئۇستىگە ئاق يىپىلىشقا باشلىغان تاغلارغا تۇتۇشۇپ تۇراتتى. مەن ئۇستىدە لىق ئادەم بار ئشەك هارىسىدىن ئۇتۇپ كەتتىم، هارۋىكىلەر "هەي ئۇرۇس" دەپ چۇقان سلىشتى، مەن ئۇلارغا قۇل ئىشارىتى بىلەن سالام قىلىپ، ۋەلىسپىتمىنىڭ خوتىنى يوتكەپ تىخىمۇ تىزلەپ كەتتىم. كىچىككىنە بىر يىزىدىن كىين يول ياقىسىدا يا ئوي يا تىرىلغۇ يەردىن دىرەك قالمىدى. يول ئاستا ئاستا يۇقۇرىغا كۇتۇرۇلىشكە باشلىغاندى ۋەلىسپىتنىڭ پىدالىمۇ ئىغىرلاشقاندەك بىلىندى. خىيالىمدا يەنە قانچىلىك ماڭسام تۇسۇرلار، بىرەر كون كىتەرمۇ دىگەندەك خىياللار كەچتى.

قارىسام باشقىلار تۇسمىسمۇ ئۇزۇم چارچاپ كىتىپ تۇختاپ ئارام ئىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. تاغنىڭ يىرىمىغا بارا بارماي، ماجالىم قالماي هاسىراپ، هومىدەپ يەردىلا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدىم. كوڭلۇمدە سو ئىلىۋالمىغانلىغىمغا پۇشايمان قىلدىم. يەر يۈزىنى ئاپتاپتا قاغجىراپ، ئاقىرىپ كەتكەن بىر خىل ئۇسۇملۇك يىپىپ تۇراتتى. بىرسنى ئۇزۇشكە ئۇرۇنغان ئىدىم قۇلۇم تىگىشى بىلەن ئۇۋۇلۇپ كەتتى. چىكەتكىلەر چىرپىلداپ ئۇ يەر يەردە تاقلاپ يۇرەتتى. تار باغرىدا يىراقتا سوزۇلغان غۇلجا شەهرى بىر خىل ياپ يىشىل كۆرۈنەتتى. بۇ يەردىن دەرەخلەرنىڭ يۇپۇرمىغىدىكى چاڭ تۇزاڭلارنى، ئىرقلارنى قاپلاپ كەتكەن ئەخلەتلەرنى كورگىنى بولمايتى، كوزگە پەقەت قاتار كەتكەن ئاكاتسىيە دەرەخلىرىلا كۆرۈنەتتى. ۋەلىسپىتمنى مىنىپ چىقىشقا كۆزۈم يەتمەي، قالغان قىسمىغا يىتلەپ چىقتىم.

دوڭلۆكنىڭ ئۆستىگە چىقىپ، قارسام ئويلىمغان يەردىن يولنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۆششاق جىلغىلاردىن كىسىپ ئۆتۈشكەت توغرا كەلدى. بۇ جىلغىلارنىڭ ئارىلىغى خېلى كەڭ بۇلۇپ، سەكرەپ ئۆتۈش مونكىن بولمىغاچ، ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كىلەتتى، ئەگەر يىراقتىكى بىر نەسىگە قىززىقىپ قالمىغان بولسام كەينىمگە يېنىپ كىتەتتىم شۇ تاپتا.

مەن تۇرغان دوڭلۆكنىڭ يېنىدىكى يانتۇلۇقتا ئىگىزلىگى سەككىز گەز، دىئامىتىرى ئالتە گەز كىلىدىغان يوغان قەھۋە رەڭلىك توپا دوۋىلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. يېقىنلىشىپ قارىسام، هەر بىر توپا دۆۋىسىنىڭ ئاستى بىتۈن بىلەن قاتۇرۇلغان، ئۈستىگە خىتايچە خەتلەر يېزىلغان يوغان بىر تاش تىكلەپ قويۇلغان ئىدى. زور كۆلەملىك خىتاي قەۋرىستانلىغىغا كېلىپ قالغان ئىدىم. ئەتراپتا گۈل چەمبىرەكلەر كۆرۈنمەيتى، ئەمما يەردە كويدۇرۇلگەن ئىسرىقلارنىڭ كوتەكلىرى، پارتىلاتقان پوجاڭزىلارنىڭ قىزىل قەغەزلىرى ۋە ئۆششاق سېرىق قەغەز پارچىلىرى چېچىلىپ ياتتاتى. قەدىمقى زاماندا خىتايلار ئالەمنى يۇمۇلۇق، زېمىننى تۆت چاسا دەپ قارىغاچ، يەردىكى بۇ سېرىق قەغەز پارچىلىرى ئۆلارنىڭ نەزىرىدىكى ئالەمگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

هەممە يەر قەۋرە بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ قەۋرىلەر غەرپتىكى قەۋرىلەرگە سېلىشتۇرغاندا بەكلا چوڭ ئىدى، غەرپتە بىز قەۋرىلەرگە ئېششىپ قارايمىز، ئەمما بۇ قەۋرىلەرگە ئۈنداق قاراش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەۋرىلەر بىر بىرىدىن يوغان بۇلۇپ، ئادەمگە خۇددى "مەن ئولگەن، سەن تىرىك بولساڭمۇ ساڭا هەيۋەتمىنى كورسىتىمەن" دىگەندەك تەسىرات بىرەتتى. بۇلار مىنى قورقۇتالمىدى، مەن قۇرقمىغانلىغىمنى ئۆزۈمگە ئىسپاتلاش ئۈچۈن، داۋاملىق ئىچكىرلەپ مىڭىپ، تۇنۇغان خەتلەرنى ئوقۇدۇم. كوپىنچىسى ئادەملەرنىڭ ئىسمى ۋە ياشىغان ۋاقتىنى كورسىتىدىغان سانلار ئىكەن. سەل ماڭسام قەۋرىلەر شالاڭلاپ بىردىنلار خۇددى بىر چىگرىغا كېلىپ قالغاندەك توختاپلا قالدى. ئارىلىقتا بىرەر يۈز مىتىرچە بوشلۇق بۇلۇپ، قارشى تەرەپتە يەنە باشقا قەۋرىستانلىق بار ئىدى. لاي دوۋىسىدىن ياسالغان بۇ قەۋرىلەرنىڭ هەجمى كىچىك بۇلۇپ، ئەتراپىغا كىچىك تۇساقلار تۇسۇلغان ئىدى. قەۋرە تاشلىرىنىڭ بەزىلىرى ياغاچتا، بەزىلىرى تاشتا قۇپۇرۇلغان بۇلۇپ، ئۈستىگە ئەرەپچە خەتلەر يېزىغان ئىدى. هەر بىر قەۋرىنىڭ بېشى مەككىگە قارتىلغان بۇلۇپ، قەۋرىنىڭ بېشى بىلەن يان تەرىپىگە هىلال ئاينىڭ نەقشى چۈشۈرۈلگەن ئىدى. دىمەك، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلانىڭ قەۋرىسىمۇ بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى.

ئادەمنىڭ شۇركۈندۈرىغان سوغاق شامال تەنلىرىمگە ئۇرۇلغاندى، دەرهال كەينىمگە قاراپ يول ئالدىم.

شنجاڭدىكى نۇرغۇن يەرلەرنىڭ مۇلىرىنىڭ داڭقى بار. قومۇلنىڭ قوغۇنلىرىنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن. ماركو پولو كىتاۋىنىڭ XXXVIII بابىدا قومۇل ھەققىدە توختۇلۇپ "بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى زېمىندىن چىققان مىساپىسز مۇلگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈدى، شۇنداقلا مۇساپىرلىرنىمۇ مۇشۇ مۇلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ" دەپ يازىدۇ. كورلىنىڭ نەشپۈتى بىلەن تۇرپاننىڭ ئۈزۈمىنىڭمۇ داڭقى بار.

غۇلجىنىڭ ئالمىسى داڭلىق بولۇپ، ئىلى ۋادىسى ئالمىلىق باغلار بىلەن تۇشۇپ كەتكەن، ھەتتا شەھەردىمۇ توت ئەتىراپىنى ئالما دەرەخلىرى ئوراپ تۇرغان مەيدانلار كوزگە چېلىقىپ تۇرۇدۇ. سامانلارغا ئۇرالغان ئالما بېسىلغان ماشىنلار، ھارۋىلار ۋە تىراكتۇرلار يوللارنى قاپلاپ كىتىدۇ. مەن غۇلجىدىن چىقىدىغان ھەر خىل سورتتىكى ئالمىلارنىڭ بەزىلىرىنى كورگەن، بەزىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان. مەسلەن تىرىسى قاتتىق ئىچى يۇمشاق بىر خىل ئالمىنى يەپ باقماپتىكەنمەن، بىر چىشلەپلا تاشلىۋەتكەن ئىدىم. يەنە بىر خىل قىزغۇچ ئالمىنىڭ ئىچى ۋە تېىشى ئوخشاشلا قاتتىق بولۇپ، چىشلىسەم چىشىم سۇنۇپ كىتەرمىكى دەپ ئەنسىرەيتىم.

ياۋورۇپادىكى تاللا بازارلىرنىڭ ھىچ قايسىسى بۇ ئالمىلارنى قوبۇل قىلماسلىغى مۇمكىن. چۈنكى ھەممىس دىگۈدەك يا زىدەلەنگەن، ياكى زەخمىلەنگەن بولۇپ، بىرەرسىمۇ نۇقسانسىز كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىماققا ئەيۋى كوپ بولسىمۇ، بۇ ئالمىلارنىڭ كىمنىڭ قولىدىن چىققانلىغىنى ئۇلارنى ئىستىمال قىلغۇچىلار بىلەتتى. ھىچ كىم بۇ ئالمىلارغا خىميەۋى دورىلارنى پۈركۈپ، ئۇلارنىڭ سورتىنى سۈنئى ئۇسۇلدا ئوزگەرتىپ باققان ئەمەس. بۇ ئالمىلارنى سىزگە ساتقان كىشى، ياكى ئۇ سېتىۋالغان كىشى، ئاتا بوۋىسىدىن مىراس قالغان ئۇسۇلدا ئالما كۆچەتلىرىنى ئوز قولى بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئوستۇرۇپ، مىۋىسىنى ئوز قولى بىلەن ئۈزۈپ بازارغا ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھىچ بولمىغاندا مەن مۇشۇنداقدۇ دەپ ئويلىدىم.

## 24

بىر كۈنى بازاردا كۆلىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

"كۆلىن كوپ -كوك بولۇپ كىتىپتۇققۇ" دىدىم.

"نىمە دىدىڭىز؟"

ئۇ گىپىمنى ئاڭقىرالماي، خۇددى سىنىپتا سۇئالغا خاتا جاۋاپ بەرگەن ئوقۇغۇچىغا قارىغاندەك ھەجەپلىنىپ قارىدى.

"ئۇستى بېشىڭىزدىكى كىيمگە قاراپ دەيمەن، كوپ - كوك كىيىنىۋاپسىز" دىدىم.

"ھە ئەمدى چۈشەندىم. دىمەك سىز سەنئەتكار ئەمەسكەنسىزدە. رەڭ تونۇمايدىكەنسىز، بۇ كوك ئەمەس سۆسۆن رەڭ". دىدى.

"بەلكىم" دىدىم

"چاخچاق قىلىپ قويدۇم! سىزدىكى ئەيىپ ئەمەس، ھەممىلا ئاددەمدە سەنئەت ھوجەيرىس بولمايدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.

**25**

بۇ قويغا نىمە بولغاندۇ؟ نىمە ئۇنداق خاپا بولغاندۇ؟ دەرىزەمنىڭ يېنىغا باغلاپ قۇيۇلغان قوي، ئالتە سائەتتىن بىرى مۇشۇ يەردە تۇردى. دەسلىۋىدە ئارىلاپ ئارىلاپ مەرەپ قويدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن تەلۋىلەرچە توختىماي مەرەشكە باشلىدى. دەرىزىدىن قارىسام ھەدەپ ئارغامچىنى تارتىشقا باشلاپتۇ. بىردەپ تىپچەكلەپ، تارتىشىپ بېقىپ، بوشۇنالمىغاندىن كيىن، ئورنىدىلا يتىپ جىمىپ قالدى. كىچىك بىر قىز بالا ئۇنىڭ يىنىغا بېرىپ بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ قوياشقا تەمشىلىۋىدى، قوي ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى.

مەن ئېلىنىۋردىن بىر گىراماتىكا كىتاۋىنى ئوتنە ئېلىپ قايتىپ كەلسەم، ھېلىقى قويدىن دىرەكمۇ يوق، ئۇنى باغلاپ قويغان يەردە ئازراق قان داغلىرىلا قاپتۇ. ئۇ قوينى كىمنىڭ سويغانلىغى ئېچىلمىغان سىر پېتى قالدى. ئەمما كۈننىڭ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ ھويلىغا باغلاپ قويۇلىدىغان قويلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ قانداق سۇيۇلغانلىغىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىرىشەلمىدىم. ئەتىگەنلىرى دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان قوينى كۆرەتتىم، بىر قانچە سائەتتى كيىن قايتىپ كەلسەم قويدىن دىرەك يۇق، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر دوۋە ھور چىقىپ تۇرغان گۆشنى چۇرىدەپ ئولتۇرغان ئويغۇرلارنى كۆرەتتىم. بىر كۈنى يەسلىنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇلغان بوز ئاتقا كۆزۈم چۈشتى، مەن بۇ پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىماي، ياتىغىمدا كىتاپ ئۇقۇغاچ ساقلاپ ئولتۇردۇم.

دەرىزە ئالدىدىن بىر قانچە ئۇقۇغۇچۇم ئۇتۇپ، نىمە قىلىۋاتىسىز مۇئەللىم دەپ سوراشتى، "كىتاپ ئۇقۇۋاتىمەن" دىدىم

"نىمە دەپ بۇ يەردە ئۇقۇيسىز؟"

"بۇ ياخشى يەرغۇ؟" دەپ ياندۇرۇپ سورۇدۇم

"ئەلۋەتتە ياخشى يەر، خوش مۇئەللىم" دەپ كىتىشتى

كىتاۋىمنى داۋاملاشتۇردۇم. بەش مىنۇتلاردىن كيىن، گېپىنىڭ ئاۋازى قۇلىغىمغا كىردى. گېپى جىسمىدىن كۆچ قۇۋۋەت، ۋە تەبئىتىدىن خۇشاللىق چىقىپ تۇرۇدىغان بىرى بۇلۇپ، ھەمىشە تۇختىماي ئۇ يەر بۇ يەرگە چېپىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچەم چوڭقۇرلاشقانسىرى ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. بۇ يەردە ئولتۇرۇشۇمدىكى مەقسىدىمنى ئاڭلىسا چۇقۇم توغرا چۈشۈنىدۇ دەپ ئويلىدۇم. ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ "دۇرۇس، ئات بوغۇزلاشنى كۆرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز

بىر مەنزىرە. ئۇچ ـ تۆت قاۋۇل ئەركەك ئاران بىر ئاتنى يېقىتالايدۇ. بىر ئاتتىن شۇنچىلىك كوپ قان چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم، ئاتنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ باقماپتىكەنمەن، پەرىزىمچە يىگىرمە گاللون قان چىقىدۇغۇ دەيمەن، قاننى ئېقىتىش ئۈچۈن يۇغان بىر ئۆرەك كولايدىكەن" دىدى.

بۇ مەنزىرىنى ھەگىز قاچۇرماسلىق كىرەك دىگەن قارارغا كەلدىم. گېبى بىر جايدا ئارام تۇرالما، ئوي ئىچىدە ئۇيان بۇيانغا مېڭىپ تۇراتتى. يىگىرمە مىنۇتلاردىن كىيىن قولىلىرىغا تانا ئالغان توت قاۋۇل ئادەم پەيدا بولدى. گېبى ئۇلارغا ئۇيغۇرچە بىرنىمىلەرنى دىۋىدى ھەممىسى قاقلاپ كۈلۈپ كىتىشتى، ئاندىن بىر نىمىلەرنى دەپ جاۋاپ بەردى.

"ئۇلار تاماشىشا كورسە بۇلىدۇ، ئەمما ئات بەك تىپچەكلەپ، كۆچۈمىز يەتمەي قالسا بىزگە ياردەم بەرسۇن دەيدۇ" دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى گېبى.

ئۇلار ئاتنىڭ پاچىغىنى باغلاشقا باشلىشى بىلەن مەندە ئۇ ئاتنى ئۆزۈملا بىر تەرەپ قىلىۋىتىدىغاندەك ئىشەنچ پەيدا بۇلۇپ تۇراتتى، نەدىندۇر سەي خانىم پەيدا بۇلۇپ قالدى.

"ھەي نىك، ياخشى بولدى، مەكتەپ مۇدىرى سىزنى ئىزدەۋاتقان، ھازىرلا كۆرۈشىدىكەن سىز بىلەن" دىدى.

"بىردەم تاقەت قىلالماسمۇ؟"

مىنىڭ ئاخمىقانە جاۋابىمدىن ھەيران بولغاندەك قۇشۇمىسنى تۈردى.

"ئالدىراشمۇسىز؟"

نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشىمنى بىلمىدىم، ئاۋۇلارنىڭ ئاتنىڭ يۇرىگىگە پىچاق تىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن دەمدىم؟

ئات سۇيۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلارغا مىنى ساقلاپ تۇرۇڭلار دەيمىكىن دەپمۇ ئويلاندىم، ئەمما ئۇلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن تارتىندىم. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخاسىغا قاراپ چاپتىم. كىرسەم، مۇدىر ئىشخاندا يوق، كاتىپىدىن سورىسام بىر مىنۇتتا كىلىدۇ دىدى. مەن ئىشخانىسىدىكى تاملارغا قاراپ، ھېلىقى ئاتنى خىيال قىلغاچ 20 مىنۇت ساقلىغاندىن كىيىن كىردى مۇدىر. ئۇ مىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغاندەك تەئەججۇپ بىلەن سالاملاشتى. ئۇ ئۇستەلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ، بىر تال پاپىرۇس تۇتاشتۇرۇپ، پارقىراق چاچلىرىنى سىلاپ تۈزەشتۈرگەندىن كىيىن، ماڭا قاراپ "سىزگە نىمە قىلىپ بىرەي؟" دەپ سۇرىدى.

"سىز مىنى ئىزدەپتىكەنسىزغۇ؟"

ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋىتىپ، بىر دەم ئويلانغاندىن كىيىن، ئىسنى پۇركۈپ تۇرۇپ "كەپسىز يىگىت قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ دەپ چاقىرتقاندىم. ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟" دىدى.

"بەك ياخشى تۇردۇم، باشقا ئىشىڭىز بارمىدى؟"

"يوق، يوق"

مەن ئۇچقاندەك ئات سويۇۋاتقان يەرگە چاپتىم، ئەمما كىچىككەن ئىدىم، ئۇ ئاتمۇ پارچە پارچە گۆشكە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. بىر چەتتە ئىچ باغرى چىرايلىق دوۋلەپ قويۇلۇپتۇ، يېنىدا جىگىرى تۇرۇدۇ. يېنىدىكى يۇغان بىر ئورەك قان بىلەن ئاتنىڭ قارنىدىن چىققان نىجاسەتلەر بىلەن تۇشۇپ كىتىپتۇ. بېشىنىڭ تىرىسى سۇيۇلۇپ، تىلىنى چىقىرىۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە ئۇلگۇرۇپ بېرىپتىمەن. ئاندىن كاللىنى ئىككى پارچە قىلدى، قارىسام پۇتۇمنىڭ يېنىدا بىر تال پاچاق تۇرىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسام، يەردە قالغان ئازراق قان داغلىرى، ئاتنىڭ كاللىسىنى پارچىلىغاندا چاچرىغان ئۇششاق سۆڭەك پارچىلىرى، دەرەخگە مىخلاپ قويۇلۇپ، شامالدا ئۇيان بۇيان يەلپۈنۈپ تۇرغان، ئاتنىڭ ئۇمۇرتقىسىلا قالغان ئىدى.

**26**

گەرچە تىلىۋالدى بىلەن مۇرات ئۇرۇنلاشتۇرغان تىل مەشقى يىغىلىشىدا كۈرۈشكىنىمگە ئاران بىر قانچە ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۇنتۇپلا كىتىپتىمەن. بىر كۇنى ئېلەنۇر تىلىۋالدى بىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى دىۋىدى، ئۇ كىم بولغايدى دەپ ئويلۇنۇپ كىتىپتىمەن خېلى بىر ۋاقىتقىچە. كىيىن ھېلىقى كۇنى تۇختىماي پىلىمۇتتەك سۆزلەپ كەتكەن ئادەم ئىكەنلىگى يادىمغا كەلىۋىدى، بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. مەن گەرچە تىلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئىرقى كەمستىش بىلەن تولغان گەپلىرىنى قايتا ئاڭلاشنى خالىمىسامىمۇ، سۇرۇندا بىرەر يېڭى كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالارمەن دەپ ئويلۇدۇم.

تىلىۋالدى ھوكۇمەت خىزمەتچىسى ئىدى، بۇ دەسلىۋىدە مىنى سەل ھەيران قالدۇردى. كىيىنچە ئەتراپىمدىكى ياخشى تەلىمات كورگەن ئويغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغانلىغىدىن خەۋەردار بولدۇم.گەرچە يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئۇرۇنلارنى خىتايلار ئىگەللىۋالغان بولسىمۇ، ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا ئويغۇرلارغىمۇ ئورۇن بىرىش دولەتنىڭ سىياستى ئىدى. بۇمۇ دولەتنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىناق بىر ئائىلە كىشلىرىدەك، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق كەلگۇسى ئۇچۇن تەك يۇكسۇلىۋاتقانلىغىنى نامايەندە قىلىش ئۇچۇن قوللانغان سىياسى ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇنداق قىلىشتىكى يەنە بىر مەخسەت، ئويغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان مەسىلىلىرى ئۇچۇن ھوكۇمەتتىن ناراز بولسا، ھوكۇمەتتىكى ئويغۇرلارمۇ ئۇلارنىڭ نەپرەت

ئۆبىكتى بۇلۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە، خىتاي خەلقىغە بولغان دوشمەنلىكىنى تۇسۇپ قېلىش مۇمكىن.

بىز تىلىۋالدىنىڭ ئۆيىگە ئىشەك ھارۋىسى بىلەن باردۇق. گەرچە ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنىڭ يوللىرىغا قارىماي ياتقۇزۇلمىغان بولسىمۇ، قارىماققا بۇ بايلار تۇرۇدىغان جايلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يول ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ كوپىنچىسى ئىككى قەۋەت بۇلۇپ، سىرتى سېرىق ياكى قىزغۇچ رەڭلىك چىنىقىشتا ياسالغان ئىكەن، يوغان تۇمۇر دەرۋازىلىرى خۇددى ئەگمە كوۋرۇكلەردەك ھەيۋەتلىك كۇرۇنەتتى. كىيىنكچە ئۇقسام، ئەينى چاغدا 1997 ـ يىلى يۇز بەرگەن ۋەقەنى تەكشۇرۇش ئۇچۇن كەلگەن ئەنگلىيەنىڭ ب ب س ئاگىنتلىقىنىڭ مۇخبىرلىرى مۇشۇ كوچىغا كىلىپ ئەۋال ئىگەللەشكە ئۇرۇنغان بولۇپ، تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىغانمىش.

تىلىۋالدى بىزنى ئىشك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، بېرىشىمىزغا بىزنى قارشى ئېلىپ ھويلىغا باشلاپ كىردى. ھويلىدا تەشتەكلەردە يۇپۇرماقلىرى پۇرلىشىپ كەتكەن قىزغۇچ ئۇسۇملۇكلەر تامنى ياقىلاپ تىزىۋىتىلگەن بۇلۇپ، چېچەكلىرى خددى كىچىك مىڭنىڭ شەكلىگە ئوخشايتى. ھويلىدىكى كىچىك ئېغىلدىن قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن بېشىمى ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن ئوتكۇزۇپ ئىغىلغا قاراسام، تۇپلىشىپ تۇرغان بىر تۇپ قارا قويلارنى كوردۇم. تېلىۋالدى يېنىمغا كەپتى، مەن قوي توغرىسدا گەپ تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇندۇم.

"بۇ قويلارنى باققىلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟"

"بۇلار مىنىڭ ئەمەس، دادامنىڭ. دادام پىنسىيەدە، قىلىدىغان باشقا ئىشىمۇ يوق، ئىچ پۇشىغىنى چىقارسۇن دەپ ئېلىپ بەردىم. بۇرۇن بىزنىڭ قويلار كوپ بۇلۇدىغان، 6000 تۇياق قۇيۇمىز باركەندۇق".

"ئۇ قويلارچۇ؟"

"كۇمۇنىستلار تارتىۋالدى".

"قاچان؟"

"1950 – يىلى، ئۇ چاغدا بىز باي ئائىلە ئىدۇق".

گەپ ئارىسدا ئۇنىڭ ئىنگلىزچىدە نورمال پاراڭلىششقا تازا ئادەتلىنىپ كىتەلمىگەنلىكىنى ھىس قىلدىم. شۇڭا ئوتكەندە پىلىمۇتتەك توختىماي سوزلەپ كىتىپتىكەندە دەپ ئويلىدۇم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسى خېلىلا راۋان بۇلۇپ، ئاران 11 ئاي ئۇگەنگىنىگە قارىماي مەقسىدىنى بىمالال بايان قىلالايتى. خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىم ئۇنىڭ بۇ سەۋىيىسىگە يىتىش ئۇچۇن ئۇچ تۇت يىل سەرپ قلاتتى. ئۇ دايىم بالىسى بىلەن ئايالىنى ئۇخلۇتۇپ قۇيۇپ تىل ئۇگۇنىدىغانلىقىنى ئەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئۇگىنىش مۇدداسى

ئۆخشمايتى، خىتايلار ياخشى ئۆگۈنۈپ، ماڭا ئوخشاش لىق ئۆقۇغۇچى بار سىنىپلاردا دەرس ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. تىلىۋالدى بولسا، ياخشى ئۆگۈنۈپ، يېقىنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ كىتىشنى خىيال قىلاتتى. چەتئەلدىن ئىبارەت شۇ غايىۋى يەر ئۈنىڭ نەزىرىدە پۇل تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئەركىن زىمىندەك بىلىنەتتى.

ئېلەنۇر ئىككىمىزتاش تاملىق بىر كىچىك ئۆيگە ئايغىمىزنى سېلىپ قويۇپ، ئىچكىرىدىكى گىلەم سېلىنغان چوڭ ئۆيگە كىردۇق. ئۆيىنىڭ ئۆتتۇرىسىدىكى ئۈستەل قورۇق يەل يىمىش، ياڭاق، تاتلىق تۇرەم، ناۋات، ئالما، نەشپۈت، پىرەنىك، ئۈششاق پىچىنىلەر، ئۈزۈم ۋە شاپتۇللار بىلەن لىق تۇشقۇزۇۋىتىلگەن ئىدى. ئۆيىنىڭ بىر تېمىغا قۇيۇلغان ياغاچ ئىشكاپ قاچا ـ قۇچا ۋە ئەينەك بۇيۇملىرى بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى. قارشى تەرەپتىكى تامغا بىر دۇتتار ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. تىلىۋالدى بىزنى ئۆتتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، بىرسىگە چاي ئەكىر دەپ ۋاقىرىۋىدى، بېشىغا رۇمال ئارتىۋالغان بىر ئايال بىر قانچە ئاق پىيالە بىلەن چەينەك كۆتۈرۈپ كىرىپ، يەرگە قۇيۇپ چىقىپ كەتتى. ئۈزۈن ئوتمەي ئۆچ نان كۆتۈرۈپ كىرىپ، نانلارنى ھېلقى مىۋە بىلەن تۇشقان ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

"بۇ مىنىڭ ئايالىم"

بىز سالاملاشتۇق، ئايالى تارتىنچاقلىق بىلەن كۆلۈمسىرەپ قۇيۇپ ئېرىگە قارىدى. ئايالى چىقىپ كەتكەندىن كىيىن، ئېلەنۇر ئايالىڭىز بىلەن قانداق تونۇشقان دەپ سۇرىدى.

"ئايالىم بەك ياخشى".

"ياخشىلىغىدا گەپ يوق، قانداق تۇنۇشتۇڭلار دەيمەن".

" بىر دوستۇم تۇنۇشتۇرۇپ قويغان، گەرچە بىر مەلىلىك بولساقمۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، تۇنجى كۆرۈپلا ئاشىق بۇلۇپ قالدىم، شۇنداق قىلىپ چاققانلا توي قىلدۇق".

چاچلىرى قىسقا، بۇرداققىنا بىر كىچىك بالا يۈگۈرۈپ كىردى.

"بۇ مىنىڭ قىزىم، ئۆچكە كىردى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئۇغۇل بالىمىكى دەپ قالىدۇ!."

"شۇنداقمۇ؟" دىدىم.

مەن چىلان يىگەچ "ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بىردىن ئۆشۇق پەرزەنت كۆرۈش رۇخسەتمىش دەپ ئاڭلىدىم، راسمۇ؟" دەپ سۇرۇدۇم.

"بىزگە ئىككى پەرزەنت كۆرۈش رۇخسەت قىلىنغان، ئەگەر ئۆچ پەرزەنتلىك بۇلۇپ قالسام خىزمىتىمدىن قۇرۇق قالىمەن. ئىككى پەرزەنتلىك بۇلۇشمۇ ماڭا كەملىك قىلىدۇ".

"ئۆچ پەرزەنتلىك بۇلۇشنى خالامسىز؟"

"بۇ مىنىڭ رايىمغا باغلىق ئەمەس، ئاللا بىلىدۇ".

هوكۇمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىككى پەرزەنتلىك بولۇشى، يىزىلاردا ھەتتا ئۈچ پەرزەنلىك بولۇشىغا يول قويغانلىقنى ئۇلارغا كەڭرى سىياسەت قويغانلىقىغا دەستەك قىلىپ كورسىتىشى بىكار ئەمەس، چۈنكى خىتايلارغا بىردىن ئۇشۇق پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايتى. ئەمما بۇ سىياسەتنىڭ ئۆزىمۇ ئادىل دەپ كەتكنى بولمايتى.

"نىك سىزمۇ ئىپلەنۇرغا ئۇخشاش ئىنگىلىزغۇ دەيمەن؟"

"توغرا".

خىيالىدىن بىر نىمە كەچتى بولغاي، تىلىۋالدى كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن " مەن مەكتەپتكى ۋاختىمدا دەرسلىك كىتاۋىمىزدا ئەنگىلىيەدە ئىشچىلار بىر كۈن قاتتىق ئەمگەك قىلىپ تۈرۈپمۇ، كەچكىچە خۇجايىنىدىن تاياق يەپ چىقىدۇ دەپ يىزىلغان ئىدى. بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا جىيەن قىزىمنىڭ كىتاۋىغا قارىسام ئەينى مەزمۇنلار ھىلىھەم ئۆزگەرمەپتۇ" دەپ تۈرۈشىغا ئايالى چىنىلەردە ھور چىقىپ تۇرغان چۈچۈرە كۆتۈرۈپ كىرىدى. ئۇ تاماقنى سول تەرەپكە قۇيۇپ چىقىپ كەتكەنچە تاكى بىز يەپ بولغۇچە قايتا كىرمىدى. تۇساتتىن خىيالىمدىن بۇ ئايالغا تاماق ئىتىش، بالا تۇغۇشتىن باشقا ئىشلارنىمۇ قىلىش پۇرستى بارمىدۇ دىگەن ئويلار ئوتتى.

بىز بىر تەرەپتىن چۈچۈرە ئىچكەچ بىر تەرەپتىن تىلىۋالدىنىڭ پارىغا قۇلاق سالدۇق. ئۇنىڭ دىيىشچە، شىنجاڭدا 90 پىرسەنتتىن يۇقۇرى ئۇيغۇر ئىشسىزمىش. ئولارنىڭ مەھەھلىسدە ئاران ئىككى كىشىنىڭ خىزمىتى باركەن. تىلىۋالدى ھوكۇمەت كادىرى بولۇپلا قالماي، تىخى كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسى ئىكەن. كۈچلۈك مۇناسىۋەت تورى ۋە تىمىز سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشى بولمىسا  پارتىيەگە كىرمەكمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمما 1995 ـ يىلىدىكى ھوكۇمەت ستاتىستىكىسغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا 270 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى بارمىش. ئۇلارنىڭ بۇ سانلارنى ئىلان قىلىشمۇ، يۇقۇرقىغا ئوخشاش مىللەت بىلەن سىياسى مەيدان ئىككى خىل ئۇقۇم دىگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. يەنى مەيلى قازاق بولسۇن ياكى ئۇيغۇر بولسۇن ئۇلارنىڭ دولەت ۋە ھوكۇمەتكە بولغان مۇئابىتى ئۇخشاشلا چوڭقۇر دىمەكچى.

تىلىۋالدى گەرچە پارتىيەگە كىرىشنى خالىمىسمۇ، پارتىيەگە كىرىشنىڭ سىياسى ئىستقبالى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىگىنى ئىتىراپ قىلىدى. ئەمما بۇنىڭ يىتەسىزلىك تەرىپىمۇ بار ئىدى، مەسلەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىش ھەركىتى قاتتىق نەزەربەنت ئاستىدا بولۇپ، دايىم باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى شەرت قىلىناتتى. شۇڭا ئۈچۈنچى پەرزەتنلىك بولۇشتىن ئەنسىرەپ قالغان ئىدى. پارتىيەگە كىرىشنىڭ يەنە بىر يىتەرسىزلىگىمۇ بار ئىدى. دولەت ۋەزىرى لى پىڭ 1992 - يىلى بويۇرق چۈشۈرۈپ، "پارتىيە ئەزالىرى، مىللىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتتى نەزەر چۇقۇم ماتىريالىزىم ۋە دىنسىزلىكنى قوللىشى كىرەك، ھىچ قانداق دىنغا ئىشەنمەسلىگى، ھىچ قانداق

دىنى پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى كېرەك" دەپ تەلەپ قويغان ئىدى. مەن تىلىنىۋالدىدىن بۇ بويرۇقنى قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى سورىدۇم.

"كوممۇنىستلار دىنىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار دىنىنى ياقتۇرمايدۇ. ئوتكەن يىلى بىر يىغىندا بىر خىتاي ئەمەلدار بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم، يىغىن جەريانىدا ئۇ ماڭا تاكا تۇتقانتى، مەن مۇسۇلمان تاماك چەكمەيمەن دەپ رەت قىلىغاندىم، ئۇ خىتاي بەك خاپا بولۇپ، ماڭا ۋاقىراپ كەتتى. بۇرۇن مەنمۇ ئىچىپ، چېكىپ يۈرەتتىم، ھازىر بۇلاردىن قول ئۈزۈپ، ياخشى مۇسۇلمان بولۇپ قالدىم" دىدى.

مەن ئىچىمدە ، گەرچە ئوز ئويدە بولسىمۇ بۇنداق گەپلەرنى بىزگە دەپ بىرشىنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەس دەپ ئويلىدۇم. چۈنكى بىز ناتونۇش يات ئادەملەر، ئۇ بىزنى بۇ قەدەر ياخشى بىلىپمۇ كەتمەيتى. بەلكى، بىز چەتئەللىك بولغاچ بۇلارنى باشقىلارغا چېقىپ قويمايدۇ دەپ ئىشەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان بۇ دەرتلەرنى تۆكۈۋالغۇسىمۇ كەلگەندۇ ئىتىمالىم.

بىز ياخشى غىزالىنىپ قۇساقنى توقلىۋالدۇق. ئۇنىڭ ئەنگىلىيەدە كەپتەر جىقمۇ، قۇرال باشقۇرۇش تەسمۇ دىگەندەك سوئاللىرىغا جاۋاپ بىرىپ بولۇپ، خوشلىشىپ قايتتۇق. ئۇ ئىشىك ئالدىدىغا ئۈزۈتۈپ چىقىپ، پات ئارىدا يەنە كىلىڭلار دەپ يولغا سالدى، بىزمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ يول ئالدۇق. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشۈش پۇرستى چىقمىدى، چۈنكى ئىككى ئايدىن كىيىن ئۇ كاناداغا كىتىپ قايتىپ كەلمىدى.

## 27

مەكتەپكە ئەڭ يېقىن كىلىدىغان خىتاي رېستورانىنىڭ ئىسمى *خۇشپۇراق باغ* بولۇپ، بۇ بىر ئائىلە بىرلىشىپ ئاچقان ئاشخانىدا ئاشپەزلىكىنى دادسى، كۈتكۈچىلىكىنى ئاپىسى، يۇگۇر - يىتىم ئىشلىرىنى ئىككى ئوغلى ئۈستىگە ئالغان. باللارنىڭ بوۋىسىمۇ ھايات بولۇپ، بوۋاي ھەمىشە ئاشخانىنىڭ بىر بۇرجىگىدە خاموش ئولتۇرۇپ، كۈنلىرىنى خۇددى مەدەنيەت ئىنقىلاۋىدا ئۈچرىغان ئادالەتلەتسىزلىكلەردىن تېخىچە ئاغرىنىۋاتقاندەك خىيال ئىچىدە ئوتكۈزەتتى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتا بارسام ئاشخانىدا ئولتۇرغۇدەك ئورۇن قالماپتۇ، قارىسام بىر ئۈستەلدە ئۈچ خىتاي ياش ئولتۇرۇپتۇ، بىرگە ئولتۇرساق بولامدۇ دەپ سورىۋىدىم، دەرھال ئۈستەلنىڭ ئاستىدىكى بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ مىنى ئارىسىغا قىستۇرىۋالدى. مەن ئەنگىلىيەلىك مۇئەللىم دەپ تونۇشتۇردۇم ئۆزۈمنى، ئۇلار بىز نەنجىڭدىن كەلگەن مۇئەللىملار دىدى. ئۇلار غۇلجىغا كەلگىنى ئالتە ئاي بولۇپتۇ، يېقىندا قايتىدىكەن. غۇلجىدىكى كۈنۈڭلار كۆڭۈللۈك ئوتتىمۇ دەپ سورىسام، ياخشى ئوتتى، ئەمما يۇرتىمىزنى بەكرەك سېغىندۇق دەپ جاۋاپ بىرشتى بىردەك. تامىقىمىز ئۈستەلگە كىلىشى بىلەن ھەممىمىز جىم جىت قۇساق توقلىدۇق.

يېنىمىزدىكى ئۇستەلدە بىر قانچە قازاق تۇخۇم سۇقاشتۇرېۋىتىپتۇ. نەنجىڭدىن كەلگەنلەردىن بىرى قازاقلارنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بەك كوپكەن بۇ يەردە دەپ دوستلىرىغا پىچىرلىدى. قالغانلىرى ئەترايقا قاراپ بىقىپ مەنسىتمىگەندەك كۇلۇپ قويۇشتى. مەن ئۇلارنىڭ دىققىنى بۇراشقا ئۇرۇنۇپ

"بۇ يەرنىڭ تامىغىنى ياقتۇردۇڭلارمۇ؟" دەپ سورۇدۇم

"بۇلىدىكەن، لىكىن مەن يەنىلا نەنجىڭنىڭ تامىغىنى ياقتۇرىمەن" دىدى بىرى

"پولونى تېتىپ كوردۇڭلەرمۇ؟"

"مەن يەپ باقمىدىم" دىۋىدى دوسلىرىمۇ ئۇنىڭ گىپىنى ماقۇللىغاندەك باشلىرىنى لىڭشىتتى.

"تېتىپ كۇرۇڭ، ئالامەت ئىسىل تاماق" دىدىم.

"بەلكىم شۇنداقتۇ، لىكىن مەن قولۇم بىلەن تاماق يىيىشنى ياقتۇرمايمەن، مەن يا هايۋان بولمىسام" دىۋىدى ھەممىسى تەڭلا پاراقىدە كۇلۇشۇپ كەتتى. خىتايچىدە پولۇنى تۇتتۇپ يەيدىغان تاماق دەپ تەرجىمە قىلشقان بۇلۇپ، خۇددى بىر خىل هاقارەتتەك قۇلاققا ئانچە ياخشى ئاڭلانمايتى. ئۇلارنىڭ كۇلكىسى بېسىققاندىن كىيىن "ئاشخانىدا سىزگە قۇشۇق بىرىدۇ" دەپ قۇشۇپ قويۇدۇم.

ئۇلار ئىشەنمىگەندەك گۇمان بىلەن قارىشىپ قالدى، مەن ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ئوڭۇشلۇق تىلەپ چىقىپ كەتتىم.

## 28

ئەرلەرنىڭ ۋارقىراش جارقىراشلىرى ئويغۇمنى بۇزىۋەتتى، مەن پەسىيىپ قالار دىگەن ئۇمۇتتە بېشىمنى يۇتقاننىڭ ئىچىگە چومكەم بىردەم تەخىر قىلىپ جىم ياتتىم، ئەمما ۋاراڭچۇرۇڭلار بېسىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە، تېخمۇ كۇچۇيۇپ كەتتى. بىردىن خىيالىمدىن نامايىش، قارشىلىق كورسۇتۇش ۋە ئىنتىفادا دىگەندەك ئويلار كەچتىدە، دەرهال كىيىنىپ تالاغا يۇگۇرۇدۇم.

تالا قاراڭغۇ بۇلۇپ، هىلال ئاي ئاسماننى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ سادالارنىڭ ئۇقۇغۇچىلار ياتىغى تەرىپىدىن كىلىۋاتقانلىغىنى جەزملەشتۇرۇدۇم. بىردىن مەن بۇ ئۇقۇغۇچىلارنى بەك ياۋاش كۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قودرىتىنى خاتا پەرەز قىلىپ قالغان ئوخشىمامدىمەن دىگەن ئوي خىيالىمغا كەلدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ سەۋرى تاقىتى تۇشۇپ، كۇندە يۇز بىرىۋاتقان ئادالەتسىزلىكلەرگە، يولسىز جىرىمانىلەر، مەجبۇرى تازىلىق ۋەزىپىس شۇنداقلا كىشىنى بىزار قىلىدىغان قۇرۇق سىياسى ۋەزىپىلەرگە قارشى كۇتۇرۇلگەنمىدۇ؟ يا بولمىسا قازاقلار بىلەن ئويغۇرلار بىرلىشىپ نامايىش قىلىۋاتقانمىدۇ دەپ ئويلاندىمدە ياتاق تەرەپكە قاراپ يۇگۇردۇم.

ئۆغۆللار ياتىغىنىڭ چىراقلىرى يېقىغلىق بۆلۆپ، دەرىزىگە توپلىشۋالغان ئۇقۇغۇچىلار خۇددى تۇرمىدىكى مەھبۇسلاردەك قاچىلىرىنى تاراقشىتىپ ھەدەپ ۋارقىراۋاتاتتى. بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا ئىچ كىيىمدىن باشقا نەرسە يوق بۆلۆپ، يېرىم يالىڭاچ دىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كەيپىيادىتىن خۇشاللىق ھەم ھاياجان چىقىپ تۇراتتى، ھىچ غەزەپلەنگەندەك كۆرۈنمەيتى. بۇنى كۆرۈپ، ئۇمۇتلىرىم ۋە قورقۇشلىرىم تەڭلا ئارامىغا چۈشتى، مەن ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا بارسام ئىشىك قۇلۇپلاغلىق ئىكەن. ھويلىدا بىر قانچە بالا ۋارقىراپ ئۇيانىدىن بۇيانغا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قولىدا يا لوزىنكا، يا بايراق يا مەشئەل دىگەندىن دىرەك يوق ئىدى. مەن بىرىنىڭ يىنىغا بېرىپ

"نىمەلەر بۇلۇۋاتىدۇ؟" دەپ سورۇدۇم

"تالاغا چىقىمىز"

ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغانتى، يەنە بىرى جاۋاپ بەردى.

"تالاغا چىققىمىز بار، كورگۇمىز بار". دىدى

"نىمە؟ نىمە؟"

ئۇ قولىنى بىشىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئاسماننى ئىشارەت قىلىپ، قۇلى بىلەن بىر نەرسىنىڭ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى دوراپ

"يۇلتۇزنى" دىدى.

قىش كۈنىنىڭ ئاشۇ ئاخشىمى كائىناتنى بىر قاتار نۇرلۇق يۇلتۇزلار يورۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

# قىش پەسلى

## 29

ئىككى ئايدىن بىرى نىملەرنى ئۆگەندىم؟ شۇنىسى ئېنىقكى 1997 ـ يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ھېچ قانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكىمۇ يوق، چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشاش سىياسى سەزگۈرلۈكى كۈچلۈك تىملار ئالدىراپ تىلغا ئېلىنمايتى. ئەمما نۇرغۇنلىغان ئويغۇرلارنىڭ خىتايلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىدىن قىلچە شوھبەم يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بۇ ئىككى قوۋم بىر بىرى بىلەن پەقەتلا ئارلاشماي ياشاشقا تىرىشاتتى. شۇنداقتىمۇ، گەپ ئارىسىدا ئاندا ساندا ئويغۇرلارنىڭ خىتايلارنى نىمە ئۈچۈن ياقتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدىكى يىپپىق بىشارەتلەردىن باشقا كوپ نەرسە بىلەلمىدىم. خىتايلانىڭ ياكى خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنچىلىك كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغاتقۇدەك نىمەلەرنى قىلغانلىقىنى ھىلىھەم

ئاڭقىرالمىدىم. بۇنىڭغا خىتاي كوچمەنلىرىنىڭ يامراپ كىتىشى سەۋەپ بولغانمىدۇ، ياكى ئويغۇرلار ئارىسىدىكى ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىشمۇ ۋە ياكى شىنجاڭدا بىپىجىڭ ۋاقتىنىڭ قولللۇنۇلغانلىغمۇ؟ تىلىۋالدى بىلەن قىلغان سوھبەتلەردىن شۇنى ھىس قىلدىمكى، ئوچمەنلىك قىلىشنىڭ سەۋەپلىرى كوپ خىل بۇلۇپ، دىنى مەسىلە بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كوزگە چېلىقمايدىغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىدى.

**30**

***ھىچ قانداق دولەت ئورگانى، كوللىكتىپ ئورگانى ياكى شەخسىنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئىتىقات قىلىش ياكى قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، شۇنداقلا دىنغا ئىتىقات قىلغۇچىلارنى ياكى قىلمىغۇچىلارنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.***

جۇڭخۇا خەلق جومھۇرتيىتى ئاساسى قانۇنى 36 -ماددا

جۇڭگودا دىنى ئىتقاتقا يول قويۇلىدىغانلىغىنى تۇنجى قىتىم ئاڭلىغانلار يۇقۇرقى ماددىنى كۆرۈپ بەلكىم ھەيران قېلىشى مۇمكىن، چۈنكى كومموۇنىست ئىدۇلوگىيەسى بىلەن دىنى ئىتىقاتىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بۇلۇشى كىشلەرنىڭ ئېڭىغا سىغمايدۇ. كوممۇنىست پارتىيەسى ھاكىمىيەت باشقۇرىۋاتقان جۇڭگودا، روھى ئەپيۇن دەپ تۇنۇلغان دىنى ئىتىقاتقا يول قويۇلىشى مۇمكىن بولماسلىغى كىرەك. ئەمما ئەمىليەتتە، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ دىنى ئەركىنلىگى ھىچ قانداق چەكلىمگە ئۇچرىمايدۇ، خالىساڭ ئەيساغا ئىشەنەمسەن، بۇتقا چۇقۇنامسەن ۋە ياكى مۇھەممەدگە ئەگىشەمسەن، ھىچ كىمنىڭ كارى يوق.

ئەمما ئىشلار ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ئەمەليەتتە بۇنىڭ ئاستىدا ئىش بار. ئەڭ مۇھىمى پۇقرالار چۇقۇم ھوكۇمەت ماقۇللۇغىدىن ئوتكەن دىنلارغا ئىتىقات قىلىشى كىرەك، دولەت تەرىپىدىن قانۇنسىز ياكى بىدئەتچى تەشكىلات دەپ قارالغان ئۇششاق مەزھەپلەر ياكى كىچىك دىنى گۇرۇھلارغا قاتنىششى مەنى قىلىنىدۇ. پۇقرالار چۇقۇم دولەت تەرىپىدىن تىزىملانغان تىلاۋەت سورۇنلىرىدا دىنى پائالىيەتلەرگە قاتنىششى شەرت. دولەتنىڭ تىزىملىگىگە ئۇتۇش ئۇچۇن، دىنى ئورگانلار چۇقۇم "دولەتنىڭ بىرلىگى، مىللەتلەرنىڭ ئىتىپاقلىغىغا ۋە سىياسى مۇقۇملۇققا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىغى، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىگى، دولەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرغا دەخلى تەرۇز قىلماسلىغى كىرەك" دىگەندەك بىر قاتار كەڭرى كەتكەن شەرتلەرنى ھازىرلىشى كىرەك. بۇ سورۇنلار ھەر يىلى دولەت ئورگانلىرىنىڭ تەكشۇرۇشىدىن ئۇتۇشى كىرەك، دىمەك، مەسچىتلەرنىڭ، چىركوۋلارنىڭ ۋە بوتخانىلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بىرىشى ئۇنداق قولاي ھەم بىخەتەر ئەمەس. دىنى مۇلازىملارنىمۇ يەرلىك ھوكۇمەت بەلگىلەيدۇ. دىنى تەشۋىقات ماتىرىياللىرى قاتتىق كونتۇرول قىلىنىدۇ، دولەت سىرتىدىن دىنى ماتىرىياللارنى ئىمپورت قىلىش مەنى قىلىدۇ،

**دۆلەت ئىچىدە سېتىلىدىغان ھەر قانداق باسما ماتېرىيال چوقۇم مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.**

**ئەمما بۇنداق توسقۇنلۇقلار ئەقىدىس كۈچلۈك مۆمىنلەرنىڭ دىنى ئېتىقادىنى سوسلاشتۇرالمىدى. ھۆكۈمەت جۇڭگودا 100 مىليون كىشى دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ دەپ تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ، مېنىڭچە دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ سانى بۇنىڭدىن كۆپ يۇقۇرى، چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ستاتىستىكىس 1950 – يىللاردىن بېرى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتىدۇ.**

**كۆمۈنىست ھۆكۈمەتى پۇقرالارنىڭ دىنى ئېتىقادىغا يول قويۇش سىياستىنى شەرھىلىگەندە ئوخشاشلا ئىلاستىكىلىق دىئالېكتىكىدىن ئۇسۇتلۇق بىلەن پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالىنى "جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە ئايىت سۇئال جاۋاپلار" دىگەن قىسقا تەشۋىقات ماتېرىيالىدىكى مۇناسىۋەتلىك تېمىغا بېرىلگەن جاۋابىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.**

***سۇئال: دىنى ئەركىنلىكنى يولغا يۇيۇس سىياستى سۇتسىياسلىزىم بىلەن خىلاپمۇ؟***

***جاۋاپ: جۇڭگو خەلقى مەيلى دىنغا ئېتىقات قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ھەممىسى ئانا ۋەتىنىنى سويىدۇ، سوتسيالىزىمنى قوللايدۇ. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەنىنىڭ سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلىشى ئۈچۈن مورىنى مورىگە تىرەپ كۆرەش قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى، جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ دىنى ئېتىقادىغا يول قويۇش ھەرگىزمۇ سۇتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن قارشى ئەمەس.***

**گەرچە بۇ خىل چۈشەنچە بېرىشتىن ئازراق ياسالمىلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئۇچۇر ئېنىق ئىدى. يەنى دۆلەتنىڭ مەنپەتىنى چوقۇم بىرىنچى ئورۇندا قويۇش كېرەك، دىنغا ئېتىقات قىلىشتىن مۇشۇ نىشان ئۈچۈن پايدا يەتكەندىلا ئاندىن ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىگى بولىدۇ. دىمەك، بۇ نۇقتى نەزەر ئېنىقلانغاندىن كىيىن، كۆمۈنىست ھۆكۈمەت ئۆزى ياقتۇرمىغان دىنى پائالىيەتلەرنى جازالاش ئۈچۈن ھىچ قانداق بانا سەۋەپ ئىزدەپ يۈرمەيتى. ھۆكۈمەت بۇ خىل دىنى پائالىيەتلەرنى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە سىياسى تەرەققىياتلارغا توسقۇنلۇق قىلىدى دىگەن بانا بىلەنلا بىر تەرەپ قىلسا بولىۋېرىدۇ دىگەن گەپ.**

**جوڭگودا دۆلەتنىڭ باشقۇرىشىدا بولمىغان باشقا كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشىگە يول قويماسلىق كۆمۈنىست پارتىيەنىڭ ھازىرغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرالىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى. جۇڭگودا ئاممىۋى تەشكىلاتلار تېخى بىخ ھالەتتە تۇرماقتا. كومپارتىيە بۇ خىل چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزىنىڭ رەھبەرلىگىگە**

نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ توپلىنىشى ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بېرىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەچكە، ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىشىنى، ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق كونتۇرۇل قىلغان. شۇڭلاشقا دىنىي مەسىلە جوڭگونىڭ ھەممە يېرىدا بىر سىياسىي مەسىلە دەپ قارىلىدۇ، شىنجاڭدا تېخىمۇ شۇنداق.

1990 - يىلى ئاپرېلدا ئاقتۇنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي قارشىلىق كورسۇتۇش ۋەقەسىنى دىنىي مەسىلە بىلەن قارشىلىق كورسۇتۇش ھەركىتىنىڭ بىرلىشىشىنىڭ باشلىنىشى دىيىشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا دولەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە نارازى بولغان يۈزلىگەن دىخان يېزىلىق ھوكۇمەت ئالدىغا توپلىشىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بۇيىنچە ئېلىپ ئەيتقاندا ئاران ئىككى ئۈچ پەرزەنتلىك بولۇش يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن كوپ پەرزەنتلىك چوڭ ئائىلىلەردە ياشاپ ئادەتلەنگەن، بۇ تەرىپى خىتايلاردىن پەرقلەنمەيدۇ، چۈنكى 1949 - يىلدىن بۇرۇن خىتايلارمۇ كوپ پەرزەنتلىك بولۇپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

خۇددى غۇلجا ۋەقەسىگە ئوخشاش، بارىن ۋەقەسىدە ئىككى تەرەپتىن تۇپلاڭدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى توغرىسىدىكى پەرەزلەر بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھوكۇمەت تەرەپنىڭ باياناتىدا بارىندىكى "ئەكسىل ئىنقىلاۋى توپىلاڭ" دا 22 ئادەم ئۆلگەن، بۇنىڭ ئارىسىدا 7 ساقچى قالغانلىرى تۇپىلاڭچىلار ئىكەن. خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا 50 دىن ئارتۇق دىخان ئولتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەقە يۈز بەرگەن يەردىن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كىتىۋاتقاندا، توپ زەمبىرەك، ۋە تىك ئۇچار ئايرىپلان بىلەن ئۇققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلگەنمىش. ھوكۇمەت تۇپىلاڭغا قاتناشقۇچىلارنى "دىنىي تونىغا ئورۇنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر"، ئۇلارنىڭ مەقسىدى بەزى ئادەملەرنى ئالداپ ئوزلىرىنىڭ سېپىگە قاتنىشتۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ دولەتنىڭ پۈتۈنلۈگىگە، ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش دەپ ئەيىپلىگەن. ھوكۇمەت يەنە بولگۈنچى كۈچلەر دىنىي يىغىلىشلاردا كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى زەھەرلەپ، ھوكۇمەتكە قارشى جىھات قىلىشقا كوشكۇرتكەن دەپ قاراپ، بارىن ۋەقەسىنىڭ ئالدى كەينىدە، شىنجاڭدا دىنىي ئەسەبىلىكنىڭ تەسىرى كۈچىنىڭ كېڭىيىشى ئەگىشىپ، مىللىي بولگۈنچىلىك ئىدىيەسى بىلەن دىنىي مەسىلىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان دەپ خۇلاسىلىغان.

دىنىي ھەرىكەت بىلەن مىللىي بولگۈنچىلىكنى بىر بىرىگە باغلاش ئارقىلىق خىتاي ھوكۇمىتى ئوزىلىرىگە ياقمىغان دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىشكە ئاسانلىق ياراتقان. چۈنكى دولەتنىڭ دىتىغا ياقمىغان دىنىي ھەركەتلەرگە زەربە بەرگەندە دولەتنىڭ مۇقۇملىقىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى بانا قىلىش نۇرغۇن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇراتتى. شۇڭلاشقا 11ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كيىن ھوكۇمەتنىڭ "تېرۇرغا قارشى" ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەركەتلىرىنىڭ كوپىنچىسى ئىسلام دىنىنى مەركەز قىلغان.

## 31

*دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، چوقۇم ئىلمى قاراش ۋە ماتېرىيالىزىم مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.*

دولەتلىك دىنى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى يې شىئاۋېن.

مەن ئۇقۇغۇچىلىرىمى تاپشۇرۇقلىرنى تەكشۇرۇپ، دەپتەرلىرىنىڭ بەتلىرىنى قىزىل رەڭدە بوياپ ئولتۇرسام تېلىفون جىرىڭشىدى.

"نىك، مەن مۇرات"

"ياخشىمۇسىز مۇرات؟"

"نىمە قىلىۋاتىسىز هازىر؟"

"جىق ئىش يوق، ئۇقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرىغىنى تەكشۇرۇۋاتقان".

"سەل بۇرۇنراق تېلىفون قىلسام يوق ئىكەنسىز، نەدە ئىدىڭىز؟"

"كەچۇرۇڭ، سىرتقا چىقىپ كىرگەن ئىدىم"

"كىم بىلەن چىقتىڭىز؟"

"بىر دوستۇم بىلەن"

"خىتاي دوستۇڭىز بىلەنمۇ؟"

"ياق، ئۇيغۇر دوستۇم بىلەن".

"ئۇنداقتا ياخشى بوپتۇ! ئەتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟"

"بارغۇ دەيمەن".

"ئۇنداقتا مەن 12 بىلەن سىزنىڭ ئويىڭىزگە باراي"

"بولىدۇ، ئەتە كورۇشىلى"

"ۋاقىتنى ئۆتتۈپ قالماڭ، 12 دە بارىمەن".

ئۇنىڭ گەپلىرى قاتتىق، خۇددى بىر ئۇقۇغۇچىسغا، ياكى ئەقىلسىز بىر دوت ئادەمگە گەپ قىلۋاتقاندەك ئاڭلانغان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىنى ئېغىر ئالمىدىم، چۈنكى مېنىڭمۇ ئۇنىڭدىن سورايدىغانلىرىم بار ئىدى. ئاڭلىسام مۇللامىلارنى ھوكۇمەت سىياسى تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن يىغىۋاپتىمىش، مېنىڭ بۇنىڭ تېگىنى بىلگىم بار ئىدى. پەرىزىمچە مۇراتنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئۆزى تەقۋىدار مۇسۇلمان بولۇپلا قالماي، دادىسىمۇ ئىلگىرى بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان ئىكەن.

ئەمما ئۇ بۇ سوئالىمغا جاۋاپ بېرەرمۇ بەرمەسمۇ دىگەنگە بىر نىمە دىمەك تەس، چۈنكى ھازىرغا قەدەر ئۇ بۇ خىل سوئاللاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا بۇنى سوراش ئۈچۈن ئازراق ھىلە ئىشلەتسەم توغرا بولارمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. دەسلىۋىدە ئۇنداق ئويدىن كوڭلۇم سەل بىئارام بولدى.، ئەمما مۇرات ياتىغىمغا كىرىپلا ياتىغىمنىڭ بەك قالايمىقانلىغىنى ئەسكەرتىپ، "ئادەمنىڭ كوڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك مەينەت ئىكەن" دىۋىدى، مەنمۇ دىلغۇل بولۇشتىن ۋاز كەچتىم.

"مۇرات مەن تۇڭگانلارغا ئايىت ماتىريال كورگەندىم، ئۇلارنى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىق مۇسۇلمان دەپتۇ، بۇ توغرىمۇ؟" دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا ئىتيات كوزلىرى بىلەن قارىدى.

"توغرا، نىمە ئۈچۈن بۇنى سوراپ قالدىڭىز؟"

"مەن بۇ تىمىغا قىززىقىپ قالدىم، ئىسلام دىنى توغرىسىدا كوپرەك بىر نەرسە ئۇگۈنەي دىگەن".

ئۇ ماڭا گۇمان بىلەن قاراپتى، مەن سوئال سوراش تەكتىكامنى ئوزگەرتتىم.

"مەن تېخى سىزنى بىلەمدىكى دەپتىكەنمەن، چۈنكى قارىسام ئىتىقاتدىڭىز سىز ئۈچۈن بەك مۇھىمدەك كورۈندى".

ئۇ سەل ئۆزىنى روسلاپ "مەن ئەلۋەتتە بىلمەن، ئەمما ئۇنى ئىنگىلىزچىدە ئىپادىلەش تەس، ئەگەر ئويغۇرچە بىلگەن بولسىڭىز ئاسان بولىتى، سىزمۇ چۈقۇم بىلەلەيتىڭىز" دىدى.

ئۇنىڭ دىگىنى توغرا بولغاچ، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تالاشمىدىم. ئارىدىن بىر ھەتپە ئوتكەندە ئۇنىڭغا بىر كىتاپ ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئويىگە باردىم. مۇرات ھويلىدا بىرى بىلەن تىلىفۇندا سوزلىشىۋېتىپتىكەن، ماڭا بىر دەم تەخىر قىلىڭ دىدى. دادىسى ھويلىدا ئىكەن، خىتايچىدا بىر قانچە ئېغىز پاراڭلاشتۇق، ئارقىدىن دادىسى بازاردىن نان ئەكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، مۇراتمۇ تېلىفۇننى تۈگۈتۈپ ھويلىغا چىقتى.

"ھىلى دادىڭىز بىلەن كۆرۈشتۈم، ساغلام كۆرۈندۇ" دىدىم

"ئاللاغا شۈكرى تېنى ساغلام" دىدى

"دادىڭىز ھىلىمۇ ئىشلەمدۇ؟"

"مۇقۇم ئىشى يوق، ئەمما ئىككى يىل بولدى مەلىدىكى مەسچىتنىڭ ئىماملىغىنى قىلىۋاتىدۇ" دىدى.

"شۇنداقمۇ؟ سىز چۇقۇم دادىڭىزدىن پەخىرلىنىدىغانسىز؟، ئىمام بولماق تەسمۇ؟"

"شۇنداق، بەكلا تەس، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋشكە توغرا كىلىدۇ ئىمام بۇلۇش ئۇچۇن".

"ئىمامنى كىم تاللايدۇ؟ مەسچىتتىكى جامائەتمۇ؟"

"شۇنداق، مەسچىتتىكى جامائەت بىلەن بەزى ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى بىرلىشىپ تاللايدۇ"

مەن يالغاندىن ھەيران قالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ " بەزى ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى؟ نىمە ئۇچۇن ئۇلار ئارلىشىدۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئىسلامدىن خەۋىرى بارمۇ؟" دەپ سۇرىدۇم.

ئۇ مەنىستىمىگەن تەلەپپۇزدا "ئۇلار ئىسلام ھەققىدە ھىچ نىمە بىلمەيدۇ. ئەمما سىزمۇ بەلكىم ئاڭلىغان بۇغايسىز، قىسمەن ياش باللار ساقچى بىلەن تۇقۇنۇشىپ قالغان، ھوكۇمەت بۇ ئىشلارنى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان".

"دىن بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدى؟"

"بەلكىم، ئەمما ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۇزىدە نىمە بۇلۇۋاتقانلىغىدىن بىخەۋەر ئىدىم، قارسام ئادەملەر ساقچىلارغا تاش ئاتقىنى تۇرۇپتۇ، نىمە بولغانلىغىنى ئاڭقىرالمىدىم، شۇڭا ئۇيگە قايتىپ كەلدىم. ئاردىن ئۇزۇن ئۇتمەي ھوكۇمەت نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەر بىلەن مەدرىسلەرنى تاقىتىۋەتتى".

"ئىشلار ياخشى بۇلۇپ قالغاندۇ ھازىر؟"

"بەلكىم، ئەمما يەنە يېڭى مەسىلىلەر چىقىشقا باشلىدى. شۇڭا دادام بەزى مۇھىم تەربىلەش كۇرسلىرىغا قاتنىششقا مەجبۇر بۇلدى".

"دىنى كۇرسلارمۇ؟"

"ياق، سىياسى ئۆگىنىۋشلەرگە قاتناشتى".

ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمدىن ئۇزەمچە خۇشال بۇلۇپ كەتكەن ئىدىم، كىينچە ئۇقسام، بۇنداق ئىشلار مەخپىيەتلىككە كىرمەيدىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ

خەۋىرى بار ئىكەن. 2001 - يىلى شىنجاڭ يەرلىك ھوكۇمەت "دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنى خىزمەتنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇشقا يېتەكلەش" توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلىدۇ. شىنخۇا ئاگىنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا يۇقۇرقى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلىۋاتقان 8 مىڭ ئەتراپىدىكى يەرلىك ئىماملارغا "دولەتنىڭ دىنى ۋە مىللى سىياستىنى تېخمۇ توغرا چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن" ئون كۈنلۈك سىياسى ئۆگۈنۈشكە قاتنىششقا ئۇرۇنلاشتۇرۇلىدى. مەزكۇر خەۋەردە يەنە بۇ كۇرسلار پارتىيە ۋە ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ "بۇ ئۆگۈنۈشنىڭ مەۋقەسى دىنى خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى سوتسايلىستىك تۈزۈم ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقۇملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆگۈنىشنىڭ تەسرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۆگۈنۈشكە قاتناشقان ئىماملارغا يىغىن روھىنى ئۆز تەۋەلىكىدىكى جامائەتكە يەتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىنغان.

دىمەك، كوممۇنىست ھوكۇمىتى، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ قەيەردە قانداق دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى باشقۇرۇش بىلەن قانائەتلەنمەستىن، دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىپ، ئۆز مەقسىدىنى ئۇلارنىڭ ئاغزى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. پەرەز قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر بىرى سىز ئەڭ چوڭقۇر چۈقۇنىدىغان نەرسىدىن سىزنى تۇسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنسا قانداق ھىسياتتا بۇلىسىز؟ تەبىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋلاردىن ئاغرىنىسىز، ئۇلار مەيلى بۇ ئىشنىڭ بىۋاستە سەۋەپچىسى بولسۇن ياكى ۋاستىلىق ئىجراچىلىرى بولسۇن سىز ئۈچۈن بەربىر، ئوخشاشلا نەپرىتىڭىزنىڭ ئوبىكتى بولۇپ قالىدۇ. نەپرىتىڭىزنى قارىتىدىغان مۇقەررەر بىر نۇختىنى تاپقان زامات، قەھرىڭىز كۈنسايىن كۈچلىنىپ، سىزدە ئاچچىغىڭىزنى چىقىرۋېلىش ئېتىياجى پەيدا بۇلۇدۇ.

## 32

تۇربىدىكى سولار كۈنسايىن سۇۋۇپ، قار شەپىلىرى كۇرۇشكە باشلىغاندى ھويلىدا كۆمۈر دوۋلىرى پەيدا بۇلۇشقا باشلىدى. قېرى ياش دىمەي ھەمما قېلىن پۇپايكا ۋە پاختىلىق چاپانلىرىنىڭ ئارىسىدا خۇددى يەل بەرگەندەك ھۆپپىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كىشىلەر ئىشكى دەرىزىلىرىنى ئوڭشاپ، يوتقان كورپىلىرىنى ئاپتاپتا شامالدىتىپ، قىشنىڭ تەييارلىقىغا ئۆتكەن ئىدى. بازاردا مارۇژنا ساتىدىغانلارمۇ يۇقاپ كەتتى. ئاپتاپمۇ سۇلغۇن نۇرلىرنى ئاران تەستە يەر يۇزىگە يەتكۈزەتتى.

چۈشكە يېقىن ھاۋا قايتىدىن ئىللىپ،ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇرسا بەك خوش ياقاتتى. مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى يول ياقىسىدا ئىشىك ئالدىغا بىر قانچە ئۇستەل قۇيۇلغان ئۇششاق ئاشخانىلارنىڭ

**ھەممىس دىگۇدەك ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپ، لەغمەن بىلەن پولودىن باشقا تاماق ئېتىلمەيتى. كۈندىلىك تاماقنى كۈندىلىك يېگى ماتىرىياللاردىن تەييارلايتى. ھەتتا لەغمەننىڭ چۆپىمۇ كۈندە قولدا تەييارلىناتتى، ھەر كۈنى ئەتىگەن لەغمەن خېمىرنىڭ تاختىغا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاشخانىدا كۈتكۈچى ياكى مۇلازىم يوق بولۇپ، بېشىڭىزنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈپ ئاشپەزگە بىۋاستە تاماق بۇيرىسىڭىزلا بولاتتى. تامىغىڭىز چىققىچە، ئىشىك ئالدىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، سوس دەملەنگەن چاينى ئوتلىغاچ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزىسىز. غۇلجىدەك مۇشۇنداق بىر گۈزەل تۇپراقتا قانداق بولۇپ شۇنچە كوپ ئىشلار چىقىدىغاندۇ دىگەن ئوي خىيالىڭىزدىن كېچىدۇ.**

**كۈندە ئوخشاش رېتىمدا ئەتىگەنلىك دەرستىن كىيىن چۈشلۈك تاماق يەپ ئاندىن ئارام ئېلىپ، چۈشتىن كىيىن سائەت 4 دىن 6 گىچە ئىككى سائەت دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپ، كەچلىك تاماقتا بىر، گايىدا ئۈچ بۇتۇلكا پىۋا بىلەن كەيىپ سۈرۈپ كۈن ئوتكۈزۈپ دىگەندەك، راھەت بىر ھاياتقا كۈنۈپ قېلىشقا باشلىدىم. ھايات مەڭگۈ مۇشۇنداق ماڭسىمۇ ياق دىمەيتىم. ئەمما ئۇنداق بولمىدى. بىر كۈنى بارسام، بازغان ۋە تۇمۇر چۇكا كۆتۈرىۋالغان ئادەملەر يول ياقىسىدىكى ئاشخانىلارنى چاقىنى تۇرۇپتۇ. ئاڭلىسام يېقىندا مەكتەپنى تەكشۈرۈش ئۇمۇگى كىلىپ باھالايدىكەن، سەي خېنىمنىڭ گىپى بويىنچە دىگەندە بۇ ئاشخانىلار بەك كۆرۈمسىز ھەم قالايمىقان بولغاچ، باھالىنىشقا تەسىر يەتكۈزىشى مۇمكىن ئىكەن.چۈنكى يول ياقىسىدىكى بۇ دۇكانلار مەكتەپكە تەۋە بولغاچ، تەكشۈرۈشكە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەكتەپ تەرەپ بۇ ئويلەرنى چېقىۋېتىشنى توغرا تېپىپتۇ.**

**مەكتەپ رەھبەرلىرى ھەممىسى دىگۇدەك خىتاي، دۇكان سايىپلىرى بولسا ئۇيغۇرلار بولغاچ، قارىماققا بۇ خۇددى مىللى مەسلىدەك كۆرۈنەتتى. ئەمما مەن بۇنداق ھادىسىلەرنى خۇنەندىمۇ كوپ كورگەن. ئۇ يەردىمۇ ئۇششاق ئاشخانىلار ياكى كىچىك دۇكانلار مەجبۇرى ھالدا چېقىلىپ، ئورنىغا يېڭى بىنالار ياكى يېڭى يوللار ياسالدى، دىمەك بۇ بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتنى بوزەك قىلغانلىغى ئەمەس، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنىڭ ئۈستىدىن زومىگەرلىك قىلىشى ئىدى.**

**33**

**ئۇرۇمچى دىگەن سوزنىڭ موڭغۇل تىلدىكى مەنىسى "گۈزەل يايلاق" بولسىمۇ بۇ شەھەرنىڭ مەتبۇئاتتىكى ئوبرازى ئۇنچىمۇ گۈزەل ئەمەس. 1920 - يىلى بۇ يۇرتقا كەلگەن بىر ساياھەتچىنىڭ خاتىرسىدە " بۇ شەھەردە گۈزەللىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، يا پۇسۇنى، يا غۇرۇرى ۋە ياكى كۆزگە سىغىۇدەك ئىمارەتلىرىدىن دىرەك يوق. ھاۋا كىلاماتى ۋەھشى، توت پەسلىنىڭ ھىچ قايىسىنىڭ تايىنى يوق، ھەممىسى ئادەمنىڭ كوڭلىنى غەش قىلىدۇ " دەپ يازغان. ئەلۋەتتە، بۇ خاتىرىلەر كوممۇنىست ھوكۇمىتى بۇ شەھەرنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن**

بۇرۇنقى زامانلارغا تەۋە. ئەمما ساياھەتچىلىك تونۇشتۇرۇلغان كىتاپلاردا بۈگۈنمۇ بۇ شەھەرنىڭ ئوبرازىدا كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان تەرەپلىرى يوق دېيەرلىك، ئۇلار دايىم " بۇ شەھەرنىڭ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان روھسىز سىمونت بىنالىرى" نى كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىش بىلەن بىرگە "بۇ شەھەرنىڭ دېڭىزغا ئەڭ يىراق شەھەر بولغاندىن باشقا كىشىنى جەلىپ قىلغۇدەك ھېچ نىمىسى يوق" دەپ يېزىلغان.

دىمىسىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ پايتەختى ئىكەنلىگىدىن دىرەك بىرىدىغان ھېچ قانداق نىشان يوق، خىتايلار شەھەر نوپۇسىنىڭ توتتەن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلغاندىن باشقا، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ۋە شەھەر كوچىلىرىمۇ ئوتتۇرا توزلەڭلىكتىكى ياكى شەرقى جۇڭگودىكى شەھەرلەردىن قىلچە پەرقى يوق دېيەرلىك ئىدى. بەلكىم ساياھەتچىلىكنى كۆزلەپ بولسا كېرەك، 1980 - يىللىرى ھوكۇمەت شەھەردىكى بىنالارنى ئىسلام پوسۇنىدا سېلىشقا ئۇرۇنغان. ھىلىھەم ئۇ يەر بۇ يەردە كۆزگە چېلىقىدىغان قىسمەن ئايما قىرلىق دەرىزە نۇسخىلىرى بىلەن يۇمۇلاق ئوگزىلىك ئىمارەتلەردىن ئەينى چاغدىكى شامالنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېلىمىنتلاردىن كوچىلاردىكى مەسچىتلەر، بۈيۈك بازار، ئۇيغۇر دۇكانلىرى ۋە رېستورانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ كۆزىگە خۇددى ۋاقىتلىق مەنزىرىدەك بىلىنەتتى. دىمىسىمۇ ئۈرۈمچى ئەزەلدىن تارتىپلا بىر خىتاي شەھرى ئىدى، چۈنكى بۇ ئەسلىدە خىتايلار قۇرغان لەشكەرگاھ بولۇپ، 1949 - يىلىدىن بۇرۇنلا خىتايلارنىڭ نوپۇسى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى.

1990 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم بارغىنىمدىلا بۇ شەھەر ماڭا ئانچە يېقىپ كەتمىگەن. 2001 - يىلى غۇلجىغا ماڭغاندا ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندىمۇ بۇ شەھەردە ئانچە كوپ ئوزگۈرۈشلەر كۆزۈمگە چېلىقمىدى. 2002 - يىلى قىشتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىدا ئوتكۈزۈلگەن ئىنگلىز تىلى مۇسابىقىسىغا باھالىغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىمىغان بولسام، ھەرگىز ئۆزلىگىمدىن ئۈرۈمچىگە بارماستىم. ئادەتتە، 20 نەچچە ئادەم "نىمە ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىنى ئۆگۈنىش مۇھىم" ياكى "نىمە ئۈچۈن مۇئەللىم بولۇشقا بەل باغلىدىم" دىگەندەك سوئاللارنى تەكرارلىغاننى باھالاشنى كورسەملا چۇقۇم يالغاندىن كىسەل بولىۋېلىپ بولسىمۇ قاتناشماستىم، ئەمما بۇ قېتىمقى مىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىممۇ قاتنىشاتتى، شۇڭا بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۇلار بىلەن بىرگە كوپرەك ۋاقىت ئوتكۈزۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، بېرىشقا ماقۇل بولدۇم. مەقسىدىم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىپ ئۇلار زادى مەن ھىس قىلغاندەك ئىش بىلمەسمۇ ئەمەسمۇ دىگەننى ئېنىقلاش ئىدى. چۈنكى سىنىپتا بۇنداق پاراڭلارنى قىلىشقا بولمايتى، ئەگەر بىرەرسى سىياسى تېمىدا پاراڭ قىلسا سىنىپ باشلىغى مەكتەپ رەھبەرلىگىگە دۇلات قىلاتتى. سىنىپ باشلىغىنى باللارنىڭ ئوزلىرى سايلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىس سىنىپنى باشقۇرۇش بىلەن گەپ توشۇشنى ئوز ئىچىگە ئالغان.

ئاپتۇۋۇزدا 12 سائات ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ مېڭىشقا رازىلىق بىلدۈرىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەپ پاكىزلىتىت باشلىغى گېك مۇ بۇ قېتىمقا مۇسابىقىگە باراتتى. دەسلىۋىدە ئۇ ماڭا يېقىملىق ھەم مۇلاھىم ئەمما پارقىراق چاچلىرىدەك ئادەمنى جەلىپ قىلىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنمىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇغلىنى كورگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان قارىشىم ئوزگەردە، چۈنكى ئۇغلى ئەنچە بەك خىتايغا ئوخشاپ كەتمەيتى، ئەمما بەكرەك ئۇيغۇرغا ئوخشايتى. ئەمما ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئامالىنىڭ بېرىچە بىر بىرىدىن يىراق تۇرىدىغانلىغىنى نەزەرگە ئالغاندا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئويغۇر بىلەن خىتاينىڭ ئارغۇنى ئىكەنلىگىگە ئادەمنىڭ ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەيتى. تاكى بىر كۈنى ئۇنىڭ ئايالىنى كورگەنگە قەدەر كاللامدا بۇ گۇمان ئۇزۇلمىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئايالى يېرىم ئويغۇر ئىكەن. گەرچە ئەينى زاماندا مىللەت ئاتلاپ توي قىلىش ئىنتايىن كەم بولسىمۇ، ئۇلار 20 يىلنىڭ ئالدىدا مەكتەپتە تونۇشۇپ مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقان ئىكەن. باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئەپقاچتى پاراڭلارغا ئاساسلانغاندا، ھوكۇمەت گېك دىن يا قىز دوستىنى تاللاش ياكى كوممۇنىست پارتىيەگە كىرىشنى تاللاشقا مەجبۇر قىلغاندا ئۇ قىز دوستىنى تاللىغانمىش. گەرچە بۇ كۈچا پارىڭى بولسىمۇ بۇ ۋەقەنىڭ راسلىغىغا ئىشەنگۈم كەلدى.

گۇگۇمغا يېقىن ئاپتۇۋۇز بىكىتىدە جەم بولدۇق، بىزنىڭ گۇرۇپپىدا مەن ۋە گېك دىن باشقا ئالى مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان تۆت ئوقۇغۇچىمۇ بار ئىدى. بىكەت قايناپ كەتكەن بولۇپ، كىلىۋاتقان، كىتىۋاتقان، ئادەم ساقلاۋاتقان ھەم ئېلىم ـ بىرىم قىلىۋاتقانلانىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇراتتى. بۇيۇنلىرىغا ساندۇق بىلەن ئاياغ چۆتكىسى ئېسىۋالغان ئويغۇر باللىرى خېرىدار ئىزدەپ ئۇيان بۇيانغا قارىشاتتى. بۇلارنىڭ ئەڭ چۆڭلىرىنىڭ يېشى 14 دىن ئاشمايتى. ئۇلاردىن بىرى مىنىڭ يېنىمغا كىلىپ، ئايىغىڭىزنى مايلاپ بىرەيمۇ دەپتى، مەن "ياق، رەخمەت" دەپ جاۋاپ بەرسەم، ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ مىنى خىتاي تىلىدا "سىكەي" دەپ ھاقارەت قىلىدى. لىيۇ خەي ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچۇم ئۇنى كوتىگە تىپىۋىدى، ئۇ بالا لىيۇنىمۇ ئوخشاش گەپ بىلەن ھاقارەت قىلىپ قېچىپ كەتتى. بىز ئاغىزلىرىمىزنى چاكىلدىتىپ ھەيرانلىق بىلەن باشلىرىمىزنى چايقاپ باللارنىڭ بۇنداق ئەدەپسىزلىگىگە سەۋەپ بولغان گۇنانى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، جەمىيەتكە، زامانىۋىلىششقا ۋە مائارىپتىكى يىتەرسىزلىككە ئارتتۇق. گەپ ئارىسىدا لىيۇ ھەيرانلىق بىلەن " نىك خەۋىرىڭىز بارمىكى، بىزنىڭ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلاردىن ئاران ئۈچ پىرسەنتنى، مەكتەپ پۈتتۈرگەن دەسلەپكى ئايلاردا خىزمەت تاپالايدىكەن؟" دەپ سۇرىدۇ

"ئاران شۇنچىلىكمۇ؟ گېپىڭىز ئىشەنچلىكمۇ؟"

"راس، مەن بۇنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىدىم".

"سىزنىڭچە نىمە ئۈچۈن شۇنداقتۇ؟"

"بىلمەيمەن، ئەمما بۇ راستىنلا غەلىتە ئىش". ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن راستىنلا ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى.

شۇ ئارىدا بىزنىڭ ئاپتوۋۇز بىكەتكە كىردى، قارىماققا ئوۋ تەرەپكە سەل قايغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ يېڭى كارۋاتلىق ئاپتوۋۇزلاردىن بولۇپ، مەجبۇرلارغىلا لايىق كېلىدىغان تار ھەم قىسقا كارۋاتلىرىدىكى كىرلىكلەر يېڭى ئىدى. كارىۋات ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئاستىدا ياتسا ئۈستىدىكى ئادەم چۈشۈپ چىققاندا دەسسەپ ئۆتۈدۇ، ئۈستىدە ياتسا ئىتيات قىلمىسا يېقىلىپ چۈشىدىغان گەپ، شۇڭا بۇ ئىككى جاپاندىن بىرىنى تاللاش كىرەك ئىدى. مەن ئوۋ تەرەپتىكى پەس قەۋەتنى تاللىدىم. سىنىپمدىكى بۇيى ئىگىز، كالپۇكلىرى قېلىن كەلگەن بىر قىز ئۇقۇغۇچى ئۈستىنى تاللىسام بۇلامدۇ دەپتى، مەن ئەلۋەتتە دەپ جاۋاپ بەردىم.

"رەخمەت، مىنىڭچە سىزگە مۇشۇ كارۋات ماس كىلىدۇ، پاچىقىڭىز بەك ئۇزۇنكەن. مەن دەسلىۋىدە پاچاقلىرىڭىزنى كورگەندە ياغاچمىكى دەپ قاپتىمەن".

بۇ قىزنىڭ ئىسمى شاۋمېي بولۇپ، ئۇ ئوتكەندە پاختا تېرىشقا چىققان سىنىپتىكى ئۇقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ماشىنىدا كوڭلى ئېلىشىدىكەن، شۇڭا پاراڭ قىلىپ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇندى، مەنمۇ قاراڭغۇدا جالداقشىپ مېڭىۋاتقان ئاپتوۋۇزنىڭ ئازاپلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقىت ئوتكۈزدۈم. بۇنداق سەپەرلەردە ئادەم دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن ھەر خىل ئامالارنى تاپىدۇ، بەزىلەر دۇئا ئۇقۇسا، بەزىلەر ھاراق كەپىدە ۋاقىت ئوتكۈزىدۇ، مەن بولسام ئەمدىلا تونۇشقان بىر قىز بىلەن باغانچە غەيرى تىمىلاردا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

"نىك، سىز ئۇخشاش جىنسلىقلار مۇئامىلىسىگە قانداق قارايسىز؟"

" مىنىڭچە ئىنسانلار باشقىلارغا زەخمەت يەتكۈزمىسىلا كوڭلى نىمىنى خالىسا شۇنى قىلىشقا ھەقلىق دەپ قارايمەن" دىدىم.

"مەنمۇ سىزدەك پىكىردە، ئەمما مىنىڭچە مەكتەپتە ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس".

پاكولتىت مۇدىرى ئارقىدىكى رەتتە موتۇردەك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. ئاپتوۋۇز بىر ماي قاچىلاش ئورنىدا توختىغاندى، دەرىزىدىن كىرگەن چىراق يورۇغىدا قارىسام، ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسمى غەلىتە كۆرۈندى. ئۇزنىڭ چېچىدەك كۆرۈنمەدى. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە بۇنداق بىر تەپسىلاتقا قانداق سەل قارىغاندىمەن دەپ ئويلىنىۋاتقاندا مۇدىر يانغا ئورۇلىۋىدى، مەن كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئەمما ئۇ ئويغۇنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇنداق قوپال ئورىلىدىكى، پۈتى ياندىكى كارۋاتتا ياتقان ئادەمنى ئويغۇتىۋەتتى. تۇيۇقسىز ئويغۇنىپ كەتكەن ئادەم، قەھرى بىلەن قوپۇپ ئەتراپقا قارىدى، ئەمما بۇ چاغدا مۇدىر يەنە خورەككە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

**مەنمۇ ئۇخلاشقا ئۇرۇنۇپ بىر قانچە سائەت تۇلغۇنۇپ ياتتىم. ئاستا - ئاستا ھارغىنلىق غالىپ كىلىپ، كۆزلىرىم ئويقۇغا غەرق بۇلۇپ، چۈشۈمدە باشلىرى قەغەز قاپتىن ياسالغان ئادەملەرگە تازا تاش ئېتىۋاتسام، مۇدىرنىڭ ئەۋازى چۈشۈمنى بۇزىۋەتتى.**

**"لەغمەن ۋاختى بۇلدى!".**

**"ئۇنداق قىلماڭ گېلىڭ ئەپەندىم، مەن بىردەم ئۇخلىۋالاي، بەك چارچاپ كەتتىم".**

**"قۇپۇڭ كەپسىز يىگىت، كەپ قالدۇق"**

**نائىلاج ئۇنىڭغا ھەمرا بۇلۇپ بىر ئەبگاھ لەغمەنخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ تاغدەك بىر دوۋە لەغمەننى شالاپشىتىپ يىيىشىگە قاراپ ئولتۇردۇم. سۇغاقتا تۇڭلاپ، ھارغىنلىق يىتىپ قالغاچ، تۇلا ئەگىتمەيلا "نىمەن ئۇچۇن بىزنىڭ پاكۇلتىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەر بەكلا ئاز؟" دەپ ئۇدۇل سۇرۇدۇم.**

**ئۇ شۇراۋاتقان لەغمىنىنى تۇختىتىپ، ئاغزىدىكى لىق ئاش بىلەن "تۇڭگانلار بىلەن قازاقلار خېلى بارغۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.**

**"ئەمما 350 ئۇقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدا ئاران 4 ئۇيغۇر ئۇقۇغۇچى باركەنغۇ؟"**

**ئۇ خۇددى يېڭى بىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندەك بىردەم ئويلۇنۇپ "ئاز سانلىق مىللەت ئۇقۇغۇچىلارنى يىل ئاتلىتىپ قۇبۇل قىلىش شىنجاڭ مارىپ كۇمىتىتىنىڭ قارارى " دەپ جاۋاپ بەردى.**

**"بۇنداق قىلسا تۇغرا بۇلامدۇ؟"**

**"دولىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالى مەكتەپكە كىرىش نۇمۇر چەكلىمىسى تۈۋەن، شۇڭا ئادىل بولسۇن دەپ ئۇلارنىڭ يىل ئاتلىتىپ قۇبۇل قىلىدۇ ئالى مەكتەپلەرگە"**

**"ئۇنداقتا مەكتەپكە قۇبۇل قىلىنمىغان يىللىرىدا ئۇقۇش پۇتتۇرگەنلەر قانداق قىلىدۇ؟"**

**"ئەگەر خالىسا شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتىتىدەك ئالى بىلىم يۇرتلىرىغا بارسا بۇلۇدۇ، خالىسا ئېچكىرىدىكى ئالى مەكتەپلەرگە بارسىمۇ بۇلۇدۇ".**

**"ئۇنداق ئالى مەكتەپلەرگە ئۇتەلمىگەنلىرىچۇ؟"**

**"ئۇلارغا ئامال يوق، ئۇقۇش پۇرسىتى قولدىن كىتىدۇ".**

**دىمەك، قارىماققا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بىرىلگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇلارنى يىل ئاتلىتىپ قۇبۇل قىلىش ئارقىلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان گەپكەندە دەپ ئويلاندىم. ئەمما ئۇنىڭ بۇ جاۋابى يەنىلا نىمە ئۇچۇن مەكتەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى قازاقلار بىلەن تۇڭگانلاردىنمۇ ئاز دىگەن سۇئالىمنى قانائەتلەندۈرەلمىدى.**

بىكەتتىن كىرا ماشىنىسى بىلەن مېھمانخانىغا باردۇق. تەلىيىمگە ماڭا يالغۇز كىشىلىك بىر ياتاق بىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى چۈشكەپ تاكى چۈشتىن كىيىن مۇسابىقە باشلانغىچە ئۇخلاپتىمەن. ئۇيقۇمنىڭ داۋامىنى مۇسابىقە مەيدانىدا بىردەم داۋاملاشتۇردۇم. ئارىلىقتا مۇسابىقە قاتناشقان بىر ئوغۇل بالا "چەت دولەتلەرنىڭ ئۇستىدىن غالىبىيەت قازىنىش ئۇچۇن جۇڭگۇ خەلقى ئىنگىلىز تىلىنى ياخشى ئۇگۇنىشى كىرەك" دىۋىدى، كۆزۈم سەل ئېچىلغاندەك بولدى. ئەمما بۇ بالا نەتىجىگە ئىرىشەلمىدى. مىنىڭچە مۇسابىقىدە ھەممىدىن ياخشى سوزلەپ، ئىنگىلىز تىلى تەلەپۇزىنىڭ ئۇرغۇلىرىنى توغرا تەلەپۇز قىلىپ باشقىلارنى بېسىپ چۈشكەن بىر ئويغۇر قىزمۇ ياخشى نەتجىگە ئىرىشەلمىدى. مۇسابىقىدىن كىيىن مەن ئۇ قىز بالىغا ئويلىغانلىرىمنى دىۋىدىم، ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، نەتجىگە ئىرىشىش ئىرشەلمەسلىك مۇھىم ئەمەس دەپ جاۋاپ بەردى. دىمىسىمۇ نەتىجە قازانغانلار ئانچە ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكگى يوق ئاددى بىر لوغەتكە ئىرىشتى تامام.

مۇسابىقە ئاياغلاشقان كۈنى قايتىدىغان ئاپتۇۋۇز بولمىغاچ، ئۇرۇمچىدە بىر كىچە قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى. مەن ئۇزۇن كىچىنى ئۇخلاپ ئۇتكۇزۇشنى ئويلىنىپ، ئەمدى يېشىنىنىشاق تەييارلىنىپ تۇراتتىم، بىرى ئىشكنى قاقتى. ئاچسام ئىشىك ئالدىدا شاۋمېي تۇرىدۇ. مەندىن شەھەردىكى قاۋاقخانىغا بىرىشنى خالامسىز دەپ سورىدى. مىنىڭ كۆز ئالدىمغا ئېچكىرىدىكى قىزغۇچ چىراقلار بىلەن بىزەلگەن خىتايچە كارائوكەي ئۇقۇيدىغان قاۋاقخانىلار كىلىپ، قانداق قاۋاقخانا ئۇ سىز دىگەن دەپ سورىۋىدىم، مەنمۇ بىرىپ باقمىغان، ئاڭلىسام غەرپچە قاۋاقخانا ئىكەن دەپ جاۋاپ بەردى. دەرھال خىيالىمغا گىن ھارىغى كىلىپ ماقۇل بولدۇم.

ئۇ دىگەن قاۋاقخانا ئەمەلىيەتتە ئىككى كۇستارىكانلىق، بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىتىياجىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇمچىدە ئاچقان ***يېشىل بارالڭ*** (The Vine) دىگەن كافىخانا بولۇپ چىقتى. كافىخانىدا بىزدىن باشقا بىر قانچە خىتايمۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. شاۋمېي نىمە بويىرۇشنى راستىنلا بىلمەيمەن دەپتى، مەن بېرىپ، ئىككى پارچە تورت ئالدىم. پىۋا بارمىدۇ دەپ سورىسام، پىۋە ساتمايمىز دىدى.

ئورنۇمغا قايتىپ بىرىپ، ھاراق يوقلىغىدىن كەيپىم بۇزۇلۇپ ئولتۇردۇم. بوش قويۇلغان مىلودىيەلىك ناخشىنى تىڭشىغاچ، ناخشا تېكىستىنى ئاڭقىرىشقا تىرىشتىم. قۇلۇغۇمغا " ئەيسا، ئەيسا، ئاھ نىمە دىگەن گۈزەل ئىسىم" دىگەن سوزلەر ئاڭلىنىۋىدى، دەرھال كەيپىم قاچتى. شاۋمىي تۇرت يىگەچ، گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلىنىۋاتقاندەك بىلىندى. ئاخىرى بىر قارارغا كەلگەندەك قىلاتتى.

"نىك، دەپ بېقىڭە، كولىنىگە قانداق قارايسىز؟"

"ھىم...، بىلمەيمەن، نىمىشقا سوراپ قالدىڭىز؟"

"سىنىپتا بەزىلەر ئۇنىڭدىن بەك قورقىدۇ".

"قورقىدۇ؟ نائارام بولىدىغاندۇ؟ راستىنلا قورقۇمدۇ؟"

"قورقىدۇ راسلا، بەزىدە ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بەكلا قاتتىق تىگىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بەكلا توز، گاھىدا بىزنى مۇرەككەپ نەرسىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ".

مەن بۇ مەسىلىگە كەسىپى يوسۇندا قاراپ "ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىختىدارىنى يېتىلدۇرۇش مۇئەللىملەرنىڭ كەسپى مەجبۇريىتىغۇ؟" دىدىم.

"بەلكىم شۇنداقتۇ، ئەمما ئۇ بەزىدە بىزگە نىمىنى ئويلىشىمىز كېرەك دىگەننى ئۆگۈتۈشكە ئۇرۇنىدۇ".

بۇ تىما كوڭلۇمگە تازا ياقمىغاچ، سوز نۇقتىسىنى باشقا ياققا بۇرۇپ شاۋمېيدىن نىمە ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىش تېپىش تەس دەپ سورۇدۇم. ئۇ ماڭا بىر قاتار ئامىللارنى تىزىپ جاۋاپ بەردى.

"سىزگە مەلۇم، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئالى مەكتەپكە تۆۋەن نومۇر بىلەن كىرىدۇ، شۇڭا ئۇلار خىتايلاردەك ئەقىللىق بولمىسا كېرەك. ياكى باشقا سەۋەپلەرمۇ باردۇ. ئۇلار كۆپ ۋاختىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىز قوغلاش بىلەن زايا قىلىدىغاندۇ. ۋە ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ خورۇمچىلىق سانائىتى ئانچە تەرەققى قىلمىغاندۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ خورۇم كىيىملىرى بىر قات تىرىدىن ياكى ئۈششاق تىرە پارچىلىرىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، نەتىجىدە رىقابەتتە ئوتتۇرۇپ قويىدىغاندۇ" دىگەندەك بىر قاتار سەۋەپلەرنى كورسەتتى.

"سىزنىڭچە ئويغۇرلار كەمسىتىشكە ئۇچرامدۇ؟"

"بەزىدە ئۇچرايدۇ. نۇرغۇنلىغان خىتايلار ئۇلارنى قالاق دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ".

قالاق دىگەن ئىنگىلىزچە سوزنى ئىشتىنىۋاللىغانلىغىدىن مەمنۇن بولغاندەك ئارقىسىغا يۆلۈنۈپ ئولتۇردى. بۇ سۆزگە سەي خانىممۇ بەكلا ئامراق. شاۋمېيدىن بىرەر ئويغۇر دوستىڭىز بارمۇ دەپ سورۇدۇم.

"يوق، ئەمما مەن بەزى ئۇيغۇر يىگىتلەرنى ياخشى كورۇمەن، ئۇلارنىڭ كۆزى بەكلا چىرايلىق، قاڭشىرىمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىگىز. ئەمما ئۇلارنىڭ قوغلىشىدىغانلىرى ماڭا ياقمايدۇ" دەپ چىرايىنى پۇرلەشتۇردى. "ئۇلار سېسىق پۇرايدۇ. راستىنلا ئۇلارنىڭ قولتىغىنىڭ ئاستىدا كىسىلى بار".

خىتايلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئۇيغۇرلارنى چۈشۈرىدىغان سوزلەرنى ئاڭلاش ماڭا بىر يېڭىلىق بولدى. دىمەك، بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر بىرنى كەمسىتىدىغانلىغنى ئىسپاتلايتى. مۇنداقچە قىلىپ ئەيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئاشكارە پىكىرلىرىنى ئاڭلاش، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ناخشا ئۇسۇلغا ئامراق، جەلپكار دىگەندەك ياسالما سوزلىرىدىن ماڭا بەكرەك ياخشى ئاڭلاندى.

مۇزىكا بارغانچە قىززىغىنى تۇرۇدى بىز قايتىشقا تەرەددۇت قىلدۇق، ئىسپانچە بىر ناخشىچىنىڭ "ئەيسا! ئەيسا" رەخمەت سىزگە!" دىگەن ناخشىسى باشلىنىپتى، بىز يېنىپ چىقتۇق. قايتىپ كىلىۋاتقان يولدا شاۋمېي غۇلجىنىڭ قىزلىرى بەكلا "ئازات پىكىرى" دىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. ئۇنىڭ يۈزى قىزارغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەن قاراڭغۇدا ھېچ نىمىنى كورمۇدۇم.

"دىمەكچىمەنكى، ئۇلارنىڭ كوپىنچىسى قىز ئەمەس" دىدى.

ئۇ قىز ئەمەس دىگەن سوزنى خاتا ئىشلەتكەچكە مەن خاتا چۈشۈنۈپ" مەن شىر يىللىق" دەپ جاۋاپ بىرۋىدىم ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

"مىنىڭ قىز ئەمەس دىگىنىم ئۇلار باشقىلار بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتە بولغان دىگىنىم" دىدى. چۈشەنچىدىكى گايى خاتالىقلارنى تۈزۈتۈشنىڭ ئۇزىمۇ بەكلا قىززىقارلىق ئىش. مەن بەزىدە بۇنداق خاتالىقلارنى بىلىپ تۇرۇپمۇ تۈزەتمەي ئىچىمدە خوش بولۇپ كىتتەتتىم، مەسلەن مىنىڭ بىر قىز ئۇقۇغۇچۇم ئارا بىلەن پىچاق دىگەن سوزدىكى ئارا دىگەننى دايىم "جىنسى ئالاقە قىلىش" دىگەن سوزدەك تەلەپپۇز قىلاتتى، ئەمما مەن ئۇنىڭغا تۈزۈتۈش بەرمەيتىم.

مىھمانخانىغا يىتىپ كەلگەندىن كىيىن مەن خوشلىشىشقا تەمشىلىۋىدىم، شاۋ مېي كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ " شۇنچە چوڭ ياتىغىڭىزدا يالغۇزلۇق ھىس قىلىپ قالامدىكەنسىز؟ سىزگە بىرەر ھەمرا كىرەك ئەمەسمۇ؟" دەپ سۇرۇدى.

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ماڭا راستىنلا بىر كىچە بىللە بولۇش تەلىۋىنى قويۇۋاتامدىغاندۇ دىگەننى جەزملەشتۇرۇشكە تىرىشتىم. بەلكىم ئۇ مۇئالىمىگە كۆڭۈل بولۇپ شۇنداق دەپ قويغاندۇ دىگەننى كاللامدىن ئوتكۈزۈپ، ئۇزۇن ھايال بولماي كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن دەپلا دەرھال تىكىۋەتتىم.

**34**

مىللى ئايرىمچىلىق باللارنىڭ كىچىك ۋاختىدىلا باشلىنىدىكەن. غۇلجىدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغىچە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئايرىم ئايرىم مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. بۇ خىل ئايرىمچىلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە تىلدىكى پەرقىدىن باشقا يەنە مىللەت پەرقىمۇ بەكلا

مۇيىم. خىتايلار خىتاي تىلىدا، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۇقۇيدىكەن. ئەمما مەكتەپ ئايرىمچىلىغىنى مۇتلەق دەپ كىتىشكىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى قىسمەن ئۇيغۇر باللىرى خىتاي مەكتەپلىرىدە ئۇقۇيدىكەن. بۇ ئۇقۇغۇچىلار خىتاي تىلىدا ئۇقۇغان مىللىلار دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇقۇغانلار بولسا مىللى تىلدا ئۇقۇغانلار دەپ ئاتىلىدىكەن. خىتايلار ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئۇقۇمايدىكەن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى ئۈگۈنىشكە مەجبۇر بۇلىدىكەن.

نۇرغۇنلىغان كەسپى ماتىرىياللار خىتاي يىزىقىدا بولغاچ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسدا خىتايچىنى پۇختا بىلىدىغان، خىتاي تىلىدا ئۇقۇغان ئۇقۇغۇچىلارغا ئىتىياجى چۈشىدىكەن. دىمىسىمۇ مىدىتسىنا، تەببى پەن ۋە كومپيۇتىر كەسپىگە ئايىت دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىس دىگۈدەك خىتاي تىلىدىلا بىسىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئىنگىلىز تىلىمۇ خىتايچە مەكتەپتىكىدەك ئۇتۇلمەيدىكەن، چۈنكۇ ئۇلار ئۈچۈن خىتاي تىلى ئىككىنچى تىل سۈپىتىدە مەجبۇرى ئۇتۇلىدىكەن.

دىمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنگىلىز تىلى كەسپىدە ئاز بۇلۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ مۇشۇ بولسا كىرەك. يەنى خىتايچە مەكتەپتە ئۇقۇغان ئۇيغۇرلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر باللىرى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىنگىلىز تىلى ئۈگەنمەيدىكەن. بىزنىڭ مەكتەپتە ئۇقۇۋاتقان توت ئۇيغۇرنىڭ ھەممىس خىتاي تىلىدا ئۇقۇغانلار ئىدى. ئۇيغۇر باللارنىڭ ھەممىسى بىر سىنىپتا ئۇقۇيتى. ئۇلارنىڭ سىنىپىدا يەنە ئىككى ئۈچ ئۆزبەك قىز، ئىككى قازاق يىگىت، ئۈچ تۇڭگان قىز ۋە بىر قىرغىز ئۇغۇلمۇ بار ئىدى، ئەمما خىتاي ئۇقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ھەممىدىن كوپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى 1999 - يىلى قۇبۇل قىلىنغانلار بۇلۇپ، گېڭ مۇدىرنىڭ چۈشەندۇرۇشىگە ئاساسلانغاندا 2001 - يىلى يىل ئاتلاپ قۇبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇقۇغۇچىلارنىڭ سانى ھىچ بولمىغاندا 20 ئەتىراپىدا بۇلار دەپ پەرەز قىلىۋىدىم، ئەمەلىيەتتە ئاران ئۈچ ئۇيغۇر قۇبۇل قىلىنىپتۇ.

99نىڭ باللىرىنىڭ خاراكتىرىمۇ باشقا قاراردىكىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار گاھىدا ھىچ ئىشقا بىپەرۋا خىيالى يۇرسە، گېزى كەلگەندە تەلۋىلىشىپ كىتەتتى. كوپ ھالدا خۇددى سىنىپتىكى 45 يات ئادەم تاسادىپى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغاندەك بىر بىر بىلەن كارى بولماي يۇرۇشەتتى. سىنىپتا سورالغان سۇئاللار جاۋاپسىز قالاتتى، ھەممىسىنىڭ كوزى ئۇستەلگە ياكى يەرگە تىكىلگەن پېتى تۇرۇپ مۇئاللىمگە قارىمايتى. ئۇلارنىڭ جىسمىدىن سىنىپ بىرلىگى دىگەننى كۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دىسە بۇلاتتى. تىل ئۈگۈنۈشتە گەرچە مۇئاللىم بىلەن ھەمكارلىشىش ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، خىتاي سىنىپلىرىدا باللار خاتا جاۋاپ بىرىپ، كولكىگە قېلىشتىن ئۆلگۈدەك قورققاچ، ھىچ كىم ئاكتىپلىق بىلەن مۇئاللىمنىڭ سۇئاللىرىغا جاۋاپ بىرشنى خالىمايتى.

ئەمما قىسمەن چاغلاردا 99 نىڭ باللىرى ھەممە سىنىپنى بېسىپ چۈشىدىغان چاغلارمۇ بولىدى. بىر كۈنى مەكتەپ تەرەپ ئوقۇغۇچىلارغا سىنىپتا كوڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇتكۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. باشقا سىنىپتىكىلەر ئادەتلەنگەن ئۇسۇلدا پارتا ـ ئورۇندۇقلارنى سىنىپنىڭ تېمىنى چورىدىتىپ تىزىپ، ئۈستەل ئۈستىگە ئازراق ئالما ۋە گازىر پۇرچاق تىزىپ، رەڭدار بالۇنلارنى ئېسىپ، داسكىنى چىرايلىق سۈرەتلەر بىلەن تۇشقۇزۇپ، مۇزىكا قويۇپ ئورۇندۇق تالىشىش، تېپىشماق تېپىش، قولدىن قولغا نەرسە ئۇتكۈزۈش دىگەندەك نۇمۇرلارنى تەييارلاش بىلەن ھەلەك بولدى. ئويۇن باشلانغاندا ھەممىسى خاتىرجەم ھالدا ئۈستەللىرىدە ئولتۇرۇپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى سىنىپ مۇدىرىنىڭ يېتەكلىشىگە تاپشۇرۇپ قانائەتلەندى. ئويۇن باشلىنىشى بىلەن گازىر چېقىشلار، تېپىشماق تېپىشلار ۋە چاۋاك چېلىشىپ قولدىكى نەرسىنى يېنىدىكى ئۇتكۈزۈپ بىرىش ئويۇنلىرى ئېلىپ بىرىلدى. 18 ئوقۇغۇچى 8 ئوقۇغۇچىغا زىت ئويۇن ئويناشتى.

شۇ كۈنى 99 نىڭ باللىرىمۇ كوڭۈل ئېچىش ئويۇنى ئۇتكۈزدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئوزگىچىرەك بولدى. ئۇلارنىڭ سىنىپىدا ھىلىقىدەك ئالمايۇ گازىر پۇرچاقىيۇ، رەڭدار بالۇنلار كۆرۈنمەيتى، ئەكسىچە ئۇلارمۇ پارتا ئۈستەللىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئارىلىقنى ئېچىپ بىر سەھنە ھازىرلىدى. ئاندىن رېتىمنىڭ كۈچلۈكلىدىن ئادەمنىڭ قۇلىغىنىڭ پەردىسى تىترەپ كەتكۈدەك بىر تۈركچە مۇزىكىنى ۋاراڭتىپ قويۇپ ھەممىسى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ دىسكو ئويناشتى. بىر بۇرجەكتە بۇ خىل مەنزىرىدىن ھوزۇر ئېلىشنى بىلمىگەن بىر قانچە قىز بالىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، سىنىپنىڭ كەيپىياتى ئالاھىدە ئۇستۈن ئىدى. رۇزىمەمەت ئىسىملىك ئويغۇر يىگىت ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋىلىپ، مۇزىكىنىڭ رېتىمىغا ئەگىشىپ قۇلىنى ھاۋادا شىلتىيتى، ئۇ پۈتۈن جىسمى بىلەن مۇزىكىغا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەركەتلىرى خۇددى غەرپتىكى مۇزىكا قاۋاقلىرىدىكى مۇزىكا باشقۇرغۇچىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇلارنىڭ سىنىپىنىڭ بۇ قېتىمقى كوڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى مۇشۇنداق ئوتتۇقلۇق ئورۇنلاشتۇرالىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل، بۇ سىنىپنىڭ كوپ مىللەتتىن تەركىپ تاپقانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتى. ئەۋەتتە، مىللەتلەر ئارىسىدا سوركۈلۈشلەر، خاتا چۈشۈنۈشلەر ۋە كوڭۈل ئاغرىشلار بۇلۇپ تۇرىدۇ، ئەمما گايىدا ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىدىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق ئۇچقۇنلىرىمۇ چاچراپ تۇراتتى. مۇشۇنداق كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇدىغان مىنۇتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، كوڭلۇمدىكى مىسكىنلىكنى بېسىپ، داۋاملىق مۇشۇ مەكتەپتە دەرس ئۇتۇشىم ئۈچۈن تۇرتكە بۇلاتتى.

## *دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى ھەرگىزمۇ دىنىنىڭ ئەركىنلىكى ئەمەس.*

*شىنجاڭ گېزىتى، 1996 - يىلى ماي*

باللار ئەژدەرھا ئۆيۈنى ئۆينىشاتتى. ئۇلار ئاغزىدىن چاچراپ كۆكۈش يالقۇن چىقىۋاتقان ئەژدەرھالاردەك بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايتى. بۇنىڭدىن زىرىكسە پاقىلداق ئېتىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتى. ئويغۇر باللىرى بىر قانچە ھەپتە تۇختىماي تاقىلداق ئېتىپ ئادەمگە ئاران بەرمىدى. ئەتىگەندەك كەچكىچە بىرەر مىنۇتتىما پاقىلداقنىڭ پارتىلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىماي ئارام خۇدا ئولتۇرغىنى بولمايتى.

كۈمۈر دوۋلىرى پار ئۆچۈقىغا تاشلىنىشى بىلەن ئىسسىق سۇلار راۋام بۇلۇپ، تۇربا ۋە پارلار خۇددى ئويقىدىن بىدار قىلىۋەتكەنكە ناراز بۇلۇشقاندەك غۇلدۇرلاپ كىتەتتى. كۆزنىڭ ئاخىرقى يوپۇرلماقلىرى چۇشۇپ، تەبىئەت باشقىچە تۇسكە كىردى. بىنالار كۆنىراپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. بىنارلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستىگە ئاستا ئاستا كوز يوگورتسە، كىشىدە خۇددا دەۋر ھالقىپ بۇ شەھەرنىڭ ئوتمۇشكە قاراپ ماڭغاندەك ھىسيات پەيدا قىلاتتى. ۋىۋىسكىلارنىڭ ئەك ئاستىدا، خىتايچە تۇتچاس خەتلەر، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرەپچە خەت ياكى بىر ئەگمە دەرىزە، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن قارىسا سىرىلىك ھەرپى ياكى قىيساق ئۆگزىلىك بىنا كوزگە چىلىقاتتى. 17 نۇيابىر كۈنى مۇقەددەس رامازان ئېيى باشلاندى.

بىر كۈنى ئىسمائىلغا تىلىفۇن قىلىپ، چۇشلۇك تاماقىا تەكلىپ قىلدىم.

"مەن بارالمايمەن"

"ئالدىراشمۇ سىز؟"

"ئالدىراش ئەمەس، ئەمما بۇ بىز ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئاي، رامازان مۇبارەك باشلاندى. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاش تاماق، يا ئىچكۈ ئىچسەك بولمايدۇ".

"ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلامدۇ؟"

"كۆپىنچىسى، مىنىڭچە 80 پىرسەنتى شۇنداق قىلىدۇ".

رامازان ئېيى ئىسلام كالىندارىنىڭ 9 ـ ئېيىغا توغرا كىلىدۇ، ئىسلام كالىدارى قەمەريە بۇيىنچە ھىساپلانغاچ، ھەر يىلى رامازان ئېيىنىڭ ۋاختى ئوخشىمايدۇ. رامازاندا روزا تۇتۇش ئىسلامدىكى بەش پەرىزنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا رۇزا تۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى.

رامازان ئېيىدا كىشىلەر ئۆزىگە بولغان كۆنتىرۆللىغىنى كۈچەيتىپ، ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئىرادىسىنى مۇستەكەملەيدىغان چاغ. شۇڭلاشقا بىر مۇسۇلمان كۈن چىقىشتىن كۈن پاتقىچە غىزالىنىشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ناماز ئوقۇپ كۈن ئوتتۇكۇشى كېرەك.روزا تۇتقاندا جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش ۋە تاماكا چېكىشمۇ مەنئى قىلىنغان. ئەمما ھامىلدار ياكى ئادەت كۆرۈۋاتقان ئاياللار، ۋە تېنى ئاجىز كىسەللەر بۇ چەكلىمىلەرگە ئۇچىرىمايتتى. روزا تۇتسا ئادەمنىڭ جىسمانى ھەۋەسلىرى تىۋەنلەپ، دىققىتى روھى ھاياتىغا بەكرەك مەركەزلىنەرمىش. قوساقنىڭ ئاچلىغىنى ھىس قىلىش ئارقىلىق نامراتلارنى ھال ئەھۋالىنى ھىس قىلىش مۇمكىن بولىدىكەن، شۇڭا بۇ ئايدا زاكات بېرىشكىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىسمائىلدىن ئاڭلىمىغان بولسام، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم بولغان رامازان ئېيىدىن بىخەۋەر قالاركەنمەن. چۈنكى ئەتىراپىمدىكى ئىجتىمائى مۇھىتتا ھېچ بىر پەرق بولغاندەك ھىس قىلمىدىم. ماڭا تونۇش بولغان غەرپنىڭ دىنى بايراملىرىدا ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن سودا ئېلانلىرى، بايرام كارتلىرى ۋە سوغاتلاردىن ھېچ قانداق بىر بېشارەت يوق ئىدى. بىرەر ئىككى ئۇششاق ئاشخانىلارنىڭ تاقالغانلىغى ۋە ئاشخانىلاردىكى خېرىدارلارنىڭ روشەن كەملەپ كەتكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا باشقا چوڭ ئۆزگۈرۈشلەر يوق ئىدى. روزا تۇتقانلارمۇ داۋراڭ سالماي ھەممىسى ئۆز يولىدا ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلارنىڭ بۇنداق ئېتياتچان بولۇشىمۇ بىسەۋەپ ئەمەس ئىدى، چۈنكى مەكتەپلەردە، دوختۇرخانىلاردا، ۋە دولەت ئورگانلىرىدا روزا تۇتۇش مەنى قىلىنغان ئىدى.ئوقۇغۇچىلار ۋە ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرىدىن روزا تۇتماسلىق تەشەببۇس قىلىنىپ، مەسچىتلەرگە بېرىپ دىنى يىغىلىشلارغا قاتناشماسلىق تەلەپ قىلىناتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ دىيىشچە ئەگەر بۇ قارارلاغا خىلاپلىق قىلسا مەكتەپتىن قوغلىدىغانلىغى ھەققىدە تەھدىتكە ئۇچرىغانمىش. ئەمما گېزىت - ژورناللادا ۋە تېلىۋىزورلاردا رامازاننىڭ ئەكسىل ئىنقىلاۋى ماھىتى ھەققىدە ھېچ قانداق ئۇچۇرلار بېرىلمەيتى. مەن بىلەن سوھبەتلەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى باشلىق شۇنداق ئۇختۇرۇش قىلدى دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

رامازان ئېيى ھەققىدىكى بەلگۈلىمىلەرگە ئايىت ھوكۇمەت ئورگانلىرىنىڭ چىقارغان نۇپۇزلۇق رەسمى ئۇچۇرى بولمىغاچ كىشىلەر ئارىسدا بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەپقاچتى گەپلەر تاراپ كەتتى. خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئۇچۇرلاردا رامازان ئېيىدا ئوقۇغۇچىلارنى تاماق ۋاختىدا قاتار قىلىپ يۇقلىما قىلىپ ئاشخانىغا بىرلىكتە ئاپىرىدىكەن، ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن چۈشلۈك زىياپەتلەر بېرىلىدىكەن، كىمنىڭ روزا تۇتۇقان كىمنىڭ تۇتمىغانلىغىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن سائەتلەپ مەنىسىز يىغىنلارنى ئېچىپ، كىمنىڭ ئۈستەلدىكى مىۋە سولىرنى ئىچىپ مىۋىلەرگە ئېغىز تىگىۋاتقانلىغىنى كۆزىتىدىكەن دىگەندەك گەپلەر يامراپ كەتتى.

بۇنداق چەكلىمىلەرنىڭ قويۇلىشىنىڭ سەۋەپلىرى ھەققىدە ئېنىق بايانلار بولمىغان، ھەقىقىتىنى بىلىش ئاسان ئەمەس، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ پەرىزىمچە، ھوكۇمەت تەرەپنىڭ نەزىرىدە دىن بىلەن

**بۆلگۈنچىلىك بىر بىرىگە چېتىشلىق دەپ قارالغانچ، 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىنى كېيىن ئىسلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشنى خالىغانچە چەكلىسە ھىچ كىمنىڭ تۇسقۇنلىغىغا ئۇچرىماسلىغىغا ئىشىنەتتى. ۋە ياكى ئامىرىكا پىرىزىدىنتى بۇشنىڭ تىرورلۇققا جەڭ ئىلان قىلىش پۇرستىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇيغۇرلارنى دىنى ئېتىقادىنى بىلەن كەسپى ئىستىقبالىنىڭ ئارىسىدا بىرىنى تاللاشقا مەجبۇرلاش ئۇچۇن بولسا كىرەك.**

**تىلىۋالدىغا ئوخشاش ھوكۇمەت خادىملىرى رامازان كىلىشتىن بۇرۇنلار بۇ خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قارارغا كىلىشكە مەجبۇرلانغان ئىدى. كادىرلارنىڭ دوپپا كىيىشى ۋە ساقال بۇرۇتلىرىنى ئوستۇرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتى. دۇپپىنىڭ گەرچە مىللى ئورپادەت بولۇپ، دىنى ئېتىقاد بىلەن ھىچ قانداق باغلىنىشى بولمىسمۇ، كىيىشنى مەنى قىلىشى بەلكىم پۇقرالارنىڭ دولەت گىراژدانلىغى ئۇچۇن ئوزلىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىگىدىن ۋاز كىچىشكە ئوندەش ئۇچۇن بولسا كىرەك. ئەمما ساقال بۇرۇتلارنىڭ چەكلىنىش ئانچە ھەجەپلىنەرلىك ئەمەس، چۇنكى ھەممىمىزگە ساقال قويۇۋالغان مۇسۇلمانلار، قوينىغا پارتىلاتقۇچ تىقىۋالغان دىنى ئەسەبىلەر دىگەن ئاك خېلى بۇرۇنلا سىڭىپ بولغان. ئەينى چاغدا مەن ھوكۇمەتنىڭ بۇ قارارلىرىنى توغرا تاپمىدىغان ئىدىم، ئەگەر مۇسۇلمان تېرورچىلارنى ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئوستۇرۇشتىن تۇسۇپ قالسا ھوكۇمەتنىڭ ئۇلارنى بايقىشىمۇ تەسكە چۇشمەمدۇ؟ ئەكسىچە، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىشغا ئارلاشمىسا ئوزىنى ئوزى ئاشكارىلايدىغۇ دەوپ ئويلىدىم. بەلكىم، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر بۇنداق دىنى ئەسەبىلىككە دىننى ئېتىقات ئەمەس، ساقال بۇرۇتلارنى ئوستۇرۇش سەۋەپچى بولغان دەپ قارىغانمۇ بۇلۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا كىسىپ بىر نىمە دىمەك راسلا تەس.**

**36**

**زاكات بىرىش ئىسلامدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. مۇشۇ قائىدە بۇيىنچە ئېلىپ ئەيتقاندا مۇسۇلمانلار تاپاۋىتىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى خەريرى ساخاۋەت ئىشلىرى ئۇچۇن سەدىقەت قىلىشى كىرەك. بۇ خىل سەدىقە بىرىش رامىزان ئېيىغىلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. بۇ خىل قاراش نەزىريەدە ياخشى ئاڭلانغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەمىلىلىشى قانداق بۇلىغانلىغىنى بىلىش ئۇچۇن بىر كۇنى مۇراتقا تىلىفۇن قىلدىم.**

**مەن ئۇنىڭ تەلىۋى بىلەن سىنىپىغا بىرىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سوزلىشىشكە ماقۇل بولغاندىن كىيىن، ئاندىن كورۇشۇش ۋاقتىنى بىكىتتۇق. بىردىن بۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بىر بىرىمىزدىن پايدىلىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىغىنى ھىس قىلدىم، ئۇ مىنىڭ ئىنگىلىز تىلىمدىن پايدىلانسا مەن ئۇنىڭ دىنى ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىناتتىم. بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بىر بىرىدىن پايدىلىنىش ئۇچۇن خىزمەت قىلسا كىرەك. ئەگەر بۇ پەرىزىم راس بۇلىدىغان بولسا، بۇ خىل رىئاللىقنى بىلگەندىن**

بىلمىگەن ياخشى، چۈنكى ئەگەر ھەممىمىزنىڭ  كۆڭلۈدىكى شەخسىيەتچىل ئارزۇلار كىشىلىك مۇناۋەتنىڭ ئاساسلىق  تۈرتكىسى بولۇپ قالسا،  بۇ خىل دوستلۇقنى قانداقمۇ داۋاملاشتۇرغىلى بولسۇن.

بىز چۈشلۈك تاماقتىن كىيىن مەكتەپ ئالدىدا كۆرۈشۈپ، مەيدان تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. يولدا مۇرات مەندىن پىئىل ۋە گىراماتىكىغا ئايىت بىر قانچە سۇئال سورىدى، مەن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە جاۋاپ بىرىشقا تىرىشتىم. 15 مىنۇتلارچە سۇئال سوراقلارغا جاۋاپ بەرگەندىن كىيىن ئەمدى مىنىڭ سۇئال سوراش نۆۋىتىم كەلدى دەپ تەخمىن ئىتىپ " مىنىڭمۇ سىزدىن سورايدىغان بىر قانچە سۇئاللىرىم بار، مەن زاكات ھەققىدە بىراز ماتىريال كورگەن مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۇئاللار" دىدىم.

"قانداق سۇئاللار؟" دەپ ئىتيات بىلەن سورىدى مۇرات.

"زاكات دىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ نامراتلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىرىدىغان پۇلى شۇنداقمۇ؟"

"دۇرۇس".

"بۇ پۇللارنى كىمگە بىرىش كىرەك؟ مەستىچكە تاپشۇرامدۇ يا؟"

"بۇ پۇلنى بىرىدىغان ئادەملەر سەككىز خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى خىلى ئاللاغا ئىتىقات قىلىدىغان ھىچ نىمىس يوق يۇقسۇل مۇسۇلمانلار، ئىككىنىچ تۈرگە كىرىدىغانلارمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاپ كىتىدىغانلار. ئۈنچىچىسى ئىماملار، ئۇلارمۇ بەزىدە ياردەمگە مۇتاج بولۇدۇ".

"ئۇرۇق – تۇققان دوست بۇرادەرلەرگە بەرسە بولامدۇ؟"

"ئۇرۇق تۇققانلارغا زاكات بىرىشكە بولمايدۇ، دوست بۇرادەرلەرگە بەرسە بولۇدۇ"

"غۇلجىدا زاكات بىرىدىغانلار كوپمۇ؟"

"كوپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى زاكات بىرىدۇ. بۇ ئىتىقادىمىز ئۈچۈن بەكلا مۇھىم".

بىز مۇزدا ئۈيان بۇيانغا تەينىپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ دىگەندەك يەنە بىراز ماڭدۇق.بەزى جاۋاپلار ئادەمنى سەل ھەيران قالدۇراتتى، ئەمما ئۇلارنى بەكرەك ئويلىسا دىققىتى چېچىلىپ  ئادەم يىقىلىپ چۈشۈشى مۇمكىن.

"غۇلجىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئىشسىز، بەلكىم ئىشسىزلارنىڭ سانى 70 پىرسەنتكە يىتىدىغاندۇ، ئۇلارنىڭ زاكات بىرىشى تەستۇ؟"

"توغرا دەيسىز، پەقەت كىرىم تاپاۋىتى بارلارلا زاكات تۆلىيەلەيدۇ،... مىنىڭچە ئايلىق كىرىمى 6000دىن ئاشقانلارلا زاكات تۆلۈيەلىشى مۇمكىن".

"ئۇنداقتا بۇنچىلىك كوپ تاپاۋىتى بارلار ئانچە كوپ ئەمەستۇ؟"

"كوپ ئەمەس".

مەن سۇئال سۇراقلىرىمنى مۇشۇ يەردە توختىتاتسامۇ بولاتتى، ئەمما ئۇنىڭ تەلەپۇزىدىكى ھەددىدىن زىيادە مۇقەررەرلىك سەل ئوغامنى قايناتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەقۋىدار مۇسۇلمانلىغىنى تولا پەش قىلىپ، ئېتىقادى ئاجىزلارنى داۋاملىق كەمسىتىشلىرىدىن سەل بىزار بولۇشقا باشلىغانلىغىم ئۈچۈن، سۇئال سۇراشنى داۋاملاشتۇردۇم.

"دىمەك نۇرغۇنلىغان كىشى زاكات تاپشۇرمايدۇ دىگەن گەپ ئۇنداقتا؟"

"شۇنداق، تاپشۇرمايدۇ".

"سىزچۇ؟"

"ياق، مەندە زاكات تۆلىگىچىلىك پۇل يوق".

"مۇنداق دەڭ".

بىز بىردەم سۈكۈت ئىچىدە ماڭدۇق. يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، غۇلجىدا يامغۇر ئاز ياققاچ، بۇنداق چاغلاردا كوڭلۇم باشقىچە سۆيۈنۈپ كىتەتتى. بىز يول ياقىسىدىكى بىر كىچىك ئاشخانىغا كىرىپ يامغۇردىن پانالانغاچ، كاۋاپ بويرۇپ ئولتۇردۇق. ئۆزۈن ئوتمەي، مايلىرى قېتىپ قالاي دەپ قالغان، سىمىز يىلمان كاۋاپلاركەلتۇرۇلىۋىدى، ھىچ قايسىمىز بۇنىڭغا ئىتىراز بىلدۈرمەي جىم ئولتۇردۇق. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇمە كۈنى سىز بىلەن مەسچىتكە بىرگە بارسام بۇلارمۇ دەپ سۇرىۋىدىم، ئۇن نىمە ئۈچۈن بارماقچى بولغانلىغىنى سۇراپتى چىرايىدىن ئانچە بەك قۇشۇلۇپ كەتمەيدىغانلىغى چىقىپ تۇراتتى. مەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىۋىدىم، ئۇ گىپىمنى بۆلۈپ "سىز مەسچىتكە بارسىڭىز بولمايدۇ، ئەمما ئىسلام دىنىغا كىرسىڭىز بۇلۇدۇ" دىۋىدى مەن "ئىسلامغا كىرىشىم مۇمكىن ئەمەس، مىنىڭ ئىسلامنى چۈشەنگۈم بار، دىنغا ئىتىقات قىلغۇم يوق" دىدىم.

"ئەمما سىز ئىتىقاد قىلىشىڭىز كىرەك"

"سىز شۇنداق ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. ئەمما دىن توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنىڭ ئىنتايىن يىتەرسىز ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم، شۇڭلاشقا ئازراق ياردەمگە ئىتىياجىم بار" دەپ جاۋاپ بەردىم.

شۇندىن كىيىن ئۇ جىمىپ كەتتى، مەن كۆڭلۈمدە كاشكى ھەر ئىككىمىز بۇ ئۇڭايسىزلىقلارنى چىرايلىقچە يىغىشتۇرۇپ، مەن يولسىز سۇئاللىرىم ئۈچۈن ئەپۇ سۇرىغان بولسام، ئۇ ماڭا ياردەم بىرەلمىگەنلىگى ئۈچۈن ئوزرە تىلىگەن بولسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىدىم. ئەمما

ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، شۇندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە مۇرات بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

## 37

ياتىغىمنىڭ يۇرۇق چاغلىرى كۈندە ئون مىنۇتتىن ئاشمايدۇ. ئىللىق كۈن نۇرى دىرىزىدىن چۈشكەندە بۇشلۇقتىكى چاڭ توزاڭلار ھاۋادا ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، يالتىراق تاشلىق دىۋانىمۇ يالتىراپ كىتىدۇ. ئەمما بۇنداق كۆڭۈلگە ئارام بەخش رۇشەنلىك ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ، چۈنكى ئوينىڭ دەرىزىلىرى شىمالغا قاراپلا قالماي، ئىشىك ئالدىدىكى قاتار كەتكەن تىرەكلەرمۇ يورۇقلۇقنى توسۇپ، ئوينى ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر خىل غۇۋا قاراڭغۇلۇق قاپلا تۇراتتى. ھەتتا يازكۈنلىرىمۇ چىراغنى ئەتىگەندىن كەچكىچە يېقىپ قويۇشىمغا توغرا كىلەتتى. خۇددى بۇ قەدىمى بىنا ئوتمۇشىدىكى گۈزەل ئەسلىمىرى بىلەن باغلىنىشقا ئۇرۇنىۋاتقاندەك تۇراقسىز توكنىڭ ئىگىز پەسلىگىگە ئەگىشىپ ياتىغىمدىكى چىراقمۇ گاھى رۇشەن گاھى ئۇچۇپ تۇراتتى.

پولنىڭ يۈزى قۇمۇرلۇپ ئەبگارلىشىپ كىتىۋاتاتتى، توك چاتىدىغان ساكىتلارنىڭ ئورنى ئادەم بۇيى ئىگىزلىكتە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئادەمنى بىزار قىلغاننى ئاز دەپ خوشنىلارنىڭ ئاۋارىچىلىغىنى بىر دىمەمدىغان. ھەر كۈنى بىر مەس ئەركىشى ئۇستۈنكى قەۋەتتىكى ئايالنىڭ ئىشىگىنى تېپىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ئوي ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى، بەلكىم ئۇ ئايالنىڭ ئىرى بۇلسا كىرەك. ئاستىنقى قەۋەتتە سىچۇئەنلىك بىر خىتاي ئائىلىس دەرىزەمنىڭ ئاستىدا ئىس چىقىرىپ تاماق قىلغاچ، چۈشلۈك ياكى كەچلىك تاماق ۋاختىدا دەرىزىلەرنى تاقاشقا ئولگۈرەلمەي قالسام، ئوينىڭ ئىچى كويۈك ماي بىلەن ئاچچىق مۇرچىنىڭ پۇرىقى بىلەن تۇشۇپ كىتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇزۇمنى تەلەيلىك دەپ ھىس قىلاتتىم، چۈنكى ھىچ بولمىسا مىنىڭ بىر پانالانغىدەك ئۇيۇم بار ئىدى.

## 38

نومۇ دەريانىڭ ئۇستى تەرىپىدىكى بىر يارنى ئۆياپ، ئوڭكۆردەك بىر يەرنىڭ ئالدىنى ئەدىيال بىلەن توساپ ئۆي قىلىۋالغان ئىدى. بۇ بىرلا ئېغىزلىق ئوڭكۇر بۇلغاچ كىشىگە ئىللىقلىق ھىس قىلدۇراتتى. مەن يۇقۇرىدىن ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان، ئەسكىرىپ كەتكەن بىر قىزىل ئۇرۇندۇقنى كۆرۈپ، قىززىقىپ قېلىپ سۇرۇلۇپ چۈشۈشىم ئىدى.

نۇمۇ بىر ئەسكى پىچىنە قۇتۇسىدا پايپىغىنى يۇيىۋاتقان بۇلۇپ، مەشنىڭ ئەترىپىدا بىر قانچە قازان ـ قۇمۇچ تۇراتتى. ئوڭكۇرنىڭ يېنىدىكى ئاكاتسىيەنىڭ شاخلىرىغا كىر قاتلار يېيىغلىق ئىدى. كاللامغا دەرھال بىر نەرسە كەلمىگەن بولسىمۇ ئاغزىم ئارام ئالمىدى.

"ياخشى جاي رۇسلىۋاپسىز" دېدىم مەن خىتايچە

"رەخمەت"

"بۇ يەردى تۇرغىلى قانچىلىك بولدى؟"

"18 يىل بولدى".

"قىشتا سۇغاق ئەمەسمۇ؟"

"ئانچە ئەمەس".

ئۇ تىزلىرىغا ھەر خىل رەڭدە ياماق سېلىنغان كەڭ ئىشتان كىيىۋالغان بۇلۇپ، دەرەخقە ئېسىپ قويغان توت پوپايكىسىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك يىرتىلىپ كەتكەن ئىدى. بېشىدا قىزىل رەڭلىك كۇكا كۇلا دىگەن خەت بېسىلغان شەپكە كىيىۋالغان ئىدى. تەققى تۇرقى سەل ياداڭغۇ كۆرۈنسىمۇ، چىرايىدىن ساغلاملىغى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى مىللىتىنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولسامۇ تۇغرا تاپالمىدىم.

"سىز تۇڭگانمۇ ياكى شىۋەمۇ؟"

ئۇ بېشىنى چايقاپ "زاڭ" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۇنىڭ خىتايچىسىنى چۈشۈنۈش ئانچە ئاسانغا توختىمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قانچە دانە چىشى چۈشۈپ كەتكەچكە گېپىنى ئاڭقىرىش تېخمۇ تەس كەلدى. مەن خىيالىمدا جۇڭگۇدىكى بارلىق مىللەتلەرنى بىلىمەن دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن قايتىلاپ سۇرىسام يەنىلا "زاڭ" دەپ جاۋاپ بەرىۋى، ھەجەپ مەن ئاڭلاپ باقمىغان مىللەتكەن دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم.

"تاماكىڭىز بارمۇ؟" دەپ سۇرىدى نۇمۇ

"كەچۈرۈڭ، مەن تاماكا چەكمەيمەن" دىۋىدىم چىرايىدىن بۇ جاۋابىمدىن ئۇمۇتسىزلەنگەنلىگىنى كورۇپ، يانچۇغۇمدا ئۇنىڭغا بەرگۇدەك بىرەر نەرسە چىقارمۇ ئىزدىسەم پۇلدىن باشقا لىمۇن تەملىك كەمپۇت چىقتى. مەن كەمپۇت قۇتىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىۋىدىم، كوزلىرى نورلىنىپ، ئىككى ئالقىنىنى ئاچتى. مەن قۇتىنى سىلكىسەم ئالتە يەتتە تال ئۇششاق كەمپۇت قولىغا چۈشۈىدى نومۇ ھەممىسىنى بىراقلا ئاغزىغا تىقتى. ئۇ يەردىكى كۇتەكنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، تىز ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ لەززەت بىلەن ئاغزىدىكى كەمپۇتلارنى شۇراشقا باشلىدى.

كەمپۇتلارنى يەپ بولغاندىن كىيىن نومۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دەريانى بويلاپ ماڭغاچ ماڭا ئەگىشىپ مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم، يول ياقىسىدىكى

باراڭلاردىن كوك قاناتلىق قۇچقاچلار ئۇچۇپ، يەز يۇىزدە قۇرۇت ـ قوڭغۇزلار مىدىرلىشىپ تۇراتتى. يىراق بىر يەرلەردىن مۇتۇرنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

نۇمۇ بىر دۆۋە شاخنىڭ يېنىغا كىلىپ تۇختاپ، ئەتىراپىنى سەزگۇرلۇك بىلەن كۈزۈتۇپ، باشقا ئادەمنىڭ يوقلىغىغا ئىشەنگەندىن كىيىن، شاخ دۆۋىسىنى ئېچىشقا باشلىدى. ئاستا -ئاستا ياغاچ ئاستىغا بېسىلغان بىر پىرزىنت پارچىسى كۆزگە چېلىقتى. ئۇ بىرزىنتنى بىر ياققا قايرىۋىدى ئارىسىدا بىر دوۋە يېشىل بۇتۇلكىلار تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىۋىدىم "بۇلار مىنىڭ بايلىغىم" دىدى.

ئۇنى ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانمىكى دەپ قالماڭ، جۇڭگۇدا بۇنداق ئەخلەتلەر پۇلغا سېتىلىدۇ. قەغەز ساندۇقلار، قۇرۇق بۇتۇلكىلار، قەغەز پارچىلىرى، ئەسكى مىتال، ۋە ئەسكى پىلاستىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پۇلغا يارايدۇ. كۇچىلاردا قاپلارغا ئەسكى تۇسكى تاشلاندۇق نەرسىلەرنى قاچىلاۋاتقانلارنى جۇڭگۇنىڭ ھەممە يەرلىرىدە كۇرۇشكىز مۇمكىن، بۇ جۇڭگۇ زېمىنىدىكى بىر ئۇنىۋىرسال مەنزىرە دىيىشكە بۇلۇدۇ. بۇنىڭغا ئىتىياجى بار زاۋۇت كارخانىلار ھەر بىر قاپ ئۇچۇن ئۇچ يۇەن (فونت ستىرلىڭدا 25 سېنتقا توغرا كىلىدۇ) بىرىدۇ، بۇ گەرچە ئازدەك كۇرۇنگەن بىلەن بىر جاننىڭ قوسىغىنى بېقىشقا يىتىدۇ. غۇلجىنىڭ ئىسلزادىلىرى، خىتاي بۇلامدۇ، ئۇيغۇر، تۇڭگان ۋە ياكى قازاق بولمىسۇن، ئەخلەتنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاشقا ئادەتلەنمىگەچ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئاتىدۇ، شۇڭا ئەخلەت يىققۇچىلار ئۇچۇن ھەر يەردە بايلىق تېپىلاتتى.

مۇتۇرنىڭ گۇرۇلدىگەن ساداسى بارغانچە كۇچۇيىشكە باشلىۋىدى نۇمۇ دەرھال پۇتۇلكىلىرىنى يېپىپ قۇيۇپ، قۇلى بىلەن قۇلىغىنى ئىتىۋلىپ بېشىنى قاتتىق سىلكىدى. تۇساتتىن ئۇستىگە رەڭدار قوتقۇزۇش كىيملىرىنى كيۋالغان ئادەملەر ئولتۇرغان، تىز سۇرەتلىك بىر مۇتۇرلۇق قېيىق دەريا يۇزىدە پەيدا بولدى. قېيىقتا بىردەملىك خۇشاللىق ئۇچۇن جېنىنى دوغا تىككەن ساياھەتچىلەر ھاياجاندىن ۋارقىراپ چۇرقىراپ دەريانى بېشىغا كەيگەن ئىدى. قېيىق شۇپىرلىرىمۇ خېرىدارلارنىڭ خەجلىگەن پۇللىرى ئۇچۇن رازى قىلىش ئۇچۇن ھەدەپ قېيىقنى دولقۇنلار ئوستىدە ئۇيان بۇيانغا ھەيداپ، 45 گىرادۇس قىڭىر قىلىپ ئۇلارنىڭ جان ئىمانىنى قاچۇرۇپ، تېخىمۇ ۋاقىرتىۋتەتتى. ئۇلار بىزنى كۇرۇپ قول شىلتىپ قۇيۇپ، يەنە ۋاراڭچۇرۇڭلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يىراقلاشتى.

نۇمۇ مىن بىرلىكتە كەچلىك تاماق يەپ ئاندىن كىتىشكە تەكلىپ قىلدى. مىنىڭمۇ ئۇنىڭ قانداق تاماق ھازىرلايدىغانلىغىنى تازا بىلگۇم بولسىمۇ، ئەمما بۇگۇن ئاشقازىنىمنىڭ ھالى تازا ياخشى بولمىغاچ، ئۇنىڭغا رەخمەت ئەيتىپ قايتىپ كەتتىم.

دىنى ئېتىقادىم بولمىغاچقىمىكىن، دىنغا بولغان چۈنۈشۈش ئېستىگىم كۈچىيۈپ، دىنى تىلاۋەت ئورۇنلىرىغا قىززىقىپ قالدىم. گەرچە ئېتىقادى بارلاردىن ئۆزۈنى قاچۇرۇۋاتقان مەن بولسامۇ، كوڭلۈمدە خۇددى ئۇلار مەندىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرغاندەك ھىسياتتا بۇلغاچ، بۇ خىل ئويىنى قوبۇل قىلغۇم كەلمەيتى. چىركاۋلارغا بىمالال كىرىپ، مىس بۇيۇملارنى تۇتۇپ بېقىپ، تاشلارغا ئۇيۇلغان خەتلەرنى ئوقۇپ چىقىشتا ھىچ قانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىغان، ئەمما مەسچىتلەرگە دىنسىزلارنىڭ كىرىشى ئۇنداق قۇلاي ئەمەس ئىدى. بۇنداق بۇلۇشىنىڭ بىر سەۋىبى مەسچىتكە كىرىش ئۇچۇن ئايىغىنى سېلىش، تەۋرەت ئېلىش دىگەندەك بىر قاتار ھازىرلىقلار كىتەتتى. يانا بىر تەرەپتىن، تاكى خېلى يېقىنقى بىر چاغلارغىچە خىرىستىيان دىنىنى ئۆزۈمنىڭ مەدەنيەت مىراسىمنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى دەپ قارىغاچ، چىركاۋلارغا ھىچ قانداق قورۇنمايلا كىرەلەيتىم، ئەمما مەسچىتكە ئۇدۇللا كىرىشكە بۇنداق جاسارىتىم يوق ئىدى. كوڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە مەسچىتكە كىرىشكە ھوقۇقۇمنىڭ يوقلىقىنى ھىس قىلغاچ، مىنى بىرەرسى مەسچىتكە تەكلىپ قىلمىسا كىرەلمەيدىغانلىغىمنى ھىس قىلدىم. ئەمما مۇرات بىلەن پېلىپ بارغان سوھبەتتىن كىيىن، مەندەك بىر كاپىرنىڭ مەسچىتكە كىرىشىم مەنى قىلغانلىغىنى بىلىپ، بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتىم. دىمەك، بۇ مىنىڭدەك بىر دىنسىز خۇددى ئەبدىل جەھەننەمگە مەھكۇم قىلىنغاندەك بىر ئىش بولدى دەپ چۈشەندىم. شۇڭلاشقا ئىچىگە كىرەلمىگەندىن كىيىن، تېشىدىن بۇلسىمۇ ھوزورلىناي دىگەن قارارغا كەلدىم.

گەرچە ھوكۇمەت دىنى ئىشلارغا بۇلغان كونتۇرۇللۇغىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، مەسچىتلەرنى تاقىۋەتمىگەچ، غۇلجىدىكى نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەرنى كۆرۈپ كىلىش پۇرسىتى بار ئىدى. شەھەر ئىچىدە ئاز دىگەندە 50 چە مەسچىت بۇلۇپ، يېقىندا يەنە سەۋدى ئەرەبىستانلىق بىر باينىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن، شەھەردىكى مەيداننىڭ يېنىدا بۇيۇك بىر مەسچىت سېلىنىۋاتاتتى. ئەگەر پۇتسە بۇ مەسچىت غۇلجىدىكى، ھەتتا شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت بۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.

نۇيابىرنىڭ ئوتتىرلىرىغا كەلگەندە تالادا ھاۋا سوۋۇپ تېمپۇراتۇرا مىنۇس 15 گە چۈشۈپ كەتتى. شەھەر ئائىلىسىنىڭ كوپۇنچىسىنىڭ ئويىدە پار بولغاچ، ئادەمنىڭ تالادا ئۇزاق تۇرغىسى كەلمەيتى. كىشىلەر قېلىن كىينىپ، كوچىدا گاھىدا توك بىلەن ئىسسىدىغان جىلىتكە ياكى پاچاق قېپى كىيىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئۇچۇسىدىن توك تېگىشكەندە يالترىغان نۇرلار كورۇنۇپ، خۇددى كىنۇلاردىكى خاسىيەتلىك ئادەملەرنىڭ كىيىمدەك كورۇنەتتى. قېلىن پاختىلىق چاپان ۋە كىگىز تۇماقلارنى كىيىۋالغان ئۇيغۇرلار يىراقتىن خۇددى سىسلىيەلىكلەردەك كورۇنەتتى.

ئۇچىسىغا قاتمۇ قات ھەربىچە جۇۋىلار بىلەن بېشىغا يۇڭ تۇماق كىيىۋالغان دىخانلارقوشۇمىلىرىنى تۇرۇپ، خۇددى قوچاق ئادەملەردەك پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئىسسىناتتى. تاكى باھار كىلىپ ھاۋا ئىللىغىچە، قاتمۇ قات كىيىملەر ئارىسىغا ئورۇنىۋالغان ياشلارنىڭ قىز ئوغۇللۇغىنى بىلگىنى بولمايتى.

ئەمما قەرتان قىشنىڭ سوغۇق ھاۋاسىمۇ مىنىڭ كۆچىلارنى ئايلىنىش ھەۋىسىمنى توسۇپ قالالمىدى. كۆچىدا ھەمىشە ھاجايىپ ھادىسىلەرنى كۆرۈش ئېتىمالى بار ئىدى. مەسىلەن بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن كۆچىدا ئەخلەت هارۋىسىغا يۆغان سۇپۇرگىلەرنى بېسىپ، كۆچا تازىلىغىنى قىلىۋاتقان مۇھىت ئاسراش ئىشچىسى دىققىتىمنى تارتتى. تەپسىلى قارىسام ھارۋىنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىغلىق بىر قانچە يوغلۇق نەرسىگە نەزىرىم چۈشتى، سىنچىلاپ قارىسام تۇشقان ئىكەن. مىنىڭ سىنچىلاپ قاراپ كەتكەنلىگىمنى كۆرگەن تازىلىقچى، قورسىغىنى سىلاپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

تۇساتتىن قۇلىغىمغا تونۇش بىر خىل غۇڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ خىل ئاۋاز گۇگۇم چۈشۈشتىن بۇرۇن بەكرەك كۆچىيىپ كىتەتتى. بۇ ئاۋازنىڭ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن كۆچۈيۈپ كىتىشى، ئاخشاملىرى ھەممە ئائىلە تەڭلا چىراق ياققاچ، تۇكقا بولغان بېسىم ئېشىپ، تالادىكى توك سىملىرى غۇڭۇلداپ كەتسە كىرەك دەپ پەرەز قىلدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەلىسپىتىگە پىچاق چاقلايدىغان ئەسۋاپلارنىڭ بىكىتىۋىلىپ، پىدال بىلەن قۇم چاقنى ئايلاندۇرۇپ پىچاق چاقلاۋاتقان بىرىنى كوردۇم، ئۇنىڭ ئەتىراپىدا قۇللىرىغا گۆش تۇغرايدىغان يۇغان قىڭراقلارنى كۆتۈرىۋالغان ئاياللار تۇنۇۋەت ساقلاپ تۇراتتى.

مەھەللىدىكى ئىككى يۇغان مىنارلىق مەسچىت كۆزگە بەكرەك چېلىققاتتى. مەسچىتنىڭ ياغاچ تۇۋرۇكلىرىدىكى رەڭلەرنىڭ ئۆڭۈپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇنىڭدىن بىر خىل ھەيۋەت چىىپ تۇراتتى. مەن پاكىز تازىلاپ قويۇلغان مەسچىت ھويلىسىغا كىرىپ، ، يىراقتىكى تامنى بويلاپ قاتار كەتكەن تۈۋرۈكلەر بىلەن يېرىم يېپىغان ئايۋاننى كوردۇم. بۇ ئايۋاننىڭ ئوگزىسىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى قىشلارنىڭ ئۇستىگە نىپىز يېشىل رەڭ قوندۇرۇلغان ئىكەن. ئىشىك ئالدىدا بىر جۈپ قارا ئاياق تۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئىچىدىن ئۇستىگە كۆك رەڭلىك پاختىلىق چاپان، بېشىغا قارا دۇپپا كىيىۋالغان بىر ئويغۇر چىقتى. ياشىنىپ قالغانلىغىدىنمۇ ياكى تاملارنىڭ پاكارلىغىدىنمۇ ئىش قىلىپ ئۇ سەل مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى. مىنى كۆرۈپ جايىدا تۇختاپ، ماڭا سوغاق نەزەر بىلەن قارىدى. مىنى چىقىرىۋىتەمدىكى دەپ تۇراتتىم، ئۇ خىتايچىدە نەدىن كەلدىڭىز دەپ سورىدى. مەنمۇ خىتايچە جاۋاپ بەرسەم"ئەنگىلىيە؟"، ئۇلارمۇ جەنۇپقا قاراپ ناماز ئوتەيدۇ" دىدى.

مىنىڭ سوغاقتىن جاقىلداپ تىترەپ كىتىۋاتقانلىغىمنى سىزىپ، "تالا سوغاق، ئىچكىرى كىرىڭ" دىدى. مەن ئايىغىمنى سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەسچىت ئىچىگە كىردىم. ئىشكتىن كىرىپلا ئاستىغا ھىچ نىمە سېلىنمىغان بىر كارىدۇردىن ئوتۇپ، ناماز ئوتەيدىغان زالغا كەلدۇق. مەسچىتنىڭ ئۇسلۇبى ماڭا ئويغۇر ئويلىرىنىڭ شەكلىنى ئەسلەتتى، ئويلەرنىڭمۇ كارىدۇرىدىن ئوتۇپ ئاندىن چوڭ مىھمانخانىسىغا كىرەتتۇق. ئويلەر مەسچىتنى دوراپ سېلىنغانمدۇ ياكى مەسچىتلەر ئوينىڭ شەكلىدە سېلىنغانمىدۇ ئۇنىس ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر بىر باغلىنىشنىڭ بارلىغىنى ھىس قىلدىم.

بىر چەتتىكى مېھراپمۇ ئويغۇر ئويلىرىدەك كۆك رەڭدە سىرلانغان ئىكەن. شىمالى تامغا مەككىنىڭ رەسىمى ئېسىلغان بۇلۇپ، بۇ مەسچىتنىڭ سېلىنغىنىغا قانچە يىللار بولغاندۇ دەپ سۇرسام، يۈز يىلدىن ئاشتى دىدى. بىردىن بۇ كىشى مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىمىدۇ دىگەن پىكىر كاللامدىن كىچىپ قالدى، سىز ئىمامىمۇ دەپ سۇرىسۇيدىم، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلىۋدى، چىشلىرى خۇددى قازاندا قورۇلۇپ ساغارتىلغان قۇناق دانىسىدەك يالتىراپ كەتتى.

"مەن ئىمام ئەمەس، مەن بۇ مەسچىتنىڭ مۇلازىمى" دەپ جاۋاپ بەردى

"سىز كۈندە قانچە قېتىم ناماز ئۇتەيسىز؟"

"كۈندە بەش ۋاق"

"ئەگەر بىرەرسى بەش ۋاق نامازنىڭ ھەممىسگە تۇلۇق قاتنىشالمىسا مەسلە چىقامدۇ؟"

"بەلكىم. ھەممىمىزنى كۆزۈتۈپ تۇرۇدىغان پەرىشتىلەر بۇلۇدۇ، بىرى بۇياندا، بىر ئۇياندا" دەپ ئىككى مورىسىنى كورسەتتى. "ئۇلار بىزنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىمىزنى كۈرۈپ تۇرۇدۇ، ھەمدە ئاللاغا يەتكۈزۈپ تۇرۇدۇ. ئەمما نامازغا بىر قېتىم كىلەمدۇ، بەش قېتىم كىلەمدۇ، ئىش قىلىپ ناماز ئۇتەپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىس مۇسۇلماندۇر" دىدى.

ئۇنىڭ بۇ تەبىرى مۇرات بىلەن دوسلىرىنىڭ ماڭا بەرگەن پەتىۋالىرىدىن سەل پەرقلىق تۇيۇلدى. بۇ ئادەمنىڭ تەبرى ھەنەفى مەزھىبىنىڭ باشلامچىسى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ دىگەنلىرى بىلەن ئۇخشىشىپ كەتتى. ئەيتىشلارغا قارىغاندا، ئەبۇ ھەنىفە ئىمان ئەيتقانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھىساپلىنىدۇ، قىلغان ئەتكەنلىرىنى سۇئال سۇراق قىلىش ئاللاھنىڭ ئىشى دەپ تەلىم بەرگەنمىش.

ئەبۇ ھەنىفە ئەرەپچە سوزلىشىدىغان پارىس ئەۋلادى بۇلۇپ، مىلادى 699 - يىلى ئىراقتا تەۋەللۇد بولغان. ئۇ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى رەخ ۋە تۇقۇلما بۇيۇملىرىنى ئېلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن ئۇتكۈزگەنمىش. شاگىرتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ يازغان مەھدىيەناملىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىنتايىن سەمىمى ئادەم بولغاچ، سودىسى ئاللاھدە رۇناق تاپقان ئىكەن. ئومرىنىڭ كىينكى قىسمىدا ئەبۇ ھەنىفەدە دىنغا بولغان ئىشتىياق ئېشىپ، نۇرغۇن ئىماملاردىن تەلىم ئېلىپ، كىيىن كۇفا شەھرىدە بىر مەدرىس ئاچقان ئىكەن. ئۇنىڭ پىكىرلىرى ئامما ئارىسدا ئاللاھدە ھورمەتكە ئىرىشىپتۇ. بۇلۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلاھىيەتقە ئايىت سۇئاللارغا ئەقلى تەپەككۇر ۋە مەنتىقە ئارقىلىق بەرگەن جاۋاپلىرى ئەل ئارىسدا بەكرەك ئالقىشلانغانمىش. ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا ئىسلام شەرئىتى زامانغا ماس ھالدا ئوزگۈرۈپ ماڭىدىغان، جانلىق دىنى قانۇن ئىكەن.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ داڭقىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ھوكۇمەت ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرشقا ئۇرۇنغان ھوكۇمرانلارمۇ كۆپىيىپ، ھەممىسى ئۇنى باش قازى بۇلۇشقا تەكلىپ قىلغان ئىكەن.

ئەمما ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇ خىل تەكلىپلىرىگە قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن رەددىيە بىرىپ، رەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل تەۋرەنمەس مەيدانى ئاخرى جېنىغا زامىن بولۇپتۇ. مىلادىنىڭ 763 – يىلى ئاباسىلار سۇلالىسىنىڭ ھوكۈمرانى خەلىفە ئەلمەنسۇر يەنە بىر قېتىم ئەبۇ ھەنىفەنى باش قازىلىققا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ مەن بۇنداق يۇقۇرى مەرتىۋەگە مۇناسىپ ئەمەس دىگەننى بانا قىلىپ رەت قىپتۇ. ئەلمەنسۇر ئۇنى يالغان سۆزلىدى دەپ قاتىيا ـ قايتا ئادەم ئەۋەتكەندە، ھەنىفە، يالغان سوزلىگەن بولسام، بۇ مىنىڭ بۇ مەرتىۋەگە سالاھىتىمنىڭ تۇشمايدىغانلىغىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى ئەمەسمۇ دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خەلىپە، ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزۇۋېتۇ. ھەنىفە زىنداندا ئىككى يىل قامىلىپ، شۇ يەردە قازا قىپتۇ. ئەيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ دەپنە مۇرسىمىغا قاتناشقانلار ھەددى ھىساپسىز بولغاچ، ئالتە قېتىم مۇراسىم ئوتكۈزۈشكە تۇغرا كەپتۇ. كىينچە، باغدادنىڭ ئەدھەمىيە رايۇنىدا ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن سېلىغان ئەبۇ ھەنىفە مەسچىدى ھازىرمۇ شۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

تۇساتتىن مەسچىت مۇلازىمى ئوزرە تىلەپ قېرىندىشىم بىر قوي ئېلىپ كەلمەكچى ئىدى مەن كىتەي دىۋىدى، مىنىڭمۇ دەرسىم بارلىغى يادىمغا كىلىپ قايتىشقا ھازىرلاندىم. ئەمما، كەلگۈسىدا بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ قايتىلىشىنى ئويلىغىنىمدا، كوڭلۈم ھاياجانغا چۆمدى. بىز قول ئېلىشىپ خۇشلاشقادا، ئۇ يەنە بىر قولىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ "قايتا كىلىڭ، سىزنى قارشى ئالىمىز" دىدى.

**40**

كولىننى گەرچە ئانچە بەك ياقتۇرۇپ كەمسەممۇ، ئەمما ھەر ئىككىمىز مەكتەپتىكى كۇنلىرىمىزنى ئىشلەپچقىرىشى ۋە قۇرۇلۇش دىۋىزىيسىدىن قوبۇل قىلىنغان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئوتۇش بىلەنلا ئوتكۈزۈشنى ئانچە بەك خالاپ كەتمەيتۇق. گەرچە ئانچە كۈچلۈك ئاساسىم بولمىسمۇ، مىنىڭچە شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەيدىغان قازاق ۋە ئويغۇرلاردىن كوپرەك ئوقۇغۇچىلار بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوپۇنچىسى دىۋىزيەلەردىن قوبۇل قىلىغان خىتاي ئوقۇچىلار بولۇپلا قالماي، مەكتەپ بىلەن تۇزگەن توختامنامىدا مەكتەپ سىرتىكىلەرگە دەرس ئوتۇش مەنى قىلىنغاچقا، بىزگە شۇلارغا دەرس ئوتۇشتىن باشقا چارىمۇ قالمىغان ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئوتۇشى بىلەن بۇنىڭمۇ ئاسان چارىسىنى تاپتۇق، بىز ئاخىرى توختامدىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلارغا ئىتىبار بەرمەسلىك قارارىغا كەلدۇق.

بۇنىڭ ئاساسچىسى كولىين بولغاچ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇشىمىز كىرەك، چۈنكى ئۇ بىر قانچە يىلدىن بىرى قازاق ۋە ئويغۇرلارغا ئىنگىلىز تىلى كۇرسى ئېچىپ دەرس ئوتۇشنى داۋاملاشتۇرۇ كەپتۇ. ئۇ چۈڭلار مارىپىغا تەۋە بۇ سىنىپنى ئىككى مىللەتنىڭ

ئىسملىرىنىڭ بىرىنچى ھەرپلىرى بىلەن "ك ۋە ئۇ سىنىپ" دەپ ئاتىۋالغان بۇلۇپ، ئۇنىڭ سىپىدا ئېلىنۇر قاتارلىق بىر قانچە چەتئەللىك ئوقۇتقۇچىلارمۇ ياردەملىشىپ دەرس ئۆتۈشۈپ بەرگەن ئىكەن. ئىنگىلىز تىلى فاكۇلتىتىنىڭ مۇدىرىنىڭ ئايالىمۇ يېرىم ئويغۇر بولغاچقىمىكى، ئۇ بۇ پىكىرگە يول قويۇپ، مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت بەرگەن ئىكەن. ئەمما گۇمانىمچە ئۇنىڭ بۇ خىل كەڭ قۇساقلىقى كوڭلىنىڭ ياخشىلىقىدىنلا بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ كۇرستىن چۈشكەن پۇلدىن ئوقۇتقۇچىلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمەي، ھەممىسنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇ كۇرسلار مەكتەپ تەرپتىن ئورۇنلاشتۇرۇمىغاچ، كۇرستىن چۈشكەن كىرىمنى ئوز يانچۇغىغا تىقسىمۇ بىرەرسىنىڭ كارى بولمايتى (ئەمما مەن ئۇنى شۇنداق قىلدى دىمەكچى ئەمەسمەن).

بۇ قېتىقى كۇرس ئىچىش ھەققىدىكى گەپلەر تارقىلىشى بىلەن ئىنكاسلار قايناپ كەتتى. ئۇزۇنغا بارماي 40 ئەتىراپىدا ئوقۇغۇچى تىزىملىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سىنىپقا ئۇشۇق كەلگەچ، بىز ئىككى سىنىپقا بۆلۈپ دەرس ئۆتۈش قارارىغا كەلدۇق. بىر سىنىپقا مەن بىلەن ئېلىنۇر، يەنە بىر سىنىپقا كولىين دەرس ئۆتۈدىغان بۇلۇپ قارارلاشتۇق. ئىشلارنىڭ ھەممىس ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەمدى پەقەت بىر كۈنى ھەممىمىز جەم بۇلۇپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ، كىم قايسى سىنىپقا كىرىدۇ دىگەنلەرنى بىكىتىپ ئىشنى باشلاشلا قالغان ئىدى. كولىين ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرى كۇرۇشلى، تەپسىلى ۋاتقىنى مەن سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن دىدى.

بىر قانچە كۈندىن كىيىن ئېلىنۇرنىڭ بىر قىز دوستى بىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ قىز كولىيىننىمۇ تەكلىپ قىلغانلىغىنى ئەيتتى، ئەمما تاكى مىھماندارچىلىقتىن قايتىقىچىمۇ ئۇنىڭ قارىسى كۇرۇنمىدى. گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن بىز ئوي ساھىبىغا رەخمەتلەر ئەيتىپ قايتىپ كىلىۋاتساق، بۇ قېتىمقى كۇرسقا تىزىملاتقانلاردىن خەمت بىلەن يۇسۇپكە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلار بىز بىلەن سالاملىشىپ بۇلۇپ، نىمە ئۇچۇن يىغىنغا قاتناشمىدىڭلار دەپ سۇرىدى.

"قايسى يىغىنغا؟"

"ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىغا"

بىز قايتىپ كىلىپلا كولىيىندىن نىمە ئۇچۇن بىزگە خەۋەر قىلماي يىغىن ئاچقانلىغىنى سۇرىساق، ئۇ منى مېھماندارچىلىققا چاقىرمىدى، سىلەرنىڭ مىھماندارچىلىققا كەتكەنلىگىڭلاردىن خەۋرىم يوق ئىكەن دەپ بانە كورسەتتى.ئۇنىڭ يالغان سوزلەۋاتقانلىغى ئېنىق بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا بىر نىمە دىمىدۇق. مىنىڭ ئەقلىم يەتمىگىنى، بىزنىڭ ھامان بۇ يىغىندىن خەۋەردار بۇلىدىغانلىغىمىزنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا بىزگە خەۋەر بەرمەستىن يۇشۇرۇن يىغىن ئېچىشى بولدى.

قانداقلا بولمىسۇن كۇرس ئاخىرى ئېچىلىدىغان بولدى، مەن سىنىپقا كىرىپلا ماڭا تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا قىززىقىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توت ئوقۇتقۇچى، ئىككى دوختۇر،

بىرى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى، يەنە بىرى دورىگەر، ئۇندىن باشقا يەنە ئىككى دىخان، بىر ئاتنىڭ ئىگىرىنى ياسايدىغان ھونەرۋەنمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 30 دىن ئاشقان بولۇپ، ئائىلە بالىچاقىلىق بولغانلار بولۇپ، ئۇلار مىنىڭ رەسمى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن راستىنلا ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. ئىچىمدە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئېنىقسىز قالغان سۇئاللىرىمغا جاۋاپ ئالارمەن دىگەن ئۈمۈت پەيدا بولدى.

## 41

يېقىندىن بىرى كاللامغا ھەمىشە سەي خېنىم كىرىۋالدىغان بولدى. گەرچە سەي خېنىمنىڭ ئەملى ھوقۇقى بولمىسمۇ، ئۇ مەن ئۈچۈن مۇھىم ئىدى، چۈنكى مەن پەقەت ئۇنىڭ ۋاستىچىلىغى بىلەن ئەملى ھوقۇقدارلار بىلەن ئالاقە قىلالايتىم. ئەمما مىنىڭ ئۇنىڭغا ئايىت بىلىدىغانلىرىم يوق دىيەرلىك ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ھەقىقى يېشىمۇ ماڭا بىر خىل سىردەك تۇيۇلاتتى، چۈنكى ئۇ گاھىدا 20 ياشلاردىكى قىزلاردەك كۆرۈنسە بەزىدە 40 دىن ئاشقان ئاياللاردەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرى ۋە ھەركىتىدىن بىر خىل ياسالمىلىق ياكى ئىتىياتچانلىق چىقىپ تۇراتتى، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەدەپلىك پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنغان بىرەر سىر بارمۇدۇ دەپ ئويلۇنۇپ قالاتتىم.

ئەمما ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئىگىلەشكە ئانچە جىق كۈچىلاشمۇ كەتمىدى. ئىككى ئۈچ سورۇندا ئۇنى ماختاپ ئىسمىنى چىقىرىپ قويۇۋىدىم، ئىشلار ئايدىڭلىششقا باشلىدى. ئىگەللىگەن ئۇچۇرۇمغا ئاساسلانغاندا 20 يىللارنىڭ ئالدىدا سەي خېنىم تېخى ئوقۇغۇچى ۋاختىدا ئوي ئوچاقلىق بىرسى بىلەن قىزغىن مۇئابەتلەنشكەن بولۇپ، ئۇ كشى سەي خېنىمنىڭ مۇئەللىمى ئىكەن. مۇئەللىمنىڭ سەي خېنىمدىن چوڭراق بىر قىزىمۇ بار ئىكەن. كىيىن ئۇ مۇئەللىم ئايالىدىن ئاجرىشىپ سەي خېنىم بىلەن توي قىپتۇ. بۈگۈنكى جۇڭگودا بۇنداق ئىشلار ئانچە بەك دىققەت تارتىپ كەتمەيدۇ، ئەمما 1980 - يىللاردا بۇنداق ئىشلار چوقۇم كىشىلەرنىڭ غەزۋىنى قايناتقاندۇ بەلكىم. بەزى خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھىلىمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىگى ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى جەمىيەتنىڭ تېخى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىگى ۋە كەچۈرۈۋەتمىگەنلىگىنىڭ بىشارىتى بولسا كىرەك.

قازاقىستان ماجىراسىدىكى كوڭۈلسىزلىكلەرنى ئونتۇپ كىتىش ئۈچۈن مەن ئۆرۈمچىدە سېتىۋالغان، ***باقمىچىلىق مەيدانى*** دىگەن كىتاپنىڭ ئىنگىلىزچە ۋە خىتايچە بېسىلغان قوش تىللىق نۇسخىسىنى سوغات قىلىپ بەردىم. مەن بۇ كىتاپنى دەسلەپتە كورگەندە سوتسيالىزىمنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىگىنى تەشۋىق قىلىدىغان بۇ كىتاپنىڭ جۇڭگودا سېتىلىدىغانلىغىدىن ھەيران قالغان ئىدىم. ئەمدى ئويلىسام مىنىڭ ئۇنداق ئەندىشە قىلىشىم ئۈشۈقچە ئىكەن، چۈنكى خىيالى سوتسيالىزىم غايىلىرى بۇ دولەتتە تىزدىن ئەمىلىلىششكە باشلىغان ئىدى. مەن ئۆرۈمچىدىن كىلىپلا بۇ كىتاپنى سوغا قىلىپ سەي خېنىمغا بەرسەم، ئۇ دەسلىۋىدە سەل ھەيران قالغاندەك بولدى.

"ماشىمۇ؟"

"شۇنداق"

"راسلا ماشىما؟"

"ئەلۋەتتە راسلا سىزگە"

"رەخمەت سىزگە، قارىسام خېلى قىززىقارلىقتەك كۆرۈنىدۇ!"

"بۇ سوتسىيالىسزم ھەققىدە يېزىلغان"

"بەك ياخشى بولدى، بۇ مىنىڭ كەسپىمگە ماس كىلىدىكەن، ئەسلىدىنلا بۇ كەسپتە ماگىستىرلىقتا ئوقۇي دىگەن ئويۇممۇ بار ئىدى".

ئۇ كىتاپنىڭ ئارقىسىغا قاراپ بېقىپ، سومكىسىنى ئاختۇرۇتۇپ، 10 يۇئەنلىك بىر پۇلنى چىقىرىپ ئۇستەل ئۈستىگە قويدى.

"بۇنى ئېلىڭ، رەخمەت سىزگە"

"بۇ نىمە قىلغىنىڭىز ؟"

"كىتاپنىڭ ھەققى شۇنچىلىكقۇ؟ يا بۇنىڭدىنمۇ قىممەت تۇختىدىمۇ سىزگە؟"

"ياق، ياق، بۇ سىزگە بەرگەن سوغام، پۇل بىرىشنىڭ ھاجىتى يوق"

ھېلى تېخى سەل ھەيران قالغان بولسا بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، سەي خېنىمنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇ يەنە قايتىلاپ ماڭا ئالدىڭىزمۇ دىگەن سۇئالنى تەكرارلاپ بۇلۇپ، كەينىگە يۇلۇنۇپ ئولتۇرۇپ ماڭا گاڭگىرىغان ھالدا كۆلۈمسىرەپ قارىدى. شۇنداق قارىسام مەندىن نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭىز دەپ سۇرايدىغاندەك كۆرۈندى، شۇڭا مەن دەرھال گەپ قىستۇرۇپ:

"كىتپا كۆرۈشنى ياقتۇرامسىز؟" دەپ سۇرۇدۇم.

"شۇنداق ياخشى كۆرۈمەن، بۇلۇپمۇ كىلاسسىك ئەسەرلەرنى بەكرەك ياخشى كۆرۈمەن. سىز كوڭزنى ئاڭلىغانمۇ؟"

"نىمە ئۈچۈن ئۇنداق كىتاپلارنى ياخشى كۆرۈسىز؟"

"ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ ئورنى مۇقەررەر بەلگىلەنگەن، كىمنىڭ نىمە قىلىدىغانلىغىنى بىلىشكە بۇلۇدۇ، ئەمما ھازىرقى ئەدەبياتلار ئادەمنى بەكلا قايماقتۇرۇدۇ".

"ئەمما هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى پىرسوْناژلار بەكرەك ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەر، خۇددى رېئال هاياتتىكىدەكلا".

ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىۋىدى، مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ جاۋاپ قايتۇرۇدۇم. ئۇ ئەمدى بىر نىمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى تېلېفۇن كېلىپ قالدى، تېلېفۇندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن قارسام چىرايىغا بۇرۇنقى نۇرانىلىقى قايتا كېيۋالغان ئىدى. بۇ خىل روھى ھالەتتىكى قىسقىغىنە ئۆزگۈرۈشلەردىن ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىدىكى خاتالىقلار تۈپەيلى تارتقان چەتكە قېقىشلار، شۇڭلاشقا ھەمىشە يولدىن چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ بۈيرۇققا بوي سۇنسىلا بولىدىغان، ئۇششۇق ـ تۈششۈك گەپ قىلىشكە ھاجىتى يوق مۇشۇنداق بىر خىزمەتنى تاللىغان بولسا كېرەك.

**42**

خىتاي ئۇقۇغۇچىلار بىلەن سىياسى تېمىدا سوزلىشىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ مىللى سىنىپ بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەرقانداق بىر ئاددى تىما دەرھال سىياسى تۈس ئېلىپ، ھەمىشە تىمىلارنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا تۇغرا كېلەتتى. مەسىلەن ئاددىيغىنا بىر تىل مەشقىدە سورالغان سۇئاللارمۇ دەرھال بىر خەتەرلىك سىياسى تىمىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

"خەمىت سىز دەپ بېقىڭە سىز ئەڭ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى كىم؟ ۋە نىمە ئۈچۈن ئۇ كىشىنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىسىز؟"

"مەن كەلگۈسىدە ئويغۇرلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان ئويغۇر دائىلىرىنى كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن".

"شۇنداقمۇ، بۇمۇ بولۇدىغان جاۋاپ، ئەمما مىنىڭچە يەنىلا ئەمىليەتچانلىراق بولۇپ، غايىۋى ئادەملەرنى ئەمەس، ئەملى بىرىنى دىسەڭ ياخشىمىكى. يۇسۇپ سىز دەپ بېقىڭە، سىز تارىخى شەخسلەردىن بىرەرسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلامسىز؟"

"بولۇدۇ، مۇمكىن بولغان بولسا سادىرنى كۆرۈشنى ئەڭ ئارزۇ قىلىمەن"

سىنىپتىكىلەر پىچىرلىشىپ ئۇنىڭ پىكىرىنى ماقۇللىدى.

"سادىر دىگىنىڭىز كىمۇ؟"

"بىر ئۇلۇغ زات، ئۇ خىتايلارغا قارشى كۆرەش قىلغان".

"شۇنچىلىك بولسۇن، ئەمدى كىتاۋىڭلارنىڭ 45 ـ بېتىنى ئېچىڭلار".

گەرچە مەنمۇ بۇنداق پىكىر ۋە تېمىلارغا قىززىقساممۇ، بۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. مېنىڭچە بۇ خىل تېمىلارنى مۇزاكىرە قىلىش، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن مەخپى ئىنگىلىزچە دەرس ئۆتۈشتىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك ئىدى. ئىش قىلىپ، بۇ خىل سۇئال جاۋاپلارنىڭ ھەممىسى ئىنگىلىز تىلى پاكۇلتىتىنىڭ سىنىپىدا ئىنگىلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلغاچ، بىرەر ئاكتىپ مۇئاللىم ياكى ئۇقۇغۇچىنىڭ قولىغىغا چۈشۈپ قالسا ھەممىمىزنىڭ بېشىغا بالا بولاتتى.

مەن دايىم ئۇلارنىڭ بۇنداق تېمىلاردا سوزلىششىگە نىمە تۇرتكە بولۇۋاتقاندۇ دەپ ئويلىنىپ قالاتتىم. سىنىپتىكىلەرنىڭ كوپۇنچىسى ئويغۇرلارنىڭ بەختسىزلىگى توغرىسىدىكى پىكىردە بىردەك بولۇپ، بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايتى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلار بۇ گەپلەرنى مىنى ئاڭلىسۇن دەپ قىلىۋاتىقانلىغىنى ھىس قىلدىم. ئۇلارمۇ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان ئويغۇرلارغا ئوخشاش دۇنيا بىزنىڭ دەردۇ ھالىمىزغا سەل قارىدى دىگەن پىكىردە ئىكەن. بولۇپمۇ تىبەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇزىنىڭ تېخمۇ بەكرەك ئېتىبارسىز قالغانلىغىنى ھىس قىلاتتى، چۈنكى تىبەتلەرنىڭ دالاي لاماسى ئۇلارنىڭ داۋاسىنى پۈتۈن دۇنياغا بىلدۇرەلىگەن. ھەر قېتىم ئۇيغۇرلارغا مەن ئۇلارغا ئايىت بىر كىتاپ يېزىشنى ئويلىنىۋاتقانلىغىمنى ئەيتقىنىمدا، ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن "شۇنداق قىلىڭە، دۇنياغا بىزنىڭ دەرتلىرىمىزنى ئاڭلىتىڭ" دەپ مىنى رىغبەتلەندۇرەتتى.

مىنىڭمۇ ئۇلارغا، سىلەر يالغۇز ئەمەس، سىلەرنى بىلىدىغانلار ۋە كوڭۇل بولۇدىغانلار ئاز ئەمەس دىيىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇسلىنارلىغى شۇكى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قانچە ئالىملار بىلەن ئىنسان ھوقۇقى ئورگانلىرىدىكىلەردىن باشقا كىشىلەرگە ئويغۇر دىگەن سوز ناتونۇش بىر ئىسىم ئىدى. لىكىن بۇ خىل ھالەتنى ئوزگەرتىش ئۇچۇن تىرىشىۋاتقان، تەسىرى كۈچلۈك ئادەملەرمۇ بارا بارا مەيدانغا چىقماقتا.

**43**

***ھازىر شىنجاڭدىكى بولكۇنچى كۇچلەرگە زەربە بىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى...جۇڭگومۇ تېرروررىزىمنىڭ قۇربانى.***

***بېيجىڭ ئۇنىۋىرستىتى خەلقارا تىنچلىق پىروگىراممىسىنىڭ مۇدىرى***

***جۇ فېڭ***

11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئۇزىنىڭمۇ تېرروررچىلارنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىغىنى ئىلگىرى سۇرىشى، شىنجاڭدا يۇرگۇزىۋاتقان قاتتىق قول سىياستىنى خەلقارا جەمىيەتنىڭ تەنقىد قىلىشىدىن ساقلاش ئۇچۇن ئېلىپ بىرىۋاتقان مۇداپىيەسى بولسا كىرەك. دىمەك، ھەر قانداق بىر زالىم دولەت تۇزۇلمىسىمۇ ئوز قىلمىشىنى ئاقلاشقا مۇتاج، ئۇلار يولغا

قويۇۋاتقان زوراۋانلىق قانۇنى ۋاستىلىرىنى پۇخرالارنى قوغداشنىڭ زۆرۈرىيىتى دىيىشمۇ ئۆزۈندىن بىرى ئىشلىتىپ كىلىۋاتقان بانا سەۋەپلىرىنىڭ بىرى.

ئەمما بۇنداق ياپما بانالار ھەمىشە ئاسانلا كىشلەرنى گۇللاپ كىتەلمەيدۇ، دۇنيادا بىر ئۈچۈم كىشلەر بۇ خىل نىقاپلارنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن دولەتنىڭ مەنپەتنى قالقان قىلىۋالغان تۇساقلارنى ئېچىپ، ھەقىقەتنى بىلىشكە تىرىشدۇ.2001 - يىلى نۇيابىردا دولەت رەئىسى جاڭ زېمىن بىلەن كۆرۈشكەن بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھوقۇقى كومىتىتىنىڭ باشلىغى مارى روبىنسۇن يېقىندىن بىرى جۇڭگۇدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باستۇرۇشلاردىن ئەندىشلىنىۋاتقانلىغىنى بىلدۈرۈپ، باستۇرۇشلارنىڭ داۋاملىششى كىشلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ، تېخىمۇ كۈچلۈك قارشىلىقلارنىڭ كىلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بۇلۇشى مۇمكىنلىگىنى ئاگالاندۇرغان. ئەيتىشلارغا قارىغاندا ئەينى چاغدا جاڭ زېمىن ھىچ قانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، كۆڭۈل قۇيۇپ ئۇنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىغان ئىكەن. ئەمما ئۆزۈن ئوتمەي جۇڭگۇ ھوكۇمىتىنىڭ ئۇنىڭ ئاگالاندۇرىشىغا قارىتا بەرگەن جاۋابى جامائەتچىلىك بىلەن كۆرۈشتى.

شۇ يىلى 14ـ نۇيابىر كۈنى دولەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ باياناتچىسى جۇباڭزاۋ،مۇخبىرلارنى كۈتۈۋىلىش يىغىنىدا ئۇيغۇر بولگۇنچىلىك مەسلىسى ھەققىدە قىسقىچە بايانات ئىلان قىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسيا ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دولەتلەردە ھەركەت ئېلىپ بىرىۋاتقان ئون تەشكىلاتنى شىنجاڭنى جۇڭگۇدىن بۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ ئەيىپلىدى. ئۇ قىسمەت بولگۇنچى كۈچلەر چەتئەلدە تەربىيلىنىپ شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق چىقىرىۋاتىدۇ دەپلا قالماي، 'شەرقى تۇركىستان ئىسلام ھەركىتى' دىگەن تەشكىلاتنى بىن لادىن ئۆزى بىۋاستە قوللاپ يىتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ ئىلگىرى سۇردى. ئۇ يەنە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم 1999 ۋە 2001 - يىللىرى بىن لادتىن بىلەن كۆرۈشكەندە، بىن لادىن ئۇنىڭغا 'نۇرغۇنلىغان مەبلەغ"بىرىشكە ۋەدە قىلغان، بىن لادىن جىھات قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭدا ئىسلام دولىتىنى قۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ دىگەن.

دىمەك، ئۇيغۇرلار دولەت ئىچىدىكى چاتاقچىلارلا بۇلۇپ قالماستىن بەلكى خەلقارالىق مۇھدىش تېرورچىلارنىڭ شىرىگى دىمەكتۇر. نەتىجىدە، جۇڭگۇ ھوكۇمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ باستۇرۇشىغا ناراز بۇلۇشنىڭ ئۆزى، دۇنيادا يۈرگۈزۈلىۋاتقان تېرورغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرغانغا باراۋەر دىگەن گەپ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلارغا قاشى ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق باستۇرۇشنىڭ سۇئال سورىقى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھىچ قانداق قانۇنى ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئولار رەزىل كۈچلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇغۇچىلاردۇر.

جۇڭگۇ ھوكۇمىتى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىسمەن تارىخنىمۇ يېڭىلىۋالىدۇ. 1997 - يىلى غۇلجىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى "جەمىيەتنىڭ چۈپرەندىلىرى" ئېلىپ بارغان قانۇنسىز ھەركەت دىگەن بۇرۇنقى ئېنىقلىمىنى ئوزگەرتىپ، ئۇنى 'شەرقى تۇركىستان ئاللا پارتىيەسى ئېلىپ بارغان "تەسىرى ئېغىر تۇپىلاڭ"، تېرورچىلار كۈچلاردا ئىسلام دولىتى قۇرۇش تۇغرىسىدا شۇئار

تۇۋلىغان' دەپ يېزىلغان. ئۇندىن باشقا يەنە تۇپىلاڭچىلار يۇقىرىدىكىلارنىڭ مال مۈلكىنى ۋەيران قىلىپ، بىگۇنا كىشىلەرگە ھوجۇم قىلىدى دىگەن قىسمىنى قايتا تەكرارلىغان.

چەتئەللەردە ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر مۇستەقىللىق تەشكىلاتلىرى ئالقائىدە ۋە تالىبانلار بىلەن ئالاقىسى بارلىغىنى رەت قىلىدى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى يانۋاردا 'شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەركىتى' تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇمنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ تەشكىلاتنىڭ مەخسىدىنىڭ شىنجاڭنى ئازات قىلىش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زوراۋانلىق ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە ئەلقائىدەدىن ياردەم ئالغانلىغىنى رەت قىلغان. ئۇ ' ئارىمىزدىكى قىسمەن شەخسلەر ئەلقائىدە ياكى تالىبانلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەشكە قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن ئەمما بىزنىڭ بۇ تشكىلاتلار بىلەن ھىچ قانداق تەشكىلى ئالاقىمىز يوق. ئۇلاردىن ھىچ قانداق ئىقتىسادى ياردەمگىمۇ ئېرىشمىدۇق" دىگەن.

شەرقى تۈركىستان ئاخبارات مەركىزىنىڭ بىر باياناتچىسى "جۇڭگو ھوكۇمىتى ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دولىتى قۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ دەپ كۆرسۈتۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ، ئەمما، بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئىسلام دولىتى ئەمەس، بىر دىموكراتىك ھوكۇمەت قۇرۇشتۇر. بىن لادىن قاتارلىقلار ئىسلامدىكى ئەسەبىچىلىك مەنتىقىس تەرەپدارىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ھىچ قانداق ئالاقىسى يوق" دىگەن. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ فۇندامىنتالىستچىلار ئەمەسلىگىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا كىرەك "بىزنىڭ ئەركەكلىرىمىز دايىم پىۋا ئىچىدۇ، قىزلىرىمىزمۇ قىسقا يۇپكا كىيىدۇ" دەپ قوشۇمچە قىلغان.

ئەجەپلىنەرلىگى شۇكى، بۇ خىل باياناتلار جۇڭگو ھوكۇمىتىنى قايىل قىلالمىدى. ***جۇڭگو كۈندىلىك خەۋىرى*** دىگەن گېزىتتىكى بىر ئاخباراتتا 'چەتئەللەردىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئۇزلىرى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەردىكى تېرورچى ئورگانلار بىلەن باغلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەزالىرىغا ۋاقتىنچە رادىكال پىكىرلەرنى بايان قىلماسلىق ھەققىدە بويرۇق بەرگەن' دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەلكىم بۇ باياناتنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇنى ئىكار قىلىشقا يېتەرلىك دەلىل ئىسپاتلارمۇ يوق. ئەينى چاغدا بۇ خىل رادىكال پىكىرلەرنى بايان قىلغانلار تېرورچىلار، رادىكال پىكىر بايان قىلمىغانلار ياخشى تەربىيەلەنگەن تېرورچىلار دىگەن ئۇقۇم بىر قەدەر كەڭ شەكىللەنگەن.

قىسمەن ئۇبىكتىپ پىكىر قىلغۇچىلارمۇ بۇ مەسىلىگە ئىكاس قايتۇردى. مەنسلەن ساينت ئاندىرىۋ ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ تېرورىزىم ۋە سىياسى زوراۋانلىقنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنىڭ دىرېكتورى پائۇل ۋالكىر "ئۇيغۇر مۇستەقىللىق تەشىلاتلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قىسمەت شەخسلەر بىن لادىننىڭ يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشكەنمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مىنىڭ قارىشىمچە بۇ خىل كۆرۈشۈشلەرنىڭ كۆلۈمى، كىشلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشلارنىڭ تەسىرى كۆچى بەكلا كىچىك بولسا كىرەك .ئەمما بىن لادىن تەرەپدارلىرىنىڭ بۇ خىل باغلىنىشلارغا قىززىقىشىدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن" دىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقارا ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ تەلەپپۇزىمۇ

ئوزگۆرۈشكە باشلىدى. ئىلگىرىكى خەۋەرلەردە شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئۇچراۋاتقان بىر يىراق ماكان دەپ قارالغان بولسا، بۇگۈنكى كۈندە ئۇ 'مۇسۇلمان تۇپىلاڭچىلىرىنىڭ قايناق بۆشۈكى' (فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى)، 'جۇڭگۇنىڭ ناتىنچ غەربى ـ شىمال رايونى' (ئامېرىكا رېۋتېر ئاگېنتلىقى) دەپ تەسۋىرلىنىدىغان بولدى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پەتىۋالىرى ئۇرۇنلۇقتەك بولسىمۇ بۇلارنى ئىسپاتلايدىغان ھېچ قانداق دەلىل ئىسپاتلار يوق. قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئافغانىستاندا تۇتۇلغىنى، شۇنداقلا بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ بىن لادىن تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى راس بولۇشى ئېتىمالغا يېقىن. ئەمما ئافغانىستاندا جەڭ قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت كىملىكىدىن باشقا ئۇلارنى شىنجاڭدىكى پارتىلىتىشلار ۋە تۇپىلاڭلار بىلەن باغلايدىغان ھېچ قانداق ئىسپات يوق. ئەگەر ئۇلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىلا ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشنىڭ بىردىن بىر ئاساسى بولىدىغان بولسا، شىنجاڭدىكى ھەممە ئۇيغۇرنى تېرورچى دېسە بولۇدۇ دېگەن گەپ. بەختكە قارشى، ئەينى چاغدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر 'بىرى تېرورىست بولىدىكەن ئۇ مۇسۇلمان، شۇڭا مۇسۇلمان بولغان ئىكەن تېرورىست بولىدۇ' دېگەندەك قېيىپ كەتكەن مەنتىقىدە پىكىر قىلىدىغان بولۇپ قېلىشقان.

11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن غەرپتە جىھات ئۇقۇمىدىن بەكلا كەڭ پايدىلىنىلىپ كېتىلدى. بۇ سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى 'كۆرەش قىلىش/تىرىشى دىگەنلىك بولسىمۇ كوپ ھاللاردا مۇقەددەس جەڭ دەپ خاتا تەرجىمە قىلىنىغان. كۆپۈنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان ئىسلام ئەقىدىلىرىدە تېرورچىلىققا قارشى تۇرۇش تەرغىپ قىلىنىغان. ئەبۇ خەنىفەنىڭ دىنى ئەقىدىسىدە ئاياللارنى، باللارنى ۋە ياشانغانلارنى ئولتۇرۇشى قەتتى مەنئى قىلىنىغان. بۇ خىل قاراشلىرى ئەبۇ خەنىفە دەۋرىدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلەرگىچە ياۋرۇپادا ئۇمۇملاشمىغان.

گەرچە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەبۇ خەنىفەنىڭ تەلىماتىغا سادىق بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ جەنۇپىدىكى قىسمەن جايلاردا دىنى كونسىرۋاتىزىم بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرئانغا بولغان چۈشەنچىسى بىر قەدەر مۇستەبىت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاياللار قۇرئاندا دىيىلگەندەك باش كۆزنى چۈمكەم كىيىنىشى كېرەك. بۇ خىل قاراش سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋاخابىزىم بىلەن بىن لادىن تەرغىپ قىلىدىغان ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن ئانچە بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

ۋاخابىزىم دىگەن ئاتالغۇ مەزكۇر دىنى تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىبىن ئابدۇل ۋاخاپنىڭ (1703 ـ 1792 ) نامى بىلەن ئاتالغان دىنى تەلىمات. ئۇ ئەينى چاغدا ئىبن ئابدۇللا سەئۇد بىلەن بىرلىكتە ئەرەبىستاندا دىنى ئىسلاھات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەلىما ئۇتترا ئەسىردە ئوتكەن كالامشۇناس ئىبنى تايمىيەنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرى غەيرى مۇسۇلمان پىرقىلەرنىڭكىدىن ئانچە بەك پەرقلىق ئەمەس دىگەن تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە بىراز كەڭ ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇتقان يولىنى تۇتۇش ئەڭ توغرا يول

**ھېساپلىنىدىكەن. ئىبىن ئابدۇل ۋاخاپ مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىجازەت بەرمىگەن بارلىق دىنى قائىدە يۇسۇنلارغا ۋە ئىجادكارلىقلارغا قارشى سوھلىسىز جەڭ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ھەدىسدە مۇزىكا، شئىرىيەت، يىپەك رەخ، ئالتۇن ۋە ناخشا – ئۇسۇللار مەنئى قىلىنغان دەپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىگەن. ئەمما، قۇرئاندا بىۋاستە مەنئى قىلىنمىغان شەيىلەر بىلەن شۇغۇللۇنىش نەزەريە جەھەتتىن راۋا بولىدۇ دەپ قارىلىپ، سەئۇدى ھوكۇمىتى رادىيۇ، تېلېۋىزۇر، ۋە تېلېفۇن قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلغان. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ قارارلىرىغىمۇ قىسمەن كۇنسىرۋاتىپ كۇچلەر بۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە پەيغەمبەر ئىجازەت قىلمىغان دىگەن ئاساستا قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنغان. دۇنياغا ۋاخابىزىمنى تەشۋىق قىلىش ئۇچۇن 1962 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا دۇنيا مۇسۇلمانلار بىرلىگى تەسىس قىلىنغان.**

**شىنجاڭدا ۋاخابىئىزىمنىڭ تارقىلىشىدا تووۋەندىكى ئىككى خىل ئامىل سەۋەپچى بولغان بۇلۇشى مۇمكىن. بىرىنچى ئامىل شىنجاڭ بىلەن پاكىستاننىڭ ئارىلىغىنىڭ يېقىنلىغى سەۋەپ بۇلغان. پاكىستاندا 1980 ـ يىللاردىن بىرى ۋاخابىزىمنىڭ تەسىرى بارا بارا ئېشىپ ماڭغان بۇلۇپ، قاراقۇرام خەلقارا تاش يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، بېرىش كېلىش، سۇدا ـ سېتىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل ئىدىيەلەرمۇ شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان.**

**ئەلۋەتتە مەلۇم بىر خىل كۆز قاراشنىڭ مەۋجۇتلۇغى بۇ خىل قاراشنىڭ ئۇمۇملىشىنىڭ كاپالىتى ئەمەس. ئەمما نامراتلىق بۇ خىل ئىدىيەلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۇچۇن ئاساس ھازىرلاپ بېرىدۇ. 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگۇ سىرتقا قاراپ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى باشلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەرزان باھا، ياخشى سۇپەتلىك ماتىرىياللار بازارغا ئېقىپ كىرىپ، دولەتنىڭ ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ۋە دىقانچىلىق مەسۇلاتلىرى خېرىسقا ئۇچرايدۇ. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ 76 پىرسەنتى دىخانچىلىق ۋە باقمىچىلىق بىلەن جاھاندارچىلىق قىلاتتى. پاختا ئوستۇرۇش ئۇلارنىڭ دىخانچىلىق كىرىمىنىڭ غوللۇق قىسمى ھېساپلىناتتى. 1991 - يىلىدىن باشلاپ بۇرۇنقى سوۋىت ئىتتىپاقىغا تەۋە جۇمھۇريەتلەر خەلقارا بازاردا پاختىنىڭ باھاسىنى چۇشۇرۇپ سېتىشقا باشلاپ جۇڭگۇنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئىلگىرى ھوكۇمەت پاختا ئىشلەپ چىقارغۇچىلارغا ئىقتىسادى ياردەم بېرەتتى، بۇ خىل سىياسەتمۇ تۇستىتىن بىكار قىلىنىدۇ. نەتىجىدە قاتتىق كونتۇرۇل ۋە ئىقتىسادى كاپالەت بىراقلا يوق بۇلۇدۇ.**

**كىشىلەرنىڭ نارازىلىغىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىتقا بارىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئارتىيدۇ. مۇسۇلماندارچىلىق خىتايلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بۇلۇپ قالدى. شىنجاڭدىكى پارتىلىتىشلار ۋە نامايىشلارمۇ مۇشۇ مەزگىلدە ئەۋجىگە چىقىدۇ. بىرىنچى بۇلۇپ 1989 - يىلى قەشقەردە ئاپتوۋۇز پارتىلىتىدۇ، 1990 - يىلى بارىن ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ، 1992 - يىلى ئۇرۇمچىدە پارتىلىتىش يۈز بېرىدۇ، 1993 - يىلى قەشقەردە، 1995 - يىلى خوتەندە پارتىلىتىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ.**

ئۈرۈمچىدىكى ۋەقەدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ غەربى جەنۇبى قىسمىدا يۈز بەردى. غۇلجا ۋەقەسىنى مۇشۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشكە تونۇشقا بولىدۇ. ئەمما، بۇ 1997 – يىلى فېۋرالدا غۇلجىدا يۈز بەرگەن ۋەقەگە يۇقۇرقىدەك نارازىلىقلار سەۋەپ بولغان ياكى شۇ خىل كۈچلەر قوزغاتقان دىگەنلىك ئەمەس. لىكىن، بۇ خىل ئېھتىماللىقنى تامامەن رەت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

44

***ۋەتەننى سۆيۈش ۋە دولەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى. ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ 'شەرقى تۈركىستان' تېرۇرىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان باستۇرۇشلىرى بىر مىللەتكە ياكى بىر دىنغا قارىتىلغان ھەرىكەت ئەمەس، بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەر، زوراۋان كۈچلەر ۋە تېرۇرچىلارغا قارشى كۆرەش.***

***جۇڭگو خەۋەرلىرى گېزىتى، 2002***

رۇشەنكى جۇڭگو ھوكۇمىتى خەلقارا جەمىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى خاتا چۈشۈنۈپ قىلىشىنى قىلچە خالىمايتى. 2001 – يىلى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىشىمۇ بەلكىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە بولغان بولسا كېرەك. مەزكۇر قانۇندا گەرچە "تېرورىزىم" جىنايىتىگە ئېنىق بىر ئېنىقلىما بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئېنىقسىزلىق، تېرورىزىم جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەنگەنلەرگە بېرىلىدىغان جازالارنىڭ كۆندىن كۆنگە ئېغىرلىشىپ مېڭىشىغا ھىچ قانداق تەسىر كورسەتمىدى. مەزكۇر قانۇنغا يېڭى بىر ماددا قوشۇپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا توپلىشىپ ئىجتىمائى تەرتىپنى بۇزغانلار، قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلغانلار، دولەت خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلار قانۇن بويىنچە جازالىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلارغا بېرىدىغان جازا، جىنايى قىلمىشنىڭ يىنىك ئېغىرلىغىغا قاراپ، ئۆلتىراق جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش جازاسى ياكى 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. مەيلى تىنچلىق بىلەن ياكى باشقا يوسۇندا بولسۇن ھەر قانداق بىر نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ جىنايى جازاغا تارتىلىدىغانلىغى قەيىت قىلىنغان.

ھوكۇمەت قانۇن ماددىلىرى ئارقىلىق شۇغۇللۇنۇشقا يول قويۇلمايدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ پاسىلىنى بېكىتىپ بولغاندىن كىيىن، رەسمى يوسۇندا بۇنىڭغا خىلاپلىق قىغانلارنى باستۇرۇش ھەركىتىنى قىزغىنلىق بىلەن جانلاندۇرىۋەتتى. نەتىجىدە شىنجاڭدىكى ئاساسلىق شەھەر رايونلىرىدىكى قاراۋۇللارنىڭ سانى تۇساتتىن ئېشىپ، پويىز ۋوگزالى، ئايرىپورت ۋە ئاپتوۋوز بېكەتلىرىدىكى بىخەرلىك تەدبىرلىرى كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىۋاتقان قاتناش ۋاستىلىرىغا بولغان نازارەت كۈچەيگەن. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى قۇراللىق ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىغى ياڭسى، شىنجاڭدىكى جىددى ئۆزگۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش ئەترەتلىرى

چۈشۈم بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىگە زەربە بېرىشكە ھازىر بۇلۇشى كېرەك، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ساقچى قوشۇنلىرىمۇ بولگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنى كۈچلەرگە زەربە بېرىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك دېگەن.

ئەگەر بىز ھوكۇمەتنىڭ ئەندىشىلىرىنى ئېسپاتلايدىغان دەلىل ئىسپاتلارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىگىگە سەل قارىساق، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەر دىنى ئېتىقادى سەۋىبىدىن ئاپتۇۋۇزلارنى پارتىلىتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەلقائىدە تەشكىلاتى ۋە تالىبانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن چۈشەنچىلىرى ئادەمگە تۇغرىدەك تۇيۇلاتتى. ئەمما ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئۇلارنىڭ مۇشۇ پەتىۋالىرى ھوكۇمەتنىڭ كىشىلەرنىڭ دىنى ئەركىنلىگى ۋە تېنىچلىق بىلەن نارازلىغىنى بىلدۇرۇش تەلەپلىرىنى چەكلىشىگە يېتەرلىك سەۋەپ بۇلالامدۇ؟ دېگەن سۇئال كىلىدۇ. جۇڭگۇ ھوكۇمىتى ئاغىزدا نىملا دىمىسۇن، ئۇلارنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرىدىن كۈرۈۋىلىش مۈمكىنكى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ باستۇرۇش ئۇبىكتى بىر مىللەت ۋە بىر دىنغا قارىتىغان ئىدى. مەسلەن جۇڭگۇدا بۇددا دىنىغا چۇقۇنىدىغان خىتايلارنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىگە ئۇچرىشىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەممىدىن ھالقىلىق سۇئال شۇكى، دولەتنىڭ بىخەتەرلىگىنى قوغداشنى بانا قىلىپ پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىگىنى بوغۇشنىڭ زادى چېكى بارمۇ يوق؟ بۇ سۇئال يېقىندىن بىرى جۇڭگۇدىن باشقا دۆلەتلەردىنمۇ سۇرالماقتا.

ئەمما ئەينى چاغدا مىنىڭ كاللامغا كىرىۋالغىنى 'مەنمۇ بىرەر تېرۇرىستنى تۇنۇمدىمەن؟' دېگەن سۇئال ئىدى.

**45**

بۇنىڭ جاۋابى ئاددى، مەن تۇنۇيدىغانلار ئارىسىدا تېرۇرىست يوق ئەلۋەتتە، ھىچ بولمىغاندا مەن شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مىنىڭچە "ئۇيغۇرلار تېرۇرغا قاشى بۇ كۇرەشكە زادى قانداق قارايدىغاندۇ؟" دېگەن سۇئالنى سوراش ئەڭ ئاقىلانىلىق ھىساپلىناتتى. ئۇقۇغۇچىلارغا سىنىپ تېشىدا غەيرى رەسمى مۇھىتتا تىل مەشقى ئېلىپ بېرىش شارائىتى ھازىرلاپ بىرىش ئۇچۇن، مەن ئۇيۇمدە مىللى سىنىپتىكى ئۇقۇغۇچىلىرىمغا تىل مەشقى قىلىش يىغىلىشى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ تۇراتتىم. دىكابىرنىڭ سۇغاق كۈنلىرىنىڭ بىرىدىكى يىغىلىشتا چۈش ھەققىدە پاراڭلىشىپ، ئاراڭلاردا بىر خىل چۈشنى تەكرار كۇرگەنلەر بارمۇ دەپ سۇرۇدۇم.

يۇزىنى مىجىپ قويغاندەك كىچىك، جۇغ ـ جىسمى ۋىجىك كەلگەن بىر ئەر ئۇقۇغۇچى "مەن دائىم ئاللاغا دۇئا قىلىپ چۈش كۇرۇمەن" دىدى.

"ھەر قېتىمقى دۇئالاردا ئوخشاش تىلاۋەت قىلامسىز؟"

"شۇنداق، گايىدا چۈشۈمدە ئۇزۇمنى يالىڭاچ كۇرۇمەن".

"دۆئا قىلىۋاتقاندا يالىڭاچ كۆرەمسىز؟"

"ياق ، كۆچىدا ماڭغاندا"

ئۇنىڭ ئىسمى يۈسۈپ بولۇپ، ئۇ ۋە ئىنىسى ئات ئىگىرى، ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تاسما، يۈگەن قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساپ سېتىشتىن كىرگەن كىرىمىدا جاھاندارچىلىق قىلاتتى. گەرچە ئۇ ئىنگىلىز تىلىغا تۇتۇش قىلغىلى ئاران بىر يېرىم يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەۋىيەسى باشلانغۇچتىن تارتىپ ئىنگىلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىمىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى سەۋىيەگە يېتىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەزەلدىن مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ نەتىجىلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

يەنە بىر قانچە ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يۈسۈپ، مەندىن سورايدىغان بىر سۇئالىنىڭ بارلىغىنى ئەيتتى.

"سوراۋىرىڭ تارتىنماي"

"بىلمىدىم، سورۇمىسام بولارمىكى"

"ھېچقىسى يوق راسلا، سوراۋىرىڭ".

بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە جىلۋىلەندى "بولۇدۇ ئۇنداقتا، نىك ئەيتىپ بېقىڭە بىن لادىنغا قانداق قارايسىز؟"

بىردىنلا ئويي ئىچى جىمىپ كەتتى. مەن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن "مېنىڭچە ئۇنىڭ قىلغانلىرى خاتا، باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش خاتا، شۇنداقلا مىنىڭ قارىشىمچە ئامىرىكا پىرىزىدىنتى بۇشنىڭ قىلغىنىمۇ خاتا" دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

"سىز قانداق قارايسىز؟" دەپ قايتۇرۇپ سورىدۇم

ئۇ قولىنى كوكسىگە قويۇپ تۇرۇپ "مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق پەخىرلىنىمەن" دىدى، مەن سەۋىبىنى سورىۋىدىم ئۇ "بىن لادىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلدى" دەپ جاۋاپ بەردى.

"مۇسۇلمانلارغا قانداق ياردەملەرنى قىلدى؟"

"ئۇ مائارىپ ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ سالغان، كىشىلەرنىڭ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنغان. ئۇ بىر ياخشى ئادەم".

"كىشىلەر ئۆزىنىڭ يارىدىمىدە نىمىلەرنى ئۆگەندى؟ يەن تېخنىكىمۇ؟ ياكى كىرەكلىك بىرەر هونەر سەنئەتنىمۇ؟ ۋە ياكى باشقىلارغا نەپرەتلىنىشنىمۇ؟ ئۇ ئۇلتۇرگەن كىشىلەرگە نىمە دەيسىز؟ سىزنىڭچە بۇمۇ تۇغرىمۇ؟"

يۈسۈپ قۇلىغىنىڭ ئارقىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ "بەلكىم تۇغرىدۇ" دىدى.

ئۆي ئىچى يەنە بىر قېتىم جىمىپ كەتتى. بىر هازا سۈكۈتتىن كىيىن، خەمىت دىگەن دۇختۇر بالا ئەتىراپقا بىر قور نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كىيىن سۈكۈتنى بۇزىدى.

"ياق، بىز ئۇنداق قارىمايمىز. رەخبەرلىك بولغۇچى ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ياشاش شارايىتىنى، ساغلاملىق موهىتىنى ياخشىلاپ بىرىشى كىرەك.شۇندىلا بىز ئۇنى ياخشى دەپ قارايمىز، ئۇنداق قىلالمىسا ياخشى دىيەلمەيمىز" دىدى.

يۈسۈپ ئاستا بېشىنى چايقاپ قويىدى. مەن كوڭلۇمدە بۇ خىل پاراڭنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بۇلار؟ يەنە داۋاملاشتۇرساق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى مۇسۇلمان، يامان مۇسۇلمان دەپ ئىككى قۇتۇپلىشىشقا باشلاپ بارارمۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئەمما بۇ ئوي ۋە بۇ ۋاقىت ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە تارتىشىدىغان ماكانى هەم زامانى ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز گەپ تىمىسىنى ئوزگەرتىپ، مەن ئۆستۈرۈۋالغان ساقىلىمنى ئېلىۋىتىشىم كىرەككىمۇ ياكى داۋاملىق قويىۋىرەيمۇ دەپ سۈرىدىم.

يۈسۈپ "ساقىلىڭىز بەكلا قاملاشماپتۇ" دىۋىدى خەمىتمۇ دەرهال ئۇنىڭ پىرىگە قۇشۇلدى.



هاۋا سوۋۇپ تېمپېراتۇرا مىنۇس 15 كە چۈشۈپ قالدى. كۈندە ئەتىگەندە سىنىپقا بارغىچە يولدا بۇرنۇمىنىڭ ئۇچىنى قىزىل بېسىپ، تۇلۇق قۇرۇپ بۇلالمىغان نەم چاچلىرىم مۇز تۇتۇپ قالاتتى.

ئەمما سۇغاق هاۋانىڭمۇ ياخشى تەرىپى بار، قىش كىلىشى بىلەن دېرىزىلەرنىڭ سىرتىغا ئېسىلغان ئات گۆشىدىن تەييارلانغان قارامتۇل يۆگىمەچ قېزىلار كۆپۈيۈپ، خۇددى قىممەت باهالىق قۇش يىمەكلىكىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىدىمۇ هەر خىل شورپۇلۇق تاماق تۈرلىرى كۆپۈيۈپ، قويۇق پەمىدۇر قىيامىدا هازىرلانغان ئۆگرە، ئاچچىق -چۈچۈك كۆك چۈچۈرىسى، كاللا ـ پاقالچاق قاتارلىق لەززەتلىك تائاملار ئېغىزغا باشقىچە لەززەت بىرەتتى. ئەگەر ئەدەپ بىلەن ئىلتىماس قىلسا ئۆگرىگە بىر تال تۇخۇم چېقىپ بىرەتتى تېخى. مىنىڭ ئۇچۇن هەممىدىن ياخشى بولغىنى، بۇ قىش ئۆپكە هىسسىپ دىگەن بىر تاماق بىلەن تۇنۇشتۇم.

بىز ئاچقان مىللى سىنىپتا ئۇقۇيدىغان رىشات دىگەن بالا تارىخ پاكۇلتىتىنىڭ ئۇقۇتقۇچىسى بۇلۇپ، هەر ئىككىمىز بورت ئويناشقا خۇمار بولغاچ بىر كۈنى بىرگە بىرىپ بورت ئويناشقا

كىلىشتۇق. ئۇنىڭ بىلەن تۇنۇشىشتىن بۇرۇن غۇلجىدا بورتخانا بارلىقىدىنمۇ خەۋىرىم يوق ئىدى. كېيىن بىلسەم بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان بۇرتخانىلار بار بولۇپ ھەممىسى دىگۈدەك يەر ئاستى ئۆيلەردە ئىكەن. كىشىلەر بۇ يەردە توپلىشىپ بورت ئويىنىشىدىكەن، بۇرت ئوستەللىرىنىڭ سۈپىتىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك ياخشى ئىكەن. بۇرتىخانىلاردا خىتايلار ۋە ئۇيغۇرلار بىر يەردە بورت ئۇيناشىسىمۇ، ھەرگىز ئارلىشىپ ئويناشمايتى.

بىز نوۋەت كۈتۈپ ساقلىغاچ، تامغا ئېسىلغان دەيۋىس، ھىندىرى، تايلۇر، ۋە پاررۋت قاتارلىق دۇنيا بۇرت چىمپىيۇنلىرىنىڭ سورەتلىرنى تاماشا قىلدىم. تامدا يەنە باشقا سۈرەتلەرمۇ بار بولۇپ، بىر سۈرەتتە مەيدىسى ئۈچۈن بىر ئادەم بىر يېرىم يالىڭاچ بىر ئايالنى چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇ. ھەر ئىككىس غەرپلىك چىراي كۆرۈندى. خۇددى خىتايلار يالاڭاچ رەسىمگە چۈشۈشنى قاملاشتۇرالمايدىغاندەك، ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرى، ھاملدارلىقتىن ساقلىنىش خالتىسى، قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان ناشايان سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسگە چەتئەللىكلەرنىڭ سۈرتىنى چىقىرىپ قويىدىكەن جۇڭگۇدا.

زالىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر كىچىك ئىشىك ئېچىلىۋىدىن ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ، ئەتىراپنى ئەندىشە بىلەن كۈزەتتى. مەن بىرىپ ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرسەم، ئىس بىلەن تۇشۇپ كەتكەن بۇ كىچىكنە ئۆيدە يەتتە سەككىز كىشى مۇۋە پىششىقلاش ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان يۇغان بىر ئۈستەلنى چوردەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە پۇل چېچىلىپ يېتىپتۇ. ئۇلار مىنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ، بىردەم جىمىپ كەتتى، لىكىن ئۇزۇن ئويمەي يەنە ئۆز ئويانلىرى بىلەن بولۇشۇپ كەتتى. مەن قايتىپ چىقسام، رىشات بورت تىزىۋېتىپتۇ.

"ئۇلار قىمار ئويناۋاتقاندەك قىلىدۇ" دىدىم.

ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارىۋىدى گېپىمنى چۈشۈنەلمىگەنلىگىنى سەزدىم، گەرچە ئۇ بۇرت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنگىلىزچە ئاتالغۇلاردىن تولۇق خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما ئىنگىلىز تىلى ئاساسى خېلىلا ئاجىز ئىدى.

"ئۇلار پۇل تىكىشىپ ئويناۋىتىپتۇ" دىدىم.

"ھە شۇنداقمۇ. ياخشىغۇ" دىدى.

"ئۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ساقچىدىن قورقمامدۇ؟"

"قورقمايدۇ، خىتايلار پۇل تىكىشىپ ئويناشقا ئامراق".

مەن توپ باشلىدىم، رىشات بىر قىزىل توپ بىلەن كۆك تۆپنى چۈشۈرۈپ، ئۈچىنچى قىزىل تۆپنى ئۇرىۋىدى تۇشۇكنىڭ ئالدىدا كەپلىشىپ چۈشمىدى. ماڭا نوۋەت كىلىۋىدى مەن ئۇ چۈشۈرەلمىگەن قىزىل توپ بىلەن بىر كۆك تۆپنى چۈشۈرۈپ، ئۈچۈنچى قىزىل توپنى

چۈشۈرەلمىدىم. ئۇنىڭ نوۋىتى كېلىۋىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن توپنى نىشانلىغاچ "ئۆتكەن ھەپتە ئالاھىدە ساقچى خادىملىرى مەن بىلەن سوھبەتلەشتى" دېدى.

مەن قەستەن پەرۋا قىلمىغان تەلەپپۇزدا "ئۇلارنىڭ قانداق يېرى ئالاھىدە ئىكەن؟" دەپ سورۇدۇم.

"چۈنكى ئۇلار نىمە قىلىشنى خالىسا قىلالايدۇ" دەپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ "جان ئالىمەن دىسىمۇ ئالالايدۇ" دەپ قوشۇپ قويدۇ.

"بىز ئۇنداقلارنى مەخپى ساقچى دەپ ئاتايمىز. ئۇلار سىزنى ئىزدەپ نىمە قىلىدىكەن" دىدىم.

"ئۇلار ئۇقۇغۇچىلىرىم ۋە سىزگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى سوراپ كەپتۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.

"نىمىلەرنى سورىدى؟ نىمە دەپ سورايدىكەن؟"

"سىياسى ۋە دىنى مەسىلىلەرگە ئايىت سوئاللارنى سورىدى. ئەمما ئەنسىرىگىدەك ئىش يوق، مەن ئۇلارغا نۇرغۇن زىرىكىشلىك گەپلەرنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويدۇم".

مەن سىنىپتا بىرەر گۇمانلىق گەپ سوزلەرنى قىلىپ سالغاندىمەنمۇ دەپ ئويلاندىم، ئەمما مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مەن گۇمانلىق دەپ قارىغان سوزلەر بىلەن ھوكۇمەت تەرەپ گۇمانلىق دەپ قارىغان سوزلەرنىڭ بىردەك بولۇشى ناتايىن. مەن گەرچە بىۋاستە سىياسى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سوراشتىن ئېتيات قىلسامۇ، ئەمما مۇشۇ ساھەدىكى مەسىلىلەرگە قىززىقىنىم ئۈچۈن، دەرسلىرىم ھەمشە سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىمىلارغا ئېغىپ كىتەتتى. دىمىسىمۇ بۇ تىل دەرسىدە تاللا بازىرىغا قانداق بارىدۇ، مۇھاببەت مۇيىممۇ ياكى پۇلمى دىگەندەك تۇتامۇ يۇق نەرسىلەر ئۈچۈن ۋاقىت زايا قىلغاندىن ياخشى ئىدى. مىنىڭ سوئاللىرىم ھەمشە يىپىق ئۇسۇلدا سورالغاچ، پەقەت ئانا تىلى ئىنگىلىز تىلى بولغانلارلا بۇنىڭ تېگىدىكى يىپىق مەنىلەرنى بىلەلەيتى. مىنىڭ سىنىپىمدا مەندىن باشقا ئىنگىلىز يوق، ئەگەر سىنىپلارغا ئۇغۇرلۇقچە ئاڭلاش ئەسۋاپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ۋە مىنىڭ دىگەنلىرىمنى بىرەر چەتئەللىككە ئاڭلاتمىسا، بۇلارنىڭ تېگىگە يىتەلىشى ناتايىن ئىدى. بۇ خىل ئېتىماللىق ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، كوڭلۇمدە بىر خىل بىئاراملىق پەيدا بولدى. مەن دەرھال دىققىتىمنى توپقا يىغدىم، چۈنكى رىشات مەندىن 20 نۇمۇر ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىغى نوۋەتتە ھەر ئىككى مۇشكۇلاتنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئىدىم.

ئويۇندىن كىيىن منى ئۇتتۇۋالغانلىغىدىن قان قىنىغا پاتماي قالغان رىشات منى ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئاچىسى بىزگە ئوپكە ھىسىپ پۇشۇرۇپ تۇرۇپتىكەن.

"ئۆپكە ھىسىپ دىگىنىڭىز نىمە؟"

"گۆش"

"باشقا يەنە نېمە بار ئېچىدە؟"

"ئازراق گۆرۈچ بار".

ئاخىرى مەن كۆتكەن زىياپەت دۆسقانغا چىقىۋىدى، قارسام ئۇ قىزغۇچراق شۇرپىسى بار، قايماقرەك پاملۇقتەك كۆپۈپ تۇرغان بىر خىل تاماق ئىكەن. قۇسۇغۇم بەك ئېچىپ كەتكەچ ئۇنىڭ نېمە بولۇشى بىلەنمۇ ھېساپلىشىپ ئولتۇرغۇم يوق ئىدى.

"بۇ قوي گۆشى" دېدى رىشات

"نېمە دېگەن ياخشى، مەن قوي گۆشىغا ئامراق"

ئۇ مەيدىسىنى كورسۇتۇپ بۇرۇپ "بۇ قوينىڭ مانداق يېرىنىڭ گوشى" دېدى.

"نەپەس ئالدىغان ئۆرگاننى نېمە دەيتى ئىنگىلىزچىدە؟"

"ئۆپكە دەيمىز"

"توغرا بۇ قوينىڭ ئۆپكىسى"

مەن بۇرۇنمۇ بازاردا ئېچىگە خېمىر قويغان ئۆپكە ساتقاننى كورگەن ئىدىم. گەرچە مەن ئوپكە ساتقاننى كۆرۈشتىن لەززەتلەنسەممۇ، خىيالىمدا بۇنى تەييارلاش ئۇچۇن چوقۇم بەك ئۇزۇن ۋاقىت كىتىدۇ، شۇڭا كىشلەرنىڭ ئويىدە بۇنداق تاماقلار بىلەن مېھمان كۇتمەيدىغۇ دەپ قاراپ، ھەرگىز ئوپكە يەپ قالماسمەن دەپ ئويلايتىم. ئەمما، كۇتۇلمىگەن يەردىن رىشاتنىڭ ھەدىسىنىڭ جاپادىن قورقماي ئوپكە قويۇشنى نەدىن بىلەي.

مەن قاچىنى تىزراق بىكارلاش ئۇچۇن ھەر قانچە تىرىشساممۇ، قاچام ھىچ بوشاي دىمەيدۇ. شۇ تاپتا نېمە يەۋاتقانلىقىمنى خىيالىمغا كەلتۇرمىسەملا ئانچە بەك قىينىلىپ كەتمەيتىم، سەل مايلىقراق تېتىغاننى ھساپقا ئالمىغاندا تەممۇ ئانچە يامان ئەمەس ئىكەن. ئەمما رىشات ئوپكە دىگەن سوزنى ئىنگىلىزچە تۇختىماي تەكرالاۋەرگەچ، ئاغزىمغا سېلىۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى خىيال قىلمايمەن دىگەن ئۇيۇممۇ بىكار بولدى.

"ئۆپكە"

بىر كاپامنى ئەمدى يەپ تۇراتتىم

"ئۆپكە"

مەن ئېچىمدە ئۆز ئۆزەمنى رىغبەتلەندۇرۇپ، يەۋاتقىنىڭ چامغۇر، چۇقۇم تۇگىتىۋتىسەن دەپ تۇردۇم.

"ئۆپكە، ئۆپكە، ئۆپكە".

**47**

غۇلجا گەرچە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولىسمۇ، خۇددى ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پايتەختىگە ئوخشىمىغاندەك، بۇ يەر مۇ قازاق ئوبلاستىنىڭ پايتەختىگە تازا ئوخشاپ كەتمەيتى. قارىماققا كۆچىلاردىكى قازاقلارنىڭ سانىمۇ ئۇنچە ئاز ھساپلانمايتى، قازاقچە سۆزلىشىدىغانلارمۇ خېلىلا كوپ ئىدى، ئات گۆشىنى ئاساس قىلغان قازاقچە تائاملارنى ساتىدىغان ئاشخانىلارنىڭ نىسبىتىمۇ نىسبەتەن يۇقۇرى ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك سېڭىپ كىتەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. بەلكىم قازاقلارنىڭ ئانچە بەك كۆزگە چېلىقىپ كىتەلمەسلىگىدىكى يەنە بىر سەۋەپ، غۇلجىلىق قازاقلاردا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بولگۇنچىلىك ئىستىگە ئانچە رۇشەن بولمىغانلىغىدا بولسا كىرەك. گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتىدە رۇشەن قۇتۇپلىششى بولىسمۇ، ئەمما قازاقلار ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن ئۇخشاشلا ئارلىشىپ ئۇتەلەيتى.

مەن خيالىمدا قازاقلار بىلەن ئويغۇرلار ھەر ئىككسى ئاز سانلىق مىللەت بولغاچ ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىدىكى ئورتاقلىقلار ئۇلانى بىر بىرىگە تېخىمۇ ئىناق قىلدىغۇ دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ئەمما مىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن قازاقلار ئۇيغۇرلاردىن بەكرەك خىتايلار بىلەن يېقىنلىششىنى خالايتى. دىمەك، مىنىڭ بۇ خىل قارىشىم خۇددى خىتاي ھوكۇمىتى ھەر مىللەت خەلقى ئىناق بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى دىگەن سەپسەتىسىگە ئۇخشاش بىر ئاخمىقانىلىق ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم. كۆزۈتىشىمچە، خېلى كوپ ساندىكى ئويغۇرلار تۇڭگانلارنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتى، ئوخشاشلا خېلى بىر نىسپەتتىكى ئۇيغۇرلار قازاقلاردىنمۇ نەپرەتلىنىدىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى مىللەتكە بولغان ئۆچمەنلىگى خىتايلارغا بولغان دۈشمەنلىگىدەك كەسكىن ئەمەس ئىدى. قازاقلارغا بولغان ئاساسلىق نارازلىغى ئۇلارنىڭ ئويغۇرلارغا قارىغاندا ئاسانراق خىزمەت تاپالايدىغانلىقى، شۇنداقلا يەرلىك ھوكۇمەت ئورگانلىرىدىكى نىسبىتىنىڭ كۆپ ئىكەنلىگىدىن كىلىپ چىققان ئىدى. ئەلۋەتتە، گەرچە مىللىلارنىڭ ئەملى ھوقۇقى بولمىسمۇ، قازاق ئاپتونوم ئۆبلاستى دەپ تونۇلغان بۇ يەردە قازاقلارنىڭ ھۆكۇمەت ئورگانلىرىدا كوپرەك نىسبەت ئىگەللىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. خىتايلارنىڭ بۇ خىل بۆلۈپ ئىدارە قىلىشى سياسىتى ھەقىقەتەن ئۇستىلىق بىلەن يۈرگۈزۈلگەچ، ئۇيغۇرلاردا قازاقلارغا نىسبەتەن قىزغىنىدىغان بىر پىسخىكا پەيدا قىلغان. نەتىجىدە قازاقلار قولغا كەلگەن بۇ خىل مەنپەئەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىنى خالىمىغاچ، ئويغۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنى قۇللاشنى خالىمايتى.

بىر لادىنغا چۈقۈنىدىغان يۈسۈپىنىڭمۇ قازاقلارغا بولغان قارىشى ئانچە دوستانە ئەمەس ئىدى.

"قازاقلارنىڭ گېپىنى بىر قىلماق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دولىتى بولغاندىن بېرى ئۆزگۈرۈپلا كېتىشتى. ئىلگىرى ئۇلار بىلەن خېلى ئىناق ئۆتەتتۇق، ئەمدى بىزگە بولغان ئېتىياجى قالمىغاچقىمىكىن بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بۇلۇۋېلىشتى" دىدى.

"سىزنىڭ بىرەر قازاق دوستىڭىزمۇ يوقمۇ؟"

"بار بىر قانچىسى. كىچىك ۋاختىمدا غۇلجا شەھرىدە قازاقلارنى ئاندا ساندا كۆرەتتىق. ھەممىسى تاغلاردا ياشايتى. بىرەر قازاقنى كۆرۈپ قالساق ھەي قازاق دەپ چاقىرساق ئۇلار بەكلا خاپا بۇلاتتى".

"نىمە دەپ خاپا بولىدۇ؟"

"بىلمەيمەن!"

"بىزنىڭ زاڭلىق قىلىدى دەپ خاپا بولغانمىدۇ؟ زاڭلىق قىلامتىڭلار يا؟"

"ياق، ئەمما ئۇلار ئوزلىرىنى بىزدىن توۋەن كورسە كىرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەكتەپ تەربىيسە بەكلا يىتەرسىز ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئاسانلا خىتايلارنىڭ ئادەتلىرىنى قۇبۇل قىلالايدۇ، ئىچىدۇ، چېكىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوزلىرىنىڭ ھىچ نىمسى يوق. ئۇلار خۇددى بىر بوشلۇقتا ئۇخشاشايدۇ. ئەمما..."

"ئەمما دەپ قالدىڭىزغۇ؟"

"ئەمما ئۇلار ئانچىمۇ ئەسكى ئەمەس".

"نىمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟"

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ "چۈنكى ئۇلار خىتاي ئەمەس!"

## 48

ئەڭ ئاخىرقى كىتاۋىمنى ئۇقۇپ بولدۇم دىگەن بىلەن يەنە تارىخقا ئائىت نۇرغۇن پايدىلىنىش ماتىرىياللار مىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇنداق كىتاپلارنى تولۇق ئۇقۇمايمەن دىگەن بىلەنمۇ ئۇلاردىن قىسمەن ئۇچۇرلارنى ئىزدىمەيمۇ بولمايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بىر دوۋە "كىتاپخانىلارندىن تەرمىلەر" دىگەن ژۇرنالمۇ تۇرۇپتۇ. مۇندەرىجىسىگە كۆز يۈگۈرتىۋىدىم "مەۋجۇتلۇق غەزىلى"، "پەرزەنتىڭىزنى سېمىزلىكتىن ساقلاڭ" "جانغا شىپا چاي " دىگەندەك تېمىلارغا نەزىرىم چۈشتىدە ھەممىسىنى قايتىدىن كىتاپ ئىشكاۋىغا تىزىپ قويدۇم. غۇلجا شەھىرىنىڭ كىتاپخانىلىرىدا ۋىكتورىيە دەۋرىگە تەۋە كىلاسسىك ئەسەرلەردىن "غۇرۇر ۋە مەنسىتمەسلىك" نىڭ قىرىق بەتلىك قىسقارتىلغان نۇسخىسى بىلەن "شوھرەتپەرەسلىك" دىگەن ئەسەرنىڭ ئاتمىش بەتلىك قىسقاتىلما نۇسخىسىدىن باشقا ئىنگىلىزچە كىتاپ تېپىلمايتى.

ئۇندىن قالسا مەكتىۋىمىزنىڭ ئىنگىلىز تىلى پاكۇلتىتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىنمۇ ئازراق ئىنگىلىز تىلىدىكى كىتاپلار تېپىلاتتى. نەزىرىيەدە بۇ يەردە ساقلانغان كىتاپلاردىن مەكتەپتىكى ئۇقۇتقۇچى ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پايدىلانسا بۇلاتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتە، كۆلىمىنىڭ ئۇقۇغۇچىلىرىلا بۇ يەردىن كىتاپ ئارىيەت ئالالايتى. بۇ كىتاپلار تىزىلغان ئىشكاپ قۇلۇپلانغان بۇلۇپ مەن بىلەن كۆلىمىدىن باشقا كىشىدە ئاچقۇچ يوق ئىدى. مەنمۇ بۇ كىتاپلاردىن پايدىلانسام ھېچ كىم قارشىلىق قىلمايتى، ئەمما كاللامغا بۇ ئۇنىڭ كىتاپخانىسى دىگەن ئاخمىقانە پىكىر كىرىۋالغاچ، مەن ئۇلارغا ئاساسەن چېقىلىپ باقمىدىم. ئەمەلىيەتتە مىنىڭ بۇنداق ئويدا بۇلۇشۇممۇ ئاساسسىز ئەمەس، چۈنكى بۇ كىتاپخانىنى كۆلىمىن ئۆز قولى بىلەن تەشكىللەپ، ئۆزى بىۋاستە باشقۇرۇپ كىلىۋاتقان بۇلۇپ، كىتاپلار ئىناتايىن ئېنىق تىزىملىنىپ، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. مەن بۇ كىتاپلارنى تەپسىلى ئاختۇرۇپ باقمىغان بولسامۇ، بىر قانچە قېتىم ئىشكاپتىكى كىتاپلارنىڭ تىملىرىغا مۇنداقچە قاراپ باققان.

ئۇنىڭ ئىشكاۋىدىكى كىتاپلارنىڭ تۇرى كوپ بۇلۇپ "ئاتامان"، "روبىنسۇن كىرۇسو" "ئاننى فرانكنىڭ خاتىرلىرى" دىگەندەك ئەسەرلەر بار ئىدى. بۇ كىتاپلارنىڭ قاتارىدا "ئىتىقادنىڭ قەھرىمانلىرى" دىگەن بىر ئەسەرمۇ بۇلۇپ، مەن شۇ كىتپانى ئېلىپ "مارتىن ھەقىقەتنىڭ تېگىگە يىتىدۇ" دىگەن باپنى ئېچىپ ئۇقۇدۇم:

***ئۇ نىمە ئۇچۇن ئىنجىلنى بۇرۇنراق ئۇقۇمىغاندىمەن؟ ئىنجىلنى ئۇقۇشنى زىرىكىشلىك دەپ قارىشىغا نىمە سەۋەپ بولغاندۇ؟ ئۇ ئىنجىلنى ئۇقۇغانسىرى تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. تۇساتتىن ئەيسا پەيغەمبەر ئۇنىڭغا مەۋجۇت ئادەمدەك، دىگەن گەپلىرى ئاللىقا ئايلانغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. تۇساتتىن يىللاردىن بىرى ئۇنى ناراھەت قىلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر غايىپ بولدى. ئىلاھ ئۇنىڭدىن غەزەپلەنمەپتۇ، ئىلاھ ئۇنى سۈيىدىكەن.***

بۇ كىتاپنىڭ قانداق بۇلۇپ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ قالغانلىغىدىن سەل ھەيران قالغان بولسامۇ، كۆلىمىنىمۇ تۇغرا چۈشەنمەي بولمايتى، چۈنكى ئۇنىڭ تاللاپ تىزغۇدەك كوپ كىتاپلىرىمۇ يوق ئىدى. قالغان كىتاپلارغا قاراپ باقسام ھەممىسى دىگۇدەك ھىلىقىدەك قىسقارتىلغان ئىنگىلىزچە ئەسەرلەر ئىكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا "دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك كارامەت" دىگەن كىتاپ كۆزۈمگە چېلىقتى. مۇقاۋىدىكى چۈشەندۈرۈشتە "ئىلاھدىن سىزگە ھەدىيە قىلىنغان ئاجايىپ خاتىرىلەر..." دەپ يېزىلغان ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە "گالىلىيۇدىن ئىككى كەلىمە ـ مەريەم بىلەن يۇسۇپنىڭ ھىكاسىي" "شىۋىتسىيەلىك قەسىدىچى" "بىزنىڭ ئىلاھىمىز بولغان كىچىك قوزا" دىگەندەك كىتاپلارمۇ بار ئىكەن. بۇ كىتاپلارنىڭ بەزىلىرىدە كۆلىمىن بىلەن سۇسانىنىڭ ئادىرىسى بار بۇلۇپ، بۇ بىر قاتار دىنى تۇسىنى ئالغان كىتاپلارنى بىر بىرى بىلەن باغلىماي ئايرىمچە قارىسا ئانچە بەك غەلىتە بىلىنمەيتى. ئەمما بۇ خىلدىكى تىملارنىڭ ھەممىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قارىسا، جۇڭگۇنىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر مەكتەپنىڭ

كۈتۈپخانىسىدا بۇ خىل دىن تەشۋىقاتىنى ئاساس قىلغان كىتاپلارنىڭ پەيدا بولۇشى دىمىسىمۇ كىشىگە غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، گەرچە بۇ كىتاپلار دىنىي تېمىلارنى مەزمۇن قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسى ئىنگىلىز تىلىدا بولغاچ، قارىماققا بۇ يەرگە تىزىلىشىمۇ ئانچە ئورۇنسىز ئەمەستەك بىلىنەتتى.

بۇ كىتاپلارنىڭ ئارىسىدىكى دىنىي تۈسى ئەڭ چوڭقۇر بىرى ئىلاھى پادىچى، دانىشمەنلەر، بېلىقلار، بولكا پارچىسى ۋە ئەيسانىڭ قايتا تېرىلىشى قاتارلىق خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇيىم ھېكايىلىرى رەڭلىق رەسىملەر بىلەن تونۇشتۇرۇلغان خىتايچە كىتاپ ئىدى.

**49**

تونجى قار يەر يۈزىنى يېپىپ، دەرىزە گىرۋەكلىرىنى ئاق قىرولار باغلىدى. يول يۈزىنى قاپلىغان قارلاردا ماشىنا ئۆتۈشۈپ، چاق ئىزلىرىدىن پاراللېل قار ئېرىق شەكىللەندى. بىناغا مەسئۇل كىشى تۇساتتىن چۈشكەن سوغاقتىن تەمترەپ قېلىپ، پار قازىنىغا ئوت قالايدىغان ئىشچىغا كۆمۈرنى ئايىماي قالاشقا بويرۇدى، پار ئۆچاقتىن ئۆرلەپ چىققان قاپ ـ قارا ئىسنىڭ ئېشىشى بىلەن ئۆيلەردىكى پارلارمۇ ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتكەچ، بەزىلەر چىدىماي دەرىزىلىرىنى ئېچىشاق مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىنچە تونجى قارنىڭ چۈشۈشى بىلەن كىشىلەر بىر بىرىگە قارلىق تاشلايدىكەن. بۇ قارلىقلارنى بىر بىرىنى زىيارەت قىلغان قالدۇرۇپ كېتىدىكەن، قارلىقنى ئالغۇچى قارشى تەرەپنى تۇتالمىسا، خەتتىكى تەلىۋى بويىنچە ئۇلارنى مېھمان قىلىدىكەن. بۇ ھەقتە شۋېتسىيەلىك بۇيۇك ئانترىپولوگ گۇننار جاررىڭ مۇنداق نەقلى قىلىدۇ:

***قار ئاللانىڭ ئۇلۇغ بەرىكىتى، تونجى قارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بىرگە بولايلى دوست ۋە بۇرادەرلەر دەپ قارلىق تاشلايدۇ. ئەگەر قارلىق تاشلىغۇچىنىڭ ئىزى تۇتۇلۇپ قالسا خەتتىكى تەلىۋىنى ئىزى بىجا كەلتۇرۇپ دوسقان سالىدىكەن.***

ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ئەگەر بىرەرسى كەلگەن مېھماننىڭ قارلىق تاشلاپ كەتكەنلىگىنى سېزىپ قالسا دەرھال ئارقىسىدىن قوغلايدىكەن. ئەگەر قارشى تەرەپ ئوز ئۆيىگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇنى ئايالچە كىيىندۇرۇپ كوچىدا سازايى قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدە كىشىلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىشى كېرەك ئىكەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا باشقىلار ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى تۇسىۋالىدىكەن. ئەگەر قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتالمىسا قارلىق ئالغۇچى باشقىلارنى مېھمان قىلىدىكەن.

قارلىق تاشلاش ئويۇنى ئاڭلىماققا قىززىقارلىق تۇيۇلدى، ئەمما جاررىڭنىڭ تەتقىقاتى جەنۇبى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغاچ، غۇلجىدىمۇ قارلىق تاشلىشامدىغاندۇ

دىگەننى تازا ئېنىق بىلەلمەي ، بىر قانچە كىشىدىن سۇرىسام ئويناپدۇ دېيىشتى . بۇ يەردە ياشلار كوپرەك ئويناپدىكەن . ئەمما ئۇلار ئاپالچە كىيىندۇرۇپ كوچىدا سازايى قىلىش ۋە ئوينىڭ ئىشىگىنى تۇسىۋىلىش قاتارلىق تەپسىلاتلارنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن . ئۇلار يەنە قارلىق مەخپى تاشلىنىدۇ ، كىمنىڭ قارلىق تاشلىشى مۇمكىنلىكىنى ئالدىن پەرەز قىلىشمۇ ئىنتايىن تەس دەيدۇ .

تۇنجى قاردىن كېيىنكى بىر قانچە كون ئىچىدە مەن ئويگە كەلگەن ھەر بىر مېھمانغا گۇمان بىلەن قاراپ ، ئارقام ئورۇلۇپ قالسا قارلىق تاشلاپ قالارمۇ دەپ ئىنتىيايىنى ئىتىيات بىلەن كۇزەتتىم . قارلىق تاشلىشىنى بىر تەرەپتىن ئارزۇ قىلسام ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم . مېھمانلارنىڭ كۇتۇرىۋالغان سومكىلىرىدىن گۇمانلىنىپلا قالماي ، ئويدە مېھمان بار چاغدا ھاجەت قىستىسىمۇ ھاجەتخانىغا كىرمەي تاقەت قىلدىم .داۋاملىق سەزگۇر تۇرۇشنىڭ ئۇزىمۇ ئادەمنى خۇرىتىدىكەن ، شۇڭا مېنىڭ بۇ خىل سەزگۇرلۇگۇممۇ ئۇزۇنغا بارمىدى . بىر ھەپتىدىن كېيىن مىللى سىنىپنىڭ ئۇقۇغۇچىلىرى مېنىڭ ئويۇمگە تىل مەشقى يىغىلىشىغا تۇپلاندى . بەزىدە بۇنداق يىغىلىشلاردا ئۇقۇغۇچىلار مەن ئېغىز ئېچىپ بىر نىمە دىمۇگىچە گەپ قىلماي پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇراتتى ، ئەمما بۇ قېتىمقى يىغىلىش ئالاھىدە ياخشى بولدى . مەن تايلانت ھەققىدە بىر ئېغىز سوز باشلىشىم بىلەن ، ئۇقۇغۇچىلار تايلانتىكى جىنسىنى ئوزگەرتىپ قىز بۇلۇۋالغان ئادىمى شەيتانلار ھەققىدە قىززىق تالاش تارتىشلار قىلىشتى . سىنىپمىدىكى بىر قىز پىكىر بايان قىلىپ ، ئۇلاردىن بىزار بولغانلىغىنى بىلدۇردى ، يەنە بىر قىز ئۇلاردا بىر خىل كىسەللىك بار ئىكەن ، شۇڭا ياشلا ئۇلۇپ كىتىدىكەن شۇڭا ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ دىدى . يۇسۇپ مۇنازىرىگە قاتناشماي قۇلاق سالدى ۋە ئۇلار ئاخماقلار دىگەندىن باشقا پىكىر بايان قىلمدى .

ئۇلار ماڭا رەخمەت ئېيتىپ قايتىشقاندىن كېيىن ئوينى رەتلەي دەپ قارىسام ئالتە قور ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان بىر پارچە ئاق قەغەزنى كۇرۇپ قالدىمدە ، قەغەزنى يېلىپ دەرھال ئۇلارنى قوغلاپ چىقتىم . يۇسۇپ بىلەن رىشات بىنا ئالدىدا ۋەلىسىپىتلىرىگە مىنىشكە تەمشىلىۋاتقان ئىكەن چىقسام . مەن مەغرۇرلۇق بىلەن قۇلۇمدىكى قەغەزنى ئۇلارغا كورسۇتۇپ ، خىيالىمغا ئۇلارنى ئاپالچە كىيىندۇرۇپ ، ئوسما ئەڭلىكلەر بىلەن كوچىدا سازايى قىلغان مەنزىرە كەلدى .

"بۇ كىمنىڭ؟ سىزنىڭمۇيا رىشات؟" دەپ سۇرىۋىدىم ، يۇسۇپ بۇ مىنىڭ دىدى .

"ئۇنداقتا قاچان ئولتۇراش ئويناپمىز"

"ئولتۇراش؟"

"مەن تاشلىغان قارلىغىڭىزنى تېپىۋالدىم ، دىمەك سىز مېھمان قىلىشىڭىز كىرەك بىزنى" .

"قارلىق؟"

يۈسۈپ قۇلۇمدىكى قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ كۆرۈپ، شەيتانلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى...

"كىر يۇيۇش پاراشوگى، پىرەنىك، ئالما..."

ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كىتۋىدى مەن ئىچىمدا ئۇلارنى قارغاپ كەتتىم...

**50**

قەرىتان قىشنىڭ سوغىقى شاخمات خۇمارلارنى ئۆيۈندىن تۇختىتالمىدى، تالا سوۋۇپ كەتكەچ ئۇلار ئوينىڭ ئىچىدە ئېلىشىشنى داۋاملاشتۇردى. قىلىن چاپانلار ۋە قۇلاقچىلارنى كىيۋالغان ئويۇنچىلارنىڭ ھەركىتى تېخمۇ تىزلىشىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. ئۇلار شاخمات پىچكىلىرىنى تاختىغا كۆچەپ قويۇپ دەرھال قولىنى يېڭىغا تىقىۋالاتتى. شاخماتچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاياللارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتى، مەنمۇ جەڭگە قاتناشماي بىر چەتتە تاماشىشا كۆرۈپ تۇراتتىم. مەن شاخمات ئوينىمىغىلىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە 20 نەچچە ئويغۇرنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرىۋىتىپ سەتلىشىشتىنمۇ ئەنسىرەيتىم. مەن ئۇلارنىڭ قولدا ياسالغان شاخمات تاختىلىرىغا ئالاھىدە ھەۋەس قىلىپ قالدىم.ھەممىسى دىگۈدەك قولدا ياسالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىرى يۇمشاق ياغاچتىن ياسىلىپ، ئاستى قوڭۇر رەڭ ياكى قارا رەڭدە سىرلانغان بولۇپ، ئۇستىگە ئاق رەڭلىك كاتەكچىلەر سىزىلغان ئىدى. شاخمات ئۆرۈغلىرىنىڭ كوپىنچىسى قاتتىق ياغاچتىن، گاھىلىرى مىتالدىن ياسالغان ئىدى. بۇ شاخمات تاختىلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆنىراپ ئەبجىغى چىقىپ كىتەي دىگەن بىر شاخمات تاختىسىنى بەكرەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، بۇ تاختىنى ياپسا بىر ساندۇق بۇلۇپ قالاتتى. بۇ تاختا شۇنداق كونا كۆرۈندىكى رەڭلىرى ئۆڭۈپ، ئاق كاتەكچىلەر سۇس سېرىق رەڭدەك، ئاستىنىڭ قارا رەڭگى سۇس كۈلرەڭ كۆرۈنەتتى. ئۇچۇنچى قۇردىكى ئاق كاتەچىدە بىر تۆشۈك بۇلۇپ، بەلكىم غەلبىنىڭ ھاياجىندا قاتتىق ئۇرۇلغان پىچكىنىڭ نەتىجىس بولسا كىرەك دەپ پەرەز قىلدىم. ئۆرۈقلىرىمۇ قۇپال مىتالدىن ياسالغان بۇلۇپ، پىچكىلارنىڭ چوڭ كىچىكلىكى بىردەك بولمايلا قالماي، ۋەزىر شاھىدىن ئىگىزرەك ئىدى.

بۇ تاختىنىڭ ئىگىسى ئۇتتۇرا ياشلىق بىرى بۇلۇپ، ھەرگىز ئۇتتۇرۇپ باققىنى كۆرۈپ باقمىدىم. تاكى بىر كۈنى ئۇ مىنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئىنگىلىزچە بىلىدىغانلىقىدىنمۇ بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن. ئەتىراپتا ئادەممۇ ئانچە كوپ بولمىغاچ، ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قۇبۇل قىلدىم. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن بۇلۇپ، ئۇمۇ مۇراتقا ئوخشاش ئىنگىلىزچە كەچلىك كۇرس ئېچىپ بالا ئوقۇتىدىكەن.

"سىزنىڭ شاخمات تاختىڭىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، قەيەردىن ئالغاندىڭىز؟"

"ئىنىم ياساپ بەرگەن".

"قاچان؟"

"20 يىللارچە بولدىغۇ دەيمەن".

بىز ئۈرۈغلارنى تىزىپ جەڭگە ھازىرلاندۇق، ھەممە ئۈرۈقلار جەك ھۇجۇمغا ھازىرلىنىۋىدى تۇرسۇن ۋەزىر بىلەن ھوجۇم باشلىدى.

"مەن ھۇجۇمغا ئۆتتۇم ئەمدى" دىدى

قارىسام مىنىڭ ئۈرۈقلىرىمغا ھىچ تەھدىت باردەك كۆرۈنمىگەچ، مەن پەرزىمىن پۈتتۈرىغا يوتكۇۋىدىم، ئۇ ۋەزىرى بىلەن بىر پىچكامنى ئالدى.

"ئەمدى سىزگە مۇشتۇمنى تېتىتىپ قوياي"

مەن ئاتنى مىڭىۋىدىم، ئۇ ھۇجۇمىدىن ياندى.

"قارىغاندا قۇرۇپ ھەيۋە قىپتىمەن" دىدى.

ئۆيۈن داۋامىدا ئۇ تۇختىماي باھالاپ تۇردى. تۇساتتىن ئۇنى سەل قىستاپ قويۇۋىدىم، ئۇ سەل تۇرۇپۇلىپ، كالپۇگىنى ئۈمچەيتىپ ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن "چاتاق چىقامدۇ نىمە؟ چاتاق يوقكەن، سىزمۇ قۇرۇق ھەيۋە قىپسىز" دىدى.

ئۇنىڭ پەرىزى توغرا چىقتى، 15 مىنۇتقا قالماي مىنىڭ شاھىم بىر بۇرجەكتە مات بولۇپ مەغلۇب بولدۇم. مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۇپ، رەخمەت ئەيتىۋىدىم ئۇ مىنىڭ ئۆزى ئاچقان كەچلىك كۇرسقا تەكلىپ قىلدى. مەن ماقۇللۇن بىلدۈرۈپ، ئىنگىلىزچىڭىز ياخشى دەپ ماختىۋىدىم ئۇ ماختىغىنىم ئۈچۈن رەخمەت ئەيتىپ" مەن كۆرگەن تۇنجى ئىنگىلىزچە كىنۇدىن ئۆگۈنىۋالغان ئىككى ئېغىز دىئالوگنى ھىلىمۇ ئەسلىيەلەيمەن" دىدى

"قايسى جۈملىلەرنى؟"

"سىمبا، مىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ياق ئاتا، سىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟"

"قايسى كىنودىن ئۆگەنگەندىڭىز؟"

"شىر پادىشاھى"

قايتىپ كىلىۋاتسام گېپى ئۈچراپ قالدى. نىمىلەرنى قىلدىڭىز دەپ سۈرىۋىدى، بولغانلارنى دەپ بەرسەم، ئۇ ھاياجان بىلەن "قالتىسقۇ؟ تۇرسۇن بىلەن شاخمات ئوينىدىڭىزما؟ ئۇتالىدىڭىزمۇ؟"

"ياق، ئەدىۋىمنى يىدىم، ئۇ بەكلا ئۇستا ئىكەن"

"مەنمۇ شۇنداقمىكى دەپ پەرەز قىلغان. تۇرسۇن ئۈچ يىلدىن بىرى غۇلجا شەھرىنىڭ شاخمات چىمپىيۇنلىغىنى قولدىن بەرمەي كەلدى، سىزگە بۇلارنى دەپ بەرمىدىمۇ؟"

## 51

يەر يۈزىنى بىر قات قېلىن مۇز قاپلاپ كەتتى. باشتا ئۇ يەر بۇ يەردە ئازراق ئۇچۇق يولنى كۆرگىلى بولاتتى، ئەمدى بولسا ھەممە يەر مۇز توڭتۇپ، ئالقانچىلىك يەرمۇ قالمىغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىسىدىكى پاتقاق يوللار قېتىپ، سەل تېيىلغاقراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەمما مېڭىش خېلىلا ئوڭاي بولۇپ قالغان ئىدى. كوچىلاردا ماڭغاندا بەكرەك ئېتىيات قىلىپ، سېرىلىپ، تېيىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، بولمىسا ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالاتتى ئادەم.

ئۇيغۇر باللىرى تەبىئەتنىڭ بۇ ئۆزگىرىشلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆنلىرىنى چانغا تېيىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. تار كوچىلاردا توپ توپ بالا يوللانى توسۇپ، ئۆتكەن كەچكەن ماشىنىلارغا ئېسىلىپ، ئويۇن ئوينىشاتتى. خىتاي باللىرى بولسا قېلىن كىيىملەرگە ئورىنىۋېلىپ، مەيۈسلىنىپ ئۇلارنى تاماشىشا قىلاتتى. يول يۈزىدىكى ئىگىز پەس گاداڭلاردا يىغىلىپ قالغان سۇلار مۇزلاپ، يەر يۈزى تەكشىلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئوگزىلەرنىڭ گىرۋەكلىرى مۇز نۇكچىلىرى بىلەن بېزىلىپ، رۇس ئۇسلۇبىدىكى قەدىمى بىنالارنىڭ ئۇزۇن گىرۋەكلىرىدىن ساقىپ چۈشكەن خەنجەردەك ئۇچلۇق مۇز نۇكچىلىرى بەكرەك خەتەرلىك كۆرۈنەتتى.

شەھەر مەيدانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر ھەشەمەتلىك خىزمەت بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرتتى، بىنانىڭ ئۈستىدە مۇز قاپلاپ كەتكەن بەش يۇلتۇزدىن ساقىپ چۈشۈۋاتقان مۇز تامچىلىرى ئالدىغا قاراپ تۇرغان ئىشچى دىخانلارنىڭ ھەيكىلىنىڭ يۈزىگە ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنەتتى. كۈنىراپ كەتكەن سېمۇنۇۋۇللۇغى كۈچلۈك بۇ كۆرۈنۈشلەر، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەش يۇلتۇز تۆۋەنگە ئېقىپ چۈشۈۋاقاندەك بىلىنىپ، ئادەمگە ئانچە راھەت كۆرۈنمەيتى. بۇ بىنا بەكلا ئەسكىرەپ كەتكەچ، ئاستىنقى قەۋەتتىكى بىر قانچە ئېغىز ئىشخانىلارنىڭلا ئىشلەتكۈچىلىكى قالغان بۇلۇپ، باشقا قەۋەتلەردە ئادەم يوق ئىدى. بىنانىڭ ئالدىدا قەشقەرگە قاتنايدىغان كارۋاتلىق ئاپتۇۋۇز 36 سائەتلىك ئۇزۇن سەپىرىنى باشلاشنى ساقلاپ تۇراتتى. بۇ ئاپتۇۋۇز قاراڭغۇدا بېسىپ ئۆتىدىغان ئەگرى بۈگرى تاغ يوللىرىدا مەنمۇ مېڭىپ باققاچ، بۇ يوللارنىڭ قانداغلىغىدىن خەۋەردار ئىدىم.

ئاشخانا ئىزدەپ بىر بىناغا كىرىۋىدىم، سىرتىدىن ئاشخانىدەك كۆرۈنگەن بۇ جاي كىچىك بىر كىنوخانا بۇلۇپ چىقتى. كىنوخانىنىڭ تاملىرىغا "كورىيەلىك قاتىل" "جان ئالغۇچ نىنجا 2" دىگەندەك كونا كىنولارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن تەشۋىقات رەسىملىرى چاپلانغان ئىدى. تالادا ئۇششۇپ قالاي دەپ قالغانلىغىم ئۈچۈن بىر دەم ئىسسىنىۋالاي دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن بىلەتچىگە بىر يۆەن بىرىۋىدىم ئۇ ماڭا رۇسچە ياخشىمۇسىز دەپ سالام بېرىپ، ئالدىدىكى ئىشكاپقا تىزىلغان چۈكىلات ۋە تازىلىق قەغەزلىرىنى

كورستىۋىدى مەن بىشىمنى چايقاپ ئالمايمەن دەپ، فىلىم زالىنىڭ ئىشىك مەلەڭزىسىنى ئىچىپ ئىچكىرىگە كىردىم.

زال ئىچى قاپ ـ قاراڭغۇ بولۇپ، مەشىنىڭ غۇۋا نۇرىدىن باشقا ھېچ نىمىنى كورگۇلى بولمايتى. تىمىسقىلاپ يۇرۇپ ئاران تەستە ئولتۇرغۇدەك بىر ئورۇن تاپتىم، قاراڭغۇدا ھېچ كىمنىڭ يۇزىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغاچ، كوڭلۇم خېلى راھەتلىنىپ قالدى.

ئىكراندا يالىڭاچ بىر ئايال چاترىغىنى كىرىپ كارۋاتتا ياتاتتى، ئىككى يۇتىسىنىڭ ئارىسىدا بىر ئەركىشىنىڭ بېشى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئايالنىڭ قۇرساق قىسمىنىڭ كوپرەك قىسمىنى يۇغان بىر قارا چەمبىرەك توسۇۋالغان بولۇپ، ئەر كىشىنىڭ جىسمىنىمۇ تولۇق كورگىلى بولمايتى. ئەركىشى ئاستا ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىۋىدى ئاستىدا ياتقان ئايال ئىڭرىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئىڭراشلىرى لەززەتلىنىش ئەمەس ئازاپلىنىۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

كورۇنۇش ئوزگىرىپ، ئىكراندا پويىزدا ئولتۇرغان بىر ئەر كىشى چىقتى. ياش بىر ئايال ئۇ ئەر كىشىنىڭ يېنىغا كىلىپ، ئۇنىڭغا بىر نىمە دىۋىدى، ئۇمۇ بىر نىملەرنى دەپ جاۋاپ بەردى. ئەتىراپىمدىكىلەرنىڭ ئەسنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. نۇرغۇن دىئالوگلاردىن كيىن جىنسى مۇناسىۋەت ئوتكۇزىۋاتقان كورۇنۇش يەنە داۋاملىشىۋىدى، ئەتىراپىمدىكى ئەرلەرنىڭ مىدىرلاپ ئوزلىرىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇشقا ئورۇنىۋاتقانلىغىنى سەزدىم. ئىكراندىكى ئەر كىشى بارمىغى بىلەن ياش قىزنىڭ ئاپپاق ئىچ كيىمىنىڭ ئۇستىدىن جىنسى ئورگاننىنى سىلاشقا باشلىۋىدى، بۇ 1970 – يىللار ئەتىراپىدا ياپۇنيەدە ئىشلەنگەن فىلىم ئىكەنلىگىنى جەزملەشتۇردۇم.

ئىكراندا جىنسى مۇناسىۋەت كورۇنىش بىر قانچە مىنۇت داۋاملاشقاندىن كيىن، سۇرەت ئوزگۇرۇپ دوختۇرخانىنىڭ سىرتقى كورۇنشى كورسۇتىلدى. ئارقىدىن بىر دوختۇر بىلەن سېستىرانىڭ جىنسى مۇناسىۋەت ئوتكۇزىۋاتقان كورۇنىشى كورۇندى، ھەر ئىككى تەرەپ قاتتىق لەززەتلىنىپ، تازا تاتلىق يېرىگە كىلەي دىگەندە تېلىفون جىرىڭلاپ قالدى. دوختۇر تېلىفوننى ئېلىپ، بىردىنلا سولىشىپ، ئولتۇرۇپ قېلىۋىدى، خوماری قانمىغان سېستىرا ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قايتا قوزغاشقا ئورۇنغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئىلاجسىز قالغان سېستىرا مورىسىنى كوتۇرۇپ قويۇپ، ئەر كىشىنىڭ قولىدىكى تېلىفون تورۇپكىسىغا ئېسىلىپ، ئوزنى روسلىۋالدى. سۇرەت ئوزگۇرۇپ، ئىكراندا تالادىكى تېلىفون بوتكىسىدا بىر قىز بالىنىڭ تېلىفوندىن چىقىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ھاياجانلىپ كىتىۋاتقان كورۇنىشى چىقتى.

يېنىمدا ئولتۇرغان ئەر تاماشابىن "بۇ مەن كورگەن ئەڭ ئېسىل كىنۇ" دەپ پىچىرلىۋىدى، مەنمۇ نائىلاج ھورمەت يۇزىسىدىن ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ قويدۇم.

بۇ مەۋسۇم ئاخىرلىششقا بىر ئاي قالغاندا ئېلىنۇر رىۋدىستىۋا بايرىمىغا ئولگۇرۇپ ۋەتىنىگە قايتىشى قارارىنى مەكتەپ مۇدىرىيىتىگە ئۇقتۇردى. مەكتەپ تەرەپ ئۇنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ مەۋسۇم ئاخىرىغىچە ساقلىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوقۇغۇچىلار ئېلىنۇغا نۇرغۇنلىغان يۇللۇقلارنى سوۋغات قىلىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا كىچىك ئاسلاننىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن بىر ياستۇق، خوش پۇراق چىقىدىغان يالتىراقتىن ياسالغان بىر يۈرەك، ئىتنىڭ شەكلىدە ياسالغان قەلەم ئۈچلىغۇچ (قەلەمنى ئۈچلاش ئۈچۈن ئىتنىڭ ئاغزىغا تىقىپ، ئارقىسىدىن تولغىسا ئۈچلىناتتى)، مۇزىكا چىقىدىغان كىچىكىنە بىر قارىغاي ئۆينىڭ مودىلى قاتارلىقلارغا مىنىڭ ياتىغىمدىكى ئىشكاپتىن جاي هازىرلىدىم.

بۇلارنىڭ ئارىسدا بەكرەك قىممەتلىك تۇيۇلغىنى ئېلنۇرنىڭ بىرىنجى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىر ئۇقۇغۇچىسى بەرگەن "ئىسل ئويغۇر مۇزىكىرى" دىگەن ۋ س د پىلاستىنكىسى بۇلۇپ، بىز بىرگە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن هوزۇرلاندۇق.

مۇزىكىغا ئەگىشىپ باشتا بىر ئۇيغۇر يىگىت ئۇسۇلغا چۈشتى، ئۇ يۈزىنى رۇمالدا تۇسىۋالغان، تارتىنچاق، ئەمما كوزلىرى ئويناقشىپ تۇرغان، بىر ئويغۇر قىزنى كۇرۇپ قالىدۇ. قىزنىڭ كوزلىرى بىردەم يەرگە قارىۋالسا، بىردەم ئۇ يىگىتكە قارايتى. يىگىت قىزنى قوغلىۋىدى قىز قېچىپ كەتتى، قىز يۈشۇرىنىۋالغاندى، يىگىت ئۇنى ئىزدىدى. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسگە خىتايچىدا ئەيتىلغان "گۈزەل ئۈرۈمچى" دىگەن ناخشا تەڭكەش قىلىندى. بۇ پىلاستىنكىدىكى مۇزىكارلىنىڭ تېكىستى ھەممىسى خىتايچە ئىكەن.

ئۇ دەرس ئوتكەن بىر سىنىپ گازىر پۇرچاق تىزىپ، قۇرۇق گەپ قىلىدىغان ئولتۇرۇش قىلىپ ئۇنى ئۇزاتتى. بۇ سىنىپدىكى بىردىن بىر مىللى ئوقۇغۇچى بىر قازاق بالا بولۇپ، ئۇنى سەنئەت نومۇرى ئورۇنلاپ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇ باشقا پاكۇلتىتتىكى بىر قانچە ئويغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر نومۇر تەييارلاپ كەپتۇ. ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىش ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار ئېلىنۇرغا بىر ئويغۇرچە دۇپپا تەقتىم قىلىپ، ئۇنى كېيىشكە ئوندەشتى (ئادەتتە قىسمەن ياش قىزلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا ئويغۇر ئاياللىرى دوپپا كەيمەيدىكەن)، ئېلىنۇر ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلالماي، نائىلاج دوپپىنى بېشىغا كىيىۋىدى، ھەممەيلەن ئالقىشلاپ كەتتى. دوپپا تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بۇ قېتىمقى ئولتۇرۇشنىڭ كۇلۇمىناتسىيەسى بولۇپ قالدى. بەلكىم ماڭا ئوخشاش چەتئەللىكلەر بەك سەزگۈر بولۇپ كەتكەچكىمكىن، مىللىلارنى ناخشا ئۇسۇلغا سالغانلىقىدىن سەل بىئارام بولغاندەك بولساقمۇ، سىنىپتىكى قازاق ۋە ئويغۇرلار بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلىپ قويۇشمىدى. بىر كۈنى مەن مىللى كۇرسقا قاتنىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن خىتايلارنىڭ ئۇلارنى ناخشا ـ ئۇسۇلغا ئۇستا دەپ تەشۋىق قىلىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى يېزىپ كېلىشنى تاپشۇرۇق قىلىپ بەرسەم، ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى مۇنداق دەپ يېزىپتۇ:

> *ئۇيغۇرلارنى ناخشا ـ ئۇسۇلغان ئامراق دەيدۇ، بۇ خاتا ئەمەس. بىزدە "ئۇيغۇر باللىرى ئايىغى چىققاندىن تارتىپلا ئۇسۇل ئوگۇنىدۇ، تىلى چىققاندىلا ناخشا ئەيتالايدۇ" دىگەن گەپ بار، ئەمما بۇ توغرا ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسنى ئۇسۇل ئويناپ ناخشا ئەيتىشقا ئۇستا دىيىشكە بولمايدۇ. ناخشا ـ ئۇسۇلنى ياقتۇرىدىغىنىمىز راس، ئەمما ناخشا ـ ئۇسۇللا بىزنىڭ ھاياتىمىز ئەمەس. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بۇلىدىغان بولسا، بۇ بەكمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىش.*

خىتاي مەدىنىيىتىدە ئۇيغۇرلارغا بىرىلگەن ئۇرۇن تىرورىست ياكى مۇزىكا خۇمار دىگەن روللار بىلەن چەكلىنىپ، ئۇلارنى باشقىچە ئويلۇنىش مۇمكىنچىلىگى يوق دىيەرلىك، بۇلىسمۇ، بىر خىتاي قىزنىڭ شۇ كۇنكى ئولتۇرۇش ھەققىدە يازغان خاتىرىس سەل ئوزگىچە بىلىندى .

> *بۇگۇن چۈشتىن كىيىن بىز ئويغۇرلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئوتكەزدۇق! بىز بىرگە ناخشا ئەيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ نۇرغۇن كۇڭۇللۇك ئۇيۇنلارنى ئوينىدۇق. ئۇيغۇرلارمۇ نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ نۇمۇرلارنى ئورۇنلىدى. بەك كۇڭۇللۇك ئوينىدۇق. بۇ پائالىيەت داۋامىدا بىر قانچە ئويغۇر بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلار بەكلا ئاق كۇڭۇل ۋە قىززىقچى ئىكەن. ئويغۇرلارنىڭ ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ رەڭدار ھاياتىنىڭ سىمۋۇلى. مەن كەلگۈسىدە ئۇلار بىلەن تىخمۇ چۇڭقۇر دوستلۇق ئورنۇتۇپ، ئۇلارنى بەكرەك چۈشۈنىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىمەن.*

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىنمۇ مەن مەنلىك ۋە كەمسىتىشنىڭ پۇراقلىرى چىقىپ تۇرسىمۇ، بۇ باشقا قاراشلارغا قارىغاندا قۇلاققا خېلى خوش ياقتى. مەسلەن مەن ياخشى كۇرىدىغان بىرخىتاي ئۇقۇغۇچى مۇنداق ياغان ئىدى:

ميللىلار بەكلا ياۋۇز كىلىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ قوپال قىلىقلىرى ۋە پەسكەش سوزلىرىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا كوڭلىڭىز غەش بۇلۇدۇ. مىنىڭ قارىشىمچە غۇلجىدا ئۇغرى بۇلاڭچىلارنىڭ سانى شىنجاڭدىكى ھەر قانداق جايدىن ئېشىپ چۇشىدۇ. راس گەپنى قىلسام، بۇ يەرنى ئانچە بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن .

ئۇ ئەقىللىق ھەم دوستانە كۇرۇنسىمۇ، يۇرىگىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھاكاۋۇرلۇق چىقىتپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارشىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە جايىللىق، ئۇنىڭ خاراكتىرىدا ئوزگۇچىلىكنىڭ كەمچىللىەنىك بىشارىتى ئىدى .

**53**

بىر كۇنى رىشاتنىڭ ساقچىلارنىڭ مىنى سۇرىغانلىغى ھەققىدىكى ئۇچۇرى كاللامغا كىرىۋالدى. مەن گەرچە ھىچ قانداق قانۇنسىز ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسامۇ، ئەمما مىللى كۇرسقا دەرس ئۇتۇش ۋە قىسمەن ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بۇلۇشتىن قۇسۇر تاپمەن

دىسە بىر نىمە دىگىلى بولمايتى. بەلكىم، قىسمەن مەسىلىلەر ئۈستىدە بەك كوپ سۇئاللارنى سۇرىغىنىم دىققىتىنى تارتقاندۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، مەندىن باشقىمۇ ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانلار بار ئىدى. بىر كۈنى گېبى ماڭا ساقچىلارنىڭ باشقا ئۇقۇتقۇچىلاردىن ئۇنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىگە كۆز قۇلاق بۇلۇشنى تاپىلىغانلىغىنى دەپ بەردى. ئۇلار باشقا چەتئەللىك ئۇقۇتقۇچىلاردىنمۇ گۇمانلانسا كىرەك دەپ ئويلىدىم، ئەمما بۇ خىياللار كوڭلۇمنى بېسىپ تۇرغان يۇكنى يەڭگىللىتەلمىدى. شۇندىن تارتىپ دايىم چۇشۇمدە ئۇقۇغۇچىلىرىم مىنى سۇراقىا تارتىپ قارا باسىدىغان بۇلۇپ قالدى. چۇشۇمدە ئۇلار ئەگەر ئىمتىھاندا ياخشى نۇمۇر قويمىساڭ ئەمچىكىڭگە جازالايدىغان ئەسۋاپلارنى ئىشلىتىمىز دەپ تەھدىت قىلىشاتتى.

ئۈستىمىزدىن نازارە قىلىدىغانلار ساقچىلار ۋە مەخپى خادىملار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتى. ھە قېتىم سىرتقا چىقسام مەكتەپ تەرەپكە دۇكلات قىلىشىم كىرەك ئىدى، ھەتتا ھەپتە ئاخىرلىرىمۇ رۇخسەتسىز بىر يەرگە بېرىش مۇمكىنلىكگى يۇق ئىدى. ماڭا ئىۋەتىلگەن خالتىلارنى ۋە كىتاپلارنى پۇشتىخانىدىكىلەر ئېچىپ تەكشۇرەتتى، كىتاپلارنىڭ بەتلىرىنى بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ، ئۇن ئالغۇ پىلاستىنكىلىرىنى ئاڭلاپ باقاتتى. بۇنى بىلىش ئانچە تەس ئەمەس، چۈنكى ئۇلار خالتىلارنىڭ ئاغزىنى ئۇچۇق پېتى ئەكىرىپ بىرەتتى، لىنتىلارنى ئاڭلاپ بولغاندىن كيىن ئارقىغا ياندۇرۇپ قۇيۇشقىمۇ خوش ياقمايتى نازارەتچىلىك قىلىدىغان ھوكۇمەت خادىملىرىغا. خۇنەندىكى ۋاقتىمدا بۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپ باقمىغان ئىدىم. گەرچە قانۇن بۇيىنچە ئېلىپ ئەيتقاندا ئۇلار بۇ خالتىلارنى مىنىڭ كۆز ئالدىمدا ئېچىشى تۇغرا بۇلاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىغى قانۇن ماددىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىسدىن كۇتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىنۇرنىڭ تىلفۇنلىرىمىزنى تىڭشايدۇ دىگەن ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ يادىمغا كېلىپ قىلىپ، تېلىفۇندا سۆزلەشكەندە ئالاھىدە ئېتىيات قىلىغان بۇلۇپ قالدىم. ئەمما تۇرغا چىققاندا مۇمكىنچىلىگى بار تۇر بەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ، ئاچقىنى بۇلىدىغانلىرىنى بىۋاستە ئېچىپ، ب ب س دەك ئاچقىنى بولمايدىغان تور بەتلىرىنى ئىلاج قىلىپ تۇساقلاردىن چۇرىدەپ ئېچىپ، ھەر خىل ئۇچۇرلاردىن پايدىلىپ تۇردۇم. بىر كۈنى "جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ تەشۋىقاتىغا قارشى گىراژدانلار ھەركتى" دىگەن تور بېكىتىنى كۇرۇۋاتسام، تۇساتتىن تۇر ئۈزۈلۈپ قالدى. تېلىفۇننى سىناپ باقسام، تېلېفۇنمۇ يوق. مەن ساقچىلارنىڭ كىلىپ ئىشىك قېقىشىنى ئەندىشە ئىچىدە ساقلاپ ئولتۇردۇم، ئەمما بىرەرسى ئىشىكنى قاقمىدى.

بىر هازادىن كيىن، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۈستەل ئاستىدىكى تىلفۇن سىمىنى تەكشۇرسەم، بەش سانتىمىتىردەك يەرنى چاشقان غاجىلاپ، سىمنى يالىڭئاچلاپ قۇيۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر دوۋە چاشقان مايىقى تۇرۇدۇ. دىمەك چاشقانلارمۇ مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتدۇ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

**54**

سىز يەۋاتقان نېنىڭىزنىڭ لەززىتىنى بىز كەبى ھېس قىلالمايسىز، چۈنكى قولىڭىزدىكى ناننى بىزنىڭكىدەك بىر موماي كەپىدە ياشاپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن خېمىر يۇغۇرۇپ، زولا قىلىپ سىز قوپقىچە تەييارلاپ بەرمەيدۇ. بىزنىڭ مەلىدىكى بىر مەزلۇم، ھەر ئەتىگىنى تاڭدىن بۇرۇن خېمىر يۇغۇرۇپ، زولا ئېچىپ، گىرۋەكلىرىنى تاشتا بېسىپ چارايلىق قىر چىقىرىپ نان ياقىدۇ. ھەر قېتىم نان يېقىشتىن بۇرۇن ئۇ ئالدى بىلەن تۇنۇردىكى ئوتنى زىخ بىلەن كوچىلاپ ئولغايتىپ ئاندىن چاققانلىق بىلەن ئېڭىشىپ، يۇمۇلاق ناننى قىززىق تۇنۇرغا ياقىدۇ، ئۇتتۇز مىنۇتقا قالماي ئالتۇندەك قىزارغان خۇش پۇراق نانلار ھازىرلىنىدۇ.

مەكتەپ ئەتراپىدا بۇنداق ناۋايخانىدىن ئۇن نەچچىس بۇلۇپ، ھەر بىر ناۋاينىڭ ئۆزگىچە ھونەرلىرى بار ئىدى. قىسمەنلىرى نانغا پىياز ئارلاشتۇرۇپ ياقاتتى، بەزىلىرى نان يۈزىگە كۆك پىياز ياكى سىيادان ئۇرۇغى سۇركەپ ياقاتتى. ئەمما مەن يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئەسىرلەردىن بىرى يەپ كىلىۋاتقان، ئارىسىغا ياكى يۈزىگە ھىچ نىمە ئارلاشتۇرۇلمىغان ساددا ناننى بەكرەك ياقتۇراتتىم. ئۇيغۇرلار ناننى مۇقەددەس بىلىپ قەدىرلەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بىرەر سۆز يا ھەركىتىنىڭ رالىغىنى ئىسپاتلاپ بىرىشنى زۆرۈر تاپسا "ناننى دەسسەپ بىرىمەن" دەپ قەسەم ئىچىدۇ. ناننى قالايمىقان تاشلاشنىمۇ بەك يامان كۆرۈدۇ، بۇنى ئاللانىڭ ھىممىتىگە بىھورمەتلىك قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەگەر يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نان ئۇچراپ قالسا دەرھال تىرىپ ئىلىپ، ئادەمنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان ئىگىز يەرگە ئىلىپ قۇيۇدۇ. ئاڭلىشىمچە، بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا ناۋايدىن نان ئالغاندا قولغا چىققانىنى ئىلىپ، تاللاشقامۇ بولمايمىشكەن، چۈنكى ناننىڭ ئەسكى ياخشىسى يوق، ھەممىسى ياخشى نان دەپ قارىلىدىكەن.

بۇ خىل ئادەتلەرنى تۇغرا چۈشەنسەممۇ، ئەمما بۇ ئىشىپ قالغان نانلارنى بىر تەرەپ قىلىشمىغا راستىنلا نۇرغۇن قۇلايسىزلىقلارنى كەلتۈردى. ناندا ئۇزۇن ساقلىغۇچ خىمىيەۋى ماددىلار بولمىغاچ، ئەتىگەندە ئالغان نان كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە قېتىپ كىتەتتى. بەزىلەر ئىشىپ قالغان نانلارنى چارۋىلىرىغا بىرىدىكەن، يەنە بەزىلىرى دەريا تاشلايدىكەن، بۇ ئۇسۇلنىڭ ھىچ قايسىسى ماڭا ماس كەلمەيتى، چۈنكى مىنىڭ ئۆيدىكى چاشقاندىن باشقا نان بىرىدىغان قويلىرىم يوق، مەن چاشقانلارنى نان بىرىپ يامان ئۆگۈتۈپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايمەن، دەرياغا تاشلاي دىسەم ئارىلىق يىراق. بىلىشىمچە، كىشىلەر قېتىپ قالغان ناننى ئەتكەن چايغا چىلاپ يۇمشۇتۇپ يەيدىكەن، ئەمما مىنىڭ ئەتكەن چاي بىلەن قىلچىمۇ خۇشام يوق، شۇڭا تاشلىماي ئامالىممۇ يوق ئىدى. دەسلىۋىدە ئىشىپ قالغان نانلارنى يوشۇرۇنچە ئەخلەت ساندۇغىغا تاشلاپ باقتىم، لىكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ قىلىقلىرىمنى خۇشنىلىرىم بىلىپ قالغانمىدۇ دىگەن خىجىلچىلىقتا توختاپ قالدىم. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قالدۇق نانلار

**ياتىغىمدا گۈمبەزدەك دوۋلىنىپ كۆكىرىشكە باشلىغۇدى ئىلاجسىز ئۈششاق كىشىپ ئۈبىرنىنىڭ سۈيىدە ئېقىتىشكە مەجبۇر بولدۇم.**

**بىر كۈنى بۇ گۈنالىرىمنى گېپىگە ئىقرار قىلىۋىدىم، ئۇ ماڭا ھىسداشلىق بىلدۈرۈپ، تۇغرا چۈشۈنىدىغانلىقىنى ئەيتتى.**

**"دىمىسىمۇ بۇ بىر قىيىن مەسلە، مەن دەسلىۋىدە قالدۇق نانلارنى ئۈرمانغا ئاپىرىپ يۇشۇرۇن تاشلىۋىتەتتى، كىيىنچە دەرەخقە ئېشىپ قۇيۇشنى ئۈگەندىم" دىدى.**

**"دەرەخ؟"**

**"دۈرۈس، ئاخشاملىرى دەرەخقە نان ئېسىپ قويسا تاڭ ئاتقىچە غايىپ بۇلۇپ كىتىدۇ"**

**ئۇنىڭ دىگىنى تۇغرا چىقتى. ھەر ئاخشىمى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ قويغان نان تاڭ ئاتقىچە ئىز دىرەكسىز غايىپ بۇلاتتى. بۇ نانلارنى كىمنىڭ نىمە ئۈچۈن ئالغانلىغى ھىچ كىم بىلمەيتى، مىنىڭمۇ ھەم بۇ سىرنىڭ تېگىگە يىتىش نىتيىم يوق.**

**55**

**نان باغلاپ قويىسا كىچىسى يۇقۇلۇپ كىتىدىغان دەرەخ مەن كورگەن بىردىن بىر خاسىيەتلىك دەرەخ ھىساپلانمايتى. بىر كۈنى مەن تاغ ئارىلاپ قەشقەر تەرەپكە ماڭىدىغان تاش يولنى ياقىلاپ 20 كىلۇمىتىرچە مېڭىۋىدىم، كۈزۈم يولىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسدا ئۈسكەن بىر تۇغراق دەرخگە چۈشۈپ قالدى. ئەتىراپىدا چېچىلىپ ياتقان ئەينەك پارچىلىرىدىن بۇ دەرەخنىڭ قاتناش ئۈچۈن خەتەرلىك بىر تۇسالغۇ ئىكەنلىگى مەلۇم ئىدى. بۇ يول جەنۇپقا قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش تۇگۈنى بۇلۇپ، كىچە كۈندۈز بۇ يەردىن قاتنايدىغان ئاپتۇمۇبىل ۋە ئاپتۇۋۇزلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتى. كىچىدە بۇ يەردە چىراقمۇ بولمىغاچ ماشىنا ھادىسىسى چىقىش ئىتمالى شۇنچە يۇقۇر تۇرۇپمۇ، نىمە ئۈچۈن بۇ دەرەخنىڭ كىسىلمەي يول ئوتتۇرىسدا تۇرىشىغا يول قۇيۇلغانلىغىغا تازا ئەقلىم يەتمەي قالدى.**

**ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۈزۈمگە غەلىتە كۈرۈنگىنى دەرەخنىڭ ئاستىنى بويلاپ باغلاپ قويغان قىزىل بەلۋاغ بىلەن شاخلارغا ئېسىپ قۇيۇلغان ئەللىك نەچچە قىزىل لىنتا بولدى. قارىماققا ھەر بىر لىنتىنىڭ ئىتيات بىلەن ئېسىپ قۇيۇلغانلىغى چىقىپ تۇراتتى.**

**مەن بۇ كورگەنلىرىمنى مىللى سىنپتىكى ئۇقۇغچىلاردىن سورىسام، ئۇلار بۇ لىنتىلارنىڭ شۇ مازار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەۋلىيانىڭ روھىغا ئاتالغان ئىكەنلىگىنى ، ئۇنى پەرزەنت كۈرەلمىگەن ئاياللار ئېسىپ قويغانلىغىنى دىدى. ئۇلار يەنە بۇ دەرەختە قان بارلىغىنى، كىمكى ئۇنى كىسىشكە ئۇرۇنسا يا پالەچ بۇلۇپ قالىدىغانلىغىنى ياكى ئۆلۈپ قالىدىغانلىغىنى ئەيتتى.**

گەرچە ھېچ كىم بىرەرسىنىڭ راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، ھېچ كىم ئۇ دەرەخنىڭ ئۆزىنى مۇداپىيە قىلالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايتى.

شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بۇنداق مازارلار ئاز ئەمەس. تۇرپاندا جىن چاپلىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىشىلەر رەڭلىك رەخلەرگە ئورالغان ئۆششاق خالتىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ياغاچ ئوتكۈزۈپ، مۇشۇنداق مۇقەددەس دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قويىدىكەن. ئوخشاش مەخسەتتە بەزىلەر ئەۋلىيالارنىڭ قەۋرىسىنىڭ ئۈستىگە بىر كوزا دورا ـ دەرمەك ياكى قەغەز پارچىلىرىنى دوۋلەپ كويدۇرىدىكەن.

بۇ خىل ئەنئەنىلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى تەلىماتلىرىغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇلارنى ئەسىرلەردىن بىرى مۇشۇ زېمىندا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان فولك ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ تەركىۋىدە، قەدىمى دىنى ئېتىقاتلارنىڭ تەسىرلىرى بولۇپ، موڭغۇلىيەدىن كىرگەن شامانىزىمنىڭ تەسىرى، ئىراندىن كىرگەن زوروئاستىرزىمنىڭ قالدۇقلىرى، ئىراقتىن كىرگەن مەنئىنچىزىمنىڭ بىشارەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئىكەن. قىسمەن ئۇيغۇرلار بۇ خىل ھادىسىلەرنى خۇراپاتلىق ياكى بىدئەتچىلىك دەپ قارايدىكەن. بەزىلەردىن ئاڭلىشىمچە، قىسمەن يەرلىك موللامىلار ساقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ خىل مازارلارنى تاقاشقا ئۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ خىل قاراشنى قولاليدىغانلار غۇلجا شەھەرلىك ھوكۇمەتتىمۇ ئاز ئەمەس، چۈنكى 2002 - يىلى يانۋاردا شەھەرلىك ھوكۇمەت "فىئوداللىق، خۇراپاتلىق ۋە قالاقلىق" نى يوق قىلىش ئارزۇسىنى ئىلان قىلدى. ئەمما بۇ خىل قاراشقا قوشۇلمايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

**56**

تۇرسۇن تىجارەتچىلىك قىلغاچ بەكلا ئالدىراش بولۇپ، ناشتا ۋاختىدىن باشقا چاغلاردە كۆرۈشكىدەك ۋاختى چىقمايتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنگىلىزچە كۇرسلارنى ئېچىپ دەرس ئۆتۈش بىلەن مەشغۇل بولسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سودا تاپاۋىتى ئۈچۈن پاي پىتەك بۇلاتتى. ئۇ تۈركىيەدىن ۋە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنى ئېلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاچ، دايىم غۇلجا بىلەن چېگرا ئېغىزى ئوتتۇرىدا چېپچىپ يۈرمىسە بولمايتى. گەرچە باي ھىساپلانمىسىمۇ تاپاۋىتى رۇناق تېپىپ، تۇرمۇشى كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىش تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتاتتى. تۇرسۇن ئىنگلىز تىلىنى شاڭخەيدا خەلقارا سودا كەسپىدە ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇۋاتقان چېغىدا ئۆگەنگەن بولۇپ، ئىنگىلىزچە كۇرس ئېچىشى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆگەنگەن تىلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قوللانغان بىر ئەمىكى ئىدى.

ئۇنىڭ جىسمىدا يانچۇغىدىكى پۇل بىلەن ئالى مەكتەپ دىپلىمىنىڭ تەسىرىدىن  خالى بىر خىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن كوڭۇل ئاغرىغى تارتىپ قېلىش دىگەن پىكىر

خيالىمغىمۇ كىرىپ باقمايتى. شۇڭا ئۆزىمنىڭ ئۆزىمنىڭغىمۇ ئۆزخشاش ئادىملىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىم. شاخمات ئوينىغان ۋاختىدىكى چىڭگىزخاندەك ھوكۇمران ئىپادىسىنى ھساپقا ئالمىغاندا ئۇ ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئەدەپلىك، ھەم ساپدىل ئىنسان ئىدى.

بىز ناشتىغا ئۇچراشقان كۈنى كىرگەن ئاشخانىدا ئادەم شالاڭ بولۇپ، ئىككىمىزدىن باشقا ئۈچ مەس قازاق بىلەن بالىسىغا ئاش سويى ئىچىرىۋاتقان بىر خىتاي ئايالدىن باشاق خېرىدار كۆرۈنمەيتى. ئۇ ئايال خۇددى قۇچقاچ بالىسىغا ئۇزۇق بەرگەندەك قوشۇق بىلەن بالىسىغا ئاش سۇيى ئىچكۈزىۋاتاتتى. گەرچە قوشۇقتىكى ئاش سۇيىنىڭ كوپىنچىسىنى ئوغلىنىڭ كىيىم ـ كىچىگگە تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئايال خۇددى مۇشۇ خىل ھەركەتنىڭ ئۇزى كۇپايە دىگەندەك تۇختىماستىن بالىنىڭ ئاغزىغا ئاش سۇيى قۇياتتى. بىر قانچە مىنۇت ئوتكەندىن كىيىن بىر مەس قازاق يىنىمىزغا كىلىپ قول ئېلىشىپ كۇرۇشۇپ، خىتايچىدا "كۇرۇشكىنىمگە خۇشالمەن" دەپ، يىنىمىزدىكى بوش ئۇرۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، قاملاشتۇرالماي ئۇڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. بۇنى كورگەن ئاغىينىلىرى دەرھال كىلىپ ئۇنى يولەپ ئېلىپ كىتۋىدى تۇرسۇن ئىككىمىز ئۇزىمىزنى تۇتالماي قاقلاپ كۇلۇپ كەتتۇق.

"ئۇ مۇسۇل ئەمەس ئوخشىمامدۇ" دىۋىدىم تۇرسۇن تېخمۇ قاتتىق كۇلۇپ كەتتى.

"كۇلۇپ كەتتىڭىزغۇ؟" دەپ سۇرىدىم.

"غۇلجىدا قوشۇپ كەلسە 15 مۇسۇلمان چىقارمىكى"

"مەن تونۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ"

"بەلكىم شۇنداقتۇ، بۇنىڭغا كىشىپ بىر نىمە دىمەك تەس. سىزگىمۇ مەلۇم بۇ يەر قەشقەرغە ئوخشىمايدۇ. كىشلەر نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىتىقاد قىلىشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىي بىلە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ناتايىن."

"يىزىلاردىچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىتىقادى مۇستەھكەمراقتۇ؟"

"شۇنداق، دىخانلارنىڭ ئىتىقادى ھەقىقەتەن چىڭ. ئەمما ئۇلار قىلىۋاتقان قىسمەن ئىشلار مۇللامارنىڭ دىگىنى بىلەن بىردەك ئەمەس. مەسلەن ئۇلار ئولۇمدە كىيىدىغان ئاق رەڭلىك كىيىم مۇللامارنىڭ دىگىدىن پەرقلىق".

"سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟"

"ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى قارىماققا مۇللامارنىڭ دىگەنلىرىدىن پەرقلىقتۇ بەلكىم، مىنىڭ ئۇچۇن مۇھىم بولغىنى ئۇلارنىڭ ئاللاغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدۇر".

"شەھەرلىكلەرچۇ؟ نۇرغۇنلىرى مېچىتقا بېرىپ ناماز ئۇقۇيدىكەن، نەي نۇرغۇنلىرى رۇزا تۇتىدىكەن، بەزىلىرى ئاشكارا بەزىلىرى يۇشۇرۇن تۇتىدىكەن، ئۇلار ھەقىقى مۇسۇلماندۇ؟"

"ئەلۋەتتى، نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەيدۇ، رۇزا تۇتتۇق دەيدۇ، مەنمدۇ شۇنداق دەيمەن، ئەمما نۇرغۇنلىرى ئۇغۇرلۇقچە تاماق يەيدۇ. مەسلەن، ئاخشا ئۆيگە بارسام ئانام ماڭا ئۇگرە ئىچكۈزدى".

"ياق دىسىڭىز بولمامتى؟"

"ئانام تۇرسا قانداق رەت قىلالايمەن".

پېتىر فلېمىڭمۇ ئەينى زاماندا قىسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ تەقۋىدارلىغىدىن گۇمانلىنىپ مۇنداق يازغان ئىدى:

> ***"جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا 'ئۈچ مۇسۇلمان بىر مۇسۇلمان، ئىككى مۇسۇلمان بىر مۇسۇلمان، يالغۇز مۇسۇلمان يوق مۇسۇلمان' دىگەن گەپ بار، دىمەم ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ نەزىرى خۇدانىڭ نەزىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دىگەن گەپ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام شەرئىيىتىگە بولغان پۇزۇتسىيەسىنى ياخشى شەرھىلەپ بېرىدۇ".***

ئىسلام دىمەك ئۇزىنى تەسلىم ئەتمەك دىمەكتۇر. ئەمما مىنىڭ كۆزۈتىشىمچە بەزى ئۇيغۇرلار تەسلىم بۇلۇشنى تازا قۇبۇل ئىتىپ بۇلالمىغاندەك كۆرۈندى. تەسلىم بۇلغانلارمۇ قسمەن شەرتلەر بىلەن شۇنداق قىلغاندەك بىلىندى. ئەمما مەن تۇرسۇندىن سىز ھەقىقى مۇسۇلمانمۇ دىسەم، ئۇنىڭ پۇزۇتسىيەدە قەتتىلىك پەيدا بۇلدى.

"ئەلۋەتتە، مەن مۇسۇلمان. مەن ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان خەلق. بىز خىتايلارغا ئوخشمايمىز، بىزنىڭ ئىتىقادىمىز بار. گەرچە قىسمەنلەرنى ئىتىقادى چىڭراق، بەزىلەرنىڭ بوشراق كۆرۈنسىمۇ، ھەممىسى ئۇخشاشلا مۇسۇلمان" دىدى.

ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى مۇرات بىلەن ئەركىنىنىڭ تەقۋىدارلىغى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. تۇرسۇن ئۇچۇن ئىسلام دىنىي ئۇرپ ئادەت بولسماستىن، مىللى كىملىك، كوللۇتىپ سىمۋۇلى ئىدى. بۇ كىشلەرنىڭ دىننى نۇرغۇلىغان ئۇخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا ئىستىمال قىلىدىغانلىغىنىڭ تىپىك مىسالى دىسە بۇلۇدۇ. مۇرات نىڭ ئىسلامغا بولغان قارىشى بىلەن تۇرسۇننۇنىڭ پەرقلىق بۇلسىمۇ، مىنىڭدەك بىر دىنسىزنىڭ كىمنىڭ تۇغرا كىمنىڭ خاتا دەپ باھا بىرىشقىمۇ سالھىتىم توشمايتى.

رامازاننىڭ ئاخىرقى ئۈچ كۈنى ئالاھىدە مۇھىم بولۇپ، 27 - كۈنى لەيلەتۇل قەدر دەپ ئاتىلىدىكەن. چۈنكى رىۋايەت قىلىنىشچە، مۇھەممەد پەيغەمبەرگە تۇنجى ۋەھى مۇشۇ كۈنى كەلگەن ئىكەن. شۇڭلاشقا ئاخىرقى ئۈچ كۈندە تۇتقان روزىنىڭ ساۋابى باشقا چاغدا تۇتقان مىڭ كۈنلۈك روزىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن. بۇ رامازان ئېيىدا تولۇق روزا تۇتۇشتىن يالتايغانلار ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى.

رامازاننىڭ ئاخىرقى كۈنى بايرامدەك تەبرىكلىنىدىكەن، ئۇيغۇرلار بۇ كۈننى روزا ھېيت دەپ ئاتايدىكەن. نەچچە كۈن داۋاملاشقان روزا ھېيتتە ئۇيغۇرلار بىر بىرىگە سوغا سالاملارنى تەقتىم قىلىپ، ساخاۋەتلىك پائالىيەتلەر ۋە زىياپەتلەرگە قاتنىشىدىكەن. ئۇرۇق تۇققان يار بۇرادەرلىرىنى ئويىگە پەتىگە بېرىپ پىر پىيالە چاي ئىچىپ ياكى بىرەر نەشپۈتنى سويۇپ يەپلا يېنىپ چىقىدىكەن. ھېيتلايدىغان مېھمانلارغا تەكلىپ كەتمەيدىكەن، دىمەك ساھىپخانلارن ئويىدىن چىقمىغىچە ئارام ئالالمايدۇ دىگەن گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويغۇر ئاياللىرى كۈتىدىكەن مېھمانلارنى.

روزا ھەيتنىمۇ رۇزا تۇتۇشنى چەكلىگەندەك چەكلەمدىكى دەپ ئويلىسا، ھوكۇمەت ئەكسىچە يۇمشاپ ھەممىگە ھەيت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر قانچە كۈن تەتىل قويىۋىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن قولايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدىم، چۈنكى خىتايلارنى تاپشۇرۇق ئىشلىشى ئۈچۈن بىر ھەپتە، مىللى ئۇقۇغۇچىلارغا ئىككى ھەپتە ۋاقىت بېرىشىمگە توغرا كەلدى.

گەرچە رۇزا ھەيتى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىنى بايرام سۈپىتىدە ئەمەس خىتايلانىڭ چاغىنىدەك ئائىلەر جەم بولۇشۇپ ئۆتكۈزىدىكەن. يەنە بىر پەرقى چاغاندا پۈتۈن مەملىكەت دەم ئالىدىكەن، ئەمما رۇزا ھەيتتە مۇسۇلمانلارلا دەم ئالىدىكەن، دىمەك، ئۇلاردىن ئۇشۇق دەپ ئالىدىكەن دىگەن گەپ. مەن بىر قازاق ئۇقۇغۇچىمدىن بۇنىڭغا خىتاي ساۋاقداشلىرىڭىز قانداق قارايدۇ دەپ سورىسام "نۇرغۇنلىرى بۇ ئادىل ئەمەس دەپ قارايدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.

"سىزنىڭچىچۇ؟"

"مىنىڭچە ئادىل، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ چاغىنى بارغۇ؟"

"ئەمما رۇزا ھەيتتىن باشقا، چاغاندا سىلەرمۇ دەپ ئالىسىلەرغۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا؟"

ئۇ ئېغىر بىر سورخىنىپ قويۇپ بوش ئاۋازدا "سىزگىمۇ مەلۇم، جۇڭگۇدە قىسمەن تەڭسىزلىكلەر مەۋجۇت" دىدى.

## 58

تۇڭگانلارنىڭ چىراي شەكلى ۋە تىلى خىتايلارنىڭدىن ئانچە پەرقلەنمىگەچ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىغى ئادەمنىڭ ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ خىتايلاردىن پەرقى دىنىي ئېتقادى بولۇپ، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلار كىيۋالغان ئاق دوپپىسىدىن باشقا ئۇلارنى خىتايلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان باشقا بىشارەتلەر يوق دىيەرلىك. شۇڭا بىر كۈنى سىنىپىدىكى يېشى سەل چوڭراق، ئۇزۇن بويلۇق، جەلىپكار ياڭمىي ئىسىملىك قىز مىنى ئۆيىگە رۇزا ھەيتقا تەكلىپ قىلىۋىدى سەل ھەيران قالدىم.

"مەن تېخى خىتايلار رۇزا ھەيت ئۆتكۈزمەيدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن"

"ئۇلار ئۆتكۈزمەيدۇ"

"سىز ئۆتكۈزۈپسىزغۇ؟"

"شۇنداق، تۇڭگانلار ئۆتكۈزىدۇ".

"ھە راس"

ئۇنىڭ توي قىلغانلىغىدىمۇ بىخەۋەر ئىدىم، چۈنكى جۇڭگودا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ توي قىلىشى مەنئى قىلىنغاب. ئۇندىن باشقا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىس دىگۈدەك مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كىين ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىناتتى، ئەمما ياڭمىي يەسلىگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن تەربىلىيەلىنىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ قىسمەن سىياسى ئۆگۈنۈشلەرگە قاتناشمىسىمۇ بولاتتى.

مەن سائەت بىرگە ئۇلگۈرۈپ ئۆيىگە باردىم، ئىشىكتىن كىرگەندىن كىين ئايىغىمنى سېلىپ، ماڭا ئاتاپ بەرگەن يۇمشاق ساپما ئاياغنى كىيۋالدىم. مېھمانخانىنىڭ ئاستىغا چىنە قىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل سۇغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۆي جاھازلىرىمۇ بىر خىل قىرلىق ھەم پاقىراق ئىدى. ياندىكى تامغا ئورنۇتىلغان ياغاچ تەكچىدە ھىسسىز سۇغاق يالتىراق گۈللەر تىزىلغان ئىدى. تېلىۋىزۇرنىڭ بېقىنىدا بىر كارا ئۆكەي ماشىنىس قۇيۇلغان بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ بىزەكلىرى مەن كۆرگەن مىڭلارچە خىتايچە ئۆيلەردىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيتى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسدا ئۈستىگە مۇۋە ـ چىۋە ۋە بىر تەخسە مايغا تويۇنغان ساڭزا تىزىلغان كوفى ئۈستىلىمۇ بار ئىدى. ياڭمېينىڭ يولدىشى دىۋاننىڭ بىر بۇرجىگىدە قورۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇمۇ تىلىۋالدىغا ئوخشاش ھوكۇمەت خىزمەتچىسى بولۇپ، باشقا بىر ئىدارىدا ئىشلەيدىكەن. رۇزا ھەتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي بارىمى ئىكەنلىگىگە قارىماي، ئۇنىڭ خىتاي باشلىغى ئۇنى

تاماقتا ئەچىقىپ تازا هاراق ئىچكۈزۈپتۇ. مەن ياڭپىڭنىڭ ساڭزىنىسىنى ياخشى ساپسىز دەپ ماختاپ قويدۇم.

"ياقتۇردىڭىزمۇ؟ ساڭزا خۇددى بىر ئايلىدەك كۆم بۇلۇشى كېرەك ئەسلىدە".

"ماڭا خۇددى بىر زەنجىردەك بىلىندى"

"ساڭزا سالماق ئاسان ئەمەس"

گەپ ئارىسىدا يولدىش دا مىڭ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قازاقچە، خىتايچە، رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللارنى بىلىدىكەن.

"ئەمما بۇ تىللارنىڭ ھېچ قايسىسى مېنىڭ ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ تىلى 300 يىلنىڭ ئالدىدا يوقۇلۇپ كەتكەن. بۇنى ئويلىسامىلا كوڭلۇم بەك يېرىم بولۇدۇ" دىدى دامىڭ خىتايچىدا.

"ئۆزۈنلارنىڭ تىلى قانداق ئىدى؟"

"ئەرەپچىگە يېقىن كېلەتتى".

"ئۇ تىلدا سوزلىشىدىغانلار يوقمۇ؟"

"مەسچىتتە مۇللاملار قۇرئاننى ئەرەپچىدە ئۇقۇيدۇ، ئەمما ئۇنى چۈشۈنىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق".

قۇرئاننىڭ 12 ـ سۈرىسىدە "سىلەرگە قۇرئاننى ئەرەپچىدە چۈشۈردۇق" دەيدۇ، شۇڭا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قۇرئاننى ئەرەپچىدىن باشقا تىلدا ئۇقۇسا بولمايدۇ دەپ چۈشۈنىۋالىغاچ، باشقا تىلدىكى قۇرئانلارنى ھەقىقى قۇرئان ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش نۇرغۇنلىغان ئەرەپ بولمىغان مۇسۇلمانلارنى قايماقتۇرۇپ قويغان. دىمەك، قۇرئاننى ئەرەپچىدە ئۇقۇسا ئۇنى ھېچ كىم چۈشۈنەلمىگەن، باشقا تىللاردا ئۇقۇلغان قۇرئان ھەقىقى قۇرئان ئەمەس دەپ قارالغاچ، بەزى تەقۋىدارلار مۇسۇلمانلاردىن ئەرەپچە ئۈگىنىشكە تەۋسىيە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارشى توغرىدەك قىلسىمۇ ئەمما ئەمەلىيەتتە تازا ئۇيغۇن كەلمەيتى.

ئىككى پىيالە چاي ئىچىپ بولۇپ، ئۈچىنچىسىنى قۇيۇشقا تەمشىلىۋىدى مەن ساھىپخاننى تۇسۇپ، ئۇزرە تىلەپ تۇرىۋىدىم، قۇلۇغۇمغا نەچچە كۈندىن بىرى ئاڭلاپ كىلىۋاتقان غۇڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلاردىن بۇ ئاۋازنىڭ نىمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى سۈرۈدۈم.

دامىڭ "قۇشنىڭ ئاۋازى" دەپ، ئارقىسىدىن ئۇلاپ خىتايچە بىر نىمە دىۋىدى ئاڭقىرالميا قېلىۋىدىم، ياڭپىڭ "كەپتەرنىڭ ئاۋازى" دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى.

"كەپتەردىن قانداق بۇلۇپ بۇنداقچە ئاۋاز چىقىدۇ؟"

"ئۇلارنىڭ قانىتىدا پۇشتەكتەك بىر نىمە بار، شۇنىڭدىن چىقىدۇ".

نۇرغۇنلىغان كەپتەرۋازلارنى كورگەن بولساممۇ بۇ سادا بىلەن ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنىڭ مۇناۋىسىتىنى باغلاپ ئويلۇنۇپ كورۇش خىيالىمغا كىرىپ چىقماپتۇ. بۇ يەردىكى كەپتەرلەر ياۋرۇپا شەھەرلىرىدە يامراپ كەتكەن كەپتەرلەردەك كىشىنى شۇركۇندۇرىدىغان كۇلرەڭ ئەمەس، بەلكى ئاق يا قوڭۇر رەڭلىك بۇلۇپ، كوكۇلدىغان ئاۋازى بىلەن قۇشۇلۇپ كىشىگە خۇددى بىر قۇپال ئوي كەپتىرىدەك كورۇنەتتى. مىنىڭ ئويغۇر قۇشنامنىڭ 20 نەچچە كەپتىرى بۇلۇپ، بىنانىڭ ئۇدۇلدىكى تامغا ئۇۋا ياساپ باقاتتى. ھاۋا ئۇچۇق كۇنلىرى كەپتەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئىتىزلىقتا دانلىتىپ، ناماشام چۇشۇتىن بۇرۇن باللىرى كەپتەرلەرنى قايتۇرۇپ كىلىشكە چاقىرىپ توۋلاپ،چاۋاك چىلىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئومرۇمدە ئاڭلاپ باقمىغان چىقىرىغاق پۇشتەكنى چۇقۇرتىدۇ. دامىڭدىن سىزنىڭمۇ كەپتىرىڭىز بارمۇ دەپ سورىدۇم.

"مىنىڭ يوق ئەمما ئاكامنىڭ نۇرغۇن كەپتىرى بار. ئۇ كەپتەرلىرىگە ئاشلىق بىرىپ ئەركى دانلىتىدۇ"

قالغان گەپلەرنى ياشمىي تەرجىمە قىلىپ بەردى.

"ئاكام كەپتەرلەرنىڭ قانىتىغا پۇشتەك ئورناتمايدۇ، ئۇنىڭ دىيىشچە ئۇنداق قىلسا كەپتەرلەنىڭ جىنى ئازاپلىنىدىكەن. كەپتەرلەرنىڭ سۇ ئۇزگىنى كورسىڭىز مەسلىگىڭىز كىلىدۇ" دەيدۇ دىدى.

تۇساتتىن ئىسىمگە بىر ئىش كىلىپ قالغاندەك "سىلەرنىڭ دولەتتە كەپتەر يەمدۇ؟" دەپ سورىدى.

"گاھىدا يەيدۇ".

"كەپتەر يەپ تۇرۇش ياخشى، ئۇنىڭ گوشى شىپالىق، بەزى روھى كىسىلى بارلارغا داۋا بۇلۇدۇ. كەپتەر گوشىدە ۋىتامىن كوپ".

"ھەر قانداق روھى كىسەلگە داۋامۇ؟"

"بەك ئىغىر كىسەل بولمىسلا داۋا بۇلۇدۇ".

ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بىر جۇپلار ئىكەن، مەن بىر زامانلاردا ئايالىنى كەلتۇرۇشكە ئۇرۇنغىنىم ئۇچۇن پۇشايمەن قىلدىم.

**59**

مەكتەپنىڭ ئىسسىشى كومۇرخانا بىلەن پار قازىنى بار ئوينىڭ ئوتتىرىسىدا قاتناۋاتقان داتلىشىپ كەتكەن ھارۋىنى سورىتىگە باغلىق ئىدى. قىش كۇنلىرىنىڭ ئەڭ سوغاق كىچىلىرىدە تىمپىراتۇرا

مىنۇس 35 سىلسىيە گىرادۇسقا چۈشۈپ قالغاندا هارۋا كۈمۈخانا بىلەن ئون مىنۇتتا بىر قېتىم قاتنايتى، بىر مۈنچە پار قازان ئىشچىسى تۇختىماي پار قازانغا كۆمۈر تاشلاپ ئۆتىنى ئۇلغايتاتتى.

قىش كۈنلىرى هازىرقى زامان ئۆي ئەسۋاپلىرىنىڭ ئانچە بەك ئېتىبارى قالمايتتى بۇ يەردە. كىشىلەر تۆڭلاتقۇلىرىنى كوتىن ئېلىۋېتىپ، يىمەكلىكلىرىنى تالادا ئېسىپ قوياتتى، گىلەملەرنى ماشىنىدا يۇيۇشنىڭ ئورنىغا تالاغا ئېچىقىپ قار ئۈستىدە قاقاتتى، گىلەملەردىن چىققان چاڭ تۇزاڭ قار يۈزىدە قالاتتى. هەممە يەرگە قارسا قولىغا تىشاڭ، بولقا ۋە جوتۇ ئېلىۋالغان ئادەملەرنىڭ كۈچا كۆيدىكى قارلارنى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆرگىنى بۇلاتتى. مەكتەپ هويلىسىدىكى قارلارنى ئۇقۇغۇچىلار چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاختىدىن پايدىلىنىپ تازلىۋېتەتتى.

مەن بېجىڭ ۋاختىنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچتىم ئاخىرى. قىشلىق كۈن ۋە تۈن تەڭلەشكەندىن كىيىن بېيجىڭ ۋاختىنى قوللۇنۇش تازا ئەقىلگە مۇئاپىق كەلمەيتى. دىمىسمۇ قۇياش ئەتىگەن سائەت 9 يېرىمدىن كىيىن چىقىدۇ دىسە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتى. شۇڭا مەن شىنجاڭ ۋاختىنى قوللۇنىدىغان بولدۇم، بۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنى ئەتىگەندە تۇرماقنى مۇشكۇللەشتۇرسىمۇ، كەچلىك ۋاقتىمنى ئۇزارتاتتى.

**60**

غۇلجىنىڭ ئاساسلىق كۈچىلىرى كىشىگە ئاۋات هەم رۇناق تاپقاندەك كۆرەنەتتى، مەكتەپ بىلەن مەيداننى تۇتاشتۇرىدىغان ئازاتلىق يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قاتار كەتكەن دۇكانلاردا ۋەلىسپىت، تىلىۋىزۇر ۋە كىر ئالغۇ قاتارلىق تاۋارلار سېتىلاتتى. قارىماققا ئاتالمىش 'سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىگى" نىڭ تىپىك نامايەندىسى دىيىشكە بۇلاتتى. يول يۈزىگە ياتقۇزۇلغان چىنە قىشلار بىنالارنىڭ يۈزىگە چاپلانغان چىنە قىشلار بىلەن ئوخشاش بۇلۇپ، يولنىڭ ئىككى ياقىسدا يوپۇرماقلىرىنى قېلىن بىر قەۋەت چاڭ تۇزاڭ بېسىپ كەتكەن دەرەخلەر يانداپ تۇراتتى. كىسشمە يول دوقىلىرىغا ئورنىتىلغان قاتناش چىراقلىرىدا سانلار چىقىپ، چىراغ ئۆزگىرىش ۋاختىنى پىيادىلەرگە بىلدۇرۇپ تۇراتتى.

ئەمما مەيداننىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكەندە مەنزىرە بىراقلا ئۆزگۈرۈپ، چىرايىدىن نامراتلىق يېغىپ تۇرغان باللار مايلامچىلىق ساندۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مېڭىشىپ يۈرەتتى. يول ياقىسىدىكى سېتىچىلارنىڭ ئالدىدا ئاياغ پىتكى، ئاچقۇچ ئاسقۇچ، چاچ ئىلغۇ، يالتىراق تارغاق ۋە چاقماقلار دۆۋلىنىپ كەتكەن ئىدى. يول بويىدا بېلىگىگە شىپالىق پىلاستىر ئېسىۋالغان ئەرلەر، چاچ يۇنۇش سۇيۇقلىغىنى كۆتۈرىۋېلىپ سېتىۋاتقان كىچىك قىزلار، ئىككى بېلىگىگە ئىشتان پايپاق ۋە ئايالچە تور پايپاق سېتىۋاتقان ئوتتۇرا ياش ئاياللار يوللىنى قاپلاپ كەتكەندى. ئۇندى باشقا يوق ياقىسدا چەمبىرەك تاشلاپ مۈۋە قاچىلانغان قۇتىلارنى ئۇتتۇدىغان ئويۇنلارمۇ بار ئىدى.

ساتىدىغان هىچ نىمىسى يوق، بىكار تەلەپ ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. يول ياقىسدا پۈتىنىڭ هوشۇقىغا كىگىز ياكى رېزىنكە پارچىلىرى بىلەن ئورۇۋالغان ئەر ئاياللەر، موزىنىڭ ئۈستىدە

تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، نەزىرىنى يەر يۈزىدىن ئۈزمەي ئوتكەن كەچكەنلەردىن تىلەمچىلىك قىلاتتى.

تىلەمچىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ نامراتلىقىغا روھى كىسەللىك، ئائىلەدىكى بىئاراملىق قاتارلىق ئامىللار سەۋەپ بولغان بۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما مىنىڭ نەزىرىمدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىشسىزلىق ئاساسلىق سەۋەپچى بۇلۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشسىزلىقتىن زارلانمايدىغانلار يۇق دىيەرلىك ئىدى. جۇڭگۇدا ئىشسىزلىق نەپىقىسى بولمىغاچ، نامرات ئادەملەر باشقىلار سەدىقىس ۋە ياردىمىگە مۇتاج بۇلۇپ ياشاشقا مەجبۇر بۇلۇپ قالاتتى. گۇمانىمچە، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلارمۇ ئانچە كوپ ئەمەس ئىدى.

مەن خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىمدىن تىلەمچىلەرگە سەدىقە بىرەمسىلەر دەپ سۇرىسام، ئىككىس قىز ئۇقۇغۇچى دايىم سەدىقە بىرىمىز دەپ جاۋاپ بىرىۋىدى، باشقىلار ئۇلارنىڭ گىپىگە ئىشەنمەي ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۇلۇشۇپ كەتتى، بەزلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ تىلەمچىلىك قىلغانمۇ بولدى. قالغانلىرى كەمدىن كەم سەدىقە بىرىدىغانلىغىنى ياكى پەقەتلا بەرمەيدىغانلىغىنى بىلدۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بەرمەسلىكتىكى سەۋىبى ئالدى بىلەن بىرىدىغان ئۇنچىلىك كۆپ پۇلىنىڭ يۇقلىغىنى ئەيتتى، ئاندىن نۇرغۇنلىغان تىلەمچىلەرنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىگىنى بىلدۇرۇشتى. نۇرغۇنلىرى ئىشلەش ئىقتىدارى بولسىمۇ هورۇنلۇق ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان "باي تىلەمچىلەر" دىدى.

مىللى سىنىپمدىكى ئۇقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئۇخشاش قاراشتا ئىكەنلىگى مىنى ھەيران قالدۇردى. مەن ئىچىمدە ئۇلار ھىچ بولمىسا ھوكۇمەتنىڭ كەمستىش خاراكتىرلىك ئىقتىسادى سىياستى ۋە ياكى ئۇيغۇرلارنى بىۋاستە كەمستىشنى بۇ ئىشلارنىڭ تىپىك سەۋىبى دەپ ئەيىپلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ئۇلاردا بۇنداق ئوي باردەك ئەمەس ئىدى. بۇ خىل قاراشنىڭ كەينىدە بەلكىم دىنىي قايدا بۇيىچنە تىلەمچىلەرگە زاكات بەرمەسلىك سەۋەپ بۇلغاندۇ، ۋە ياكى بۇ يەردىكىلەرمۇ دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ئىنسانلاردەك تىلەمچىلەرگە پەرۋا قىلمىسا كىرەك دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم.

**61**

غۇلجىدا ئويغۇر تىلى ئۇگۇنىۋاتقان ئامرىكىلىقلارنىڭ بارلىغىدىن خەۋرىم بولسىمۇ، بىر كۈنى ئۇلارغا تاسادىپى ئۇچۇرۇشۇپ قىلىش يەنىلا ھەجەپلىنەرلىك بىلىندى. جەمى توت ئامرىكىلىق بۇلۇپ، ئىككىسى قىز ئىككىسى ئۇغۇل ئۇقۇغۇچى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرگە كەلگەنلىگىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىككى جۈپ ئاشىقلار ئەمەسلىگىگە تۇلۇق ئاساسىم بار. ئۇغۇلارنىڭ ئىسمى بىرەد بىلەن جەمىئ، بىرەدنىڭ بويۇن 1.94 مىتىر بۇلۇپ، غۇلجا كۇچىسىدىكى ئەڭ ئىگىز ئادەم بۇلۇپ، ھەمىشە خۇددى ئەمدىلا ئويقىدىن بىدار بولغاندەك كۇرۇنەتتى. پاكار ھەم ۋىجىك

كەلگەن جەمئى بولسا چاچلىرى قىزغۇچ كەمسۈز يىگىت ئىدى .قىزلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى لىسا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مىشېل بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاددەمنى جەلپ قىلغۇدەك ئالاھىدىلىكى بولمىغاچ، قايسىنىڭ لىسا قايسىنىڭ مىشېل ئىكەنلىكىنى مەنمۇ پەرقلەندۇرەلمەيتتىم. ئەمما تۆتىلىسى ئاغزىغا شاراپ ئالمايدىغان تەقۋىدار خىرسىيانالار ئىدى. ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلمىغاچ، تۆت ئاي جەريانىدا ئىگەللىگەن ئۇچۇرلىرىم شۇنچىلىك ئىدى.

مىنىڭ غۇلجىغا كىلىشىمدىكى مەقسىدىم ئېنىق بولۇپ، ساددىچە بۇ يەردە يۈز بەرگەن مىللى تۇقۇنۇش ۋە مىللى كەمسىتىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئىگەللەش ئىدى. ئەمما گېپى قاتارلىق ئامىرىكىلىقلارنىڭ جۇڭگۇنىڭ چەت ياقىسىدىكى بۇ كىچىكىنە شەھەرگە زانى نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىش تەس ئىدى. قارىماققا ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتقاندەك قىلىسمۇ، تېگىگە كېرىپ باقسائۇلارنىڭ بۇ باناسىمۇ ئاددەمنىڭ گۇمانىنى قوزغايتى، چۈنكى ھېچكىم ھېچ قانداق بىر سەۋەپسىزلا ھېچ كىم ئاڭلاپ باقمىغان بىر ئوتتۇرا ئاسىيا تىلىنى ئۆگەنمەيدۇ. كىشلەر فىرانسۇزچە ياكى نىمىسچىنى قىززىققىپ ئۆگۈنىش مۇمكىن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدەك بىر ئۇششاق تىلنى ئىتتىنگۇراپلار بىلەن تىلشۇناسلاردىن باشقىسى ئۆگەنمەيدۇ، ئەمما بۇ ئامىركىلىقلارنىڭ ھېچ قايسىسى بۇ ئىككى كاتۇگۇرىيەگە كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تىل ئۆگۈنۈش ئۈچۈن مەكتەپكە تۆلەيدىغان پۇللىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. مەن ھەر قېتىم ئۇلار بىلەن 30 سىكۇنتتىن ئۇشۇق بىرگە تۇرمىغاچقا ئۇلارنىڭ زادى نىمە ئۈچۈن غۇلجىغا كەلگەنلىگىنىڭ تېگىگە يىتەلمەسلىگىم مۇمكىن.

قەرىتان قىشنىڭ سۇغاق بىر كۈنى بىر ئاشخانىغا تاماققا كىرسەم بىرەد بىلەن جەمئى تاماق يەپ ئولتۇرۇپتۇ. مىنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ، يىپيىشتىن تۇختاپ، ئەددەپ يۈزىسىدىن منى ئۇزىنىڭ ئۈستىلىگە تەكلىپ قىلىۋىدى مەنمۇ تۈزۈت قىلماي قۇبۇل قىلىپ، بىرگە ئولتۇردۇم. مەن تاناق بويىرىۋدىم ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ

"سىز چۇشقا گۇشى يەمسىز؟" دىدى بىرەد

"ئەلۋەتتە، سىلەر يىمەمسىلەر؟"

"ياق بىز يىمەيمىز".

"نىمىشقا؟"

"نۇرغۇن ئويغۇر دوستلىرىمىز بار، شۇڭا يىمەيمىز".

"مىنىڭمۇ نۇرغۇن ئويغۇر دوستلىرىم بار، شۇڭا ئوز ئۆيەمدە چۇشقا گۇشى يىمەيمەن، ئەمما خىتاي ئاشخانىسدا چۇشقا گۇشى يىگەننىڭ نىمە خاتاسى بار؟ مەنيا مۇسۇلمان ياكى يەھۇدى بولمىسا" دىدىم.

"تۇغرا دەيسىز" دىدى بىرەد، جەمئىمۇ بىشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ گىپىنى ماقۇللىدى.

تامىغىم چىققىچە ھاۋا رايى ھەققىدە پاراڭلاشتۇق ئاندىن مەن ئۇلاردىن "بۇ يەرگە كېلىپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشىڭلارغا زادى نىمە سەۋەپ بولدى، راسلا بەك قىززىقىپ قالدىم" دەپ سورىدىم.

ئۇلار بىر دەم قاچىسىدىكى گۆرۈچكە قاراپ سۈكۈت قىلغاندىن كىيىن بىرەد جىملىقنى بۇزۇپ "نىمە دىسەم بولار، مىنىڭچە ئۇيغۇر مەدەنيىتى ئادەمنى بەكلا قىززىقتۇرىدۇ، شۇڭا كوپرەك ئۆگىنەي دەپ كەلدىم" دىدى.

جەمئى ھىچ گەپ قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن كوچىلاپ سورىۋىدىم "مەن تىجارەت كەسپىدە ئوقۇغان، شۇڭا بىرەر چەتئەل تىلىنى بىلىش سۇدا ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق" دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇلارنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنمىدىم، دىگەنلىرىنىڭ يىرىمى قۇرۇقگەپ يىرىمى ياسالما پاراڭلار ئىدى. دىمىسىمۇ، ئۇيغۇر تىلى يا بىر چوڭ سودا تىلى بولمىسا، ئۆگىنىمەن دىسە فرانسۇزچە، ئىسپانچە ياكى خىتايچە ئۆگەنسە سودىغا پايدىسى بەكرەك بولمامدۇ. ئىچ ئىچىدىن ئۇلارنىڭ زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىگىنى بىلىپ تۇرسامۇ، يەنىلا ئاددىنىغا خۇلاسە چىقىرشى خالمىدىم. خىرستيانلارنىڭ جۇڭگۇنىڭ ياقىسىدىكى بۇ كىچىك بىر جايغا كىلىشى دىن تارقىتىش بولماي نىمە بولسۇن...

**62**

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كۈنى ئاشكارىلاندى.

> ***بۇگۈن كۆلىين بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز بۇرۇنمۇ بىر قانچە قېتىم بارغان ئۇنىڭ ئۆيىگە. ئالدى بىلەن كۆلىين بىزنى كۆفى، پىچىنە ۋە پىرەنىكلەر بىلەن مىھمان قىلدى، ئاندىن بىزگە ئەيسا ھەققىدە بىر كىنۇ قويۇپ بەردى. ئۇ ئەينى زاماندا بولغان قىسمەن ۋەقەلەر ھەققىدە چۈشەنچە بىرىپ، فىلمنى چۈشۈنىشمىزگە ياردەم قىلدى. بۇ فىلمنى كورگەندىن كىيىن ئىلاھنىڭ ئىنسانلارنى سويىدىغانلىغىنى بىلدىم. بۈگۈنكى كۈنىمىز بەك كۆڭۈللۈك ئوتتى.***

بۇ كۆلىيىننىڭ سىنىپدىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىنگىلىزچە كۈندىلىك خاتىرىس بۇلۇپ، بۇنى مەن ئۇرۇنلاشتۇرغان، ئەمما كۆلىيىننىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. شۇ ھەقىقەت ئاشكارىلاندىكى غۇلجىدا مەندىن باشقا چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دىن تارقاتقۇچىلار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن شاۋمىيىنىڭ كۆلىين ھەققىدىكى دىگەنلىرى، مەخپى ساقچىلارنىڭ بىزگە بولغان دىققىتى، كۇتۇپخانىدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان بىر قاتار كىتاپلار قاتاتلىق نۇرغۇن مەسلىلەر رۇشەنلىششكە باشلىدى.

جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ "چەتئەللىكلەرنىڭ جۇڭگودىكى دىنى ھەركىتىنى نازارەت قىلىش ھەققىدىكى قارار"نىڭ 8 ـ ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلەنگەن

***"جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە دىنى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چەتئەللىكلەر جۇڭگو قانۇنلىرى ۋە بەلگىلىملىرىگە بوي سۇنۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا دىني ئورگانلارنى قورۇشى، ۋاكالەتچىلىك ئىشخانىلىرىنى ئېچىشى، دىني مەشغۇلات ئورگانلىرىنى سىلىشى، دىني مەكتەپلەرنى ئېچىشى، مۇرىت قوبۇل قىلىشى، دىنى ئەملدارلارنى بىكىتىشى ۋە جۇڭگو پۇقرالىرى ئارىسىدا دىني تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ"***

ئۇندىن باشقا بىز بىلەن تونۇلگەن خىزمەت توختامدىمۇ مۇشۇنداق ماددىلار بار بولسىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسگە پەرۋا قىلىشمىدى. مىنىڭ نەزىرىمدە ئۇلار كىشلەرنىڭ ئۇمۇدسىزلىگىدىن پايدىلىنىشقا ئورۇنۇپ، ئۇلارغا ساختا ئۇمۇت بىرشكە ئورۇنۇۋاتاتتى. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ دىني ئىتىقادى ئانچە بەك قېلىپلىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇزىنىڭ دىني ئىتقادى بارلىغىغا بۇلار سەل قارايتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىدا بىر خىل سەممىيەتسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىدىن بولمىسۇ بىر سەممى جاۋاپ چىقار دىگەن ئۇيدىن ۋاز كەچمىدىم.

"گېبي، كەچلىك تاماققا بىرگە چىقايلىمۇ؟"

گېبىنىڭ نۇرغۇن ئارتۇچىلىقلىرى بۇلۇپ، ئۇ خىيايچە، ياپۇنچە ۋە ئۇيغۇرچىغا پولنى ئىدى. ئۇ جىسمىدىن خۇشاللىق يېغىپ تۇرىدىغان، كۆپ ئۇقۇغان، ئىتياجى چۇشكەنلا كىشىدىن ياردىمىنى ئايىمايدىغان بىرى بولغاچ، نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر ئىدى. بالىسى ۋەلىسپىت ئۇغۇرلاپ تۇرمىغا كىرىپ قالغان ئۇتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر چوكانمۇ گېبىنىڭ قولىدىن ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ كىلىدىغانلىغىغا ئىشەنگەچ كۇندە ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىقراپ يۇرەتتى. مەن دايىم ئۇ ئايالنى گېبىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدىدا پىچىنە پىرەنىك كۇتۇرۇپ ساقلاپ تۇرغان ھالدا كۇرۇپ قالاتتىم. باشقا بىرى بولغان بولسا ئۇ ئالايدىن ئاللى بۇرۇن بىزار بۇلۇپ، سىلكىۋەتكەن بۇلاتتى. ئەمما گېبى ئۇنىڭغا ئىنتايىن سەۋىرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭغا بولغان چۇشەنچەم بىر قەدەر كوپرەك بولغاچ، كوڭلۇمىز يېقىن دوستلاردەك بۇلۇپ قالغان ئىدۇق. شۇنداقتىمۇ مەن سۇرىماقچى بولغان سۇئالنىڭ ئۇنى بىئارام قىلىدىغانلىغى مەلۇم ئىدى.

مەن ئاشخانىغا بارىدىغان يولدا ۋە تاماق بويىرىۋاتقان ۋاقىتلاردا مەن قىززىقىدىغان تىمىدا ئېغىز ئاچالماي، تاغدىن باغدىن گەپ قىلىپ، سۇئال سۇراشنى قەستەن كېچىكتۇردۇم.

"گېبى شۇنچىلىك كۆپ تىللارنى ئۇگۇنىپسىز، بۇنىڭ ئاخىرى نەدە چىقار؟ بىرەر ئۇزۇن مۇددەت غايىڭىز بارمۇ؟ دەپ سۇرىدۇم.

ئۇ ماڭا ئىتتىك قارىۋىدى ئۇدۇللا سورىغان سوئالىم ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ قالدىم. ئاندىن ئۇ جاۋاپ بىرىپ

"سىز ئىجىلنى ئوقۇپ باققانمۇ؟" دەپ سورىدى.

"يېڭى ئىنجىلنى ئازراق ئوقۇغان".

"ئۇنداقتا ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەردىن خەۋىرىڭىز باردۇ؟ دىمەكچىمەن، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلگەندىن كىيىن قايتا تىرىلىش ھەققىدىكى خەۋەرى بىلەمسىز؟ بۇ دىمەك ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ رىسالە ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات، ھەر كىشى بىلىشكە تىگىشلىك بولغان خەۋەر" دىدى

بۇ ياخشى خەۋەرنى ھەر بىر ئىنسانغا ئۆز تىلىدا ئۇقتۇرغان ياخشى، شۇڭا بۇ تىللارنى ئۆگەندىم دەپ چۈشەندۈرۈپ ئوتتى.

"كىشلەرگە بىۋاستە دىيىشىڭىز زۆرۈرمۇ؟ ئۆزىڭىز ئاشۇ خىل تەقۋىدار يولنى تۇتۇپ، باشقىلارغا نەمۇنە بۇلۇپ ئوتسىڭىز كۇپايە ئەمەسمۇ؟"

"ئۇنداق قىلىش مۇھىم ئەلۋەتتە، ئەمما يىتەرلىك ئەمەس، ياخشى خەۋەرنى ھەركەتتە كورسەتكىنى بولمايدۇ، شۇڭا ئېغىز بىلەن يەتكۈزۈش كىرەك".

"كىملەرگە بۇ خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشنى قانداق تاللايسىز؟ سىز ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە تاللىدىڭىزمۇ يا؟"

"مەن ئۇچراشقانلارنى ئىلاھىم ئۆزى تاللايدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ ئەيسانىڭ ئەتىراپىدا جەم بولسا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارايمەن. مىنىڭ خىرستىيان دىنىغا ئىتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن خىتاي دوستلىرىممۇ بار، ئەمما ئۇلار بىلەن سوھبەتلەشكەندە ئىنجىلدىكى ياتلارغىمۇ دوشمەنلىك قىلماسلىق ھەققىدىكى سۆزلەردىن سۆزلەپ بىرىمەن" دىدى.

"بەزىلەر ئوزلىرىنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئىتىقادى بار قۇۋملەرگە بۇ خىل نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلىش بىر خىل ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟"

"نىك بىز ھەممىمىز دۇنيانى ئوزگەرتكۈچىلەرمىز، دۇنيادا ئوزگەرمەيدىغان مەدەنىيەت يوق، شۇڭا بىر خىل رىتىمدا تۇرىۋىرىشنىڭ ئۆزى ياخشى ئەخۋال ئەمەس".

مەدەنىيەتنىڭ نىسپىلىكى ھەققىدىكى پاراڭنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ساقچىلارنىڭ ئۇنى ئاۋارە قىلغان قىلمىغانلىغىنى سورىسام، ھىچ كىم بىر نىمە دىمىدى، ئۇلارنىڭ گىپى بولسا ئۇدۇل ماڭا كەلسە بۇلۇدۇ، مۇئاملىرىمنى قىينىغىچە دىدى. بەلكىم ئۇنىڭ سەممىلىگىنىڭ

**تەسىردىن بولسا كىرەك، گەرچە ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى كاللامدىن ئۆتمىسمۇ، دىگەنلىرى مىنى ئانچە بىئارام قىلمىدى. ئەمما باشقىلىرى ئۇنىڭغا ئوخشمايتى.**

## 63

**خىرستيانلار يەتتىنچى ئەسىردىن باشلاپلا جۇڭگۇدا دىن تارقىتىشنى باشلىغان. ئەڭ دەسلەپتە كەلگەنلىرى نوستارىيان پىرقىسى بۇلۇپ، ئۇلار كۇنستانتىنپۇلنىڭ پوپى نېستورئىۇسنىڭ تەلىماتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىدا ئەيسانىڭ روھانىيتى بىلەن ئادىمگى بىر - بىرىدىن ئايرىم ئىككى ھادىسە دەپ ئىلگىرى سۇرىدۇ. ئۇلار مىلادىنىڭ 638 ـ يىلى چاڭئەن (بۇگۇنكى شىئەن) شەھىردە تۇنجى چىركاۋىغا ھول سالىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خىرستيان دىنىنىڭ باشقا پىرقىلىرىن ئەيساچىلار، مىتۇدىستچىلار، پروتىپستانچىلار، باپتىستچىلار، ئەڭگىلكانچىلار ۋە كاتۇلىكچىلارمۇ جۇڭگۇغا كىرىدۇ. بۇ دىن تارقاتقۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىمۇ دايىم ئىگىز پەس بۇلۇپ كەلدى. گەرچە نۇرغۇنلىرى زىياكەشلىككە ئۇچراپ، زىندانلارغ تاشلىنىپ ھەتتا قەتلى قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئايىغى تاكى بۇگۇنگىچە ئۇزۇلۇپ قالمىدى.**

**دەسلىۋىدە شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقانلار شۋىتسىيەلىكلەر بۇلۇپ، ئۇلار ئاساسەن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ھەركەت ئېلىپ بارغان. ئىنجىلنىڭ ئويغۇرچە تەرجىمىسىمۇ تۇلۇقسىز قىسمى 1898 - يىلى دەسلىۋىدە ۋۇجۇتقا چىققان بۇلۇپ، كىيىن تۇلۇقلىنىپ داۋاملاشقان. شۋىتسىيەلىكلەرنىڭ پەرەز قىلىشچە 19 - ئەسىردىن تارتىپ تاكى "ئازاتلىققىچە" 60 ـ 70 مىڭ دىنى تەشۋىقات ماتىريالى تارقىتىلغانمىش. بۇ سانلارغا تاينىپلار شىجاڭدا مەزكۇر دىنغا بولغان قىززىقىش يۇقۇرى بولغان دەپ يەكۇن چىقىرش ئالدىراڭغۇلۇقتۇر. 1920 - يىلى ئەتىراپىدا شىجاڭدا دىن تارقىتىش ئېلىپ بارغان شۇتلاندىيەلىك جورج خونتىرنىڭ خاتىرلىشىچە، ئەينى زاماندا قىسمەن ئويغۇرلار خىرستيان دىنى تەشۋىقات ماتىرىياللىرىنى سېتىلىۋىپ، ئۇنى كىتاپ ساتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا يىرتىپ تاشلايدىكەن ياكى كۇچىدا جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا كويدۇرىۋىتىدىكەن. مۇشۇ ئۇچمەنلىكتىن بولسا كىرەك، ئۇ ئويغۇرلارنى "ئۇلارنىڭ ھەممىس دىگۇدەك ئىنتايىن ھاكاۋۇر ۋە نادان" دەپ تەسۋىرلىگەن.**

**بۇ تۇپراقنىڭ يىراقلىغى ۋە ئوتكەن بىر ئەسىردە داۋاملاشقان ئۇزۇلمەس ئۇرۇش تۇپىلاڭلىرى تۇپەيلى چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ يەرگە كىلىش ئاسانغا تۇختىمىغان. شۇڭلاشقا دىن تارقىتىشنى ئاساس قىلغان جۆشئا پرۇجېكتى دىگەن تور بىتىدە ئويغۇرلارنى "يىراقلىغىدىن يېقىنلىشىش تەس كىشلەر" دەپ تەسۋىرلەيدۇ. باشقا بىر تور بېتى دۇرۇس يولدىن ئازغان ئويغۇرلارنىڭ سانىنى 99.9% دەپ يازغان.**

دىن تارقىتىشتىكى بۇ مۇشكۇللەر ۋە قانۇنى جەھەتتىكى دۇشۋارچىلىقلار خىرستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرنىڭ ئۈمۈدىنى ئۈزەلمىدى. بۇنى غۇلجىدا دىن تارقىتىۋاتقانلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن كۆرۈۋېلىشقا بۇلۇدۇ. شىنجاڭنىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ھەركەت قىلىۋاتقانلارنىڭ سانى تېخمۇ كۆپ ئىدى. بەزى مۇئالىملارنىڭ دېيىشچە قەشقەردە 30 نەچچىسى بارمىش، ئۈرۈمچىدىكىلەرنىڭ سانى تېخمۇ كۆپ. بىر تور بېتىدىكى "ئىجاتكارلىق بىلەن يول تېپىش ستراتىگىيەسى" بويىنچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى "ئوقۇغۇچى" ياكى "مۇئالىم"لىق نىقاۋى بىلەن جۇڭگودا ئۆزۈن مۇددەت تۇرۇش ۋىزىسىگە ئېرىشىپ، دۇرۇس يولدىن "ئازغان" ئۇيغۇرلارغا ئىلاھى رىسالەنى يەتكۈزەتتى.

ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ھەركەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولسامۇ، ئۇيغۇر تىلى ئۈگىنىۋاتقان بىر مۇنچە چەتئەللىكنىڭ بۇ يەردە ئاۋىيىپ قىلىشىدىن گۇمانلانغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايتىم. ئەمما ئۆزۈن ئوتمەي بۇنىڭدىن گۇمانلانغانلارنىڭ مەنلا ئەمەسلىكىم مەلۇم بولدى.

مىللى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئېيىتقا ئوخشايدىغان دۇلقۇن ئىسىملىك بىر ئۇقۇغۇچى بىر قانچە ھەپتە دەرسكە قاتناشمىدى. دولقۇن كىچىك بىر دۇختۇرخانىنىڭ يۇرەك قان تومۇرلىرى كېسلىنى داۋالايدىغان دوختۇر بۇلۇپ، گاھىدا باللارنىڭ خەتمىسىنىمۇ قىلاتتى. بىر كۇنى دەرس پېرىملىشاي دىگەندە دولقۇن ھىجىيىپ سىنىپقا كىردى. دەرستىن كېيىن ئۇ يىنىمغا كىلىپ دەرسكە قاتنىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سۇرىرىۋىدى، مەن ئىشلار ياخشىدۇ دەپ كۇڭۇل بۇلۇپ سۇرىدىم.

"ئىشلارغۇ ياخشى، ئەمما دۇختۇرخانا باشلىغى دەرسكە قاتنىششىمغا ئۇنۇماي قويىدى" دىدى

"نىمىشكە قويمايدىكەن؟ كىسەللەر بەك كوپمۇيا؟"

"كىسەللەرنىڭ ئاز كوپلىگى مەسلە ئەمەس، باشلىق بۇ مەكتەپتە خىرىستىيانلار بەك كۆپ، سىزنى ئوزگەرتىۋىتەرمىكى دەپ ئۇنۇمايۋاتىدۇ".

"باشلىغىڭىزنىڭ دىگىنى توغرىدۇ بەلكىم".

"ئۇلار نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغاندۇ؟ مىنىڭچە ئۇلار بىكاردىن بىكار ۋاختىنى زايا قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس."

"مىنىڭچە ئۇلارنىڭ قارشى باشقىچىرەك بولسا كېرەك".

"بەزىلەر بۇلارنىڭ بەرگەن پۇلى بىلەن ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن، ئەمما باشقا تەلەپلىرىگە ئەگىششى ناتايىن".

"يالغانلادىن خىرستىيان بۇلۇۋالغانلارمۇ بارمىدۇ؟"

"يوق. ئۇنداق قىلسا بومايدۇ. مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر مۇسۇلمان مەن خىرىستىيان، مۇسۇلمان ئەمەس دىسە، ئىش تامام!".

ئۇ خېلى بىر هازاغىچە جىم تۇرغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ "بەزى ئېتىقادى سۇسراقلىرى خىرىستىيان بولۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن يالغاندىن، ئەمما كوپچىلىگى بۇنداق خىرىستيانلاردىن بىزار. ئوتكەن ئايدا قەشقەردە بىر ئاپتوۋۇزدا كىتىۋاتسام تويغىچە ئىچىۋالغان ئىككى ياش بالا چىقتى. ئاپتوۋۇزدا ئامرىكىلىقتا ئۇخشاپ كىتىدىغان بىر چەتئەللىك ئۇلارغا بىر كىچىك كىتاپچىنى بەردى. قارىغاندا دىن تارقىتىشقا مۇناسىۋەتلىك كىتاپ بولسا كىرەك، بۇ ئىككى مەس كىتاپنى كۇرۇپ بېقىپ، بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ هېلىقى چەتئەللىكنى ئۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەپۇ سۇرىسىمۇ توختىماي ئۇرىۋدى، ئاخىردا ئاپتوۋۇزدىن چۇشۇپ ئاران جېنىنى قۇتۇلدۇرىۋالدى".

بۇنداق هىكايەلەرنى دولقۇندىن باشقىلاردىمۇ كۆپ ئاڭلىغان. رىشات بىلەن تۇرسۇننىڭ دەپ بىرىشىچە بەزى دىن تارقاتقۇچىلار نامرات باللارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ئۇقۇش پۇلىنى تولەپ بىرىشكە ئۇرۇنغانىمىش. بۇنداق ۋاقىتلىق دىنغا كىرگۈچىلەرنى "قۇساق بالاسى خىرىستىيانلار" دەپ ئاتىشىدىكەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ قوسىغى تويغاندىلا دىن يادىغا كىلىدىكەن. تۇرسۇن بىلەن رىشاتتىن باشقا مەن ئۇچراشقان نۇرغۇنلىغان ئويغۇرلارنىڭ هىچ قايسىسى بۇ دىن تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ هەركەتلىرىنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇلارنىڭ هەركىتى بىر خىل ئاخمىقانىلىق بولۇپ، ئويغۇر دىمەك مۇسۇلمان دىمەك، خىرىستيان بولۇش مۇمكىنچىلىگى يوق دىمەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق پەرۋاسىزلىق بىلەن قارىشىنى توغرا چۈشۈنۈشكە بولىدۇ، ئەمما بۇ خىل هەركەتلەردىن خەۋەردار هوكۇمەتنىڭمۇ نىمە ئۇچۇن بۇلارنى توسۇشقا ئۇرۇنماسلىقى ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا يول قويۇشىدىكى بىر سەۋىبى، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئويغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىناقلىقىنى بۇزۇش بولسا كىرەك. شەرقى تۇركىستان تۇر خەۋەرلىرىدىكى بىر ئىسمىنى قالدۇرمىغان يازغۇچى مۇنداق دەپ تەهلىل قىلغان:

***هوكۇمەت شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر خىل پاسكىنا ئويۇن ئوينىماقتا. ئۇلارنىڭ مەخسىدى شەرقى تۇركىستانلىقلارنى بۇ دىن تارقاتقۇچىلارغا دۈشمەنلەشتۈرۈشتۇر. ئەگەر شەرقى تۇركىستانلىقلار ئۇلارنىغا قارشى هەرىكەت ئېلىپ بارسا، هوكۇمەت مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى فۇندامىنتالىستلار دەپ باستۇرۇشقا پايدىلىق. جۇڭگو هوكۇمىتى غەرپ دولەتلىرىنىڭ فۇندامىنتالىزمدىن ئەنسىرەيدىغانلىغىنى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ يەردە يۈز بەرگەن هەرقانداق بىر نامايىشنى فۇندامىنتالىست قالپىغى بىلەن ئەيىپلەپ، گوزلىرىنىڭ خەلقىمىزنى باستۇرۇشلىرى ئۇچۇن قانۇنى ئاساس ئىزدەيدۇ. نوۋەتتە بىز بەك قىيىن ئەخۋالدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇنىڭدىن قۇتۇلىشىمىز ئۇچۇن بىرەر تەكلىۋى پىكىرلىرىڭىز بارمۇ؟ ئەگەر بۇ خىرىستىيان دىندارلىرى پۇل ماتىريالالار***

*بىلەن بىزنى سېتىۋىلىپ دىنغا كىرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا دۇنياغا بىزنىڭ تارتىۋاتقان جەۋرى زۇلۇملىرىمىزنى ئاڭلاتسا چىن كۆڭلىمىزدىن مىننەتدار بولاتتۇ. ئەگەر بىر قىسىم ئادەم ماددى مەنپىيەتنى قوغلىشىپ ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرسە، بۇنىڭ خىرىستىيان دىني ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بولۇدۇ؟*

مەن يەنە ئىچىمدە مەكتەپ نىمە ئۈچۈن بۇلارنى تۇسۇپ قالمايدىغاندۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. بۇنىڭ بىر سەۋىبى بېيجىڭ شاڭخەيدەك چوڭ شەھەرلەردىكى ياخشى مۇئاشنى تاشلاپ بۇنداق يىراق يۇرتلارغا كىلىپ، كىچىكىنە مۇئاش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈشنى خالايدىغان چەتئەللىكلەرنى تېپىش بىراز تەس ئىدى. ئىككىنچى سەۋەپ، مەكتەپ ئۈچۈن بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن كىرىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇندىن باشقا مەكتەپ تەرەپنىڭ ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىۋاتقانىغا ئايىت دەلىل ئىسپاتىمۇ يېتەرلىك ئەمەس. ئۇلارنى ۋەز قىلىۋاتقان ياكى دىنى ماترىياللارنى تارقىتىۋاتقاندا تۇتىۋالمىسا، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئىسپاتلاش تەس. ئۇلار ھەمىشە بۇل خىل پائالىيەتلەرنى ئوزلىرىنىڭ ئارىسدا، باشقىلار بولمىغان مۇھىتتا كىشىلەرنىڭ ئويلىرىدە ئېلىپ بارغاچ، ئىسپات تېپىش مۇمكىنچىلىگى بەكلا كىچىك. بۇلارنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلار ئويىگە چەتئەللىك مىھمانلار كىلىدىغان ھەممە كىشىنىڭ ئويلىرىگە ئوغۇرلۇقچە تىڭشاش ئەسۋاپلىرنى ئورنىتىشقا توغرا كىلىدۇ، بۇنداق قىلىدىغانلىغىغا مىنىڭمۇ تازا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلسامۇ، دىگەنلىرىمنى ئىسپاتلايدىغان ھىچ قانداق بىر دەلىل ئىسپاتىم يوق، ئەكسى بۇ قىلغانلىرىم ئۈچۈن مىللى سىنىپىدىكى قىسمەن پاراڭلىرىم ھوكۇمەتنىڭ دىققىتىنى تارتىپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋىلىشىم مۇمكىن.

**64**

كۆتكۈچى قىز مىنى ئۈستەلگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ "ھېلىلا تېخى ئىككى دۇستۇڭىزمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى" دىدى

"قايسى دوستلىرىمنى دەيسىز؟"

"ھېلىقى ئىككى ئامىرىكىلىق ئوقۇغۇچىنى دەيمەن".

"ئۇلار مىنىڭ دوستلىرىم ئەمەس"

"ھەممىڭلار چەتئەللىكقۇ؟"

"شۇنداق، ئەمما ئۇلار دىن تارقاتقۇچىلار"

"ئۇنداق ئەمەستۇ؟"

"شۇنداق"

ئۇ بىر هازا راستىنلا چۈچكەندەك ھەجەپلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ ئاشپەزگە تامىغىمنى بۇيرىدى.

شۇندىكىن كېيىنكى ھەپتىلەردە مەن ئۇچىرىغانلىكى ئادەمگە بۇلارنىڭ دىن تارقاتقۇچىلار ئىكەنلىگىنى دەپ كەلدىم. ئۇقۇغۇچۇملىرىم، ئاشخانىدىكى مۇلازىملار، باققاللار ھەتتا سەل گۇمۇش ئەخلەت ئىشچىسى قاتارلىق گېپىمنى ئاڭلاشنى خالىغانلارنىڭ ھەممىسى دىدىم. كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشى كىرەك. مىنىڭ بۇ قىلغانلىرىمنىڭ دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ قۇلىغىغا كىرىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ، ئۇلارنىڭ رئاكسىيەنسىنىڭ قانداق بۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.

بۇنى ئاز دەپ، بىر كۈنى ئۇغۇرلۇقچە چىقىپ ھىلىقى كىتاپخانىدىكى دىني كىتاپلارنىڭ يىغىشتۇرىۋەتتىم. ئەمما ئۇ كىتاپلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى تازا بىلەلمەي، ھەممىسىنى بىر تارتمىغا تىقىپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ مەن بىلەن ھىچ قانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇغى شۇنداقلا بۇ ئىنسانلارنىڭ باشقىلارغا زەخمىتى يۇقلىغى كاللامدىن كەچمىدى ئەمەس، ئەمما شۇنداقتىمۇ كىشىلەرنى ھوشيارلاندۇرۇشتىن توختاپ قالمىدىم. مەن يىغىشتۇرۇپ قويغان كىتاپلارمۇ توختىماي دايىم يەنە كىتاپخادىكى ئىشكاپلارغا تىزىلىپ تۇراتتى.

**65**

نىملا دىگەن بىلەن قارىماققا غۇلجا شەھرىنىڭ ۋەزىيىتى تىنچ كۆرۈنەتتى. گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئامالىنىڭ بارىچە ئارلاشماي ئۆز ئالدىغا ياشاشقا تىرىشسىمۇ، قىسمەن مۇھىتلاردا بىرلىكتە بولمايمۇ بولمايتى. ھەر ئىككى مىللەتنىڭ بارىدىغان ئاشخانىلىرى، مەھەللە كويلىرى ئايرىم، سۇدا سېتىق قىلىدىغان بازارلىرى ئايرىم بولسىمۇ، پۇشتىخانا ۋە دوختۇرخانا دىگەندەك ئاممىۋى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا يەنە ئۇچرۇپشۇپ تۇرشتىن ساقلانغىلى بولمايتى. بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ مىللەت تەۋەلىگىمۇ ھەر خىل بۇلۇپ، ئويغۇرلار بىرەر خىتاي ياكى تۇڭگانغا مۇلازىمەت قىلىشتىن ئۆزنى تارتىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ۋەزىپىسى ھىساپلىناتتى.

ئۇندىن باشقا ئاپتۇۋۇزلاردىمۇ ئۇيغۇر خىتاي ئۇچۇرۇشۇپ تۇراتتى. غۇلجىدا ئىككى خىل ئاممىۋى قاتناش ئاپتۇۋۇزى بار بۇلۇپ، بىر خىلى ئۇزۇن تاق قەۋەتلىك بىكەتلىرى مۇقىم چوڭ ئاپتۇۋۇز بۇلۇپ، بىلەت ئېلىشى ئۇچۇن پۇلنى بىر ساندۇققا تاشلىسا بۇلاتتى، بۇنىڭ ئۇچۇن پارچە پۇل دايىم لازىم بۇلاتتى. يەنە بىر خىلى كىچىك ئاپتۇۋۇزلار بۇلۇپ، بۇلار قەيەردە توختىسا بۇلاۋىرەتتى. بۇ خىل كىچىك ئاپتۇۋۇزلارنى بىلەت ساتقۇچى بىلەن شۇپۇر هوددىگە ئېلىپ بەلگىلەنگەن يولدا

تىجارەت قىلاتتى. ئاپتونۇز كوپ بولغاچ ئادەتتە بىكەتتە بەش مىنۇتتىن ئۇشۇق ساقلاش كەتمەيتى. شۇنداقتىمۇ، ئاپتونۇزلار ھەمىشە قىستىقىستاڭ بۇلۇپ كىتەتتى. بۇلۇپمۇ قىشتا ئادەم تېخمۇ ئاۋىپ كەتكەچ، ئۇن كىشىلىك كىچىك بىر ئاپتونۇزغا ھەمىشە يىگىرمىدىن ئۇشۇق ئادەم تىقىلىپ چىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئۇخشاش بىر بوشلۇقتا قىستىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بۇلاتتى. پەقەت بىر قېتىم بىر ئوغرىنىڭ بىرىنىڭ يانفۇنىنى ئۇغۇرلاشقا ئۇرۇنۇپ، تۇتۇلۇپ قېلىپ بۇرنىغا بىر مۇش يىگەندىن باشقا بىرەر كوڭۇلسىزلىك كورمىدىم ئاپتونۇزدا.

ئاپتونۇزلاردا مىللەت پەرقى يۇق بۇلۇپ، پەقەت جىنسى پەرق كۇردۇم، چۇنكى كوپىنچە ئاپتونۇزلاردىكى بىلەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئايال كىشى بۇلۇپ، ئۇلار تۇختىماي تۇلاپ تۇراتتى. ئۇچۇن يىللاردىن بىرى مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچ "ئارقىغا مېڭىڭلار، تىز چۇشۇڭ، چاققان چاققان بۇلۇپ" دەپ ۋاقىراشلىرى ئادەمگە خۇددى ئىت قاۋاۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كىتەتتى. ئەمما ھەقىقى ھورمەتكە سازاۋەرلىرى ئوتتۇرا ياشلىق ياكى ياشىنىپ قالغان ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇلۇپ، ئۇلار ئاپتونۇزغا چىقىشى بىلەن، ئادەمنىڭ ئاز كوپلىگىگە باقماي ئەرلەر ئورۇنلىرىنى بۇشۇتۇپ بىرەتتى. ئەمما بۇ ئاياللار ئۇز ئويلىرىدە دايىم كوزگە چېلىقمايدىغان يەرلەردە يۇرسىمۇ بۇ يەردە ھورمەتلىنەتتى. مەن كىرگەن ئويغۇر ئويلىرىدە بۇ ئاياللار ئۇستەللەرگە غىزا تىزىپ بۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بولۇپ، داستىخان بوشىغاندا قاچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا پەيدا بۇلاتتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر دوسلىرىم ئويلەندىم دىگەن بولسىمۇ ئايالى بار يۇقلىغى ماڭا نامەلۇم ئىدى، چۇنكى ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئايالىنى ئېلىپ بىز بار سۇرۇنلارغا كېلىپ باقمايتى.

جەنۇبى شىنجاڭدا يۇزىگە چۇمبەل ئارتىۋالغان ئاياللارنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر كوپ بولسىمۇ، غۇلجىدىكىلەرنىڭ ئارىسدا بېشىغا رۇمال ئارتىدىغانلارمۇ كەمدىن كەم ئۇچۇرايتى. ئويلەنگەن ئاياللار، باشقىلارنىڭ يامان كۆز بىلەن قارىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن ساددىچە ئۇزۇن، كەڭ كۇشادە كىيىم كىيىپ يۇرەتتى. ئەمما ئۇلار كەيگەن كىيملىرىنىڭ كىلەڭسىز كەڭ كۇشادە بۇلۇشىغا قارماي، ئالامەت رەڭگا رەڭ بۇلغاچ، قارىمايمەن دىگەن ئادەمنىمۇ بەكرەك ئۇزىگە جەلپ قىلاتتى. كۇچىلاردا ئۇستى بېشىغا ياقۇت رەڭ، تۇق قىزىل، ياپ ـ يېشىل ياكى ئاچ يېشىل رەختلەردىن كۇينەك كىيىۋالغان ئاياللار خۇددى جەننەتتىكى ھەرەم باغدا قاناتلىرىنى كېرىپ يالتىراپ تۇرغان تۆزلاردەك كىشنى ئۇزىگە جەلپ قىلاتتى.

ئەمما ئۇز ئويلىرىدە ئالاھىدە مۇلاھىم ھەم نازاكەت بىلەن ھەركەت قىلىسمۇ، دوسلىرى بىلەن جەم بۇلۇشقاندا ئىشلار باشقىچە بۇلۇپ كىتەتتى.  نۇرغۇنلىرىن دۇستلىرى ياكى خىزمەتداشلىرى بىلەن ئايدە بىر قانچە قېتىم رېستۇرانلاردا چاي ئوينايتى.  بۇ يەرگە جەم بولغان ئاياللار خۇددى ئەرلىرىدىن بىزار بۇلۇپ، بىر بىرى بىلەن قايتىدىن نىكالىنىۋاتقاندەك ئۇستەللەرنى تويغا يەتكۇدەك تائاملار بىلەن دولىۋىتەتتى. چاي دايىم ئىككى ئۇچ سائەت داۋاملىشاتتى. ئاياللارنى چاللىرىغا ئەرلەر كەلمەيتى.  مەن مىللى سىنىپتىكى قىسمەن قىزلاردىن بۇ چايلاردا قانداق

پاراڭلارنى قىلىشىلىسلەر دەپ سوْرىسام، ھەممىسى كۈلۈپ قۇيۇپلار جاۋاپ بەرمىدى. مەن ئىچىمدە ئەرلىرى بۇ چايلارغا قانداق قارايدىغاندۇ دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم.

## 66

تۇرسۇن قازاقىستاندىن كىرگۈزگەن قارا ئۈژمە ئىچىملىگىنىڭ سىپتىلىش ۋاختى ئۆتۈپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن تاموْژنىدىن قايتۇرۇۋېتىلگىنى ئۈچۈن رەنجىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئاچچىغىنى تاماقتىن چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك قولىدىكى كاۋاپنى تاموْژنا خادىمىنىڭ پاچىغىدىكى گۆشتىن پۇشۇرلغاندەك ئاچچىق چايناپ خامۇش ئولتۇردى خېلى بىر هازاغىچە. شۇ ئاچچىغىدا 15 زىخ كاۋاپنى گەپ قىلماي سۇقۇۋەتكەندىن كىيىن ئاغزىنى سۈرتۈپ، پۇخادىن چىققاندەك يولۇنۇپ ئولتۇردى. قارىماققا ئاچچىغى خېلى بېسىقىپ قالغاندەك كۆرنەتتى، ئەمما تۇساتتىن "نىمە دەپ قايتۇرىۋېتىدۇ دەيمەن؟" دىدى.

"سىز ۋاختى ئۆتۈپ كەتكەچكە قايتۇرىۋەتتى دىدىڭىزغۇ دەيمەن".

"ۋاي ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ۋاقىت دايىم خاتا بېسىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاختى ئازراق ئۆتۈپ كەسە نىمە بوپتۇ؟"

"مولىتى قاچان تۈشۈپتىكەن؟"

"1998"

ئۇندىن باشقا ئاشخانا زالىدىن كىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ سۈرەن چۇقانلىرىمۇ ئۇنىڭ كەيپىنى قاچۇرىۋاتقانلىغى ئېنىق. بىز ئولتۇرغان كىچىك خانىدا بىر قانچە ئۈستەل بۇلۇپ، بىزدىن باشقا تاماقلىنىۋاتقان يەنە بىر قانچە مىهمانمۇ بار ئىدى. چوڭ زالدا بىر توپ ئايال ۋاراڭ چۇرۇڭ قىلىشىپ، چىرقىرىشى چاي ئويناۋاتاتتى. تۇرسۇن تورۇپ ئۇلار تەرەپكە قەهرلىك كوزلىرىن تىكىپ غۇدۇڭشۇپ قۇياتتى، ماللىرىنىڭ زېيىننى ئاز دەپ بۇ ۋاراڭچۇرۇڭلار تازا كەيپىنى قاچۇرۇپ ئاچچىغىدا

"بۇ خەقنىنىڭ ئويدە قىلغۇدەك ئىشى يوقمىدۇ؟ قانداق ئەر بۇلارنى خۇتۇن قىلغان؟" دەپ كايىپ، ئۇلاپلا بىر قانچە جۈملە ئويغۇرچە بىرنىملەرنى دىۋىدى مەن چۈشۈنەلمىدىم.

"ئۇلارنىڭ نىملەرنى دىيىشۋاتقانلىغىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار ۋات ۋات قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ".

"ۋات ۋات دىگىنىڭىز قانداق گەپ"

"قۇرۇق، ئاخمىقانە گەپ دىگەن گەپ"

"ئۇلار غەيۋەتمۇ قىلىشامدۇ؟"

"غەيۋەت؟"

"دىمەكچىمەن، يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلار، ئەرلىرى ۋە خۇشنىلىرى ۋە باشقىلار ھەققىدە غۇرۇق گەپ قىلىشامدۇ؟"

"ئەلۋەتتە. ھە راس، ئەنگىلىيەدىمۇ ئايالللار غەيۋەت قىلامدۇ؟"

"ئەۋەتتە، ئەرلەرمۇ غەيۋەت قىلىدۇ بىزدە. بۇ يەردىكى ئەركەلەرمۇ چاي پاي دىگەندەك سۇرۇنلاردا ئوينىمامدۇ؟"

"ياق، بىز مەشرەپ ئوينايمىز. مەشرەپ چايغا ئوخشمايدۇ، مەشرەپتە بىز مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىشىمىز."

قانداق مەسىلىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، تۇرسۇن سوكۇپ قىلىپ جاۋاپ بەرمىدى. كېيىن، مەشرەپ خۇددى بىر كۇلۇپقا ئەزا بولغاندەك ئىش، ئەرلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، يەپ ئىچىپ پاراڭ قىلىشىدۇ دىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇنچىلىك ئېلىپ قېچىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

**67**

مەشرەپنىڭ كۆپ مەۋقەلىك خاراكتىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋەت پۇزۇتسىيەنى ئىدارە قىلىش، مىللى ۋە دىنى ئۇرۇپ ـ ئادەتلەرنى ئەۋلاتلارغا مىراس قالدۇرۇش قاتارلىق مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئەرلەر جەم بولۇدىغان ئاممىۋى پائالىيەت بولۇپ، سىئان روبېرتس دىگەن ئانترىپولوگ قاتناشقان تۇنجى مەشرەپ پائالىيتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

پىلىلداپ تۇرغان ئىككى تال لامپا تەستە يورۇتۇپ تۇرغان سوغاق ھەم يوغان ئويدە، پۈتلىرىنى قالماشتۇرۇپ، تام بويلاپ ئولتۇرغان بىر تۈپ ئويغۇر ياشنىڭ ئارىسىدا مەن كىشىنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇرجەكتە ئورۇن ئالدىم... بېشىغا يۇڭ تۇماق كىيىۋالغان بىر ياش يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، "مىنىڭ بىر ئەرزىم بار، بايان قىلىشقا رۇخسەت بارمۇ؟" دىدى

*ئاندىن ئۇ دوستى ئابدۇلنىڭ ئوتكەن ھەپتە بىرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاش پائالىيتىدە ۋودكا ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىدى. سورۇندا ئولتۇرغان دوستى ئابدۇل دىگەن ياش يىگىت باشقىلاردىن مەدەت تىلىگەندەك خىجالەت بىلەن ئەتراپىغا قاراپ، باشقىلارنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئىچكەنلىكىنى بانا قىلدى. قازىيەگ بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كىيىن شاراپ ئىچىش ئادەم جىسمىغا زىيانلىق، پۇل ئىسراپ قىلغانلىق، بۇ پۇللار ئوي*

*تۇتىدىغان پۇل، بۇزۇپ چاچماسلىق كېرەك. ئۇنىدىن باشقا شاراپ ھارام، شاراپ ئىچىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق دىدى.*

مەشرەپ گەرچە قارىماققا جىددى كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېچ قانداق قانۇنى كۈچى يۇق بۇلۇپ، بۇنى ئالدۇلنىڭ ھاراق ئىچكەنلىگى ئۈچۈن كىسلگەن جازادىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئابدۇل تۇۋەندىكىچە ھۇكۇمگە مەكۇم قىلىندى:

*قازىبەگ ئابدۇلنى بىلىق تۇتۇش سازاسىغا ھۇكۇم قىلىنۇىدى، ساقچى دىگەن بىرى تالاغا چىقىپ بىر داس سۇ، بىر لۇڭگا، ۋە ئۈچ دانە كەمپۇت كۇتۇرۇپ كىردى. ئاندىن كەمۇتلارنى داستىكى سۇغا تاشلاپ ئابۇدلنى بۇ كەمپۇتلارنى ئاغزى بىلەن سۇدىن ئېلىشقا مەجبۇر قىلىشتى. ئابۇدۇل بىر قانچە قېتىم كونتۇرۇللىغىنى يۇقۇتۇپ، يۇزچىلاپ داسقا دۇم چۇشۇىدى، ھەممەيلەن پاراققىدە كۇلۇشۇپ كەتتى. ساقچى ئۇنىڭ يۇزىنى لۇڭگە بىلەن ئەيتىپ تۇرۇپ، يەنە ۋۇدكا ئىچەمسەن ھازىر دەپ مازاق قىلدى.*

ئابدۇلنى بۇنداق مازاق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇنى گۇنايىنى تۇنۇپ تۇۋە قىلىشقا ئۇندەش ئۈچۈن بۇلۇپ، ئابدۇل ئۇلارنىڭ دىگىنى بىجا كەلتۇردى. ئۇنىڭ يەنە بىر پايدىسى باشقىلارنىڭ ئۇخشاش گۇنا ئۆتكۈزۈپ قىلىشتىن ساقلاش ئىدى. ئەمما مەشرەپنىڭ خاراكتىردىكى شۇخلۇق يەنىلا ئاساسلىق بۇلۇپ، كىشلەر مەشرەپتە تېپىشماق تېپىش، چاخچاق قىلىش ۋە ناخشا مۇزىكادىن ھوزۇرلىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىمۇ ئېلىپ باراتتى.

دىمەك، تېگىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا مەشرەپ ئويغۇر ئەرلىرى ئۈچۈن بىر يەرگە تۇپلىشىپ ئۇرتاق قىممەت قاراشلىرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن سۇرۇن ھازىرلاپ بىرىدىغان بىر سۇرۇن بۇلۇپ، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلاردا بىر خىل ئوملۇك تۇيغىسى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە مەشرەپنىڭ ئاساسى دىنىي قاراشلارنى مەركەز قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدە رۇشەن مىللى مەدەنيەتنىڭمۇ پۇرىغى بار.

گەرچە ئۇيغۇرلار مەشرەپ قەدىمدىن تارتىپلا بار ئىدى دەپ ئىلگىرى سۇرسىمۇ، ھېچ كىم مەشرەپ تارىخى ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيتى. ئەمما كۇممۇنىست ھوكۇمتى قۇرۇلغاندىن كىيىن، مەشرەپ قالاق ئۇرۇپ ئادەت دەپ قارىلىپ بىر مەزگىل تۇختاپ قالغان. ئەمما 1990 - يىللاردىن باشلاپ ئىقتىسادى ئىسلىھات توپەيلى كىلىپ چىققان نامراتلىق ۋە ئىشسىزلىقلارنىڭ ئېشىپ كتىشىگە بولغان نارازلىقلارنىڭ كۈچۈيىشىگە ئەگىشىپ مەشرەپ ئويۇنى قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى.

1994 ـ يىل تۇنجى مەشرەپ غۇلجىدا ئوينالغاندىن كىيىن ئۇرۇمچى قاتارلىق باشقا جايلارغا تارقىلىدۇ. دەسلىۋىدە مەشرەپ ئوتكۈزۈشكە شەھەرلىك ھوكۇمەتمۇ يول قويغان. نۇرغۇنلىغان مەدەنيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇرگانلار بۇ پائالىيەتنى قۇللاپ قىۋەتلىگەن، شۇنداقلا غۇلجىنىڭ كىپەكيۈزى دىگەن يىزىغا كىتاپ ئىئانە قىلىپ، كۇتۇپخانا قۇرۇپ بەرگەن. بۇ مەزگىلدە

نۇرغۇنلىغان يىزلاردا ئايلاپ مەشرەپ ئۇرۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1995 - يىلى باھار پەسلىگە كەلگەندە مەشرەپكە قاتناشقان ياشلارنىڭ سانىنىڭ 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى تەخمىن قىلىنغان.

مەشرەپنىڭ بەك ئالقىشلىنىپ كىتىشى ئۇزنىڭ بېشىغا بالا بولغان بولسا كىرەك، چۈنكى مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپۈيۈپ كىتىشى ھوكۇمەت ئەربابلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. 1995 ـ يىلى مەشرەپ ئەلى 28 ياشلىق سودىگەر ئابدۇخېلىلنى مەشرەپ بېشى قىلىپ سايلاپ چىققاندىن كىيىن ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا ئارلىشىپ، ئابداۋخېلىل قاتارلىقلارنى ساقچىغا چاقىرىپ سوئال سوراق قىلىپ قويىۋىتىدۇ. ئاۋغۇستقا كەلگەندە ھىچ قانداق سەۋەپسىزلا ئۇنى تۇختىتىپ قويىشقا قارشى غۇلجىدىكى ياشلار ھوكۇمەتكە قارشى نامىيش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھوكۇمەت مەشرەپنى بولگۇنچىلىكنىڭ بۇشۇگى دەپ چەكلەيدۇ. ئەمما يۇشۇرۇن مەشرەپ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ. مەشرەپنى قانۇنسىز ھەركەت دەپ بىكىتىش تىخىمۇ كۆپ كىشىنى بۇ ھەركەتكە جەلىپ قىلىدۇ، چۈنكى مەشرەپ قارشىلىق كورسۇتۇشنىڭ سىمۋۇلى بۇلۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا مەشرەپ ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاشخانادىك ئاممىۋى سورۇنلاردا تېپىلغا ئېلىشمۇ ئاقىلانەلىق ئەمەس ئىدى.

**68**

ماۋسۇم ئاخىرلىشىشى بىلەن رىژدىستىۋا بايرىمىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، قارىسام ئاشۇ دىن تارقاتقۇچىلاردىن باشقا بايرامنى بىللە قۇلۇقلىغىدەك ئادىمىممۇ يۇقكەن. شۇڭا بايرام كۈنى دەرس ئۆتۈپ ئىمتىھان بىرىپ ئۆتكۈزدۇم. شۇ تاپتا غۇلجىنىڭ سۇغىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئىسسىقراق بىرەر يەرگە كىتىۋالساملا بايرامنىڭ قانداق ئۆتۈشى مىنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. راس گەپنى قىلسام، پىسئىلنىڭ كەلگۈسى زامان بۇلۇشلۇق شەكلىنى تەكرارلاپ ئۆتۈشتىن بىزار بۇلۇپ كەتكەن ئىدىم. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1997 - يىلى بۇ يەردە يۈز بەرگەن تۇقۇنۇشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بۇلۇپ، ھەمدە ئۇ ۋەقەنىڭ ھازىرقى مۇھىتقا بولغان تەسىرىنىمۇ ھىس قىلىشقا باشلىدىم.

بۇنىڭ ئۈچۈن مىللى سىنىپتىكى ئۇقۇغۇچىلىرىمىنىڭ نۇرغۇنلىغان نادان سوئاللىرىمغا ئېرىنماي تەمكىنلىك بىلەن بەرگەن جاۋاپلىرىغا رەخمەت ئەيتماي بولمايدۇ. ئۇلارنىغا بولغان مىننەتدارلىغىمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەممىسىنى كاۋاپ شاھى دىگەن رېستۇرانغا تاماققا تەكلىپ قىلدىم. ئەمما ئاشخانا خۇجايىنى مەندىن تازا خاترىجەم بۇلالمىغاچ، ئايرىم خانە زاكاش قىلىش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى.

ئۇ "بۇ مۇسۇلمانچە ئاشخانا،ئىچىش، چىكىشكە بولمايدۇ" دىدى.

"ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەرگە بۇرۇنمۇ كىلىپ تاماق يىگەن، قايدىنى بىلىمەن"

"ھاراق ئىچىلمەيدۇ! تاماكا چىكىلمەيدۇ!"

"ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇدۇ".

"بىرەرسى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا سىلەرنى چىقىرىۋىتىمەن".

"خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنداق ئىشلار بولمايدۇ".

ئۇ يەنىلا چىن پۈتمىگەندەك ماڭا قاراپ تۇردى.

"مېھمانلىرىڭىز كىملەر؟"

"ئۇيغۇرلار"

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قولىرىنى قۇلاشتۇرۇپ تۇرۇپ "ئۇنداقتا چاتاق يوقكەن، سائەت 7گە زاكاز قىلىپ قويساق بولامدۇ؟"

يەتتىگە ئاز قالغاندا ئاشخانا ئالدىدا جەم بولۇپ، قىسقىچە سالام سائەتلەردىن كېيىن ئاشخانىغا ئالدىرىدۇق. كۈتكۈچى بىزنى يۇغان يۇمۇلاق ئۈستەل قويۇلغان بىر ئايرىم خانىغا باشلاپ كىردى. چاي پاي ئىچىپ، خېلى ئىسسىپ قالغان بولساقمۇ ھەممەيلەن خاموش ئولتۇرۇپ ھېچ كىم گەپ قىلىدىغاندەك ئەمەس. تۇساتتىن بۇ سىنىپتىكى ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىز تىلىغا بولغان ھەۋىسىدىن باشقا ئۇرتاقلىقلىرى يوق دىيەرلىك ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم، دىمىسىمۇ دوختۇر بىلەن ھونەرۋەن، دىخان بىلەن ۋىراچ، دىندار بىلەن بىدىن بىر يەرگە كەلسە ئۇرتاقلاشقۇدەك نىمىسى بولاتتى؟ بۇ تىلنى ئۆگۈنۈش ئۈچۈن دوختۇرلار بىلەن مۇئاللىملەرنىڭ كەسپى ئىھتىياجى سەۋەپ بولدى دەپ تۇغرا چۈشۈنۈشكە بولۇدۇ، ئەمما ئاتقا ئىگەر ـ توقام ياساپ ساتىدىغان بىر ھونەرۋەننىڭ ئىنگلىز تىنىڭ مۇرەككەپ گىراماتىكىلىق مۇشكۇلاتلىرى بىلەن ئېلىشىشىغا نىمە سەۋەپ بولغاندۇ دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم. مۇرات ۋە تۇرسۇنلار ئاچقان كەچلىك كۇرسلارغا قاتنىشىۋاتقان نۇرغۇنلىغان باشقا ئۇقۇغۇچىلاردىنمۇ مۇشۇنداق سۇئال سوراشقا توغرا كىلەتتى. غۇلجىدا يا قەشقەر ۋە تورپانغا ئۇخشاش قەدىمى يىپەك يولى شەھەرلىرىدەك ساياھەتچىلىك رۇناق تاپقان بولمىسا، چەتئەل تىلى تەرجىمانىغا بولغان ئىھتىياجمۇ چاغلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشسىزلىق ۋە ئۈمۈدسىزلىك بىلەن تولغان غۇلجىدا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەننىڭ ئىش تېپىشقا پايدىسى تىگىنشىنىڭمۇ ئېھتىمالى ئانچە چوڭ كۆرۈنمەيتى. ئەمما بىر ئېھتىمالىق بار ئىدى.

"يۇسۇپ، ئىنگلىزچە سەۋىيىڭىز ئالاھىدە ياخشى بولۇپ كەتتى يېقىنىدىن بىرى" دىۋىدىم ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

"ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟"

"نىمە دىسەم بولار، بەلكىم چەتئەلگە چىقارمەن".

"قەيەرگە چىقاي دەيسىز؟"

"ئامېرىكىغا ياكى مىسىرغا"

"مىسىرغا؟"

"شۇنداق، مىسىردا تەلىم ئالسام دەيمەن، چۈنكى ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ياخشى مەدرەسسەلەر بار".

"باشقىلارنىڭ قانداق پىلانلىرى بار؟ چەتئەلگە باردىغانلار بارمۇ؟"

ھەممىسى كاللىسىنى لىڭشىتىپ شۇنداق پىلانىنىڭ بارلىغىنى بىلدۈردى. دولقۇن بارمىغىنى كۆتۈرۈپ "ئەمما ھازىر چەتئەلگە چىقماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۇلۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخمۇ تەس. ھوكۇمەت بىزنى تۇسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ياشلار ئۈچۈن بەكلا مۇشكۇل، ياشانغانلار ۋە خىتايلار ئۈچۈن چاتاق يوق" دىدى.

قالغان ئون تۇت ئۇقۇغۇچى ھەممىس ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى تەستىقلاپ ئاغىزلىرىنى چاكىلداتتى. مەن دۆلقۇندىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قايتىپ كەلمىگى تەسمۇ دەپ سۇرىسام "ھوكۇمەتنىڭ رۇخستى بىلەن چىققانلارغا قايتىپ كىلىش تەس ئەمەس، رۇخسەتسىز قاچقانلار ئۈچۈم مۇمكىن ئەمەس". دەپ جاۋاپ بەردى. مەن ئۆزبەكىستاندىن يىراقراق بارالىغانلارنى كۆرۈپ باقمىغاچقا قايتىپ كەلگەنلەر كۆپمۇ ياكى تۇرۇپ قالغانلارمۇ دەپ سۇرىسام "كۆپىچىسى قايتىپ كەلمەيدۇ" دىيىشتى.

"سىز چىقىپ كەتسىڭىز قايتىپ كىلەمسىز؟"

دولقۇن ئەلۋەتتى دىۋىدى ھەممىسى ئۇنىڭ گىپىنى ماقۇللاپ پىكىر بىلدۈرۈۋىدى ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن ئەتىراپقا قارىدى.

"ئەلۋەتتە، بۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، چۇقۇم قايتىپ كىلىپ، قېرىنداشلىرىمىزغا يار يۆلەك بۇلۇمىز"

مەن ئىچىمدە قايتىپ كەلمىگەنلەرنىڭ قانچىس مۇشۇنداق ۋەدىلەرنى بەرگەندۇ دەپ ئويلىنىۋاتاتتىم يۇسۇپنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى ئۈزىۋەتتى.

"بەلكىم ئارىمىزدىكىلەردىن بەزىلىرى ئەنگىلىيەگە بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق بولسا سىزنى زىيارەت قىلىپ بارساق بۇلامدۇ؟"

"ئەلۋەتتە".

"ئەلۋەتتە دىگىنىڭىز نىمىسى؟"

"بۇ ئەلۋەتتە دىگەن مەنىدە، شۇنداقلا قىمار ئويىنىغاندا دو تىككەنىمۇ بىلدۈرىدۇ".

ئۇ قۇشۇمىسىنى تۈرۈپ

"تەقۋىدار مۇسۇلمان قىمار ئوينىمايدۇ، ئەمما خىتايلار قىمارغا ئامراق، دايىم ئوينايدۇ"

بىردىن خىيالىمغا بىر ئىش كىلىپ قالدى

"يۇسۇپ، سىز مۇراتنى تونۇمسىز؟"

"ئەلۋەتتە، ئۇ مىنىڭ يېقىن دوستۇم، سوراپ قالدىڭىزغۇ؟".

شۇنداقچە سوراپ قويدۇم.

كۆز ئالدىمدا يولدىكى بىر ئاشخانىدا كۆرگەن بىر ھادىسە پەيدا بولدى. ئۈرۈمچى دىن غۇلجىغا قاتنايدىغان يولدا ئاپتۇۋۇز يول ياقىسىدىكى بىر ئاشخانا ئالدا توختايدۇ. يول ياقىسدا يەنە باشقا نۇرغۇنلىغان يۈك ئاپتۇمۇبىللىرى بىلەن ئاپتۇۋۇزلارمۇ توختىغان ئىدى. ئويقۇم قىستاپ، قورسىقىم ئانچە ئاچمىغان بولسىمۇ ئازراق بىر نەرسە يەرمەن دىگەن خىيالدا قاراسلار تۇرغان مۇزلارنى دەسسەپ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدىم. ئاشخانىنىڭ ئىشىگىگە ئېغىر كىگىز مەلەڭزىلەر ئېسىپ قويۇلغان ئىدى. ئاشخانا رەڭدار چىراغلىرى يالتىراپ تۇرغان ئىچىدە كارا ئوكاي ماشىنىسىدىن جاراڭلاپ مۇزىكا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە لەغمەندىن باشقا نەرسە بولمىغاچ، كۆتكۆچى تاماق ئەكەلگىچە ساقلاپ تۇردۇم. تامىغىم چىقىۋىدى قارىسام كۆتكۆچىنىڭ باش بامىغا ئاشقا چىلىنىپ تۇراتتى، مەن گۆش ئىزدەپ ئاشنى مالتىلاپ باقسام، بىر تال قارا گۆشتىن باشقىس ھەممىسى سېمىز ماي بۇلۇپ چىقتى.

تۇساتتىن بىر ياش ئويغۇر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قوللىرىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئاندىن ياقچۇغىدىن بىر لۈڭگە چىقىرىپ يەرگە يايدى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىمنى تامىغىمدىن باشقا ياققا بۇرىغانلىغىدىن خۇشال بۇلۇپ قارىدىم. ئۇ يىگىت مەيدە يانچۇغىدىن ئۈچ تال قەرت چىقىرىپ لۈڭگە ئۈستىگە تىزىۋىدى قارىسام بىرى تاپاننىڭ ئۇچلىگى قالغانلىرى ئىككى ماتكا ئىكەن. ئۇ ئۇستۇلۇق بىلەن قەرتلەرنى ئارلاشتۇرۇپ ئوينىغاچ، دۇنيانىڭ ھەر قايىسى بۇرجەكلىرىدە تۇمەنلەپ قېتىم ئاڭلىغان سوزلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

"قاراڭلار، قاراڭلار، بەكلا ئاددى، تاپاننىڭ ئۇچلىگىنى تاپساڭلارلا ئۇتىسلەر"

ئاشخانا بىردىن جىمىپ كەتتى، مۇزىكىمۇ توختىتىلدى. ئاندىن بىر ئەركىشى 20 يۈەن تىكىپ، قارت ئېچىۋىدى توغرا تېپىپ ئۇتتۇۋالدى، ئارقىدىن يەنە بىرى ئاسانلا ئۇتتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 100 كويلاپ تىكىشلەر باشلىنىپ كىتىۋىدى، ئىككى ئادەم ئۇتتۇۋالغاندىن كىيىن بىر خىتاي چوكان مەن مىڭ يۈەن تىكىمەن دىدى.

قەرت ئوينىتىۋاتقان يىگىت بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ "راستمۇ؟" دەپ سۇرىۋىدى "ئەلۋەتتە" دەپ جاۋاپ بەردى خىتاي چۇكان. چۇكاننىڭ ئوغۇل دوستى ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ قۇلىقىغا بىر نىمە دەپ پىچىرلىۋىدى، ئۇ چۇكان پىسەن قىلما يىگىتنى ئىتتىرىۋىتتىدۇ.

قەرت ئوينىتىۋاتقان يىگىت ئۇ چوكاندىن ئۇنداق بولسا پۇلىڭىزنى كورسۈتۈڭ دىۋىدى ئۇ ھىچ پەرۋا قىمىغاندەك بىر تۇتام پۇل كورسىتىپ، ئۇ يىگىتتىن پۇل كورسۈتىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ چوكاندىنمۇ كوپرەك بىر تۇتام پۇلنى كورسەتتى.

قەرتلەر قايتىدىن لۆڭگە يۆزىگە تىزىلىپ يىگىت ئۈستىلىق بىلەن ئۈچ قەرتنى ئارلاشتۇردى. ئۇ قەرتلەرنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىپ ئارلاشتۇرىۋاتقاندا ئوي بىردىم تىم تاس بولۇپ كەتتى. بىر ھازا ئارلاشتۇرغاندىن كىيىن، يىگىت بېشنى كۆتۈرۈپ ئۇ چوكانغا قارىدى.

ئۇ چوكان قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئوڭ تەرەپتىكى قەرتنى تاللاپ، ئايىغى بىلەن قەرتنى دەسسەپ تۇرۇپ ئالدىغا تارتىپ تۇرىدۇ. قەرتچى يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپ ئارقىسىغا چىكىنىپ تۇرىدۇ. ئايال قەرتنى ئايىغىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئېچىۋىدى ماتكا بولۇپ چىقتى.

ئۇ ئايال پۇلنى تۆلىۋىتىپ قايتىپ بېرىپ تامغىنى يىيىشكە باشلىۋىدى، ھىلىقى يىگىت غىپپىدە تىكىۋىتىدۇ.

**69**

ئاپتۇۋۇز ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالىدۇ. دەرىزە سىرتىدىكى زېمىننىنى بىر قەۋەت ئاپپاق قار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. مەن قولۇمدىكى كىتاپتىن لەززەتلىنەي دەپ ئوقۇشقا ئۇرۇنساممۇ، تېلىۋىزوردىن چىقىۋاتقان گاژىلدىغان ئاۋاز دىققىتىمنى چېچىپ ئوقۇشقا قويمىدى. بەش سائەتتىن بىرى تەكرار قويىۋاتقان بۇ چامباش فىلىمدا بىر چامباشچى ئايال ياپونلۇقلارنى مۇشلاپ تۇختىمايتى.

ھىچ كىمنىڭ بۇ كىنونى كۆرگۈسى يوقتەك، قىززىقماي ئەسنەپ مۈگۈدەپ، ياكى دەرىزە سىرتىغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا چومۇپ كەتىشكەن ئىدى. خۇددى يامغۇر تامچىلىرىدەك شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان قار ياپراقلىرى پۈتۈن زېمىننى تەكشى يېپىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك ئالدىراش يېغىپ تۇختىمايتى.

ئاپتۇۋۇز ئۈچ تەرىپى قاتار كەتكەن ئاشخانىلار بىلەن ئورالغان بىر ھويلىدا تۇختىدى، قارىسام بىر ئىككى تەرىپىدە تۇڭگان ئاشخانىس بىلەن بىر يان تەرىپىدە بىر خىتاي ئاشخانىسىغا كۆزۈپ چۈشتى. مەن ئادەم ئازراق دەپ خىتاي ئاشخانىسىغا كىرىۋىدىم، سوغاتىن ئادەمنى قاچۇرغىدەك بىلىنىۋىدى ئەمدى كەينىمگە يېنىپ قايتىپ چىقاي دەپ تۇرىشىمغا بىر ئەر كىشى ۋاقىراپ مىنى ئولتۇرۇشقا بويرىدى. مەنمۇ مۇلايىملىق بىلەن دىگەن يەردىن ئورۇن ئېلىپ لەغمەن بويرىۋىدىم،

ئۇ يۈگۈرۈپ ئاشخانىغا كىرىپ تامىقىمنى بويرۇتۇدى، بىر ئايال چىرقىراق ئاۋازدا خېمىر قالمىدى دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىردىن ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، بىرنى دومبالىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىۋىدى مەن غىپپىدە تىكىۋېتىپ، ئۇدۇل تۇڭگان ئاشخانىسىغا قاراپ يول ئالدىم. بىر قانچە قەدەم باسا باسماي، تەيىنىپ ئۇڭدامغا چۈشۈۋۈپ كەتتىم. مەن يەردە يېتىپ تۇرۇپ ئاستىمدىكى مۇزغا قارىسام، مۇز ئاستىدا قېتىپ قالغان قەرتكە كۆزۈپ چۈشتى. بىر تاپاننىڭ ماتكىسى، يەنە بىرى يەتتىك غىش بولۇپ، ئۈچلۈك قەرت كۆرۈنمىدى. ئاندىن بىر كىشى كېلىپ مىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئۆز ئاشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

ئاشخانىنىڭ ھاۋاسى تاماقنىڭ ھورى ۋە كىشىلەرنىڭ نەپىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنى بۇرۇختۇم قىلىغۇدەك بىلىندى. بىر چوكان ئالدىمغا بىر پىيالە قارا چاي قويدى. ئادەمنىڭ بۇرنىغا قوي گۆشى بىلەن تۇتۇن پۇرىغى پۇراپ تۇراتتى. مەن دەرىزىدىكى ھورنى سۈرتىۋېتىپ، سىرتقا نەزەر سالسام، بىر توپ قوي ئاپتوۋۇزنى قورشاپ، بەزىلىرىنى ماشىنىنىڭ كاربۇراتورىغا ئۆزنى سۈركەپ قىچىقىنى باسسا، بەزىلىرى چاقنى پۇراپ مېڭىپ يۈرۈپتۇ.

لەغمىنىم چىقىۋىدى ھاپلا شاپلا يېۋەتتىم. ئەمما ھەزىم قىلىشقا ئۈلگۈرمەي قالدىم، چۈنكى ماشىنىنىڭ سىگنالى چېلىنىشى بىلەن ھەممىمىز ئالدىراپ ھاجەتخانىغا يۈگۈردۇق.

ھاجەتخانىنىڭ ئولتۇرۇدىغان يېرىدە ئىككى تال تاختى قويۇلغان بولۇپ، ئاستى نىجاسەت بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى، ياز كۈنلىرى بولغان بولسا سېسىقچىلىقتا چىدىماق مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەمما قەرىتان قىشنىڭ بۇ سوغاقلىرىدا سارغىيىپ كەتكەن مۇزلار غوۋا نۇردا بىر خىل مۇلايىم چاقناپ تۇراتتى. ئەمما يېنىمدىكى تۇشۇكتە تەرەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆچەپ ئىنجىقلاشلىرى، ئېغىر تېشلىرى، ۋە خۇددى بىر ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇزۇن تىنىشلىرى سەل كەيپىمنى قاچۇردى.

مەن ئۆرۈمچىدىن قىش بولمىسا شەھەر كۆمىگىغا پەرۋاز قىلدىم، ئۇ يەردىن باڭكوكقا ئۇچتۇم. ئۇ يەردە ئۇچرىغانلىكى چەتئەللىلەرنىڭ ھەممىس مىنى يالاڭئاچ قىزلار ئۇسۇل ئوينايدىغان كۇلۇپلارغا تەكلىپ قىلىپ بىزار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كامبۇدژاغا قاچتىم. ئۇ يەردىكى چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىس مىنى 3 دوللارلىق پاشخانىلارغا ئاپىرىمىز دەپ بېشىمنى ئاغرىتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى پەنۇمپىن شەھىرىدىن 11 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر جايدىكى نامراتلىق پۇراپ تۇرىدىغان كۆچىغا بېرىپ قالدىم. كۆچىدا قولى كېسىۋېتىلگەن باللار مىيىپ قوللىرىنى شىلتىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى، بىر تەرەپتە بولسا غالجىرلىشىپ قالغان ئىتلار ھەدەپ سۇقۇشاتتى. كۆچىدىكى ئىككى سېمىز ئامرىكىلىق بىر ئۇن نەچچە ياشلىق قىزغا مارۇژنا يىگىزۈۋاتتا، كۆچىنىڭ ئاخىرىدا كاتولۇك چىركاۋىنىڭ مۇنارى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇراتتى.

ھەمراللىرىم بىر پاشخانىغا كىرىپ غايىپ بولدى، مەن ئۇلارنىڭ ساقلىغاچ يول ياقىسىدا قىزلار بىلەن بىلىيارت ئويناپ ۋاقتى كەچۈردۇم. ھەر خىل زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ساتىدىغان ياش

يىگىتلەر كىلىپ كىتىپ تۇردى. گەرچە كامبوْدژادا قىلىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كوپ بولسىمۇ، بۇ ئىككى ھەپتىدە ساياھەتچىلىكتىن باشقا چوْڭقۇرراق ئىشلارنى قىلىش ئىتىمالى يوْق ئىدى.

مارت ئېيىنىڭ باشلىرىدا غوْلجىغا قايتىپ كىلىپ، ياتاقلىرىمنى رەتلەپ دەرس ئوْتۇشكە تەييارلىق قىلدىم. دەرس باشلاپ بىر ھەپتە ئوْتە ئوتمەي كامبوْدژا ۋە ئوْنىڭغا موْناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەر خاتىرەمدىن ئوْچوْپ كەتتى. مەن يەنە بوْروْنقىدەكلا، بىر تەرەپتىن دەرس ئوْتوْپ، دەرستىن كىيىن شاخمات ئويناپ، ۋەلىسىپىت بىلەن ھېلىقى قان تامچىلايدىغان دەرەخنى يوْقلاپ يوْردوْم. ئوْ دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئېسىلغان لىنتىلار يېڭىلىنىپ كوپوْيوْپ قالغان ئىدى. كوْپ كوْك ئاسمان ۋە ئىللىق ھاۋانىڭ تەسىرىدە ئادەمنىڭ كوْڭلى ئاسانلا ئوْموْتۇارلىققا توْلاتتى.

**باهار**

## 70

بىر كۈنى ئەتىگەن دەرس ئۆتۈشكە ئالدىراپ پەشتاقتىن چۈشۈۋاتسام تۇساتتىن كۆزۈم بىر نەرسىگە چۈشۈپ جايىمدا توختاپ قالدىم. ئايىغىمنىڭ يېنىدا بىر ئۆكۈل شىپىرىسى ۋە قاپ قارا قان داغلىرى بىلەن بۇيالغان بىر سۇنۇق ئۆكۈل يىڭنىسى تۇراتتى. مەن ئېڭىشىپ بۇلارنى يەردىن تىرىۋالاي دەپ بولۇپ، دەرھال قولۇمنى تارتىۋالدىم. دەرھال ياتىقىمغا قايتىپ كىرىپ بىر قېتىق قۇتىسىنى ئېلىپ شىپىرىس بىلەن يىڭنىنى ئايىغىم بىلەن ئىتتىرىپ قۇتىغا قاچىلاپ تۇراتتىم، خۇشنام ئىشىگىنى ئېچىپ ماڭا غۇدۇڭشىپ سالاپ بەردى. ئۇ قولۇمدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ بىشىنى چايقاپ بىر نىمىلەرنى دەپ ئاغزىنى بۇزدى. ئاندىن قولى بىلەن ئۆكۈل ئۇرغان ھەركەتنى دوراپ، "خىرويىن" دىدى.

## 71

غۇلجىدا زەھەرلىك چېكىملىك تېپىلىدىغانلىقىدىن ئانچە بەك ھەجەپلەنمەپ كەتمىدىم، چۈنكى دايىم بازاردا بىراۋلار يېنىمغا كىلىپ "ھەشىش" دەپ پىچىرلاپ، ئاندىن خۇددى تاماكۇ چەككەندەك ئىچىگە قاتتىق ھاۋا شۈراپ، كوزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ماڭا نىشە سېتىشقا ئۇرۇناتتى. ئەمما باشقىلارنىڭ نىشە سېتىشقا ئۇرۇنىشى بىلەن ئىشىك ئالدىدا يىڭنە بىلەن شىپىرىس تېپىۋېلىشنىڭ پەرقى زور. دەرھال شۇنى ھىس قىلدىمكى، ئىشسىزلىقتىن كىلىپ چىققان نارمراتلىق كىشلەردە چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمۈتسىزلىك پەيدا قىلغاچ، ئۇلار بۇ ئازاپلاردىن خالى بولۇشنىڭ كويىدا مۇشۇنداق يوللارغا كىرىپ قالغان دىگەن گەپ.

ئەلۋەتتە بۇنداق رىئاللىقلار غۇلجىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن باشقا يەرلەردىمۇ كۆپ ئىدى. 1990 – چى يىللارنىڭ بېشىدا پاختىچىلىق قاتتىق تەسىرگە ئۇچراپ، نۇرغۇن كىشلەر ئىقتىسادى جەھەتتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنى ئاز دەپ دولەت ئىگىدارچىلىقىدىكى نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنىڭ تاقىلىپ قېلىشى ۋەزىيەتنى تېخمۇ يامانلاشتۇرىۋەتتى. نەتىجىدە، 1990 ـ چى يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭدا زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغانلارنىڭ سانى 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن دەپ تەخمىن قىلىنغان. ئەمما مىنى قىززىقتۇرغىنى بۇ زەھەرلىك چېكىملىكلەر قەيەردىن كىلىدۇ، كىملەر بۇنى ئىستىمال قىلىدۇ دىگەن مەسىلە ئىدى.

## 72

دەرسى ئۆتۈش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس، ئەمما ياخشى مۇئەللىم بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئىنگىلىزچە سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچ، ئۇلارغا ئېغىز تىلىنى مەشق قىلىشىلىشى ئۈچۈن كوپرەك پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە سىنىپتا ئامال بار ئاز سۆزلەپ ئۇلارنى سۆزلىتەتتىم. مەسىلەن ياخشى قوشنىدارچىلىق قاندىق بولۇدى دىگەندەك ئاددى بىر سۇئالمۇ دەرس ۋاختىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىنى ئېلىپ كىتەتتى، ئۇلارنى جۇپلارغا ياكى گۇرۇپپىلارغا بولۇپ ياكى دوسكىغا چىقىرىپ مەش قىلدۇرۇشقا توغرا كىلەتتى. مىللى سىنىپ ئۈچۈن تېخىمۇ كوپ ۋاقىت كىتەتتى، چۈنكى مىللى سىنىپتىكى 15 ئوقۇغۇچى خىتاي سىنىپتىكى 45 ئوقۇغۇچىدىنمۇ گەپدانراق ئىدى. مەن مەدىنە ئىسىملىك پاكار بىر كەمسۆز چوكاندىن سىنىپتىكىلەرگە خوشنىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم.

"مېنىڭ خوشنىلىرىم، سەممى ياخشى كىشىلەر" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئاخىرى بىر بىخەتەر تېمىنى تاپقىنىمدىن ئەمىن بولۇپ، ناچار خوشنىلىرى بارلار بارمۇ دەپ سورىشۇدىم دولقۇن قولىنى كۆتەردى.

"سوزلەپ بېقىڭە دولقۇن، خوشنىلىرىڭىزنىڭ قەيىرى سىزگە يامان تۇيۇلىدۇ؟"

"مېنىڭ خوشنىلىرىم بەكلا ئوسال ئادەملەر، ئۇلار غەيۋەتخور، جىدەل خومار، ناچار بولۇپلا قالماي، زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدۇ تېخى".

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچى كۆلۈپ تۇرۇپ "خوشنىڭىز توڭگان ئوخشىمامدۇ؟" دىۋىدى، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كىتىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردى. بۇ گەپنى قىلغان بالىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بولۇپ، ئۇ ھوكۇمەتتە ئىشلەيتى.

"توڭگانلار ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنى ئوغرىلۇقچە ئۆۋلاپ ساتىدۇ، زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدۇ، قورال ياراق ئەتكەسچىلىكى قىلىدۇ. گايىدا مىچىتلاردىكى ئىماملارمۇ زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدۇ. قانۇننى قىلچىمۇ نەزەرگە ئىلمايدۇ. خىتايلاردەك قورقانچاق ئەمەس ئۇلار".

ئۇنىڭ تەلەپپۇززىدىن بىر خىل قايىللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ زەھەرلەرنى قەيەردىن تاپىدۇ دەپ سورىسام "گۇاڭجۇ ۋە شاڭگاڭ ئارقىلىق ۋىتنام بىلەن لاۋۇستىن كىرگۈزەمدىكى، ئافغانىستاندىنمۇ ئاز مىقتاردا كىرگىزىسە كىرەك"

ئۇنىڭ خەلقارا بازاردە زەھەر چېكىملىگى ئېلىپ سېتىش سودىدىن ئالاھىدە خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدىم. ئەمما سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، توڭگانلار غولجىغا ھەزەرلىك چېكىملىك ئەكىلىپ ساتىدىغان ئاساسلىق جاۋاپكار دىگەن

قاراشنى تەكرارلاشتى. گەرچە ئۆلارنىڭ بۆ دىگەنلىرى بۆ ئىشنىڭ راسلىغىدىن دىرەك بەرمىسمۆ، ئۆلارنىڭ پىرىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ نەقەدەر چوڭقۆرلىغىنى دەلىلەپ بىرەتتى. ئۆلارنىڭ دىگەنلىرىنىڭ ئازراق ئاساسمۆ بار ئىدى، چۆنكى بازاردا نىشە ساتىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىس تۆڭگانلار ئىدى.

گەرچە ئابدۆللا زەھەرلىك سېتىش ئىشلىرى تۆغرىسدا كۆپىنى بىلسمۆ، كىملەرنىڭ بۆ زەھەرلەرنى ئىستىمال قىلىدىغانلىغى ھەققىدە ئۆنىڭدىن جاۋاپ چىقمىدى. مىنىڭ بۆ سۆئالىمغا سىنىپتىكلەرنىڭ ھېچ قايسىسىدىن جاۋاپ چىقمىدى.

**73**

*پېشقەدەم تۆڭگان ئاشپۆزۆلى* دىگەن ئاشخانا غۆلجىدا كونىلىغىدىن چىقىۋېتىشكە تېگىشلىك ئاشخانا ھساپلىنىدۆ. ھەر قېتىم يامغۆر ياغسا ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسى ساڭگىلاپ، گايىدا يۆچۆقلاردىن ساقىپ چۆشكەن يامغۆر تامچىلىرى ئاشخانىنىڭ ئۆتتۆرىسدا يىغىلىپ كۆلچەك بۆلۆپ قالاتتى، تامدىن سۆيۆلغان ھاك مىھمانلارنىڭ قاچىسىغا چۆشۆپ خېرىدارلارنىڭ ئىشتاسىنى بۆزاتتى. داۋاملىق كىشىدە ۋەمە ۋە قورقۆش پەيدا قىلىغانلىغىدىمۆ ياكى تامىغىنىڭ تەمىنىڭ ياخشىلىغىدىنمۆ، ئىشقىلىپ بۆ ئاشخانىنىڭ خېرىدارى ئۆزۆلمەي، ھەمىشە تۆشاق تۆراتتى. مەن ئۆلارنىڭ تۆخۆم ۋە پەمۆدۆردا ئەتكەن چۆپىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتىم.

بۆ ئاشخانىنىڭ خۆجايىنى يۆنۆس ئىسملىك بىر ياش تۆڭگان يىگىتى بۆلۆپ، ئۆ ئەرەپچە، خىتايچە، رۆسچە  ۋە ئۆيغۆر تىللىرىنى ياخشى سۆزلەيتى. قانداق بۆلۆپ بۆنداق بىر ۋەيرانە ئاشخىنىنى ئېچىپ قالغانلىغى ھەققىدە سۆزلەپ بىرىشكە خالىمىسمۆ، ئۆنىڭ گىپى تۆلا بىر يىگىت ئىدى.

بىر كۆنى مەن پېتىر فىلېمىڭنىڭ ئەينى زاماندا بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، شىنجاڭ ۋە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىش جەريانىدىكى كەچمىشلىرى ئاساسىدا يېزىلغان *تارتارى ئۆچۆرلىرى* دىگەن كىتاۋىنى ۋاراقلاپ ئولتۆرسام يۆنۆس يېنىمغا كىلىپ قالدى. ئۆ قۆلۆمدىكى كىتاپنى ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرۆپ، كىتاپ ئارىسىدىكى بىر بەتتە بىر قانچە تۆڭگان سۆلداتنىڭ رەسمى بار بەتنى كۆرۆپ، بېشنى لىڭشىتىپ كىتاۋىمنى قايتۆرۆپ بەردى.

"1930 -يىلى مىنىڭ بۆۋام قۆمۆلغا بېرىپ ئۆرۆشقا قاناشقان، ئۆ چاغلاردا قۆمۆلدا نۆرغۆن نائارامچىلىقلار يۆز بەرگەن" دىدى.

ئۆنىڭ بۆ دىگەنلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى ئاددىلاشتۆرۆپ بايان قىلىشى بۆلۆپ، 1930 – يىللىرى شىنجاڭدا تۆختىماي قۆراللىق تۆقۆنۆشلار يۆز بېرىپ تۆرغان. بۆلۆپمۆ جەنۆبى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھوكۆمەت ئارمىيىسى نۆرغۆن ئۆخشاشمىغان ئۆيغۆر گۆرۆھلىرى بىلەن قۆراللىق

تۇقۇنۇشلاردا بولغان بۇلۇپ، ھوكۇمەت ئارمىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن. ئۇلار جەنۇپتىكى نۇرغۇنلىغان بۇلگۇنچىلىكنى مەقسەت قىلغان تۇپۇلاڭلارنى بېسىقتۇرغان بۇلغاچ، بۇرغۇنلىغان ئويغۇرلارنىڭ ئۇلارغا بولغان قارىشى مۇشۇ ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا كېرەك.

يۇنۇس قۇلىي بىلەن مىلتىقنى قارغا ئالغان ھەركەتنى دورىدى.

"تۇڭگانلار ھەقىقەتەنمۇ مەرگەن خەق " دىدى

"ھازىرچۇ؟ قارىسام سىزنىڭ نۇرغۇن ئويغۇر خېرىدارلىرىڭىز باردەك قىلىدۇ"

"شۇنداق ئويغۇرلار بىلەن قازاقلار مىنىڭ ئاخشانامغا ئامراق"

تۇڭگانلارنىڭ ئاشخاسىنى ھالال بۇلغاچ، چۇشقا گۇسى سېتىلمايدۇ، شۇڭا بۇ يەرنى بىتەرەپ زېمىن دىيىشكە بۇلۇدۇ، ئويغۇرلارمۇ ۋە خىتايلارمۇ بىر ئۇرۇندا غىزالىنىدۇ دىگەن گەپ. بۇنى كۇرۇپ كىشىدە بىر خىل ئۇمۇت پەيدا بۇلاتتى، چۇنكى گەرچە بۇ ئىككى قۇۋم ئوتتۇرىسدا بېرىش كىلىشلەر بولمىسمۇ، بۇرتىخانا ۋە ئاشخانا دىگەندەك يەردە ئۇچىرىشىپ تۇراتتى، ئەمما يەنىلا ئايرىم ئايرىم تۇراتتى. مەلۇمكى، نۇرغۇنلىغان ئويغۇرلار تۇڭگانلارنى زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىلار دەپ ئەيىپلىسمۇ، بۇ خىل قاراش ئويغۇرلارنى تۇڭگان ئاشخانىلىرىدا غىزالىنىشتىن تۇختىتىپ قالالمىغان.

"بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇڭگانلار زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدۇ دىگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم، راس شۇنداقمۇ؟"

ئۇ بىردەم جىمىپ سۇئالىمغا قانداق جاۋاپ بىرىش ھەققىدە ئويلادى بولغاي، ياكى سۇئالىمنى دەڭسەپ كورمەكچى بولدى بولغاي ئاندىن "راس، قىسمەنلىرى شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭدا نۇرغۇن پايدا بار" دەپ كۇلۇپ  كىتىپ "غۇلجا بىر نامرات يەر، ئەمما نۇرغۇنلغان مىليۇنىرلار بار بۇ يەردە" دەپ قېتىپ قويدى.

"سىزنىڭچە كىملەر سېتىۋالىدىغاندۇ بۇ زەھەرلىك چىكىملىكلەرنى؟"

ئۇ دولىسىنى كۇتۇرۇپ قويۇپ كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ بىلمەيمەن دىدى.

74

مەن خىتايچىنىڭ كۆپ قىسمىنى كىراكەشلەردىن ئۇگەندىم، چۇنكى كىرا ماشىنىسى تىل مەشقى قىلىدىغان ياخشى مۇھىت. چۇنكى شۇپۇر بىر يەرگە كىتەلمەيدۇ، شۇڭا يول ياقىسدىكى ھەر قانداق بىر مەنزىرىنى چورىدىگەن ھالدا تۇختىماي پاراڭ قىلىشقا بۇلۇدۇ. ئەمما بۇنىڭمۇ قىسمەن

قۇلايسىزلىق تەرەپلىرى بار، چۈنكى شوپۇرلار ھەمىشە قانچە پۇل مائاش ئالىسىز؟ نىمە خىزمەت قىلىسىز، قەيەردىن كەلدىڭىز دىگەندەك قىسمەن شەخسىيەتلىككە كىرىدىغان سۇئاللاردىن باشقا يەنە جۇڭگوغا قانداق قارايسىز، تائاملىرىمىزنى ياخشى كۆرەمسىز دىگەندەك سۇئاللارغا جاۋاپ بىرىشكە مەجبۇرلايتى. ئەگەر بۇنداق چەكلىمىلەردىن قۇتۇلاي دىسە چۇقۇم جۇدۇڭلۇقنى كونتۇرۇل قىلىشقا توغرا كەلگەچ، مەنمۇ شوپۇرلاردىن ئۇخشاشلا شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك سۇئاللارنى سورايتىم.

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدا خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان كىرا ماشىنىسىغا چىققاندا، رىشىت بىلەن كۆرۈشىشكە دىيىشىپ قويغان ۋاقتتىن 20 مىنۇت كېچىكىپ قالغان ئىدىم.

"قەيەرگە بارىسىز" دىدى بويىنى توم خىتاي شوپۇر.

"مەيدانغا"

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ بىر تال ماكا تۇتاشتۇرۇپ، يولغا چىقتى، ماشىنا ئازاتلىق يولىغا قايرىلىشىغا ئۇ " سىز چەتئەللىكمۇ؟" دەپ سورىدى.

"شۇنداق، مەن ئىنگلىس" دىدىم.

"ئىنگلىسلار پۇتبولغا ئۇستا كىلىدۇ، مەسلەن بېكخام، ئوۋىن..."

"شۇنداق، بۇلار ھەقىقەتەن ئۇستا، ئەمما ئىنگلىسلارنىڭ كۆپ قىسمى پۇتبول ئويناشنى بىلمەيدۇ"

ئۇ ئىشەنمىگەندەك گېلىنى قىرىپ قويدى. قارىسام بۇ سوھبەتمۇ كۆنا مۇقامدا كېتىدىغاندەك تۇرۇدۇ، شۇڭا گەپ تېمىسىنى بۇراش ئۈچۈن "سىز غۇلجىلىقمۇ؟" دەپ سورىدىم.

"ياق، مەن خېنەن پىڭدىڭشەنلىق. بۇ يەرگە ئىشلىگىلى كەلگەن، كىلەر يىلى قايتىپ كىتىمەن".

"بۇ يەرنى ياقتۇرامسىز؟"

"ياق، بۇ يەردە ئەسكى ئادەملەر بەك كوپكەن"

"كىملەرنىڭ دىمەكچىسىز؟"

"ئاز سانلىق مىللەتلەرنى دەيمەن، بولۇپمۇ ئويغۇرلارنى دىمەكچىمەن"

"ئۇلارغا نىمە بوپتۇ؟"

"ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. تۈنۈگۈن بىرمۇنچىس ماشىنامغا چىقتى، مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئۇلار قىممەت بولۇپ كەتتى دەپ باھا تالىشىپ تۇرۇۋالدى. مەن بۇ سائەتتىكى باھا دىسەممۇ، ئۇلار

ئون كوينىڭ ئورنىغا سەككىز كوي بىرىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار دايىم ئىش تېرىپ تۇرىدۇ، جېدەل قىلىدۇ، ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتچىلەر" دىدى.

"نىمە؟"

"زەھەر چېكىدۇ. ھەممىسى چېكىدۇ. ھەتتا ئۆششاق باللارمۇ چېكىدۇ. ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن".

"سىز قانداق بىلىسىز؟"

"ھەممە ئادەم بىلىدۇ بۇنى، دايىم زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن يولدا ساقلاپ تۇرغانلارنى كۆرىمەن. ئەگەر سېتىۋالغۇدەك پۇلى بولمىسا ئوغۇرلۇق قىلىدۇ. 1997 – يىلىدىكى ۋەقەنى ئاڭلىمىغانمۇسىز؟"

"ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، نىمە بولغان ئۇ چاغدا؟"

"نۇرغۇن ئويغۇر جىنايەتچىلەر تەلۋىلىشىپ، ئوغۇرلۇق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن. ئۇلار بىر مومايىنى تىرىك كاۋاپ قىلىۋېتىپتۇ. كېيىن ساقچىلار ئۇلارنى تۇتىغان، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى" دىدى.

ئەينى چاغدا مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاساسىز كۆپتۈرمىلىك دەپ پەرۋايىمغا ئالمىغان ئىدىم، كېيىن ئويلاپ باقسام ئەمەليەتتە ھوكۈمەت تەرەپىنىڭ ئەينى چاغدىكى تۆپلاڭغا بەرگەن دەسلەپكى چۈشەنچىسىدە بۇ قېتىمقى ھەركەتنىڭ ھېچقانداق سىياسى ياكى دىنى ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ يوقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغانلارنىڭ زەھەر چەككۈچى ۋە باشقا جەمىيەتنىڭ چۆپرەندىلىرى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنداق دىيىش ئارقىلىق مەركىزى ۋەقەنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جەمىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىدىن قاچۇرۇپ، ھەممە جىنايەتنى بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان شەخسلەرگە ئارتقان.

75

مىللى سىنىپىمدا خەمىت ئىسىملىك بىر ياش دوختۇر يىگىت بولۇپ، ئۇ بىرىتانىيە تەلەپپۇزىدىكى ئىنگىلىز شىۋىسىنىڭ يىنچىكىلىقلىرىدىكى پەرقلەرنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىۋالاتتى. خەمىت تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ بىر قىزى بار ئىدى. قىزى بىلەن ئايالى غۇلجىدىن 30 كىلومىتىر كېلىدىغان بىر يىزىدا تۇراتتى، خەمىت ھەپتە ئاتلىتىپ ئۇلارنى يوقلاپ كېلەتتى. بىر پەيشەنبە كۈنى مىنىمۇ بىرگە بىرىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

"يۇرتىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە؟" دەپ سورىدىم

"56 ـ دىۋىزىيە"

"بىگتۇەنگە قارامدۇ؟"

"شۇنداق .نۇرغۇن كىشلەر نىمە دەپ بىگتۇەندە تۇرۇپ قالدىگلار دەپ ھەجەپلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىز باشقىلاردىن بۇرۇن ئۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان. بوۋام رۇسلاردىن قىچىپ قازاقىستاندىن بۇ يەرگە كېلىپ يەرلىكلىشىپ قالغان، 1960 - يىللىرى بۇ يىزىدىكى ئائىلىلارنىڭ كوپۇنچىسى ئويغۇر ۋە قازاقلار بولۇپ، كىين بىر ۋەقە چىققاندىن كىيىن نۇرغۇنلىرى قازاقىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. چىگرا تاقالغاندىن كىيىن تۇققانلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق" دىدى.

"دادىگىز قايتىپ كەتمىدىمۇ؟"

"ياق. ئۇ قايتىپ كەتسەك ئارقىغا يانغاندەك بولۇپ قالىدىكەنمىز دەپ تۇرۇپ قالغان. دادام بۇرۇن بەكلا باي ئىدى، ئەمما كومۇنىستلار ئۇنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ۋە ماللىرىنى تارتىۋالدى، ئەمما ئۇنىڭغا جىسمانى زىيانكەشلىك قىلمىدى، خۇداغا شۇكرى. ھازىر دادام قاتتىق ئاغرىق ئازاۋىنى تارتىۋاتىدۇ" دەپ ئىبغىر خورسىندى.

مەن ئىلگىرى بىگتۇەنگە بىرىپ باقمىغاچ، خىيالىمدا ئۇ يەر چۇقۇم يېرىمى تۇرما يېرىمى دىخانچىلىق قىلىدىغان باغلار بىلەن تۇشقان، كەڭرى كەتكەن دالا ئىچىزلىق بىر يەر دەپ ئويلاپ باردىم. ئەمما قارىسام بۇ يەرنىڭ باشقا خىتاي شەھەرلىرىدىن ھىچ قانداق پەرقى يوقكەن. يوللىرى ئاق رەڭلىك ئالتە بۇرجەكلىك سىمۇت قىشلاردىن ياسالغان بولۇپ، بىر خىل يىقىمسىز كۇرۇنەتتى. ئەمما كۆچىلىرى تانكا پاتقۇدەك كەڭ بولۇپ، يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرىدىن بىر خىل ياسالمىلىق چىقىپ تۇراتتى.

بۇ يەرنىڭ يەنە بىر پەرقى، شەھەرگە كىرىش ئۇچۇن بىر تەكشۇرۇش پۇنكىتىدىن ئۇتۇشكە توغرا كىلەتتى. پۇنكىتتىكى ساقچى ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىغا بەش مىنۇتتەك تەپسىلى قاراپ چىقىپمۇ خاتىرجەم بولالماي، باشلىغىغا تىلىفۇن قىلدى. ئاندىن مەن دىن خىتايچە ۋە ئويغۇرچە يېنىگزدا رەسىم ئاپىراتى بارمۇ دەپ سورىۋىدى، مەن خۇددى بىر ئاخماق چەتئەللىكتەك كولۇپ تۇرۇپ بىشىمنى چايقاپ قويدۇم. ئۇندىن باشقا بۇ يەردىن ئۇتۇش ئۇچۇن ئىككى يۇەن يول پۇلى تۇلىدۇق. ئىككى يۇەن گەرچە ھىچ قانچە پۇل ھىساپلانمىسىمۇ، ئۇز ئويىگە بىرىش ئۇچۇنمۇ پۇل تۇلەش خەمتىنىڭ غەزىۋىنى كەلتۇردى. بىز يولغا چىققاندىن كىيىن خەمت ئاچچىغىنى باسالماي قايناپلا كەتتى.

"پۇل پۇللا دەيدۇ بۇ بىرنىملەر! بىز شىنجاڭلىقلار ئەڭ ئاز مائاش ئالىمىز ئەمما تۇرمۇش چىقىمىمىز ھەممە يەردىن ئۇستۇن. ھەممە تۇۋارلارنى باشقا ئولكۇلەردىن سېتىۋالىمىز، پاختا ۋە مىتاللىمىزنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ پىششقلاپ ئىشلەپ تىخمۇ قىممەت باھادا بىزگە ساتىدۇ. ھوكۇمەت بۇلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئارلاشمايدۇ" دىدى.

ئۇنىڭ دىگەنلىرى ئۇرۇنلۇق ئىدى، قۇبۇل قىلمايمۇ بومايتى. جۇڭگۇ ھوكۇمىتىنىڭ غەرپنى ئېچىۋېتىش چاقىرىغى ئاستىدا بۇ رايۇنغا سىلىۋاتقان مەبلەغ ھەقىقەتەن كۆپ بولسىمۇ، بۇ مەبلەغلەردىن ئېلىنغان پايدىنىڭ قانچىلىكى قايتىدىن بۇ يەرگە قايتىپ كىلىدىغانلىقىغا بىر نىمە دىمەك تەس.

خەمىتنىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئېرىقتا سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر خالى كوچىدا بولۇپ، دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قىزى يۈگۈرۈپ كىلىپ دادىسىغا ئېسىلدى. خەمىت قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ چىككىسىگە سۆيۈپ يەرگە قويىۋىدى، قىزى ئۇنىڭغا يىقىندا ئۆگەنگەن بىر ئۇسسۇلنى ئويناپ بەردى. كىچىك قىز مىنى كۆرۈپ خىجىل بولغاندەك سەل ئىككىلىنىپ قېلىۋىدى، مەن ياخشىمۇسىز دىدىم، قىز ۋىلىققىدە كۈلۈپ قويۇپ، سەكرەپ ئېناقلاپ ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇردى.

خەمىتنىڭ دادىس ئىچكىرى ئۆيدە مەشىنىڭ يىنىدا پۇتنى يىغىپ ئولتۇرۇپتۇ، چىرايدىن سولغۇنلۇق جىسمىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. خەمىت كىرىپ دادسى بىلەن ئون مىنۇتلارچە پاراڭلىشىپ چىقتى، مەن ئىشىك ئالدىدا سەل ئوڭايسىز ھىس قىلغان پېتى ساقلاپ تۇردۇم.

"دادام ئارام ئېلىپ قالدى، چىقىپ چۆگىلەپ كىلەمدۇق؟" دىدى. بىر بىرگە ئىرىگەن موزلاردىن پاتقاقلىشىپ كەتكەن كوچىلاردىن ئۆتۈپ، بىر قانچە كىچىك ئۆيلەرنىڭ ئالدىدى ئۆتتۇق. بەزى ئىشىكلەردە خىتايچە "باياشاتلىق" "قۇش قۇتلۇق" دىگەندەك لۇزىنكىلار چاپلاپ قويۇلغان ئىدى. دىمەك، بۇ يەردە ئويغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارلىشىپ ياشايدىكەن، غۇلجىدەك ئايرىم تۇرمايدىكەن دەپ پەرەز قىلىپ، خەمىتنىڭ بۇ ھەققىدىكى قارىشىنى سورىدىم.

"بۇ يەردە ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان خىتايلار بارغانچە ئاۋىپ كىتىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر يىل ئىشلەپلا قايتىپ كىتىمىز دەپ چىقىپ، قايتىپ كەتمەي، ھاياتىمىزنى مۇشكۇللەشتۇرىۋاتىدۇ" دىدى.

"قانداقسىگە دەيسىز؟"

"بۇ يەردە قىلغۇدەك ئىش ئەسلىمۇ يىتىشمەيدۇ،  ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى تېرىلغۇ يەر تېخىمۇ كەمچىل. ياخشى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىڭتۈەنلىكلەر تارتىۋالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىچىسى بەكلا قۇپال. مىنىڭ خوشنىلىرىم خىتاي، ئوتكەن يىلى بىر خىتاي بىزنىڭ ئوينىڭ تېمىنى ئۆرىۋەتتى. بۇنىڭدىن ئىكام بەكلا رەنجىپ كەتكەن ئىدى" دىدى.

"ئاكىڭىز بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇردى؟"

"ئۇ خىتاينى قاتتىق دۇمبالىدى".

"ئۇنداق قىلسا بېشىغا ئىش تېپىۋالامدۇ؟"

"ئۇ خىتاينى دەمسىز؟"

"ياق، ئاكىڭىزنى دەيمەن".

"ھىچ ئىش بولمىدى، چۈنكى ئۇ خۇشنىمىز خاتالىقىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىگىنى بىلىدۇ".

بىر بىر باغغا يېتىپ كىلىشىدۇق، بۇرنۇمىغا گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىغى، قۇلىغىمىغا دەرەخ شاخلىرىدا سايراۋاتقان سېمىز قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

خەمىت قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

"ھەجەپ كۈلۈپ كەتتىڭىزغۇ؟"

"كىچىك ۋاقتىمدا ئېنىم بىلەن بۇ باغغا ئالما ئۇغۇرلاشقا كىرەتتۇق، ئەمدى بۇ ئۆزۈمنىڭ بېغى بولۇپ قالسىمۇ، ئەمما ھەر قېتىم باغغا كىرسەم ئۆزۈمنى خۇددى ئوغرىدەك ھىس قىلىمەن" دىدى.

"سىزنىڭمۇ بۇ باغ؟"

"ئاكام ئىككىمىز بۇ باغنى ئۈچ يىللىق هوددىگە ئالدۇق، كۆپرەت ئەمگەكنى ئىنىم قىلىدۇ، مەن ياردەملىشىپ ئالما يىغىشىپ بىرىمەن. ئەمما سۇ يىتىشمەيدۇ، چۈنكى خىتايلار بوغىۋالىدۇ ئۈستەڭنى".

"ئەرز قىلساڭلار بولمامدۇ؟"

"كىمگە ئەرز قىلالايمىز؟ بۇ يەردە بىڭتۇەننىڭ دىگىنى ھىساپ".

خەمىتنىڭ ۋايساشلىرى خۇددى ئۇلار كىلىپ ئىشلىرىمىزنى تارتىۋالدى دەپ ئاغرىنغاندەك ئاڭلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىگىنىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. مەن خىتايچە بىڭتۇەن دىگەن خەتلەرنى ئۇگۈنىۋالغاندىن كىيىن دىققەت قىلسام، ئۇلارنىڭ ھەممە ساھەنى قاپلاپ كەتكەنلىگىنى ھىس قىلدىم. ھەتتا ماي قاچىلاش ئۇرۇنلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئىلكىدە ئىكەن. نۇرغۇنلىغان ئىشسىزلار ئۈچۈن ئېلىپ ئەيتقاندا بۇلارنىڭ يامراپ كىتىشى ھەقىقەتەن نەپرەتلىنىشقا يىتەرلىك سەۋەپ بولالايتى.

بىر دەمدىن كىيىن شامال كۈتۈرۈپلۈپ دەرەخ شاخلىرىنى قاراسلىتىقا باشلىۋىدى، غەربى ئۇپۇقتا كۆلرەڭ بۇلۇتلار جۇغلىنىشقا باشلىدى. مەن قايتىپ كىتەيلىمىكى دىسەم خەمىت بېنىشى چايقىدى.

"بۇران چاپقۇن تېخى قازاقىستاندا، بۇ يەرگە ئالدىراپ كىلەلمەيدۇ، مۇتۇتسىكلىتتا بىردەم ئايلىنىپ كىلەيلى" دىدى.

خەمىتنىڭ بۇرۇت قويىۋالغان ۋىجىككىنە كەلگەن ئاكىسىنىڭ كۈلسە كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قالاتتى. بىز ئاكىسىنىڭ مۇتۇتسىكلىتىنى ئارىيەت ئېلىپ، يولغا چىقتۇق، يولدا ئاندا ساندا ئۇچراپ تۇرغان تىرەكتۇرلاردىن باشقا قاتناش كۆرۈنمەيتى. گۇگۇم قارڭغۇسىدا يولنىڭ ئىككى

**ياقىسىدىكى تىرەكلەر قۇيۇق كۆرۈنەتتى. مەن ختمىتتىن چىراغىنى ياندۇرمامىسىز دىسەم، ئۇ كۈلۈپ كىتىپ "بۇ مۇتۇۋەتتىسكىلىتنىڭ چىرىغى نىمە قىلسۇن" دىدى.**

**بىردىن ئاسمان نىلۇپەر رەڭ بۇلۇپ ھاۋا ئۆزگۈرۈپ يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ئارقىدىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلىشقا باشلىۋىدى بىز ئۆيگە قاراپ يول ئالدۇق.**

**بىز ئىشىك ئالدىغا يىتىپ كەلگەندە يامغۇر شاقىراپ قۇيىۋەتتى. بىز ئايىغىمىزنى سېلىۋىتىپ ئۆيگە كىرىدۇق، ئارىلىقتا خەمىت چىقىپ كىتىپ چىلاپچا بىلەن بىر چۆگۈن كۆتۈرۈپ كىرىپ، قولۇمغا سو قۇيۇپ بەردى، مەن قولۇمنى يۇيۇپ بۇلۇپ، خەمىتكە سۇ قۇيۇپ بەردىم. قولۇمىزنى يۇيۇپ بۇلىشىمىزغا خەمىتنىڭ ئايالى لەغمەن كۆتۈرۈپ كىرىپ ئالدىمىزغا قۇيۇپلا غايىپ بولدى. تاماقتىن كىيىن بىرەر سائەتچە ئەنگلىيە ھەققىدە پاراڭلاشقاندىن كىيىن خەمىت ماڭا سۇپىدا ئورۇن راسلاپ بەردى. سۇپىدىكى قېلىن گىلەم خۇددى قېلىن ماترۇستەك يۇمشاق بۇلغاچ، مەن يامغۇرنىڭ رېتىملىق چۇشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇيقىغا كەتتىم.**

**ئەتىسى ئويغانسام ھاۋا ئېچىلىپ، ھەممە يەر خۇددى تازىلاپ قويغاندەك پاكىزلىشىپ قاپتۇ. ئەتكەن چاي بىلەن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كىيىن مەن خۇمار بولغان قەدىمى ئاسارە ئەتىقىلەردەك كونا نەرسىلەرنى كۆرەك كۆرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. نۇرغۇنلىغان خىتايلار بىزنىڭ 5 مىڭ يىللىق تارىخىمىز بار دەپ پەرخىرلىنىدۇ، دىمىسمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولماي بولمايدۇ. ئەمما گاھىدا بۇ قەدىمى تارىخنىڭ نامايەندىلىرى بولغان ئىزنالارنى تاپماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. 1960 ـ ۋە 1970 - يىللىرىدىكى مەدەنيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە قىزىل قوغدىغۇچىلار جىنىنىڭ بىرىچە بۇ خىل قىممەتلىك تارىخى ئىزنالارنى نابۇت قىلغان. ئەينى چاغدا بېيجىڭدىكى سەككىز مىڭدىن ئارتۇن تارخى جايلاردىن ئاران 78 نى ساقلاپ قېلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قاراپ، تامامەن ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارمۇ نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. كىينچە ئامان قالغان بۇ جاريلارنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئېلىپ بارغاچ، ئۇلاردا قەدىملىكتىن پۇراقمۇ قالماي خۇددى تۈنۈگۈن سالغاندەك كۆرۈنەتتى.**

**ئەمما مەن ئۇ كۈنى خەمىت بىلەن كورگەن قەدىمى قەۋرە باشقىچە بۇلۇپ، 12 مىتىر ئىگىزلىكتىكى بۇ قەۋرىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئەگمىسىگە ئايلاندۇرۇپ ئەرەپچە سۆزلەر يېزىلغاچ، خۇددى ئىتىقاتىنىڭ دەرۋازىسىدەك كۆرۈنەتتى. قەۋرىنىڭ تېشى كۆك، يېشىل، ھاۋارەڭ، ۋە يەڭگىل كۆكۈشرەڭ چىنە قىش بىلەن سىپتا زىننەتلەنگەن ئىدى. گەرچە ئۇ يەر بو يەردە قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئاتەشلىرىنىڭ قالدۇقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئالتە يېرىم ئەسىر بولغان بۇ قەۋرە بۇ زېمىندان مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ قەۋرىگە كۆمۈلگەن ئادەمنىڭ ئىسمى تۇغلۇق تۇمۇرخان ئىكەن. تۇمۇرخان 13 ـ 14 ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسيا زېمىنىنى ئىدارە قىلغان مۇڭغۇل قەبىلىرىدىن بولغان چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھوكۇمرانى بۇلۇپ، ئۇ 1347 - يىلىدىن 1363 - يىللىرىغىچە ھاكىميەت يۈرگۈزگەن. ئەمما ئۇنىڭ توھپىرلىرى ئارىسىدا ئەستە بەكرەك ساقلانغىنى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى پۈتۈن رايۇنغا ئومۇملاشتۇرغانلىقى ئىدى. ئۇ تېخى ئاددى بىر**

ئۆفسېر ۋاقتىدىلا ئىسلامغا كىرگەن ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى ئۇ تاغ تەرەپتىن ئاڭلانغان جاھاننى زىل زىلىگە سالىدىغان مۆڭلۈق چاقىرىق ساداسىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ بۇ خىل ئاۋازنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغاچ، ئەترىپىدىكىلەردىن بۇ قانداق ئاۋاز دەپ سۈرىسا ھىچ كىم جاۋاپ بىرەلمەپتىكەن، شۇ يەردىكى بىر ئۇيغۇر ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئەزان چىللىغان سادا ئىكەنلىگىنى ئەيتىپ بىرىپتۇ. بۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن تۇمۇرخان دەرھال ئىمان ئەيتىپ مۇسۇلمان بۇپتۇ، شۇنداقلا قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئىمانغۇ كىرىپتۇمىش.

قەۋرىنىڭ نىگابانى قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان ئەقىللىق بىر بوۋاي بۇلۇپ، شاپاشلاپ بېرىپ ئىشكىنى ئېچى بەردى. خەمتنىڭ دېيىشچە بۇ بەشىنچى ئەۋلاد نىگابان بۇلۇپ، بەش ئەۋلات مۇشۇ قەۋرىنى بېقىپ كەلگەنمىش، ئەمما بوۋاينىڭ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغاچ، بېشى قېتىۋتىپتۇ. قەۋرىنىڭ تېشى ياسىداق بولغان بىلەن ئېچى ئاللاھىدە ئاددى بۇلۇپ، تاملىرى ئاپپاق ھاك بىلەن سۇۋالغان مەقبىرىنىڭ ئېچىدە بىر ئەگمە قەۋرىدىن باشقا نەرشە يۇق ئىدى. مەن قەۋرە ئېچىدىكى بۇ ئاددى بىزەكنى بەلىكى ئاللا ئالدىدىكى تەقۋادارلىق ۋە كەمتەرلىكنىڭ بىشارىتى دەپ ئويلىنىۋاتسام، خەمىت مەدەنيەت ئىنقىلاۋىدا قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كىشىلەرنى قەۋرە ئېچىدە چۇشقا بېقىشقا مەجبۇرلىغانلىغىنى سۆزلەپ بەردى.

بىز بوۋايغا رەخمەت ئەيتىپ خوشلىشىپ، يەنە بىر قەدىمى مەسچىتنى كۆرۈشكە يول ئالدۇق. مەسچىتكە بارىدىغان يول ئۈستىدە بىر قەۋرىستانلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، بىز ۋەلىسپىتنى ئاستا يېتىلەپ مېڭىپ قەۋرىستانلىقنىڭ ئېچىگە كىرىپ، كۆپ كۆك گۈللەر قاپلاپ كەتكەن بىر كىچىك قەۋرىنىڭ يېنىغا كىلىۋىدۇق، خەمىت 'بۇ مىنىڭ ئاپامنىڭ قەۋرىسى' دىدى. ھىلىمۇ ياخشى يول تار بولغاچ، خەمىت ئالدىدا مەن كەينىدە ئەگىشىپ خېيىل بىر ھازاغىچە لام جىم دىمەي ماڭدۇق.

چىغىر يولىدىن بىراز مېڭىپ مۇزلىرى ئېرىپ كەتكەن چوڭ يولغا چىقتۇق. يولنىڭ ياقىسىدىكى كۈمۈشرەڭ تىرەكلەرنىڭ ئاپپاق قار قاپلاپ تۇرغان زېمىنغا چۈشكەن كۆكۈش شوھلىسى كىشىنى ئاللاھىدە جەلپ قىلاتتى. قاغجىراپ كەتكەن تىرەكتە چۈشمەن قالغان بىر تال يوپۇرماق قىش شامىلىدا شىلدىرلاپ سادا چىقىراتتى، ئاياغىمىز ئاستىدىكى قاردىن چىققان غىچىرلىغان ئاۋاز قۇلاققا بەكرەك ئاڭلىناتتى.

دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا كۈمۈلۈپ قالغان بۇ قەدىمى مەسچىت ۋەيرانە بۇلۇش بىلەن ئاۋارە كۆرۈندى. ئىشك ئالدىدا خەتەرلىك قۇرۇلۇش، ئېچىگە كىرىشكە بولمايدۇ دىگەن بىر ئاگالاندۇرۇش تاختىسى تۇراتتى. بۇنىغا پەرۋا قىلماي ئېچىگە كىرسەك ھويلىدا ئۈستىگە رەخت يېپىلغان ئۈچ قەۋرە بۇلۇپ، يەر يۈزى پاك ـ پاكىز تازلاپ قۇيۇلغان ئىدى، ئۇنىدىن باشقا يەردە ئىسرىقتىن ئىشىپ قالغان خۇشپۇراق تالچىلارنىڭ قالدۇقلىرى تۇراتتى، دىمەك بۇ ئاگالاندۇرۇشقا پىسەنت قىلمىغانلار بىزلا ئەمەس دىگەن گەپ. قازاقىستاننىڭ يىنىدىكى ئۇرمانلىقنىڭ

ئارىسىدىكى بۇ كىچىپ مەسچىتتىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ، ئاستىدا ئۆلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، مەسچىتنى تېخىمۇ چۇڭقۇرلاپ تەكشۈرۈشتىن ۋاز كەچتىم.

چۈشتىن كېيىن ئۆتىدىغان دەرسىم بولغاچ مەن غۇلجىغا قايتىش ئۈچۈن بىكەتكە ماڭدىم. مېڭىشىنىڭ ئالدىدا خەمىتنىڭ دادىسىنى يۇقلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ بارساق، دادىسى ھىلىق ئۆرۈندا بۇرۇنقى شەكىلدە كۆزلىرنى يۇمۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. .ئۇنىڭ شۇ تۇرىقى مۇنچىنىڭ رەسىمىدىكى بوۋايغا بەكلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاينىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

## 76

غۇلجىدىكى خىتاي بازىرى ئۇيغۇر دۇكانلىرى ۋە سودىگەرلىرى توپلاشقان جاي بولۇپ، غۇلجىغا كەلگەن تۇنجى كۈنى ئىسمائىل بىلەن مۇرات مىنى  بۇ كوچىغا باشلاپ كەلگەن ئىدى. تاكى بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلىپ باشقىلارغا يول كۆرسىتىش ھەققىدە دەرس ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىپ، غۇلجا شەھرىنىڭ خەرىتىسىنى دوسكىغا سىزىپ، جاي ئىسملىرىنى يېزىۋاتقانغا قەدەر بۇ كوچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئېتمولوگىيەسىگە دىققەت قىلماپتىكەنمەن. بۇ ئىسم كوچىنىڭ ئەمەلىيىدىن بەكلا يىراق بولۇپ، خىتاي يولى دەپ ئاتالغان بۇ كوچىدىن خىتايلار ئامالىنىڭ بېرىچە قاچاتتى.

دەرستىن بۇرۇن گېلك مۇدىردىن بۇ كوچا ئىسمىنىڭ تارىخى ھەققىدە سورىۋىدىم، ئۇ "يۈز يىلىنىڭ ئالدىدا بۇ يەردە خىتايلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ،  ئاز ساندىكى خىتاي سودىگەرلىرى مۇشۇ كوچىدا ماكانلىشىپ تاپاۋەت قىلغان ئىكەن، شۇڭا بۇ كوچا خىتاي كوچىس دەپ ئاتىلىپ قالغان" دەپ چۈشەنچە بەردى.

ئۇنىڭ بۇ ئىزھاسى بىر تارىخى ئەسلىمىلا بولۇپ قالماستىن، بۇ يەرنىڭ تەقدىرىدە قانداق ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىگىنىمۇ كۆرسۈتۈپ بىرەتتى، يەنە خىتايلارنىڭ قانداق بولۇپ ئاز سانلىق مىللەتتىن ھوكۇمران مىللەتكە ئۆزگەرگەنلىگىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئەگەر دەرسكە كىرىش قوڭغىرىغى چېلىنمىغان بولسا سورايدىغان تېخىمۇ كۆپ سوئاللىرىم بار ئىدى.

دەرستە ئالدى بىلەن سولغا قايرىلىپ ئاندىن ئۇدۇل مېڭىڭ، ئاندىن يول دوقمىسدا ئوڭغا بۇرۇلۇڭ دىگەندەك يول كورسۇتۇشكە ئايىت سۆزلەرنى ئۆگەتتىم.  ئاندىن ساۋاقداشلارنى ئىككىدىن گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، خەرىتىگە قاراپ بىر بىرىدىن يول سوراشنى مەشق قىلدۇردۇم. سىنىپتا بىردىن يېرىم ياتا ئىنگىلىزچە دىئالوگلار باشلىنىپ كەتتى، بەش مىنۇتتىن كېيىن بىر

ئۆغۆل بالا قۆلىنى كۆتىرىۋىدى مەن يېنىغا باردىم. ئۇ قۆلىدىكى خەرىتىدە خىتاي كۆچىسىنى كۆرسۆتۆپ تۆرۆپ "نىك، بۇ يەرگە بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟" دەپ سۆرىدى.

"باردىم، سىزچۇ؟"

"بېرىپ باقمىغان، ئەمما بارغۇم بار"

ئۇنىڭ يېنىدىكى ساۋاقدىنى ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ

"ئۇ يەر مەينەت، ھەم ئوغرى يانچۇقچى بىلەن تۇشۇپ كەتكەن" دىدى.

"بەلكىم خەتەرلىكتۇ ئۇ يەر" دىدى ئارقا ئورۇندۇقتىكى قىز. شۇنىڭ بىلەن ھەممسى گەپكە ئارلاشتى.

"بەزى مىللىلار بەكلا تەربىيەسىز"

"ئۇلار ئۇرۇشقاق، بۇلۇپمۇ ياش ئۇغۇللار"

"ئۇلار بەكلا ياۋايى، جىسىمىدىن قوي پۇرايدۇ!"

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ كۆچىغا بېرىش خاتالىق ھىساپلىناتتى. كىينچە ئويلۇنۇپ كورسەم ئۇلاردا بۇنداق قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە باشقا ئامىللارنىڭمۇ سەۋەپچى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم، چۇنكى ئۇلار ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە ئارلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ باقمىغان، ھەمدە مەكتەپمۇ ئۇلارنىڭ ئارلىششى ئۇچۇن شارائىت ھازىرلەپ بەرمەي، بۇ خىل ئايرىمچىلىقنىڭ داۋاملىششىغا تۇرتكە بۇلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمىشى ھەققىدە ھىچ قانداق بىر ئۇچۇن مەۋجۇت ئەمەس بۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشكۇلاتلىرى، قانۇنى داۋالىرى ھەققىدە ھىچ نىمە بىلمەيتى. ئۇلار ئۇچۇن ئۇيغۇرلار تېررۇرچىلار دىگەندىنلا دىرەك بىرەتتى. ئەمما منىڭ ھەپتىدە 12 سائەت دەرسىم بار، مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باشقىچىراق دەرس ئۇتەيمۇ يا؟

## 77

گەرچە بۇ خىل خىيال نەزەرىيەدە ياخشى ئاڭلانسىمۇ، ئەمىلىيەلەشتۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ گىرامىتىكا دەرسى ئۆتكەندەك ئۇنداق ئاددى ئىش ئەمەس ئىدى، دەرستە ئوقۇغۇچلارنىڭ خاتالىغىنى كۆرسۆتۆپ بەرسەم ئۇنى قوبۇل قىلىپ، كەمتۇكىنى تۇزۇتەتتى، ئەمما بۇ ئۇنداق ئاسانغا تۇختىمايتى. چۇنكى ئۇلارغا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قارىشىڭلارنىڭ ھەممىس خاتا دىيىشكە ھەققىممۇ يۇق ئىدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ قىسمەن قاراشلىرىدىن گۇمان پەيدا قىلدۇرالىسام شۇنىڭ ئۇزىمۇ چوڭ ئىش بۇلاتتى.

مەن ئىشنى *خۇشال مەھەللىسى* دىگەن ھوللىۋۇد فىلىمىنى كۆرستۇشتىن باشلىدىم. بۇ فىلىمدە ئۇن نەچچە ياشلىق ئىككى بالا ئەزەلدىن يامانلىق يۇز بەرمەيدىغان بىر يىزىدا ياشاشقا مەجبۇر

بولىدۇ. بۇ يەردە ئىجاتكارلىقمۇ توختاپ قالغان بولۇپ، باللار بۇ يەرگە روكنرول مۇزىكىس، رەسساملىق ۋە جىنسى ئەركىنلىك قاتارلىق يېڭىلىقلارنى تونۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، يىزنىڭ ئەخلاق نازارەتچىسىنىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يىزىغا يات كىشىلەر كىلىپ قالىدۇ، ئۇلار يەرلىكلەردىن پەرقلىق بولۇپ، ئىككى تەرەپ بىر بىردىن گۇمان قىلىشىپ ، ئارلاشماي ئۆز ئالدىغا ئۇتىدۇ. فىلىمنىڭ مەركىزى ئىدىيەسى كىشلەردە ئوزگىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ پەرقىنى قوبۇل قىلىشنى ئۈگۈتىشنى ئاساس قىلغان. باللار كۆلىدىغان يېرىدە كۈلۈپ، ئەپسۇسلىنىدىغان يېرىدە ئەپسۇسلىنىپ دىگەندەك كىنۇنى سۆيۈنۈپ كوردى. كىنۇدىن كىيىن ئۇلارغا كىنۇدىكى جاي بىلەن غۇلجىنىڭ پەرقى ۋە ئوخشاشلىغى ھەققىدە ماقالە يېزىشنى تاپشۇرۇق قىلىپ بەردىم. ئەمما تۇنجى ماقالا ئانچە قانائەتلىنەرلىك كورۇنمىدى.

***غۇلجىدىكى ھەممە ئادەم بىر بىرىنى چىن دىلىدىن سويىدۇ، غۇلجىلىقلار دوستانە ۋە قىزغىن كىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىدىيەسى يىتەرلىك ئازات ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئوزگىچە ياشاش يولى بار. بۇ يەردە مىللىلەر بىراز كۆپ. بەزى كىشىلەر ئازات پىكىر ئەمەس، شۇڭا بىر بىرى بىلەن ئانچە ئىناق ئارلىشىپ كىتەلمەيدۇ.***

مەن بۇ ماقالىدىن خىتاي ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئوزلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەلچىلىرى سۈپىتىدە كۇرۇپ، ئويغۇرلارنى قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەندەك ھىس قىلىدىغانلىغىنى بايىقىدىم. ئەمما بەز باللارنىڭ ماقالىس كىشىدە ئازراق ئۇمۇت پەيدا قىلاتتى.

كىنۇدىكى پىرسوناژلار قانۇنغا بوي سۇنۇشى كىرەك بولغاچ، خىيالىغا كەلگەننى قىلالمايدۇ، بۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە ئوخشايدىكەن. كىنۇدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىر -بىرنى توغرا چۈشۈنۈشمەي، مۇشكۇلاتلارغا دۇچار بولىدىكەن، ئەمما ئۇلار بۇ مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىدىكەن.

فىلم ئاخىرىدا مەن ئۇقۇغۇچلاردىن "قارىغۇنىڭ شەھرىگە بارساڭ بىر كوزۇڭنى قىسىۋال" دىگەن قاراشنىڭ خاتا توغرىلىغى ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بىرىشقا ئۇرۇنلاشتۇردۇم. ئۇلارغا بىر قانچە مىنۇت ئويلىنىش ۋاقتى بەرگەندىن كيىن سىپتىكى دەرستە ياخشى بىردىن مۇنازىرىنى باشلاشنى ئىلتىماس قىلدىم.

"ئەلۋەتتە توغرا، بىر يۇرتقا بارغاندا چوقۇم يەرلىك خەلقنىڭ يولىنى تۇتۇش كىرەك، توغرىسى شۇ. قارىغۇنىڭ شەھرىدە چوقۇم بىر كۆزنى قىسىۋلىش كىرەك" دەپ جاۋاپ بىرىپ مەنمۇنيەت بىلەن ئولتىرىۋىدى، ۋجىككىنە بىر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ "خاتا، مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن، سىز يەرلىكلەر نىمە قىلسا شۇنىڭ دورىشىمىز كىرەك دەيسىزى، ئۇنداقتا ئۇزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىچۇ؟ ھەممىسنى ئۇنتۇپ كىتەلەمسىز؟"

گىپىنىڭ ئاخىرى توگىگىچە ھېلىقى ئوقۇغۇچى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ "ياق ئۇنتۇپ كەتمەيسز، ئەمما ئاساسلىق ئورۇنغا قويمايسىز دىگەن گەپ. يەنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويسىز،

بولمىسا چاتاق چىقىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ قىلغانلىرىڭىز يەرلىك خەلقنى دىتىغا ياقمىسا، ئۇلار سىزدىن نەپرەتلىنىپ، سىزگە قارشى تۇرىشى مۇمكىن".

گېپىنىڭ ئايىغى ئەمدىلا ئۈزۈلىۋىدى ھېلىقى قىز ئۇلاپلا "ئۇنداقتا ئويغۇرلار باشقا يەرگە بارسا، چۇشقا گۆشىدىن باشقا گۆش بولمىسا، ئۇلار چۇشقا گوشى يىيىشى كىرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئۆرپ ـ ئادەت" دىۋىدى، يىنىدىكى بالا ئۇنىڭ پىكرىنى قۇللاپ "بۇ ئۆرپ ئادەتلا بۇلۇپ قالماستىن، ئۇلارنىڭ دىنى ئىتىقادى" دەپ قۇشۇمچە قىلدى. مۇشۇنداق كۇنلەردە مۇئامىلىق قىلغىنىمدىن مەمنۇنلىنىپ قالاتتى.

**78**

ئەركىن بىلەن بەش ئاي ئالدىدا تويىدا كۆرۈشكەندىن كىيىن قايتا ئۇچۇرۇشۇپ باقماپتۇق. بىر كۇنى كاۋاپ پادىشاھى دىگەن ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئىسمائىل بىلەن ئەركى ئۇچراپ قالدى.

"كەچۈرۈڭ، ئۈزۈن بولدى سىزگە تېلىفۇن قىلالمىدىم، بەكلا ئالدىراش بۇلۇپ كەتتىم" دىۋىدى، ئىسمائىل قۇشۇق قېتىپ "بۇلۇپمۇ كىچىلىرى بەكلا ئالدىراش بۇلۇپ كەتتى" دەپ چاخچاق قىلىۋىدى، ئەركىن يالغاندىن ئاچچىقلانغاندەك بۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قۇيۇپ كىيىن كۇلۇپ تۇرۇپ "راس دەيدۇ، ئايالىم ھامىلدار بولدى" دىدى.

"مۇبارەك بولسۇن".

"شۇنداق، ئاللا رەخمەت قىلدى، مارۇژنا يەمدۇق؟"

ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تېلۋىزۇر قۇيۇغلۇق بۇلۇم، ئىكراندا يۇزلىرى بولجۇڭ گۆشلەر بىلەن سەمرىپ كەتكەن بىر تۇنۇش چىراي تۇراتتى. دەسلىۋىدە بۇ كىم بويىغىيدى دەپ ئىسمىگە ئالالمىدىم، كىيىن ئىسمىگە كەلدى، مەندە ئۇنىڭ گارمۇن بىلەن ئىلىكتىرۇنلۇق چالغۇدا ئۇرۇنلىغان بىر پىلاستىنكىس بارلىغى ئېسىمگە كەلدى. ئەركىن قۇشۇق بىلەن تىلىۋىزۇرنى كورسۇتۇپ تۇرۇپ

"ئاۋۇنى كوردىڭىزمۇ؟ ئۇ زەھەر چىكىدۇ" دىدى

ئىسمائىل ئۇنىڭ گىپىگە تۇزۇتۇش كىرگۈزۈپ "ھازىر چەكمەيدۇ، تاشلىۋەتتى" دىدى.

"بۇنى قانداق بىلىسلەر؟"

"ئوتكەن يىلى قەشقەردە ئۇيۇن قويغاندا ئۇ سەھنىدە يىغلاپ، تاماشابىنلاردىن ئەپۇ سۇرىغان".

مەن ئەركىدىن غۇلجىدا زەھەر چىكىدىغانلار كۆپمۇ دەپ سۇرىسام ئۇ "بەزىلەر چىكىدۇ، بۇلۇپمۇ ياشلارنىڭ ئارىسدا كۆپ" دەپ جاۋاپ بەردى.

"خىتايلارمۇ؟"

"ياق ، ئۇيغۇرلار"

ئىسمائىل بېشىنى چايقىۋىدى ، ئەركىن پەرۋا قىلماي گېپىنى داۋاملاشتۇردى .

"بېشىڭىزنى چايقايسىزغۇ؟ دېمىسىمۇ راسقۇ؟ نىمە دەپ يۇشۇرغىدەكمىز؟ يۇشۇرغانسىرى ئىشلار يامانلىشىدۇ ، خۇددى بۇرۇنقىدەك" .

"بۇرۇنقىدەك ..."

"بۇرۇن ئەخۋال تېخىمۇ ناچار ئىدى" .

"قاچان؟"

"يەتتە سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ، شۇڭا مەشرەپ ئويناش ئەۋجىگە چىققان" .

ئەركىننىڭ دىيىشىچە ، ئەينى زاماندا هوكۇمەتنىڭ زەهەر چېكىدىغانلارغا ياردەم قىلىدىغان ئىنشائاتلىرى بولمىغاچ ، ئۇلار هاراق ۋە زەهەرنىڭ كۇپۇيۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۇچۇن ئىسلام يولىنى تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىكەن . مەشرەپ ئارقىلىق زەهەر چېكىشنى تۇسۇش بىلەن بىرگە زەهەر تاشلاشقا ئۇرۇنىۋاتقانلارغا ياردەم بىرىشنى مەقسەت قىلىشقان ئىكەن . ئۇنىڭ دىيىشىچە مەشرەپ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە مەنپەئەت قىلغاچ ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قوللاپ قۇۋەتلىشىگە ئىرىشكەنمىش . هۆكۇمەتنىڭ ئويغۇرلار ئۇچۇن پايدىلىق بولغان بۇ پائالىيەتنى تۇختىتىپ قويىشى شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىغان نارازىلىقلارنى قوزغىغان ئىكەن ، چۇنكى هوكۇمەت بۇنىڭغا قارىتا باشقا ئۇنۇملۇك چارە تاپالماي تۇرۇپ ئۇلارنى تۇسۇپ قويغان ئىدى .

شۇنداقتىمۇ مىنىڭ كاللامدىن ئوتمىگنى ، مەشرەپ تۇختىتىپ قويۇلغىنىغا يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ ، نامراتلىق ۋە ئىشسىزلىق كۇندىن كۇنچە ئېشىپ بېرىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە نىمە ئۇچۇن زەهەر چېكىش بۇرۇنقىدەك ئەۋجىگە چىقىپ كەتمەي تۇۋەن تۇرىدىغاندۇ دەپ سورىسام ، ئەركىن مۇنداق جاۋاپ بەردى .

"ئەينى چاغدىكى ئۇرۇش نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتتى" .

"قايسى ئۇرۇشنى دەيسىز؟"

"1997 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشنى دەيمەن ، 5 فىۋرال ۋەقەسىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟"

11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كىيىن بۇ خىل هادىسىلەرنى مۇشۇنداق ئاي كۇنى بىلەن ئاتاش مودا بولۇپ قالغان ئىدى .

"بۇ كىشىلەرنى ئويغا سالدى ، كىشىلەر هاياتقا ئەستائىدىل قارايدىغان بولۇپ ، ياخشى مۇسۇلمان بولۇشتى . نۇرغۇنلىغان ئاياللار باشلىرىنى يوگەپ ، ئاز بولمىغان ئەرلەر هاراق تاماكىنى تاشلىدى .بەلكىم شۇ قېتىمقى ئۇرۇش ياخشى نەتىجىگە باشلاپ بارغاندۇ" دىدى .

ئۇ غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن ئىشلار ياخشى بولدى دېگەن گەپنى قىلغان تۇنجى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى تىلشۇالدى قاتارلىقلارنىڭ مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن ئىتىقادىنىڭ چىڭقايغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن بىردەك چىقتى. ئەگەر مۇسۇلماندارچىلىق خىتايدىن پەرقلىنىشتىكى ئاساسلىق خاراكتېر بولسا، خىتايغا چىش تىرنىغىچە ئۆچ ئۇيغۇرلارنىڭ تېخمۇ چىڭراق مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى تەببى. رۇشەنكى مۇرات ، ئەركىن، ۋە يۇسۇپ قاتارلىق ئۇزلىرىنى تەقۋىدار مۇسۇلمانلار دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىگى ئۇچۇق ئاشكارە ئىدى. دىنى ئېتىقادىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ئاشقانسىرى، ھوكۇمەت دىنى ئەركىنلىكنى تېخمۇ كۈچلۈك نەزەربەنت قىلىدىغان بولدى. باشقۇرۇشنىڭ كۈچىيىش نارازلىقنى ئاشۇرۇپ، بىر خىل ئايلانما سىركىلغا ئايلىنىپ، بېسمىنىڭ ئىششى بىلەن ئاپتۇۋۇزلاردىكى بومبىلارنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا تۇرتكە بۇلىدىغاندەك بىر خىل مەنتىقىدىن بىشارەت بەرگەندەك بۇلاتتى.

ئىسمائىل گېلىنى قىرىپ قۇيۇپ "تاغام بۇرۇن زەھەر چىكەتتى. ئائىلىمىز ئۇنى تاشلاشقا شۇنچە تەۋسىيە قىلساقمۇ ئۇنۇمى بولىمدى. بىر كۇنى مەن ئاچچىغىمدا 'تىزراق ئۇلۇپ كەتسەڭ بولمامدۇ، بىزنى شۇنچە ئازاپ ئاقىبەتكە گىرىپتار قىلدىڭ، تىزراق ئولمەمسەن' دىدىم" دىدى.

"كېيىن قانداق بولدى؟"

"بىر كۇنى ئۇ ئۇيدىن تالاغا چىقماي ئولتۇرىۋالغاندى، زەھەر خۇمارى تۇتۇپ قالدى بولغاي دەپ ئالاھىدە دۇختۇرخانىغا تىلىفۇن قىلساق، ئۇلار كىلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى. ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى چىقىرىۋەتكەندى، بىز ئەسكى ئادەملەرنىڭ تەسرىدىن يىراق تۇرسۇن دەپ ئۇنى ئۇرۇمچىدىكى ھامىسىنىڭكىگە يولغا سالدۇق. ھازىر توي قىلىپ بىر قىز پەرزەنتلىك بۇلۇپ قالدى" دىدى.

مىنىڭ قارىشىمچە دىنى ئېتىقاتنىڭ كۇچىيۈشى زەھەر چەككۇچىلەرنىڭ سانىنىڭ تۇۋەنلىشىگە تەسىر كورسەتكەن بىردىن بىر ئامىل بولمىسا كىرەك. ئىسمائىل ئېغىزغا ئالغان ھېلىقى ئالاھىدە دۇختۇخانىدەك زەھەر تاشلاشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورۇنلارمۇ ئاز ئەمەس. زەھەر تاشلاشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىلانلىرى ئۇرۇمچى -غۇلجا تاشيولى ياقىسىدىكى ئىلان تاختىلىرىدا دايىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ خىل دۇختۇرخانىلارنىڭ باھاسى قىممەت بۇلۇپلا قالماي ھەزەر تاشلىتىش ئۇسۇلىدا باشقا قۇشۇمچە دورىسىز مەجبۇرى قاماپ قويۇش نۇرغۇنلىغان زەھەر چەككۇچىلەرنى بۇ ئۇرۇنلارغا تىزىملىتىشتىن رايى يېنىپ قالاتتى، چۈنكى مېتودىن قاتارلىق ياردەمچى دورىلار تېخى يېقىندا جۇڭگو بازىرىغا كىرىشكە باشلىغان. ئۇنىدىن باشقا بۇ دۇختۇرخانىلار كىسەل تىزىملىگىنى ساقچى ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىدىغان بولغاچ، زەھەر چەككۇچىلەر ئۇلاردىن ئۇزىنى قاچۇراتتى. گەرچە ئۇلارغا جىنايى جازا بىرىلمىسمۇ، ھوكۇمەت كۆز قۇلاق بۇلۇدىغان جىنايى تارىخى بارلار، پاھىشە ئايالالار ۋە ئوكتىچىلەر قاتارلىق ئالاھىدە

كىشىلەر تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشىنى ھېچ كىم خالىمايدۇ. چۈنكى بۇ تىزىملىككە كىرىپ قالغۇچىلارنىڭ ئىش تاپمىقى، ئۆي ئىجارە ئالمىقى ۋە سىرتقا چىقىشى ئاسان ئەمەس.

غۇلجىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلىگى تۈپەيلى، مۇمكىن بولسا ھوكۇمەتتىن سىرت ئۇسۇللار بىلەن بۇ مەسىلىگە تاقابىل تۇرۇشقا تۇغرا كىلەتتى. ئەمما بۇ يەردە بىر ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇش ئۇنداق ئاسانغا تۇختىمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش خۇددى يەرلىك ھوكۇمەت قابىلىيەتسىز، بۇ ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىدى دەپ تەنقىد قىلىۋاتقاندەك ئۇچۇر بىرىپ قالاتتى. بۇنداق بىر ئۇرگاننى تىزىملىتىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن 30 مىڭ يۈەن تۇراغلىق مەبلىغى، مۇقۇم ئىش بىجىرىش ئورنى شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ھوكۇمەت ئۇرگانلىرىنىڭ تەستىقى بۇلۇشى كىرەك. بۇ خىل ئاممىۋى ئورگانلارنىڭ سىياسى ياكى دىنى ئارقا كۈرۈنىشى بولمىسۇ، ھوكۇمەت ئۇرگانلىرىنى ئۇلارنى تەستىقلىشى ناتايىن. شۇڭلاشقا مەشرەپتەك تىزىملىتىلمىغان (قانۇنسىز) بىر ئاممىۋى ئورگاننىڭ شۇنچىلىك ئۇزۇن داۋاملىشالىشىمۇ ئەجەپلىنەرلىك دىيىشكە بۇلۇدۇ. مەن ئىسمائىلدىن قانداق بۇلۇپ مەشرەپنىڭ بۇنچىلىك مۇشكۇللەر ئالدىدا داۋاملىشالىشىغا ئىشەنگەندىڭلار دەپ سۇرىسام ئۇ پەخىرلەنگەن تەلەپپۇزدا "نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىزنى ئۇتتۇق قازىنالمايدۇ دەپ گۇمان بىلەن قارىغان بولسىمۇ، بىز سىناپ كۈرۈشكە بەل باغلىدۇق. بىزدە باشقا چارە بارمىدى؟ ياشلىرىمىزنىڭ ئۇلۇپ تۈگىشىگە قاراپ تۇرىشىمىز كىرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇدە" دىدى.



جۇڭگۇ زېمىنى كەڭ، شەرقتىن غەرپكە كەتكەن كەڭرى تۇپراقنىڭ پىرقىسى مول، مەدىنىيتى ھەرخىل، تائاملىرى رەڭگا ـ رەڭ چۇڭ بىر دولەت بۇلۇپ، نادان ياكى ئاخماق بولمىسا ئادەم ئالدىراپ بۇ دۆلەت ھەققىدە ئاددىلا مۇتلەقلەشتۇرۇپ خۇلاسە چىقارمايدۇ. ئەمما جۇڭگۇنىڭ ھەممە يېرىگە ئورتاق بولغىنى ئەخلەت يىغىش بىلەن پاھىشە بازىرى.

بىيجىڭدىن ئۇرۇمچىگىچە بولغان جۇڭگۇ شەھلىرىنىڭ ھەممىسدە پاھشىخانىلارنىڭ بەلگىلىرى ئوخشىشىپ كىتىدۇ. گۇگۇم چۈشۈشى بىلەن قىزغۇچ چىراغلار يېقىلىپ، قىزلار ياسىنىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالىدۇ، ئەرلەر ئالدىراپ ئىچىگە يۈگرەيدۇ. قارىماققا بۇ خىل پاھشىخانىلارغا چاچ ياساش سالۇنىنىڭ ۋىۋىسكىلىرى ئېسىلغان بۇلۇپ، كۇندۇزلىرى ئۇلارنى راس سەرتەراچخانىلاردىن پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئىشلار رۇشەنلىشىدۇ، دىمىسىمۇ يېرىم كىچىدە ئالتە قىز بالىنىڭ بىر ساتراچخانىدا چاچ ياسىشى تازا مەنتىقىگە چۈشمەيدۇ.

غۇلجىدىمۇ بۇنداق قىزىل چىراغلىق رايۇنلار خېلىلا بار بۇلۇپ، ئۇلارمۇ خۇددى باشقا سودا سېتىقچىلارغا ئوخشاش بىر يەرگە تۈپلىشىپ تاپاۋەت قىلاتتى. شۇڭلاشقا تۇرمۇرچى بازىرى، ئاياغ بازىرى، تويلۇق كىيىم - كىچەك بازىرىغا ئۇخشاش قىزىل چىراغلىق پاھىشە بازىرى بار ئىدى.

جۇڭگۇدە پاھىشۋازلىق قانۇنغا خىلاپ بولسىمۇ، بۇنىڭغا ھېچ كىم پەرۋا قىلمايتى. ھەتتا ئۇقۇغۇچىلىرىممۇ ئۇنداق يەرلەردە نىمە سودىسى بولىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۇلاردىن سۇئال سورىسام گەرچە گەپ تىمىسىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھېچ كىم ئۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمىدى.

جۇڭگۇنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدە ئەيدىس كىسىلىنىڭ يۇقۇملىنىش نىسپىتى ھەققىدە مەلۇماتلار خېلىلا كۆپ تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ تارقىلىشتىكى ئۇسۇللاردا پەرق باردەك قىلاتتى. مەركىزى رايۇندىكى دىقانچىلىقىنى ئاساس قىلغان خېنەن ئۆلكىسىدە ئاساسەن قان ئارقىلىق تارقالغان ئىكەن، غەربى - جەنۇپقا جايلاشقان يۇننەن ئۆلكىسىدە بولسا زەھەر چەككۇچىلەر شىرىك قوللانغان ئۇكۇل يىڭنىسىدىن يۇققان دەپ ئىلگىرى سۈرىلىدۇ. بىرىنچى ئورندا تۇرىدىغان يۇننەندىن قالسا شىنجاڭ ئەيدىس بىلەن يۇقۇملانغانلار ئەڭ كۆپ رايۇن ھىساپلىنىدۇ.

شىنجاڭدا ئەيدىس بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ 85% ئۇيغۇرلار بولۇپ، غۇلجىدا يۇقۇملانلانغارنىڭ سانى ئۇرۇمچىدىنمۇ ئۇستۇن بولۇپ، شجاڭدا بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. 2000 ـ يىلى بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى قارمىغىدىكى ئەيدىسگە ياردەم بىرىش تەشكىلاتىنىڭ دوكىلاتىغا ئاساسلانغاندا، غۇلجىدا ئۇكۇل ئۇرىدىغان زەھەر خۇمارلارنىڭ 85%، ئۇرۇمچىدە 40% ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. مەزكۇر دۇكلاتتا يەنە، تەكشۇرۇلگەن پاھىشە ئاياللارنىڭ تۇتتەن بىر قىسمىنىڭ ئەيدىس ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى قەيت قىلىنغان.

مىنىڭچە بۇ ئىستاتىستىكادا ھەقىقەت تولۇق گەۋدىلەندۇرۇلمىگەن، چۈنكى پاھىشەۋازلارنىڭ كوپىنچىسى گاندۇم ئىشلەتمەيدۇ، ئۇندىن باشقا، پەقەت تۇتۇلۇپ قالغان پاھىشە ئاياللىرىنىڭلا سالامەتلىگى تەكشۇرۇلىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ سانلىق مەلۇمات توغرا ئەمەس. ئۇندىن باشقا، ئەيدىس كىسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ قانۇن بويىنچە تىزىملىنىشى كىرەك، شۇڭا ئۇلار شەھەرلىك ۋە ياكى ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىنىپ، مەسلىسى بار ئادەملەر قاتىرىدا تىزىملىنىدۇ.

دىمەك غۇلجىدا ئىشسىزلىق، مىللى زىددىيەت، زەھەر چىكىش، پاھىشە قىلىشتىن باشقا ئەيدىز ئاپىتى يۈز بىرىش ئىتىمالى بار ئىدى. ھوكۇمەتمۇ بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن قىسمەن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئامىۋى ئىلانلاردا خەلق ئامىسىنى بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چاقىرىپ، چارىلارنى ئۇگەتمەكتە. مەسلەن تىلىۋىزور رىياسەتچىسى چىققان بىر يۇغان ئىلاندا "ئەرلەر جاھاننى ئوزگەرتىدۇ" دىگەن تېكىست بىلەن ئەيدىسدىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرى كورسۇتۇلگەن.

گەرچە بۇ خىل ئىلانلارنىڭ تەسىرى يىتەرلىك بولمىسىمۇ، ئالاھىدە تەرەققى قىلغان چوڭ شەھەرلەردىن باشقا جايلاردا جىنسى تەلىمات بىرىش تېخى يولغا قويۇلمىغان بىر دولەت ئۇچۇن

**بۇنى بىر ئالغا ئىلگىرلىگەنلىك دەپ قاراشقا بۇلۇدۇ. مەسلەن، ئىلگىرى گۇندۇم ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقاتلارنى ئەن ئەنەۋى ئەخلاققا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ نارازلىق بىلدۈرۈشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، جىنسى تەربىيە ئېلىپ بارماسلىققا ئىجتىمائى كۇنسىرۋاتىزىم ئاساسى سەۋەپ بولغان دەپ تەبىر بەرگەن ھوكۇمەت تەرەپ. خىتاي ئۇقۇغۇچىلىرىم مۇئابەت ۋە سويگۇ ھەققىدىكى تىملاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن يەردە جىنسى مۇناسىۋەت ھەققىدە پاراڭ قىلىش مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا قىز ئوغۇل مۇناسىۋىتى ھەققىدە گەپ قىلغان ھامان يۈزلىرى قىزىرىپ، خىجىل بۇلۇشۇپ كىتەتتى. ھەتتا بەزىلەر ھېلىلا تىخى بىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىرگە پاتروشكا بۇلۇپ مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ ئوزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىشقى مۇئابەت مۇناسىۋىتى ئىكەنلىگىدىن تانىدۇ. مۇشۇنداق بىر بېكىندى مۇھىتتا رەسىملىك ئىلانلارنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۇتۇق ھىساپلىناتتى.**

**مىنىڭ ئۇقۇغۇچىلىرىمى پىۋە ئىچىشتىنمۇ تەپ تارتىدىغان بولغاچ، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشى ياكى پاھىشخانىلارغا بېرىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمىغاچ، ئۇلارغا ئەيدىس يۇقۇش ئىتىمالى يوق دىيەتلىك. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەيدىس ھەققىدىكى بىلگىلىرىنىڭ يىتەرسىلىگى تۈپەيلى ئۇلارغا بۇ ھەقتە ئازراق ئۇچۇر بىرىش زۆرۈر ئىدى. بۇ ئىشنى مەن قىلمىسام باشقىلارنىڭ قىلىشى يوق گەپ ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم. ئەمما جىنسى تەلىمات بېرىش ھەققىدە مىنىڭمۇ ھىچ قانداق تەجرىبەم يوق ئىدى.**

**دەسلىۋىدە تېخمۇ ئۇچۇق چۇشەنچە بىرىش ئۇچۇن، بىر بانان بىلەن گۇندۇمدا ئۇلگە كۆرسۈتۈپ بىرىمەن دەپ پىلانلىغان ئىدىم، ئەمما رەسمى دەرسكە كەلگەندە باللار بەكلا يۈزى تۆۋەن بولغاچ، نائىلاج دۇسكىغا گۇندۇم بىلەن بانانىنىڭ سۇرىتىنى سىزىپ سوزلەشكە توغرا كەلدى. مۇمكى بولغان بولسا تېخىمۇ رۇشەنرەك ئۇسۇللارمۇ بار ئىدى. لىكىن سىنىپتىكى بىر قىز ئۇقۇغۇچىدىن باشقىلىرى داسكىدىكى رەسىملەرگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي، بۇيۇن قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ يەرگە قارىشىۋالدى. دەرس ئاخىرىدا مەن ئۇلارغا بىر پارچىدىن قەغەز تارقىتىپ بىرىپ دەرستىن ئۇگەنگەنلىرىنى ياكى بىلمەكچى بولغان سۇئاللىرىنى نامىسىز ھالدا سۇراشقا تەۋسىيە قىلدىم. بەزىلەرنىڭ سۇئاللىرىدىن سەزگۇرلۇك چىقىپ تۇراتتى.**

***تۇنجى قېتىم جىنسى مۇناسىۋەت ئوتكۇزگەندە نىملەرگە بەكرەك دىققەت قىلىش كىرەكلىكى ھەققىدە كۆپرەك سۆزلەپ بىرەمسىز؟***

***جىنسى يۇللار بىلەن تارقىلىدىغان باشقا يۇقۇملۇق كىسەللەرمۇ بارمۇ؟***

بەزىلەرنىڭ سوئاللىرىدىن تەشۋىشلەنگەنلىگى چىقىپ تۇراتتى.

***مىنىڭچە كىشىلەر نورمال ھەم ساغلام تۇرمۇش بىلەن شۇغۇللانسا، ئەيدىسدىن يىراق ساقلانغىلى بۇلىدۇ. شۇڭا بۇ دۇختۇرلارنىڭ ئىشى، مەن بىلەن ئالاقىس يوق.***

بەزىلەرنىڭ بولسا ئاددەمگە ئۈمۈت بېرەتتى:

*بىز بۇنداق دەرسلەرنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، قىزلار تارتىنچاق كېلىدۇ، رەخمەت سىزگە.*

*گەرچە بۇ دەرس ئاددەمنى خىجىل قىلىسمۇ، ئەمما كۈندۈلۈك تۇرمۇش بۇنىڭغا مۇتاق.*

بەزىلەرنىڭ سۇئاللىرى ئالاھىدە قىزىقارلىق ئىدى:

*سىزنىڭچە 'چاتتېرلىي خانىمنىڭ سويگىنى' دىگەن رۇماندىكى كوننى ھېلىقى ئاددەم بىلەن ھەقىقى سويگۇ ئۈچۈن مۇ ياكى جىنسى تەلەپ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قالغانمۇ؟*

بەزىلىرى ئەيدىس كېلىسلىنىڭ سۇيۇقشىش ياكى بىر چۇكىنى ئىشلىتىشتىن يۇقمايدىغانلىغىن ئۈگەنلىگىنى يازغان. مىنىڭ ئۈچۈن تەس تۇختىغىنى بىخەتەر جىنسى مۇناسىۋەت ئوتكۇزۇش دىگەن ئۇقۇمنى قانداق قىلىپ يېپىق ھالدا باللارغا ئۇقتۇرۇش ئىدى، چۈنكى، باللارنىڭ تارتىنچاقلىغى تۈپەيلى مەنمۇ بۇ خىل ئاتالغۇلارنى تىلغا ئېلىشتىن قۇرۇنۇپ قالغان ئىدىم. ئەگەر بىرىتانىيەدە بولغان بولسا، ئۇلار بىلەن تەڭ ياشتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بۇ جەھەتتە ئازدۇر كۆپتۇر تەجرىبىس بار دەپ جەزملەشتۇرەلشىم مۇمكىن، ئەمما جۇڭگۇدە، بۇلۇپ بۇنداق چەت ياقا رايۇنلاردا تويدىن بۇرۇن جىنسى ئالاقە ئوتكۇزۇش يەنىلا قاتتىق مەنى قىلىنىپ، ئايالالار تويدىن بۇرۇن چۇقۇم پاك بۇلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قىزلارنىڭ پاكلىغى ئويغۇرلاردىمۇ ئالاھىدە ئىتىبارغا ئېلىنىدۇ، قىزلارنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇن پاكلىغى بۇزۇلماسلىق كىرەك. شىنجاڭنىڭ بەزى رايۇنلىرىدا قىز تەرەپنىڭ ئائىلىس توي كىچىسدىن كىيىن قىزنىڭ يوتقىنىنى قارشى تەرەپكە كورسۇتۇش ئادىتىنى تېخچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ھازىر قەدىمقىدەك يوتقاننى تالاغا يېيىپ كورگەزمە قىلمىسمۇ، قارشى تەرەپ يۇتقاننى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن. ئوتمۇشتە ئەگەر قىزلىق قېنى چىقمىسا قىز تەرەپ تالاق قىلىنىدىكەن. ئەمما بۇگۇنكى كۈندە ئەركىن نىكالىشىشنىڭ كېڭىيىشگە ئەگىشىپ يىگىتلەر ئوزلىرى تاپقان جۇپلىرى كۈتكەن يەردىن چىقماي قالسا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاغرىنمايدىغان بولدى.

بۇ مەسلە ھەققىدە مىللى سىنىپتىكەردىن گەپ ئالسام، ئۇلار ئەگەر قىز بالا نۇمۇسچان بولسا چاتاق چىقمايدۇ دىيىشتى. ئەمما قىزلىق پەردىسىنى ياساش ئوپىراتسيەنىڭ ئۇمۇملىششى بۇ خىل ئادەتنىڭ مەۋجۇتلىغىغا ھىرىس پەيدا قىلماقتا، ھازىر 200 يۈەن دىن 500 يۈەنگە بۇ خىل ئۇپىراتسيەنى قىلدۇرۇش بىراز ئاسان. شۇنداقتىمۇ، بەزىلەر قىزلىق مەسلىسگە ئالاھىدە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. خەمىت بۇ مەسلىگە دۇچار بولغان بىر دۇتستىنىڭ گېپنى

قىلىپ بەردى. تويى كۈنىنىڭ ئەتىسى يىگىت يوتقاننى تەكشۈرسە قىزلىق قېنى كۆرۈلمىگەندىن كېين، ئاتا ئانىس ياكى ئايالىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي دەرياغا سەكرەپ ئۆلىۋالغان ئىكەن.

گەرچە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلىق ھەققىدىكى تەبىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، قىزنىڭ پاكلىغى ھەققىدىكى قارىشى ئوخشىشىپ كىتەتتى. ئۇندىن باشقا ھەر ئىككى تەرەپ قىز ئوغۇللار مەسلىسىگە كەلگەندە ئوخشاشلا تارتىنچاق بولۇپ، مەن تونۇيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كوپىنچىسىمۇ قىز ئوغۇللار ھەققىدە پاراڭ قىلىشتىن ئۆزىلىرىنى قاچۇراتتى. تاكى تويى قىلىشقا قارار قىلغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى بىلەن ئارىلىشۋاتقانلىغىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەققتە ئېغىز ئېچىشنى خالىماسلىغى، بەلكىم ئوزلىرىنىڭ پاكلىغىغا شەك كەلتۈرۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەشتىن بولسا كىرەك، چۈنكى ئەگەر ئۇلار ئايرىلىپ كېتىپ باشقا بىرى بىلەن تويى قىلىپ قالسا، پاكلىغىغا گۇمان چۈشۈشى مۇمكىن. بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار ھەققىدە مىللى سىنىپتىكىلەرگە سۆزلەپ بەرسەم ئىشەنمىگەندەك قىلغان بولىسىمۇ، لىكىن قارشى چىقمىدى. ئەگەر خىتاي دوسلىرىم بولغان بولسا ئۇلارغىمۇ بۇ ئوخشاشلىقنى دەپ بىرەتتىم، ئەمما بىرمۇ خىتاي دوستۇم يوق.

**80**

گەرچە مەن گېپ مۇدىر، سەي خېنىم ۋە چەتئەل تىلى بۆلىمىدىكى باشقا خىتاي ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى خېلىلا ياخشى تونۇسامۇ، ئۇلار بىلەن خىزمەت سىرتىدا ھىچ قانداق ئىجتىمائى ئالاقەم يوق ئىدى. بۆلۈمدىكى خىتاي ئوقۇتقۇچىلار گايىدا قىسمەن گىراماتىكىغا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورىغاندىن باشقا چاغلاردا مىنىڭ مەۋجۇتلۇغۇمغا پەرۋامۇ قىلىپ قويۇشمايتى. گەرچە مەن بىر قانچە قېتىم ئاكتىپلىق بىلەن بەزىلەرنى بىرگە تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلسامۇ، ئۇلار ئوڭايسىزلىق بىلەن ھىجىيىپ، قاملاشمىغان بانالار بىلەن بىرگە چىقىشنى رەت قىلىشتى. شۇڭلاشقا خىتايلار ئۇيغۇرلاردەك دوستانە ئەمەس دىگەن قاراشقا كەپ قالغانلىغىمنى توغرا چۈشەنگەيسىزلەر.

ئەمما مىنىڭ بۇ قارىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىگىدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن، چۈنكى خۇنەندە ئىشلار باشقىچە ئىدى. ئۇ يەردە ئوقۇغۇچىلىرىم دايىم مىنى يوقلاپ تۇراتتى، ياكى كىلىپ بىرگە كىنو كۆرەتتى، مىنىڭ دوختۇر، سېستىرا، مۇئاللىم ۋە سودىگەر تونۇشلىرىم بار ئىدى. بەزى نۇقتىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا غۇلجىدىكى ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىممۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتى، بىردىن بىر ئوخشاشلىماسلىغى، بۇ يەردە تونۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ بۇنداق سۇغاق مۇئامىلىدە بولۇشىدىكى يەنە بىر مەسىلە ئۇلارنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى كەمتۈكلىتىن بولۇپ، ئۇلاردا ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى بولغان بىرى بىلەن پاراڭلىشالىغۇدەك ئىشەنچ يوق ئىدى. خۇنەندە دەسلىۋىدە قىسمەن ئوقۇتقۇچىلاردا مۇشۇنداق تەشۋىشلەر بولغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ماڭا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشقاندىن كىيىن، بۇ ئوتكەلدىن ئۆتۈپ كىتىشتى. ئەمما غۇلجىغا كەلگىنى سەككىز ئاي بولغان بولسىمۇ، پاكۇلتىتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىنكاسى مەن دەسلەپتە كەلگەن ۋاقىتتىكىدىن ئانچە پەرقلىنەي دىمىدى. مەن ئۇلاردىن ھەممە ئۇمۇدۇمنى ئۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتى پاكۇلتىت مۇدىرى مىنى باشقا يەردىن كەلگەن بىر پىرافىسۇرنىڭ لىكسىيەگە تەكلىپ قىلىپ تىلىفۇن قىلدى. باشقا چاغلار بولغان بولسا بانا كورسۇتۇپ بارماستىم، ئەمما بۇ قېتىم لىكسىيەدىن كىيىن زىياپەت بىرلىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ قۇبۇل قىلدىم. خىيالىمدا، ھىچ بولمىغاندا بۇ سورۇن ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرار، خىزمەتداشلىرىم ئىبارىلىك پىئىللاردىن باشقا سۇئاللارنى سورار دىگەن ئوي بىلەن باردىم.

لىكسىيە ئىنگىلىزچە ۋە خىتايچىدە بىرىلدى، مىنىڭچە خىتايچىسى ياخشىراق ئاڭلاندى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىنگىلىزچىسىدىن ئاڭقىرالمىغان نۇرغۇنلىغان نۇقتىلارنى خىتايچەسىدىن تولۇقلىۋالدىم. ئۇتتۇق ئاخىرلاشقاندا مىنىڭ چاۋىگىم باشقىلارنىڭكىدىن بەكرەك چىققاچقا، كەسپداشلىرىمنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. گېپ مۇدىر، مەزكۇر پىرافىسۇرنىڭ ئەتە ئەتىگەندە ئۇرۇمچىگە قايتىدىغانلىغىنى، شۇڭا كەچلىك تاماق جۇۋاۋا يەيدىغانلىمىزنى ئۇقتۇردى. خىتايلاردا قەدىمىدىن كەلگەن مىھماننى خېمىر ئاش بىلەن، كەتكەن مىھماننى جۇۋاۋا بىلەن كۇتۇدىغان ئادەت بار، ئەيتشلارغا قارىغاندا جۇۋاۋا ئادەمنى پاناھىدە ساقلايدىكەن، لەغمەن كەلگەنلەرنىڭ رىشتىسىنى شۇ زېمىنغا باغلايدىكەن.

مەن بىرىنچى بولۇپ دىيشكەن ئاشخانىغا كەلسەم، ئۈزۈن قىزىل فورما كىيۋالغان كۇتكۇچى قىز مىنى مەكتەپ زاكاس قىلغان ئايرىم خانىغا باشلاپ كىرىۋىدى 20 مىنۇت يالغۇز گازىر چېقىپ ئولتۇرغاندىن كىيىن گېپ مۇدىر، ئارقىسىدىن لىۋ فېڭ دىگەن ياش مۇئاللىم يىتىپ كەلدى. لېۋنارد لىمويىغا ئوخشاپ كىتىدىغان بۇيى ئىگىز، ساغلام بۇ ياش مۇئاللىم بىلەن قىزنى ئويناتقىنى چىققاندا ياكى سودا سېتىق ئۈچۈن چىققاندا دايىم ئۇچرىشىپ قالاتتى، ئەمما سالاملاشقاندىن باشقا پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدى. بۈگۈن ئۇستەلدە نۇرغۇنلىغان بوش ئورۇندۇقلار بولسىمۇ، ئۇ مىنىڭ يېنىمغا كىلىپ ئولتۇردى. مەن بۈگۈنكى لىكسىيەگە قانداق قارايسىز دەپ سورىۋىدىم "بىر نىمە دىمەك تەس، سىزنىڭچىچۇ؟" دەپ قايتۇرۇپ سورىدى.

"دىگەنلىرىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى چۈشۈنەلمىگەچ، سەل زىرىكىشلىك بىلىندى"

"شۇنداقمۇ؟ باشقىلار سىزنى بەكرەك چۈشۈنۈپتۇ دىيشىۋاتىدۇ"

"ئۇ بەك سۆزلەيدىكەن، مەن ھورمەت يۈزىسىدىن چاۋاك چېلىپ قويدۇم"

**"ئۈنداقتا سىزنىڭ بەختىڭىز باركەن" دەپ كۈلۈپ كەتتى.**

**"نىمىشقا ئۈنداق دەيسىز؟"**

**"مەن دىگەنلىرىنىڭ ھەممىسنى چۈشەندىم، ئەمما ئالامەت زېرىكشلىك ھىس قىلدىم".**

**باشقا مۇئاللىملەرمۇ يېتىپ كەلدى ئاستا ئاستا، ئۇلار مەن بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ قويۇپ، ھەممىس دىگۇدەك ئالدىدىكى چاي ئىستاكانىغا قاراپ خىيالغا چۆمۈپ كەتتى. كۆتكۈچىلەر تاماق تارتىشقا باشلىدى، ئالدى بىلەن سوغۇق سەيلەر كەلتۈرۈلدى، ئاندىن ئادەمنىڭ ئاغزىنى نەملەشتۈرىغان پۇرقۇراپ ھور چىقىپ تۇرغان جۇۋاۋا كەلتۈرۈلدى. بىز ئاچچىقسۇ بىلەن قىزىلمۇرچ قىيامىغا مىلەپ يېيىشنى باشلىۋەتتۇق. ئالدى بىلەن گېپ مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ پرۇفسۇرغا رەخمىتىنى ئەيتىپ زەھەردەك ئاچچىق ئاق ھاراق تۇتى. پىرۇفىسۇر رەخمەت ئەيتىپ ھاراقنى ئىچىۋىتىپ، ئارقىدىن ئۇ مەممىزگە ھاراق تۇتتى، بىزمۇ ئىچىۋەتتۇق. لىۇ فېڭ ماڭا ھاراق تۇتتى، ئارقىدىن مەن ئۇنىڭغا تۇتۇپ دىگەندەك نۇۋەتلىشىپ ئىچىشىپ سەل تۇتۇشقا باشلىغاندى لىۇ فېڭ بىلەن مۇدىرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. خىتايلاردا ھاراق ئىچسە يۈز قىزىرىش بىراز ئۇمۇملاشقاندەك ھىس قىلدىم. مەن ئويگە بېرىپ ئارام ئالاي دەپ تۇرىۋىدىم، لىۇ فېڭ باشقا يەرگە بېرىپ داۋاملىق ئىچەيلى دەپ تۇرىۋالدى.**

**بىز ئازاتلىق يولىدىكى رەڭدار چىراقلىرى يالىلداپ تۇرغان *چوڭ تايغان* مەيخانىسغا باردۇق. ئەگەر كەيپ بولمىغان بولسام ئۇنىڭ تۇساتتىن بۇندق دوستانە بۇلۇپ كىتشىدىن گۇمانلانغان بۇلاتتى، ئەمما بۇگۇن ئۇنداق قىلىش خىيالىمغىمۇ كەچمەي، يۇغان بىر قۇمرا پىۋە ئېلىپ ئولتۇردۇق.**

**"چەتئەللىك دۇستلار ئۇچۇن" دەپ قەدەھ سۇقاشتۇردى ئۇ.**

**ھەر ئىككىمىز ئىستاكانىمىزنى قۇرۇغداپ بىر بىرىمىزگە رەخمەت ئەيتتۇق، ئاندىن ئۇ مىنىڭ ئىستاكانىمىن قايتىدىن لىقلاپ، گېلىنى قىرىپ قۇيۇپ "نىك ھەر ئىككىمىز ئەر كىشى بولغاندىكىن سىزدىن شەخسيەتلىككە كىرىدىغان بىر سۇئال سۇرىسام بۇلارمۇ؟" دىدى.**

**مەن خۇش كەيپ بېشىمنى لىڭشتىپ رازىلىق بىلدۈردۈم.**

**"سىز قانچە قېتىم قىلالايسىز؟ ...دىمەكچىمەن جىسنى مۇناسىۋەتنى"**

**شۇ ھالىمدا بۇ ھىچ غەلىتە تۇيۇلمىدى، شۇڭا سەمىمى جاۋاپ بىرىشنى تۇغرا تاپتىم.**

**"بىر كىچىدە دەمسىز؟ ئۇخشاشمايدۇ، بەزىدە ئىككى بەزىدە ئۇچ قېتىم بۇلۇدۇ".**

**"تۇغرا، تۇت بەش قېتىمغا بارمامدۇ؟"**

**"...ياق"**

"راسمۇ؟ مەن بەزى كىنولاردا ئەرلەرنىڭ نۇرغۇن قېتىم قىلىغانلىقىنى كورگەن"

"كىنو دىگەن كىنو، ئۇلار راستىنلا ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇيۇن كورسىتىدۇ"

"هە... مۇنداق دەڭ" دەپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى، ئەمما چىرايدىن بىر خىل نائۇمۇتلۇك چىقىپ قالدى.

"سىز قانچىلىك ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالايسىز؟.

"بۇنىڭغىمۇ كىسىپ بىر نىمە دىمەك تەس".

"كىنودىكىلەر بەكلا ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالايدىكەن. بەكلا ئۇزۇن"

"خۇددى هىلى دىگەندەك، كىنودىكىسى راس ئەمەس".

"بەزىدە مەن ئايالىمدىن بۇرۇن بولۇپ كىتىمەن، كىنودا ئەرلەر بەزىدە ئايالنىڭ مانتىسىنى يالايدىكەن، مەن ئۇنداق قىلىپ باقمىدىم. مىنىڭچە خىتايلار ئۇنداق قىلمايدۇ".

"ئۇلار ئۇنداق قىلسا بەلكىم خوتۇنلىرىنى بەكرەك رازى قىلىشى مۇمكىن" دىدىم.

"سىزدە چەتئەلدىن ئەكىرگەن گوندوم بارمۇ؟ بولسا ماڭا بىرنى ئارىيەت بىرەمسىز؟"

"بولىدۇ، چاتاق يوق، ئارىيەت ئەمەس سىزگە بىرىۋىتەي، قايتۇرۇپ بىرىشىنىڭ هاجىتى يوق، نىمە دەپ چەتئەلنىڭكىگە قىززىقىپ قالدىڭىز؟"

"چەتئەلنىڭكى قېلىنراق بولسا، مىنىڭ سەزگۇرلۇگۇم ئېشىپ كەتمەي ئۇزۇنراق داۋاملاشتۇرالىشىم مۇمكىن، ئۇنداق بولسا ئايالىم بەكرەك رازى بولامدۇ؟ ئەمما سىلەرنىڭكى گوندوم بەك چوڭمىدۇيا؟"

خىيالىمغا بىر يەردە كورگەن ئۇچۇر كەپ قالدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىر چاغلاردا جوڭگودە گوندوم ئوخشاش بولمىغان رەزمىردە ياسىلىدۇ دەپ ئوقۇغان يادىمدىن كەچتى.

"دىمەكچىمەن چەتئەللىكلەرنىڭ سايمىنى ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك چوڭدۇ؟

"قانداقسىگە دەيسىز؟"

"ياكى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىنمۇ چوڭدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەك چوڭ بولغاچ كىچىك ۋاختىدا ئۇپىراتسيە قىلىپ كىچىكلىتىدىكەن".

"ئۇنى خەتنە دەيدۇ، دىني تەلەپ سەۋىبىدىن خەتنە قىلىدۇ".

ئۇ ماڭا ئىشەنمىگەندەك قاراپ، يەنە بىر سوئال سورىدى.

"سىز قىز دوستۇم يوق دەيسىز، بۇ ئىتتىپاجىڭىزنى قانداق ھەل قىلىسىز؟ قۇلىڭىز بىلەنمۇ يا؟"

مىنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ پىۋىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، يېڭىدىن ئىگەللىگەن بۇ ئۇچۇرلىرىنى دەڭسەپ ئۇتتۇشكە باشلىۋىدى، مەن بۇنچىلىك گەپلەرنى دېيىشكەندىكىن مەنمۇ نىمە خالىسام سورىسام بولىدىغۇ دەپ ئويلاپ " لىۇ فېڭ، دەپ بېقىڭە، مەن بۇرۇنقى مەكتەپتىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن دايىم ئارلىشىپ ئۇتەتتىم، ئەمما غۇلجىدىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن بۇگۈن تۇنجى قېتىم سىرتقا چىقىشىم، بۇ نىمە ئۇچۇندۇ سىزنىڭچە؟"

ئۇ ئالدىدىكى بۇتۇلكىنى قورۇغداپ يەنە بىر بۇتۇلكا بويرىدى.

"سىزگىمۇ مەلۇم، غۇلجا دىگەن چىگرا رايۇن بۇ يەردە ئالاھىدە تۈزۈملەر بار.

"بۇ تۇغرىسدا سەي خېنىم بىلەنمۇ سۆزلەشتىم، لىكىن بۇنىڭ باشقا ئۇقۇتقۇچىلارنىڭ مەندىن ئۇزىنى قاچۇرىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟"

"مەكتەپنىڭ بەلگىلىمىسگە ئاساسەن، ئۇقۇغۇچىلار چەتئەللىك مۇئەللىملەرنىڭ ئۇيىگە بارغاندا تۇت بەش بىرگە بېرىشى كىرەك، مۇئاللىملەرمۇ ئىككى ئادەم بىرگە بېرىشى كىرەك، يالغۇز بارسا بولمايدۇ".

"بۇ چېكىدىن ئاشقان ئاخمىقانىلىققۇ؟ يالغۇز كەلسە مەن بىر نىمە قىلىۋىتەرمەنمۇ ئۇلارنى؟"

"سىزنىڭ خەۋرىڭىز بولمسا كىرەك، بىر قاينچە يىلىنىڭ ئالدىدا نورۋىگىيەلىك بىر مۇئاللىم دەرستە ئەيسا ھەققىدە تولا سۆزلەپ، ئۇقۇغۇچىلارنىڭ خىرستىيان دىنىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان، نەتىجىدە ساقچى تەرەپ ئۇنى دولىتىگە قايتۇرىۋەتكەن، بۇنىڭ بىزنىڭ مەكتەپنىڭ شەنىگە كەلتۇرگەن زىينى ئاز ئەمەس".

ئۇنىڭ بۇ باياندىن كىيىن قارىسام بۇ تۈزۈم ئۇنچىمۇ ئاخمىقانىلىق ئەمەستەك كۆرۈندى، دىمىسمۇ مەندىن باشقا چەتئەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك دىن تارقاتقۇچىلار، مەكتەپنىڭ ئۇلارنى چەك تۇتىشىمۇ يوللۇق، چۈنكى بىزنىڭ خىزمەت گۇۋانامىمىز بىلەن ۋىزىمىزنى مەكتەپ تەرەپ ئۇزارتىپ بىرىشكە مەسئۇل.

بىز جىمىپ قېلىپ، بوتىلكىدىكى ۋىۋىسكىلارنى يىرتىپ ئوينىدۇق. بەلكىم لىۇ فېڭ سورىغان سۇئاللىرى ۋە دىگەن گەپلىرى ئۇچۇن پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ. بىز پىۋىمىزنى ئىچىپ بولۇپ، پۇل تۆلەش ھەققىدە بىر دەم تارتىشقاندىن كىيىن، يېرىمدىن تۆلەشكە كېلىشىپ يېنىپ چىقتۇق. تالادا سىمسىم يامغۇر تامچىلاۋاتتى، يۈزۈمگە ئۇرۇلغان يامغۇر تامچىلىرى سەل سەگىتىپ قويدى. بىز مەكتەپكىچە ساق سالامەت كىلىۋالدۇق، مىنىڭ ياتىغىمنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە خوشلىشاي دەپ تۇرسام ئۇ گېپىمنى بۆلۈپ "نىڭ بۈگۈن ئاخشام قۇلىڭىزنى ئىشلەتمەڭ". دىدى

**"نىمە دىدىڭىز؟"**

**خا خا...قۇيۇپ كەتتىمۇ؟" دەپ قۇلىنى ئۇزىتىپ تۇۋەن تەرىپىمنى مجىپ قويدى، مەندە ئىنكاس يوق ئىدى.**

**شۇندىن كىينكى بىر قانچە كۈن ئۇ ئۇقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىدا كۆرۈنمىدى، ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كىيىن قايتا ئۇچرىشىشۇدۇق، ئۇ يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ، ھىلىقى كۈنكى يېقىنلىقتىن دىرەكمۇ يۇق، خۇددى ھىچ ئىش بولمىغاندەك سۇغۇققىنە سالاملىشىپ قۇيۇپ، ئوز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى.**

**81**

**ئامال بولسا ئاپرىلدا غۇلجىغا بارماسا بۇلىدۇ، يىل بۇيى قۇرغاق بۇ زىمىن تۇتىنچى ئايغا كەلگەندە خۇددى ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك يامغۇر ئاستىدا قېلىپ، ئادەمنىڭ كۆككە قاراپ ئالەمنى قارغىغۇسى كىلىدۇ. گەرچە بۇ يامغۇرلارنىڭ مول ھوسۇل ۋە يېشىللىقلارنىڭ ھاياتى ئۇچۇن شىپالىق ئىكەنلىگىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، تۇختىمي ياققان يامغۇر ئادەمنى راسلا بىزار قىلىدۇ.**

**سۇغۇق ۋە يامغۇر بىرلىشىپ ئادەمنى ئوي ئىچىدىمۇ شۇنداق نارائەت قىلىدۇكى ئادەمنىڭ تاقىتى تاق بۇلۇپ كىتىدۇ. غۇلجىنىڭ چىرايلىق ھويلىلىق ئويلىرىنىڭ ئوگزىسى تۇز بولغاچ ھەپتىلەپ ياققان يامغۇرغا پايلىيالمايتى. شۇڭا ئۇزۇن ئوتمەي خەۋەردە ئوگىزى ئورۇلۇپ چۈشكەن ئويلەرنى كورستىشكە باشلىدى، بۇلۇپمۇ دەريا بويىدىكى ئويلەر تاشقىن سۇنىڭ تەسىرىدىن بەكرەك ۋەيرانلىققا ئۇچرىغان ئىدى. ساق قالغان ئويلەرنىڭ ئوگىزىلىرمۇ يالتىراق بىلەن يېپىلىپ يامغۇردىن مۇداپىيە كۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. يامغۇر تۇپەيلى مىللى سىنىپنىڭ دەرسىنى تۇختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق، چۈنكى باللار ئوگزىلىرنى ياكى دوست بۇرادەرلىرىنىڭ ئوگىلىرنى ياماش بىلەن ئالدىراش بۇلۇپ كەتكەندى. ئەمما رۇس پۇسۇندىكى ئويلەرنىڭ ئوگىزىلىرى يانتۇ بولغاچ، يامغۇرغا پەرۋا قىلماي مەغرۇر قەد كۇتۇرۇپ تۇراتتى.**

**بەش كۈن قاتتىق يامغۇردىن كىيىن ھاۋا ئېچىلىپ، نورمال ھاياتنىڭ پۇراقلىرى پەنجىرىلەرنى چېكىشكە باشلىۋىدى مەن ئىشلارنىڭ ئوڭشىلىپ كېتىشىۋاتقانلىغىغا ئەمىن بۇلۇپ، تەييارلاندىم. ھاۋا ئۇچۇق بىر كۈنى دەرسىم بولمىغاچ، چاڭ بېسىپ كەتكەن ۋەلىسپىتىمنى تازلىدىم.**

**يامغۇردا پاكىزە بۇلۇپ كەتكەن كۈچىلاردا ئاسماننىڭ شولىسى كۇرۇنۇپ تۇراتتى، ئويلەرنىڭ يالىراق قاپچۇقلىرى ئېلىۋىتىلىپ بىر تەرەپكە قۇيۇپ قۇيۇلغان ئىدى. يامغۇردا يۇيۇلۇپ تازلىنىپ كەتكەن مەسىتنىڭ ئاق ۋە كۆكۈش چىنە قىشلىرى ئاپتاپات يالتىراپ كوزنى قاماشتۇراتتى.**

ماشىنىلاردا ياغاچ زاۋۇتىغا توشۇلىۋاتقان ئاكاتسىيە دەرەخلىرى يېنىمدى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. كىشەنلىرى ئېچىۋېتىلگەن جىنايەتچىلەر ئەمگەك مەيدانىغا قاراپ يول ئالغان ئىدى. مەن مەبۇسلاردەك ياللىنىپ كېتىلىۋاتقان مەكتەپ باللىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ "قەيەرگە ماڭدىڭلار" دەپ سورىۋىدىم "دەرەخ تىككىلى" دەپ جاۋاپ بېرىشتى.

"قىززىقارلىقمۇ؟" دەپ سورىۋىدىم

ماڭا جاۋاپ قايتۇرغان بالا بېشىنى شۇنداق چىڭ چايقىدىكى، ۋەلىسىپىتىن ئۆرۈلۈپ چۈشكىنى تاسلا قېلىۋىدى ساۋاقداشلىرى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

يامغۇردا لاي پاتقاق بولۇپ كەتكەن ياقا يوللاردا ماڭغۇچىلىكى قالمىغاچ، مەن چوڭ كوچىدا داۋالىق ئالدىغا قاراپ ماڭغاچ، بىرەر تونۇشكەك كىچىك يول چىقارمۇ دەپ قاراپ ماڭدىم. خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئاسفالت ياتقۇزۇلغان ياقا يولنى كۆرۈپ توختاپ، يولدا كېتىۋاتقان بىر ئېغىر ئاياق ئايالدىن "بۇ يولنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسىز" دەپ سورىدىم.

"بىلىمەن، دوختۇرخانىغا بارىدۇ" دىدى.

قارىسام ھېچ بىر ئۆلتۈراق يەر كۆرۈنمىدى يول ئاخىرىدىكى تاغ بارىغىچە، شۇڭا سەل شۈھبە بىلەن قاراپ "راسلا دوختۇخانا بارمۇ؟ سىز بېرىپ باققانمۇ؟" دەپ سورىدىم.

ئۇ ئايال كۈلۈپ كېتىپ " ياق مەن تېخى ئۇ يەرگە بارغىچە قېرىپ كەتمىدىم" دەپ مىنىڭ گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقىمنى سېزىپ قۇشىمىسىنى تۈرۈپ "بېرىپ ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ" دىدى.

ئۆزۈنىغا سوزۇلغان ئاسپالت يولنىڭ رەڭگى تەدرىجى كۈمۈر توشىيدىغان ماشىنىلاردىن ساقىغان ئۇۋاقچىلارنى تەرىپىدىن قارىداپ كېتىشكە باشلىدى. تاغ باغىرىدا يايلاۋاتقان قويلارنى پادىچى ئىت ئورنىغا بىر كىچىك بالا بېقىۋاتاتتى، ئۇ قېچىپ كەتكەن قويلارنى ۋاقىراپ قايتۇرۇپ كىلەتتى.

تاغ يولى تىكلىششكە باشلىۋىدى مەن كوچەپ پىدالنى تېپىشقا باشلىدىم، توساتتىن تاغ ئېتىگىدە ئۇستىدە بىر قىزىل كىرىس بەلگىسى بار ئاق بىنا كۆز ئالدىمدا نامايەن بولىۋىدى، ھېچ بىر يەرگە توتاشمايىغان، نەزەردىن يىراق بۇ جايدا دوختۇرخانا بارلىغىغا چىن پۈتتۈم.

يوغان ئىشىگى بار دەرۋازىۋەن تالاغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئارقىسىدا 'قوش ھەۋەسكارى' دىگەن ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مىنى كۆرۈپ تارتمىسىدىن بىر باغلام تالونىنى ئېلىپ ماڭا پولاشتىپ تۇرۇپ سەككىز يۈەن تۆلەڭ دىدى. مەن جوڭگودا داۋالاشنىڭ پۇللۇق ئىكەنلىگىنى بىلەتتىم، ئەمما كىرىپ چىقىش ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ دەپ ئاڭلىمىغان. دەرۋازىۋەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋىدى مەنمۇ شۇنچە يولنى بېسىپ كەپتىمەن قۇرۇق قول قايتىپ كەتمەي دەپ دىگەن پۇلنى تۆلەپ كىردىم.

بىر قېرى قارىغاي دەرىخنى چورىدەپ سېلىنغان بىر قانچە تاق قەۋەتلىك قۇرۇلۇش قارىماققا ئادەمگە دوختۇرخانىدەك كۆرۈنمەيتى. بىر ياقتىكى دەرەخشاخلىرى ئارىسىدا تۇخۇلار دانلاپ يۈرەتتى. بىر ياشنىپ قالغان ئايال، داتلىشىپ كەتكەن سۇ تارتىش ناسوسىنى كۈچەپ بېسىپ قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋاتاتتى. ناسوستىن چىققان غىقچىلدىغان سادا ئۇنىڭ ئۆزىدىكى قورۇقلارنىڭ سادالىق سىماسىدەك ئاڭلىناتتى. مۇماي مىنى كۆرۈپ تۇختىۋىدى مەن ياخشىمۇسىز دەپ سالام قىلسام، سالامىمغا ئېلىك قايتۇرۇپ يەنە ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. چىلىگى تۇشقاندىن كىيىن بېلىنى رۇسلاپ مىنىڭ تېخى قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، تاغدىن چۈشىدىغان سىمۇنت پەشتاقنى كورسەتتى.

مەن كۆرسەت يۇلۇنۇشتە پەشتاقتىن چۈشۈپ بىر قاتار تاش كەپىلەر بار يەرگە كەلدىم. ھەر بىر كەپىنىڭ ئىشىگىگە مەلەڭزە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇستىدە "قۇش خۇشاللىق" دىگەن قىزىل خەت چاپلانغان ئىدى. يېقىنلىشىۋىدىم، بۇرنۇمغا سېسىق تۇخۇمدىن چىقىدىغان ئاچچىق سۇلفات پۇرىغى ئۇرۇلدى. بىردىن نەزىرىم ئۇستىگە قاتمۇ قات كىيىم كىيىۋلىپ، ئۇستىگە ئەدىيال ئارتىۋالغان بىر ئۇيغۇر بوۋايغا چۈشتى. ساقىلى ئۇسۇپ كەتكەن بوۋاينىڭ پىشانىسىدىن تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. بوۋاي يېنىمغا كېلىپ قەيەردىن كەلگەنلىگىمنى سورىۋىدى جاۋابىمنى ئاڭلاپ مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. مەن نىمە بولغانلىغىنى سورىۋىدىم "پۇتۇم خاپا سالىدۇ، بۇلۇپمۇ ئەتىيازلىق يامغۇر پەسلىدە بەك نائارام قىلىدۇ. ھەر يىلى كىلىمەن بۇ يەرگە شىپالىنىش ئۇچۇن. كىسلىم بولمىسمۇ كىلەتتىم ھەر قاچان بۇ شاپلىق يەرگە" دىدى.

"بۇ داڭلىق جايمۇ؟"

"شۇنداق، بەكلا داڭلىق، قەشقەردىن ئۇرۇمچىدىن ھەتتى بىر ئۇتكەن يىلى شاڭخەيدىن بۇ يەردە داۋالىنىشقا كەلدى".

مەلەڭزىنى ئېچىۋىدىم پاكار سېلىنغان تاش كەپىلەر ئىچىدە تام ياقىلاپ ئاغاچ ئورۇندۇقلار تىزىلغان بولۇپ، ھاۋا خۇددى تىرۇپىك بەلۋاغىدىكىدەك ئىسسىق ئىدى. ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ خانىلىرى ئايرىم بولۇپ، بىر كەپىدە ئاۋازىدىن باشقا ھەممە يېرىدىن ھاياتلىق ئىزنالىرى كۆرۈنمەيدىغان بىر ئۇغۇل بالا ئاپىسىنىڭ قۇچىغىدا ئىڭراپ يىغلاپ ياتاتتى. ئاپىسىنىڭ يىغا نالىسى بىلەن بالىسىنىڭ يىغىسى قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇلارنى قورشاپ ئولتۇراتتى. يېنىدىكى كەپىدە بىر ئەر كىشى قالماقچە پۇتلىرىنى قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىر نىملەرنى غۇدۇڭشۇپ، كىچىك بىر مەشتە تۇخۇم قورۇپ ئولتۇراتتى.

ساۋنادىن باشقا يەنە شېغىل خانىلارمۇ بولۇپ، ئىسسقتا تېرىلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىمارلار شېغىلغا كۆمۈلۈپ داۋالىنىۋاتاتتى. تامدا ئىسسىق كولگە چۈشكەندە يىمەك ئىچمەك ئىستمال قىلماسلىقنى ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر سۇرەت تۇراتتى. يان تەرەپتە ئۇششاق شېغىللار بىلەن تۇشاق بىر چوڭقۇرلۇق بولۇپ، ئەتىراپىدىكى تاشلاردا كىشلەرنىڭ ئىسمى ۋە يىل ئاي كۈن

يېزىلغاندى. قارشى تەرەپتىكى ئاق تاش بىلەن تۇلغان تۆپىلىكتە بەزىلىرىگە ئەرەپچىدە دۇئالار ياكى قەسىدىلەر يېزىلغان، خەتايچىدا يېزىلغانلىرىنى ئۇقۇش ئۇچۇن ئىرمىشىپ تۇراتتىم ئاقىمدا بىرى ئىنگىلىز تىلىدا "ياخشىمۇسىز؟ سىز لوندۇنلۇقمۇ؟" سۇرىدى.

مەن قايرىلىپ قارىۋىدىم، كۆز ئالدىمدا قوڭلۇر چاچلىق ئۇزۇن كەلگەن، يۇغان يېشىل كۆزلىرى ئۇيناقشىپ تۇرىدىغان، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق قاڭشىرى بار، يىگىرمىگە تۇشمىغان بىر ئويغۇر قىزى تۇراتتى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئەلىپىدىم بۇلۇپ، مەن ھىلى كورگەن پۈتى ئاغرىق بوۋاينىڭ نەۋرىس ئىدى. قىز ئۇرۇمچىدە ئۇقۇيدىكەن، غۇلجىغا بوۋىس بىلەن مۇمىسىنى كورۇش ئۇچۇن كەلگەن ئىكەن.

"نىك يىلانقىزنىڭ قەۋرىسىنى كورۇپ كىلەمدۇق" دىۋىدى ماڭا بەكلا خوش ياقتى بۇ تەكلىپ.

"ئەلۋەتتە، بەكلا خالايمەن"

داغدىن چۈشۈۋاتقاندا ئۇ قىز ماڭا يىلان قىزنىڭ ھىكايىسىنى سوزلەپ بەردى. قەدىمقى زاماندا بىر گاچا قىز ئۇتكەن بۇلۇپ، ئاتا - ئانىسى شىپالىق تېپىپ قالار دىگەن ئۇمۇت بىلەن ئۇنى بۇ يەردىكى ئارشاڭغا ئىۋەتىپتۇ. قىز ئارشاڭغا كىلىپ قارىسا ئىشكىنى يۇغان بىر يىلان تۇسۇپ يىتىپتۇدەك. بۇنى كورۇپ قورقۇپ كەتكەن قىز تۇساتتىن زۇۋانغا كىلىپ، دادا ئانا دەپ ۋاقىراپتۇمىش، قىزنىڭ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىغان دادا يۇگۇرۇپ چىقىپ پىچاق بىلەن ھىلىقى يىلاننى بوغۇزلىۋىتىپتۇ. قايرىلىپ قارىسا قىزمۇ يىلان بىلەن تەڭ جان ئۈزگەنمىش.

ئېدىپەمنىڭ دىيىشچە بەزىلەر يىلان قىزنىڭ قەۋرىسىگە كىلىپ تاۋاپ قىلغاچ، ئۇ ئاۋام خەلق چۈقۇنىدىغان بىر ئەۋلىيا بۇلۇپ قالغانمىش. گەرچە يەرلىك ئەۋلىيالارغا چۈقۇنۇشنى تەقۋىدار مۇسۇلمانلار كۇپارلىق دەپ چەتكە قاقىسمۇ، ئەمما بۇنداق مازارلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ تارقالغان بۇلۇپ، نۇرغۇلىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ تاۋاپلىرى مۇشۇنداق مازارلاردىكى ئەۋلىيالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاغا يېتەرمىش.

نۇرغۇن قۇرقۇنۇچلۇق يەرلەردىن ئۇتۇپ ئاخىرى تاغ باغرىدىكى تۈز يەرگە چۈشۈۋالدۇق.

"سىز دىگەن قەۋرە قېنى؟"

"ئەنە، ئاۋۇ يەرگە قاراڭ"

قارىسام ئاق شېغىلنىڭ ئۇستىگە تىرەپ قويۇلغان داتلىشىپ كەتكەن مىتالغا نەزىرىم چۈشتى. كۆڭلۈمدە يىلان قىزنىڭ ھەقىقى ئەۋليا بۇلمىغى ئۇچۇن خېلى مۇساپە باردەك قىلىدۇ دەپ خىيال سۇرۇپ تۇرۇپ، كۆزۈمنىڭ قويرىدا قارىسا ئېپىدەم قولىنى دۇئاغا كوتۇرۇپ بىر نىملەرنى دەپ پىچىرلا يۇزىگە تارتتى. مىنىڭ قاراۋاتقانلىغىمنى بىلگەندىن كىيىن، ئۇ "مەن بۇنداق

ھىكايىلەرگە ئىشەنمەيمەن، ئەمما راس بولۇپ قالسا تىلىگىمنى راۋا قىلار، بولمىسا دۇئا قىلغاننىڭ زىيىنى يوق" دىدى.

"ئاللا باشقا بىراغا تاۋاپ قىلغىنىڭىزدىن خاپا بولۇپ قالارمۇ؟ مىنىڭ چۈشۈنىشىمچە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللا بىردۇر دەپ قارايتىم"

"بۇنىڭدا چاتاق يوق، ئاللا نىيىتىمنى چۈشۈنىدۇ" دىدى ئېپىدەم. بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن ئۇ سىزمۇ ئاللاغا ئىشىنەمسىز دەپتى، مەن دىنغا ئىشەنمەيمەن دىسەم ئانچە بەك پەرۋامۇ قىلىپ كەتمىدى، ئارقىدىن "ھەممىمىز ھاياتتا گۇنا ئۆتكۈزىمىز، ئەگەر ئۇ دۇنيا بولمىسا بۇ گۇنالىرىمىزنىڭ جازاسىنى قەيەردە تارتىمىز؟" دەپ قوشۇپ قويدى.

بىز كەلگەن يولىمىزدىن قايتىپ كەتتۇق، ئايرىلىش ئالدىدا تېلفۇن نومىرلىرىمىزنى خاتىرلىۋىلىپ، ئېپىدەم بوۋىسىنى يوقلىغىلى كەتتى، مەن ۋەلىسپىتىمنى مىنىپ پەسكە قاراپ يول ئالدىم. كەچكى شەپەقنىڭ ئارامبەخش نۇرىدا ئون كىلومىتىر تاغ يولىدا يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان مەيىن شامالنىڭ ھىدىنى پۇراپ غۇرقىراپ ئۈچقاندەك تۇۋەنگە قاراپ ماڭدىم. بەلكىم مەن غۇلجا ۋەقەسىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەندىمەن، ئەسلىدە بۇ قىززىقارلىق يۇرتنى ئايلىنىپ چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايىدۇر دەپ ئويلۇنۇپ، ئەتىمۇ ئەتىگەندە تۇرۇپ بۇگۇنكىدەك سەھرالارنى كىزىپ كىلمەن دەپ ئۆز ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم. ئەگەر كىينكى ھەپتىسى يەنە يامغۇر يېغىش داۋاملاشمىغان بولسا بەلكىم دىگىنىمنى قىلىشىم مۇمكىندى.

82

جۇڭگۇ دۇيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دولەت ھىساپلىنىدۇ. ھوكۇمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا بۇگۇن نوپۇسى بىر مىليارت تۇرت يۈز مىليۇنغا يەتكەن بولۇپ، ئەن ئەنىۋى قاراش بويىنچە ئائىلىدە نوپۇس قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىمىش. ئۇنداق قاراشنىڭ شەكىللىنىشمۇ مەنتقىسىز ئەمەس، چۈنكى ئەمگەك ئۈچۈن ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئوغۇل كۆپ بولسا تېخمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇدۇ، چۈنكى چوڭلاردىن خەۋەر ئالىدىغانغىمۇ قۇيلايلىق بولۇدۇ.

گەرچە ئادەمنىڭ كۆپ بولىشى بىر ئائىلە ئۈچۈن ياخشىدەك كۆرۈنگەن بىلەن، بۇنچىلىك كۆپ نۇمۇسنىڭ قارنىنى بېقىپ، مائارىپ تەربىيسى بىرىش ھەن قانداق بىر دولەت ئۈچۈن ئالاھىدە چوڭ مۇشكۇللۇكلەر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭلاشقا نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھوكۇمەت 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بىر پەرزەنتلىك بولۇش دىگەن پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى يولغا قۇيغان. ئەمما بۇ سياسەتنىڭمۇ قىسمەن ئىلاستىكلىغى بولۇپ، يىزا نوپۇسىنىڭ تۇنجى پەرزەتنى قىز بولسا يەنە بىر پەرزەنتلىك بولۇش مۇمكىنچىلگى بار ئىدى، ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ شەھەردە ئىككى يىزىدا بولسا ئۈچ گاھىدا ئۈنىڭدىنمۇ كوپ پەرزەنتلىك بۇلۇشىغا يول قويۇلاتتى. پىلان سىرتىدىكى پەرزەنتلەر ئۈچۈن جىرمانە ئېلىنىدىكەن، يىزىلاردا بولسا يەرلىرى تارتىۋىلىنىدىكەن، ئاڭلىشىمچە بەزى جايلاردا مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ئوپىراتسىيەسى ئېلىپ بىرىلغانمىش. ھەتتا بەزىلەر مۇشۇ سەۋەپلىك خىزمىتىدىن قۇرۇق قالغانمىش.

گەرچە بۇ ئۇسۇللار سەل رەھىمسىزلىكتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما جۇڭگودا ئادەمنىڭ ھەددىدىن زىيادە كوپلىگىنى ئىتىراپ قىلماي بولمايدۇ.ھەر قانداق بىرەر ئويىز ۋۇگزالى ياكى ئايتۇۋۇز بىكىتىدە بەش مىنۇت كۈزۈتۈپ تۇرسىڭىز ئادەمنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىگىنى ئوز كۈزىڭىز بىلەن كۈرىسىز. پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى ئەمىلىلەشتۈرۈش شەھەرلەردە ئاسان بۇلغان بىلەن يىزىلاردە ئۈنچە قۇلاي ئەمەس. ھوكۇمەتنىڭ سىياستىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بەزىلەر ئەمەلدارلاغا پارە بەرسە، بەزىلەر يۇرت ئاتلاپ تۇغۇپ كىلىدۇ، يەنە بىراۋلار تۇغۇلغان پەرزەنتىنى يىراق يۇرتلاردىكى تۇققانلىرىغا ھاۋالە قىلىپ تۇغۇت چەكلەشتىن ئۈزىنى قاچۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھوكۇمەتتىن ئاغرىنىدىغان نۇرغۇنلىغان يوللۇق تەلەپلىرى بولسىمۇ، پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىگە كەلگەندە ئۇلارغا خىتايلاردەك بىرلا پەرزەنتلىق بۇلۇش شەرتى قويۇلمايتى، شۇڭا ئىككى ياكى ئۈچ پەرزەنتلىك بولسا بۇلاتتى. ئەمما ھوكۇمەتنىڭ بۇ خىل سىياستىدىن خىتايلار ئانچە رازى ئەمەس بۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان خىتايلاردىن ئۇيغۇرلار خالىغانچە بالا تاپسا بۇلۇدۇ دەپ قاخشىغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەسىلەگە قارىتا ھىچ قانداق قارشىلىغى يوق ئىدى.

**83**

"ئوتكەن يىلى ئۇلار بىر ھامىلدار ئايالنى مەجبۇرى دوختۇرخانىغا سورەپ بىرىپ بالىسىنى ئولتۇرۇۋەتتى، ئارقىدىن ئۇ ئايالمۇ ئۇلۇپ كەتتى، ئۈنىمۇ مۇشۇلار ئولتۇرۇشتى دەپ ئاڭلىدىم" دىدى مەن بىلەن دەريا بويىدىكى كىچىك بىر رىستۇرانتتا پاراڭلىشىۋاتقان مىھراي ئاتلىق ئايال.ئۇ ئېلىپىنۇرنىڭ ياخشى ئادىشى بۇلۇپ گاھىدا ئۈچىمىز تاماقتا بىرگە بۇلۇپ قالاتتى، ئىلگىرى بۇ ئىككىمىز يالغۇز تاماقلىنىپ باقمىغان ئىدۇق. ئېلىپىنۇر ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەندىن كىيىن بۇ ئىككىمىزنىڭ تۇنجى ئۈچرىشى بۇلۇپ، گەپ ئاۋۇتىپ ئارىمىزدىكى ئۇڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خىزمىتىڭىزنى ياخشى كۈرەمسىز دەپ سۇرىسام ياق دىۋىدى سەۋىبىنى سۇرىسام، يۇقۇرىدىكى ھامىلدار ئايالنىڭ ھىكاسىنى سۆزلەپ بەردى.

"كىم مەجبۇرلاپ چۈشۈرىۋەتكۈزدى بالىسىنى؟"

"ساقچىلار بىلەن بەزى دوختۇرلار"

"قانچە ئايلىق ھالمىلە ئىكەندۇق؟"

"سەككىز ئايلىق".

ئۇ ئايالنىڭ ئىككى پەرزەنتى بولغاچ ئۈچۈنچى پەرزەنتىنى مەجبۇرى ئالدۇرىۋەتكەن ئىكەن. مىھراينىڭ دېيىشچە بۇنداق ئەخۋاللار دايىم يۈز بېرىپ تۇرمىسمۇ، گاھىدا بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ خىزمىتى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ كىشىلەرگە تۇغۇتتىن ساقلىنىشتىن ساۋات بېرىش بولۇپ، بالىنىڭ ئېلىۋېتىلىشىگە بىۋاستە سەۋەپچى ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر مەھەلە كويلىرىدا پىلانلىق تۇغۇتنى ئۇمۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىدىنمۇ ئۇخشاشلا نارازى ئىكەن.

"نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پەرزتلىك بولۇش بولماسلىقنى ئاللا بەلگۈلەيدۇ، بىزنىڭ قارارىمىز ئەمەس دەپ قارايدىكەن"دىدى مېھراي.

"سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ سىزمۇ مۇسۇلمانغۇ دەيمەن؟" سورىدىم مەن.

"ئاخىرقى ھىساپتا بۇ ئاللانىڭ ئىشى، ئەمما دولتىنىڭمۇ قانۇنى بار، ئاز پەرزەنتلىك بولۇشنىڭمۇ ئوز ئالدىغا ئارتۇقچىلىغى بار. پەرزەنت ئاز بولسا بالىنىڭ تەربىيلىنىش ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتىن قىيىنچىلىقلار ئاز بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى.

كۆپ پەرزەنتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا چىقىملىرىمۇ ئاز ئەمەس. مىھراينىڭ ئەيتىشچە يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋانامىسىنى تارتتۇرۇپ قويغانلار ئايدا ئالىدىغان ئون يۈەن نەپىقە پۇلىدىنمۇ بىكار قالىدىكەن.

رىياللىق ۋە دىنىي قاراشلارنىڭ توقۇنۇشىدىن كىلىپ چىققان زىددىيەتلەردىن باشقا يەنە يۇقۇرقىدەك قاتتىق قوللۇق سىياسەتلەر تۈپەيلى مىھراينىڭ خىزمىتى تېخمۇ قىيىنغا تۇختايتى. ئۇنى ئاز دەپ ھوكۇمەتنىڭ نۇپۇسنى كونتۇرۇل قىلىش سىياستى بىلەن ئىچكىرىدىن چىقىپ ئىشلەپچىقىرىش دىيۋىزيەلىرىدە ئىشلەۋاتقان خىتايلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىدىكى ئىختىلاپ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ خىل رىئاللىقلار ئالدىدا كىشىنىڭ كاللىسىدا ھوكۇمەت شىنجاڭنى ئادەم قايىنمى بىلەن كونتۇرۇل قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقاندەك قىلىدۇ دىگەن ئوي پەيدا بولاتتى.

شۇنداقتىمۇ گەرچە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى ياخشى كورسىمۇ، ئۇيغۇرلارغ رۇخسەت بىرىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتكە كۆز يۇمغىلى بولمايتى. ئەمما بەزىلەرنىڭ ئوزلىرىگە پايدىلىق بۇ خىل سىياسەتلەردىنمۇ ناراز بولىشى، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا قانچىلىك لاياقەتسىز ئىكەنلىگىدىن دىرەك بىرەتتى.

گەرچە نۇپۇس چارەك مىللىيۇن بولسىمۇ غۇلجا ئادەمگە شەھەردەك بىلىنمەيتى، چۈنكى ئادەملەر ئانچە كۆپ ۋە كىشىلەر ئانچە يات تۇيۇلمايتى. بۇ يەر خۇددى بىر كىچىك ناھىلەردەك بىلىنەتتى، چۈنكى كۇتۇپخانىلاردا ياكى بازارلاردا تونۇش ئادەملەر پات ـ پات ئۇچراپ تۇراتتى.ئەمما غۇلجىنى خۇددى بىر چەت ياقا ناھىيەدەك ھىس قىلدۇردىغىنى ئەپ قاچتى كۈچا پاراڭلىرىنىڭ ئۇمۇملىغى ئىدى. ئۇيغۇر غەۋەتچىلىرىنىڭ تىلى خۇددى ئۈزۈم بارىنىڭ شاخلىرىدەك كۈچىدىن كۈچىغا سۇزۇلۇپ، خىتايلارنىڭ يالغانلىرى ھەققىدىكى غەيۋەتلەرنى كۈچا كويلارغا توشۇيتى. بىر كۈنى خىتايلار چۈشاق مېيىنى سۇغا تۈكۈپ سۇنىڭ بولغاپتۇ دىسە، يەنە بىر كۈنى خىتايلار كىچىك باللانىڭ گۆشىدە قىيما قىلىپ جۇۋاۋا تۈگۈپتۇ دەپ گەپ تارقىلاتتى. ھەتتا قىسمەن چاخچاقلارمۇ بىردەمدىلا غەيۋەتكە ئايلىنىپ قالاتتى. بىر كۈنى تۇرسۇن ئامىرىكا پىرىزىدىنتى بۇش ئۇرۇمچىدە ئۆزۈن چاچلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى كورمىدىم دەپ ناراز بولۇپ ھوكۇمەتكە شكايەت قىپتىكەن، ھوكۇمەت قارار چىقىرىپ بوندىن كيىن قىسقا چاچلىق قىزلارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلماسلىقنى بەلگۈلەپتۇ دەپ بىر لەتىپە سۆزلەپ بىرىۋىدى، ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ يۇمۇر خەمتنىڭ ئاغزىدىن رەسمى ھادىسە بولۇپ چىقتى.

بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاللا تەرپىدىن كىشلەرنىڭ ئىش ھەركەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن پەرىشتىلەر ھەققىدىكى بىر چاخچاق ئەڭ ئەقىلغە سىغمايدىغىنى ھىساپلىنىدۇ. ئەيتىشلارغا قارىغاندا بورجىن دىگەن پەرىشتە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى بولغان قايىن تەرپىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇ بېيجىڭدا ئۆلۈپ قالغانمىش، بۇ جاي ئىسمى بىلەن پەرىشتە ئىسمىنىڭ تەلەپپۇز ئاھاڭدىكى يېقىنلىغىدىن پايدىلىنىپ قىلىنغان چاخچاق بولۇپ، ھىچ قانداق بىرى بۇ خىل چاخچاققا چىن پۈتمەيدۇ. ئەمما ھەر قېتىم بۇ پەرىشتىلەر ھەققىدە پاراڭ بولغاندا باللار خۇددى راستەك سوزلەپ كىتىدۇ.

كىشلەرنىڭ بۇنداق ئاخمىقانە ھالغا كىلىپ قېلىشىغا زادى نىمە سەۋەپ بولغاندۇ؟ ئەگەر بۇ سۇئالنى لىيۇ فېڭ بىلەن سەي خېنىمدىن سورىسىڭىز ئېنىقكى ئۇلار بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ نادانلىغى، ياكى غۇلجىنىڭ قالاقلىغى سەۋەپ بولغان دەپ چۈشەنچە بىرىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما بۇنىڭغا بۇنچىلىك نىگاتىپ چۈشەنچە بىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنى كىشلەرنىڭ ھوكۇمەتنىڭ ناچارلىغىنى كورسىتىدىغان ھەر قانداق بىر ھىكايىگە ئىشىنىشكە ھازىر ئىكەنلىگىنى بىلدۇرۇدۇ دەپ قارىساق بەكرەك دۇرۇس بولۇدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇچۇرغا بولغان مۇنۇپۇللۇق بۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاپ بىرىدۇ. جۇڭگۇدا، بولۇپمۇ شىجاڭ ۋە تىبەتكە ئوخشاش سەزگۈر رايونلاردا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى ھوكۇمەتنىڭ كونتۇرۇللىغىدا بولۇدۇ، ھوكۇمەتنىڭ رۇخسىتىسىز، گېزىت ژۇرنال ياكى كىتاپلارنىڭ چىقىرىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تۇغۇت خادىملىرىغا ھۇجۇم، قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ زورلۇق بىلەن بالا چۈشۈرۈۋتىشىگە قارشىلىق قىلىشتەك سىياسى ئۇچۇرلارنى ئەسلا ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. گەرچە تور ئۇچۇرلىرىنى كونتۇرۇل قىلىش بىراز تەس بولسىمۇ، ئەمما

هوكۈمەت قانداق تۈر بەتلىرىگە چىقىش، قانداق ئۆچۈرلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى قاتتىق نازارەت قىلىدۇ.

غەرپتە كوپ ساندىكى كىشىلەر ئاممۇى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن قوبۇل قىلغان ئۆچۈرلارغا گۇمان بىلەن قارايدۇ، شۇنداقتىمۇ كىشىلەر گىزىت ژۇرناللانى ستىۋىلىشتىن، تىلىۋىزور كورۈشتىن تۇختاپ قالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلار ئۈچۈن گۇمانلىرى ئۈچۈن سوئال سوراش پۇرسىتى بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىكلەرنىڭ ئۇخشاشماسلىقى كىشلەرنىڭ تاللاش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇدۇ. ئەمدى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر ئۇزىڭىز چىش تىرنىغىڭىزغىچە ئۇچ كۆرىدىغان بىر ھاكىمىيەتنىڭ سىزگە تاللاپ بەرگەن ئۇچۇرىدىن باشقا ئۈچۈرغا ئىرىشەلمىسىڭىز قانداق ھىسياتتا بولىسىز؟ تەبىكى بۇنداق چاغدا دوست بۇرادەرلىرىڭىزدىن ئاڭلىغان، گەرچە ئىسپاتلاش مۇمكىنچىلىگى بولمىغان ھەر قانداق بىر ئۈچۈرغا بەكرەك ئىتىبار بىرىسىز. ئۇندىن باشقا غەيۋەت قىلىش ئادەمنى ئالاھىدە ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

**85**

تېلىفۇندا ئۇنتۇلۇپ قالاي دىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى

"خەللو، خەللۇ"

"خەللۇ"

"مەن مۇرات، خاتىرلىدىڭىزمۇ؟ قاچان كورۇشەلەيمىز؟ ھازىر بۇلامدۇ؟ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇنلىغان مۇيىم خەۋەرلىرىم بار".

يېرىم ساتتىن كىيىن دەريا بويىدىكى بىر ئاخشاندا كاۋاپ يىگەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. چاچلىرى قىسقىراپ ئاران كۆتىگىلا قالغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا مۇراتتا ئۆزگۈرۈش يوق دىيەرلىك ئىدى. ئۇ 'ئىسپانىيە' دىگەن خەت بېسىلغان ياقىسىز يېشىل مايكا كىيۋالغان ئىدى. ئۇ مەندىن نىمە ئىشلار بىلەن مەشخۇل بولۇۋاتقانلىغىمنى سورىۋىدى مەن تايلاند ۋە كامبۇدژاغا ساياھەتكە بارغانلىغىمنى سوزلەپ بىرىۋاتسام ئۇ گېپىمنى بۇلۇپ "بۇ تايلاندلىق ئادىمى شەيتانلار قانداقكەن؟" سورىدى. قارىماققا ئۇتكەن كورۇشكەندىن كىيىن ئۇ خېلى كوپ يېڭى سوزلەرنى ئۇگۇنىۋالغاندەك قىلاتتى.

"دىمەكچىمەن، ھىلىقى ئەر دىسە ئەر ئەمەس، ئايال دىسە ئايال ئەمەس نىملەرنى دەيمەن. تايلانتلىقلارنىڭ نۇرغۇنلىغانلىرى شۇنداققۇ"

"بەزىلىرى شۇنداق، ئەمما كۆپ ساندىكىلىرى ئۇنداق ئەمەس".

"ئۆلارنى ئولتۆرىۋتتىش كىرەك"

"نىمە دەيسىز؟ نىمىشقا؟"

"ئۆلار دايىم ئىش تىرىيدۇ، ئۆلار بەكلا ئەسكى"

مۇرات ئۇچۇن بۇ دۇنيا بەكلا ئاددى ياكى بەكلا مۇشكۇل بىر ماكاندەك بىلىنسە كىرەك، ئۇنىڭ نەزىرىدە نۇرغۇنلىغان كىشلەر ياخشى ھىساپلانمايتى ياكى قىلىۋاتقانلىرى خاتا ھىساپلىناتتى، خىتايلارلا ئەمەس، بەزى ئۇيغۇرلارمۇ ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايتى، قىسقىسى ئۇنىڭغا ئۇخشىمىغانلارنىڭ ھەممىسى يامان ھىساپلىناتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەنگىلىيەدە قۇش جىسلىقلارمۇ بار دىسەم ئۇ بەكلا ھەيران قالدى، ئەمما مەن نۇرغۇنلىغان ئىنگىلىزلار ئىلاھغا ئىشەنمەيدۇ دەپ سەمىگە سىلىۋىدىم بۇ خىل ھەيرانلىق تىزلا غايىپ بولۇپ، خۇددى بىزنىڭ بۇ دۇنيادىلا جەھەننەمگە پالانغانلىغىمىزدىن مەمنۇن بولغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى.

"ماڭا دەيدىغان قانداق گەپلىرىڭىز باردى؟"

"بىزنىڭ ئوي رىمۇنت قىلىندى، ئۇگىمىز مەزمۇت بولۇپ، كۆپ ياخشىلىنىپ قالدى".

"شۇنداقمۇ؟ باشقا خەۋەر بارمۇ؟"

"شۇنداق، سىزگە دەيدىغان ئالاھىدە بىر خەۋىرىم بار".

"ياخشى خەۋەرمۇ؟"

"ئەلۋەتتە، ئالاھىدە ياخشى خەۋەر"

"قاچان ئاڭلايمەن بۇ خەۋەرنى؟"

"ھازىر دەپ بىرىمەن"

"قۇلۇغۇم سىزدە"

"مەن يىڭى سىنىپ ئاچتىم، ھەممىسى يىڭى ئۇقۇغۇچىلار، ئۇلار سىز بىلەن كۇرۇشۇشكە بەكلا تەقەززا بۇلۇپ كىتىۋاتىدۇ"

دىگەنلىرى راس چىقتى، بۇ ئۇقۇغۇچىلار ئۇگۇنىشكە باشلىغىلى ئاران بىر قانچە ئاي بولغان بولسىمۇ، سەۋىيسى خىلىلا ياخشى ئىدى. دەسلەپكى تارتىنىشلار ئوتكەندىن كىيىن ئۇلار مەندىن ئاجايىپ قىززىق سۇئاللارنى سوراشقا باشلىدى.

"كافىنى ياخشى كۇرەمسىز؟"

"ئۇسۇل ئۇناشنى ياخشى كۇرەمسىز؟"

"چىرايلىق قىزلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟"

يۇقۇرقى ئۈچ سۇئالنىڭ ھەممىسگە ئەلۋەتتە دەپ جاۋاپ بەردىم. مۇرات ئارقىدىكى ئۆرۈندۇقتا سالماقلىق بىلەن ئۆلتۇرشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما كوڭلىدە باللارغا بۇنچىلىك دەرس بىرەلىگەنلىگىدىنمۇ ياكى چەتئەللىكلەرنى باشلاپ كىلەلىگەنلىگىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۆزىدىن بىر خىل پەخىرلەنگەنلىگى چىقىپ تۇراتتى.

دوسلىغىمىزنىڭ يىڭىلانغانلىغىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولسا كىرەك مۇرات مىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ھويلىسىغا كىرسەك ئىككى يېرىم ياشلىق قىزى قىزىل پىلاستىك ئۆرۈندۇقتا ئولتۇرۇپ، ھەدەپ بىر تال سەۋزىنى چىشلەپ يىيشى بىلەن ھەلەك كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ يىنىدىكى داستا قوينىڭ كاللا پاقاچىغى تۇراتتى. قوينىڭ كاللىسى خۇددى قۇشۇمىسىنى تۈرىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرى ئالىغايلىشىپ، تىپلى ساڭگىلاپ قالغان بۇ جانسىز كاللا خۇددى بىرىگە شۇخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قاراپ تۇرسام بىر تال چىۋىن قوينىڭ كۆش چانىغىدىن غۇڭڭىدە ئۇچۇپ چىقتى.

مۇراتنىڭ ئايالى ئاشخانىدىن چىقىپ ئىبرىدىن نىمە تەييارلاش ھەققىدە تەلىمات سۇرىۋالغاندىن كىيىن تىزلا ئاشخانىغا كىرىپ كىتتۇىدى، مۇرات ماڭا مىھمانخانىغا كىرىشكە شەرەت قىلدى.

"تاماق پىشقىچە خېلى ۋاقىت بار، شۇڭا ۋاختىمىز ئۇزۇن، بۇمۇ ياخشى بولدى، چۈنكى سىزگە كورسىتىدىغانلىرىم بار" دەپ بىرىپ تىلىۋىزۇرنى ئىچىپ بىر دىسكىنى ۋ س د ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى.ئىكراندا ئالتۇن رەڭ ئەرەپچە خەت كۆرۈنىۋىدى، مۇرات قايرىلىپ ماڭا قاراپ تەمكىنلىك بىلەن "بۇ ھەج" دىدى.

ئىكرانىنى مەككىنىڭ سۇرەتلىرى قاپلاپ، قارا تاشنى چۆرىدەپ مېڭىۋاتقان مىڭلىغان كىشلەر كۆرۈندى. گايىدا ئادەملەر توختاپ دۇئا قىلىشاتتى، گايدا كىشلەر تىك قىيانىڭ يىندا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، شەيتانغا ئۇخشىتىلغان بىر قانچە نەرسىگە تاش ئېتىشاتتى. بىر ئەركىشىنىڭ چىچى چۈشۈرۈلدى، بىر مۇئەززىن مۇنارغا چىقىپ ئەزان تۇۋۇلدى (غۇلجىدا ئەزان توۋلاش مەنى قىلىنغان). ئارقىدىن ئىكران ئاستا ئاتسا قاراڭغۇلىشىۋىدى ئارىمىزدا بىر مەزگىل ھورمەت يۈزىسىدىن جىم جىتلىق بىلەن تۇشىۋىدى، مۇرات ئېغىز ئىچىپ سۇكۇتنى بوزدى.

"قايتا كۆرەمدۇق؟"

"مەرھەمەت"

"قانچىكى كۆپ كورسىڭىز شۇنچىلىك چۇڭقۇر چۈشۈنىسىز"

ئۇ مىنى مۇسۇلمان قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقانمىدۇ؟ بەلكىم. مەن ئۇنىڭ يەنە قايتىلاپ كۆرۈشكە زورلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆيدىن باشقا ئۇيۇن چىقارمۇ دەپ ئەتراپقا قارىسام، كۆزۈم شاخمات

تاختىسىغا چۈشۈپدى دىلىم يايراپ كەتتى. ئۇ مىنىڭ شاخماتقا قاراۋاتقانلىغىمنى كۆرۈپ ئۆيىنامدۇق دىدى.

پىچكا شاخلىرىمىز راۋانلىشىپ، ئاتلىرىمىز مارشقا ئوتتى. ئۇن بەش قەدەمدىن كىيىن ئۇنىڭ ۋەزىرى مىنىڭ توپىم بىلەن ۋەزىرىمنىڭ قورشاۋ ھوجۇمدا تەمترەشكە باشلىدى. مۇرات بىردىن قايمىقىپ، بارلىق قائىدە يۇسۇنلارنى ئۇنتۇپ، شاھ دىگەن ئەركەك بولغاندىكىن قانداق ماڭسا بۇلاۋىرىدۇ دەپ تالىشىشقا باشلىۋىدى، بەختكا يارىشا ئىسمائىلنىڭ يىتىپ كىلىشى بۇ تالاش - تارتىشلارنى توختاتتى.

ئىسمائىل بۈگۈن باشقىچىلا خۇشال كۆرۈنەتتى، ئۇ خۇددى كەيپ سۈرىۋاتقاندەك ھەرقانداق گىپىمىزدىن خۇشاللىق تىپىپ كۈلۈپ، دولىمىزغا ئۇرۇپ قوياتتى. مۇرات ھىچ ئىش بولمىغاندەك داۋاملاشتۇردى. ئىسمائىل قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن چىقىپ كىتىۋىدى مەن سوئال نەزىرىم بىلەن مۇراتقا قارىۋىدىم ئۇ "توي قىلىش ئالدىدىكى ئەركەك مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، مەنمۇ شۇنداق بولغان" دىدى.

" توي قىلامدۇ؟ مەن تېخى قىز دوستىنىڭ بارلىغىدىنمۇ بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن"

"قىز دوستى بار، بىرى بىلەن ئارلاشقىلى بىر يىل بولۇپ قالدى"

ئىسمائىل بىلەن تونۇشقىلى سەككىز ئاي بولغان بولسىمۇ، ھەرگىز قىز دوستى ھەققىدە سوزلەپ باقمىغان، تونۇشتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن گىپىنىمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ھىجايغان پېتى كىرىپ كىلىۋىدى "بو توي ئىشلىرى قانداق گەپ" دەپ سۇرىدىم.

يۈزى تېخىمۇ جىلىۋىلىنىپ "شۇنداق پات ئارىدا توي قىلىمەن، ئاندىن جىنسى مۇناسىۋەت ئوتكۇزىمەن" دىۋىدى مۇرات دومبىسىگە شاپلاقلاپ قويدى.

"ئاندىن شەيتان ئاتلاپ يۈرمەيدۇ"

"بۇ نىمە دىگەن گەپ؟"

"كىچىدە ئادەم چۈشىدە شۇنداق ئىشلارنى چۈشەيدىغۇ؟"

"ھە مۇنداق دەڭ، قىز دوستىڭىز كىمۇ؟"

"بىر ياخش تەقۋىدار قىز"

"مىنىڭچە ئەرلەرنىڭ ھەممىس تەقۋىدار قىزلارنى ياخشى كۆرۈدۇ" دەپ قۇشۇپ قويدى مۇرات.

"شۇنداقمۇ؟"

"شۇنداق، تەقۋىدار مۇسۇلمان قىزلار ئەركىن ھەم كەمتەر كىلىدۇ"

"ئەركىن؟"

شۇنداق، ئۇلار ئىشلىمىسمۇ بولىدۇ، ئۆيدە ئولتۇرسا بولىدى"

"بەلكىم مۇسۇلمان ئەرلەرلا مۇسۇلمان ئاياللارنى ياخشى كورسە كېرەك؟"

"شۇنداق، چۈنكى ئۇلار بەكلا ياخشى كىلىدۇ"

ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ياكى ئەرلەرنى ماختاۋاتقانلىغىنى ئاڭقىرالمىدىم، ئاندىن ئىسمائىل غەرپتىكى ياللاڭئاچ يۈرىدىغانلار ھەققىدە سوز باشلىدى.

"نىمە دىدىڭىز؟"

كىنولاردىكىدەك دەيمەن...ياللاڭئاچ ئاياللار، كوكسىنى كورستۇپ يۈرگەن قىزلار...شۇنچە كۆپ جىنسى مۇناسىۋەتلەر، تۇختىماي سۇيۇشۇشلەر". مىنىڭ كۆز ئالدىمغا لۇندۇندا چىقىدىغان "سۇن يەنى قۇياش" دىگەن گېزىتتىكى سۈرەتلەر كەلدى، شۇنداقتىمۇ سۇيۇشىشنىڭ جىنسى ئالاقە بىلەن بىر گەپ ئەمەسلىگىنى ئەسكەرتىپ ئوتتۇم.

"ئەمما ئۇلار توي قىلىشمىغانغۇ؟"

"سۇيۇشۇش دىگەن سۇيۇشۇش، سىز بىرەر قىزنى سۇيۇپ باقمىغانمۇ؟"

"ياق، توي قىلىشتىن بۇرۇن ھەرگىز ئۇنداق ئىش قىلمايمەن، سىزچۇ؟"

مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم، سۇيۇشكەنلەرنىڭ سانىنى ھەر قانچە كىچىكلەتسەممۇ ئۇلار ئۇچۇن ئۇشۇق كىلەتتى.

"بىر قانچە قېتىم سۇيۇشۇپ باققان، ئويغۇر ياشلىرىچۇ؟ ئۇنداق قىلىشمامدۇ، بەزىلەرنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئانچە كارى يوققۇ؟"

"بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇلار نادانلار" دىدى مۇرات

"شۇنداق، ئۇلار ئىتىيات قىلمايدۇ"

"جىنسى مۇناسىۋەت قىلغاندىمۇ؟"

ئۇ قايغىنى تۇرۇپ تۇرۇپ "ياق، ئۇلار يىگەن ئىچكەنلىرىگە دىققەت قىلمايدۇ. بەلكىم بىلمىسىڭىز كېرەك، ختايلار يىمەك ئىچمەكلەرگە خىمىيەلىك دورىلارنى قوشىۋىتىدۇ. ئەگەر بۇنداق يىمەكلىكلەرنى كوپرەك ئىستىمال قىلىۋەتسە پەرزەنت كۆرەلمەيدۇ. دوختۇرغا كۆرۈنسىڭىزمۇ سىزگە تۇغۇت چەكلەيدىغان دورا بىرىدۇ بەش يىلغىچە پەرزەنت كۆرەلمەيسىز. ئەمما مەندىن مەسىلە چىقمايدۇ، مەن بەكلا ئىتىيات قىلىمەن، مەن ياخشى دوختۇرلارنى تونۇيمەن" دىدى.

بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان گۇمانخورلۇق بىلەن مۇنازىرە قىلىش ھاجەتسى ئىدى، شۇنداقتىمۇ قىسمەن ئەپ قاچتى گەپلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىغاندا چىنلىق دەرىجىسى خېلىلا يۇقۇرى ئىدى.

**86**

بۇگۇن ھەممەيلەنگە يىغىن ئېچىلدى، بۇ يىغىن ھەپتىلىك يىغىنلاردىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇ يىغىنلاردا دايىم جاڭ زېمىنىنىڭ نۇتۇقلىرى ئوقۇلاتتى. ئەمما بۇ خىل قوشۇمچە يىغىنلار دايىم دىگۇدەك چاقىلىرىپ تۇراتتى، بەزىدە ھەتتا ھەپتە ئاخىرلىرىدىمۇ ئارام ئالماي يىغىن ئېچىلاتتى. بۇ خىل يىغىنلار ئالى مەكتەپلەردىلا ئەمەس، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، دوختۇرخانىلاردا ۋە ئاممىۋى ئورگانلاردىمۇ ئوزۇلمەيتى. كىشىلەردىن ئاكتىپلىق بىلەن بۇ يىغىنلارغا قاتنىشىش تەلەپ قىلىنىپلا قالماي، يەنە يېغىن خاتىرىسى يېزىش، ھەتتا يېغىندا سوزلەنگەن مەزمۇنلاردىن ئىمتىھانلار ئېلىناتتى.

بۇگۇنكى بۇ ئالاھىدە يىغىنىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مىللى سىنىپتىكىلەردىن ئېنىق بىر مەلۇماتقا ئىرىشەلمىدىم، ئۇلار ئوشۇق گەپ قىلىپ بېشىغا ئىش تېپىلىشتىن ئەنسىرەشتى بولغاي، ئەپقاچتى جاۋابىدىن ئۈرۈمچىدە ئوتكوزۈلگەن يېڭى يىل كېچىلىگىدە تۇرسۇنجان ئەمەت دىگەن بىر شائىرنىڭ بىر شېئىر ئوقۇغانلىغىنى مەيىنلەشتۇردۇم. كىيىن بۇ ھادىسىنى ساقچىلار تەكشۇرۇپ، تۇرسۇنجان مەمەتنى قولغا ئاپتۇ. شۇنداقتىمۇ، زادى شېئىردىن چاتاق چىقتىمۇ ياكى كىچىلىك پائالىيەتتىنمۇ دىگەننى ئېنىقلىيالمىدىم. ئەمما كۆڭلۈمدە بىرى بار شۇنىڭدىن سۇرىسام ھەممەگە ئېنىق بىر جاۋاپ بىرەلىشىگە ئەمىن ئىدىم.

"سەي خانىم، سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟"

"ئەلۋەتتە بولىدۇ".

"بىرەر ئىش چىقتىمۇ قانداق؟"

"قانداق ئىش دەيسىز؟"

"ئۈرۈمچىدە ئىش چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم".

"كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟"

"ئوزىڭىزگە مەلۇم، گەپ بىر يەردە تۇرمايدۇ، كىمدىن ئاڭلىغانلىغىم شۇنچە مۇھىممۇ؟"

ئۇنىڭ ماڭا سوئال بىلەن قارىشىدىن جاۋابى مەلۇم ئىدى.

"بىرى مەزمۇنى يامان بىر شېئىر ئوقۇپتۇ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنى چاتاق چىقىرىپ، دولەتنى پارچىلاشقا كۇشكۇرتۇپتۇ".

"سىز ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ بۇ شېئىرنى؟"

"ياق ، ئەمما ياخشى شئىر ئەمەس ئىكەن"

شئىرنىڭ زادىن قەيىرى يامان دىگەن مەسلە يەنىلا ئېنىقلانمىدى، بەزىلەرنىڭ دىيىشچە شئىرنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇر مىللى مەدەنىيىتىنى قۇتلۇقلاشتىن ئىبارەت بۇلۇپ، خىتايچىغا تەرجىمە قىلىشتىكى خاتالىقلار تۈپەيلى ئىدىئولۇگىيەلىك مەزمۇنلار كىرىپ قالغان دىيىشتى. ئەمما ھوكۇمەتنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزگۇلۇگىنى پەخىر بىلىپ قۇتلۇقلاشنىڭ ئۇزى مۇستەقىللىققە قاراپ ئېلىنغان يۇغان بىر قەدەم ھىساپلانسا كىرەك. مەزكۇر شئىر ئۇقۇش ۋەقەسىدىن كىيىن ئۇزۇن ئۇتمەي ئاپتونۇپ رايۇنىنىڭ رەئىسى يىغىندا "ئىدىئولۇگىيە ساھەسىدىكى بولگۇنچىلىككە قاتتىق زەربە بېرىش كىرەك" دەپ تەكىتلىدى. ئۇ بىر ئۇچۇم بولگۇنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇزلىرىنىڭ مىللى بولگۇنچىلىك ئىدىيەلىرىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىغىنى ئىلگىرى سۇردى.

گەرچە بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ سانى "ئىنتايىن ئاز" بولسىمۇ، ھوكۇمەت تەرەپ خۇددى دىنى زاتلارغا مەجبۇرى كۇرس ئۇرۇنلاشتۇرغانغا ئوخشاش تەشۋىقاتچىلار، ۋە ئەدەبىيات سەنئەتچىلەرگە مەجبۇرى كۇرسلارنى كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇنلاشتۇردى. بۇ قېتىمقى كۇرستىنىڭ مەقسىدى ئىشتىراكچىلارغا "مىللى بولگۇنچىلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىگىنى ساقلاش ئۇچۇن چۇڭقۇر تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش" ئىكەن.

شئىر ئۇقۇش ۋەقەسى يىغىن ئىچىش، ۋە كۇرسلاردا تەربىيەلىنىشى بىلەنلا تۇگۇمىدى، 2002 ـ يىلى 31 ـ يانۋار كۇنى ئاپتونۇم رايۇنلۇق پارتكوم ئۇرۇمچىدە ئىدىئولۇگىيە سائەسىدە بولگۇنچىلىككە قارشى تۇرۇش سەپەرۋەلىك ھەركىتى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ۋاكلېپچۇەن دولەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۇنچى كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ۋە بوزغۇنچىلىق قىلىش ئۇچۇن قوللانغان ۋاستىلىرىنى ساناپ چىقتى. ئۇنىڭ دىيىشچە بۇ بولگۇنچى كۈچلەر قانۇنسىز باسمىلار، ئەكسىل كىتاپ ژورناللار، خەت چەك ئالاقىلار، تەشۋىقات ماتىرىياللار، يالغان ياۋىداق پىتنە پاساتلارنى تارقىتىش ئارقىلىق خەلقنى ئالداپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا بولگۇنچىلىكنىڭ ئۇرۇغىنى چاچقانمىش. ئۇ يەنە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن يۇزتۇرانە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىپ، بولگۇنچىلىكنىڭ ئىدىيەلۇگىيەسىنىڭ مەكتەپكە كەلتۇرىدىغان خەۋپىنى تەكىتلەپ، تەشۋىقات ئۇرگانلىرى بىلەن مەدەنيەت ئۇرگانلىرىدىن ' ھەر مىللەت ياش ئوسمۇرلەرگە قارىتىلغان تەلىم تەربىيەنى كۈچەيتىشكە' چاقىردى.

شئىر ئۇقۇش ۋەقەسىدىن ئۇچ ئاي ئوتكەندىن كىينمۇ بۇ خىل ئۇگۇنۇشلەر داۋاملىق ئېلىپ بىرلىغاچ، چەتئەل تىل فاكۇلتىتىدىكى قىسمەن ياش ئۇقۇتقۇچىلار ماڭا زارلاپ بېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۇرۇشكە بولىدۇكى بۇ خىل مەنىسىز شەكىلۋازلىقنىڭ خىتايلار ۋە ئۇيغۇرلارنى ئوخشاشلا بىزار قىلىۋەتكەنلىكىنى كۇرۇۋېلىشقا بۇلاتتى.

هوكۇمەت تەرەپنىڭ بۇ قىلىغى سەل هەددىدىن ئېشىپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئاستىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ بۇ خىل هادىسىلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن هەقىقەتەن ئەنسىز بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. شۇندىن كېيىنكى بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدا "تېرورىزىم" هەققىدە هېچ قانداق هادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى، ۋاكلېچوەننىڭ گېپى بويىنچە ئېلىپ ئەتقاندا "ئىدىلوگىيە ساهەسىدىكى بولگۇنچىلىككە قارشى تۆرۆش ئۇرۇشى ئىس - تۈتەكسىز فىرونت" هىساپلىناتتى. ئەمما ئىس تۈتەك باشقا يەردىن كۆتۈرۈلدى.

87

"ئۇلار كىتاپ كويدۇرىۋاتىدۇ، نۇرغۇنلىغان كىتاپلار كۆيۈپ كۈل بولدى"

"ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ خەمىت، كىم قەيەردە كىتاپ كويدۇرۇپتۇ؟"

"قەشقەردە ساقچىلار كىتاپ كويدۇرۇۋاتىدۇ، نۇرغۇنلىغان تارىخى كىتاپلارنى كويدۇرۇۋەتتى، بۇرۇن بۇ كىتاپلاردىن هېچ مەسلە چىقمىغان ئەمدى چاتاق چىقتى".

بۇنى تۇغرا چۈشۈنۈشكە بولاتتى، چۈنكى هوكۇمەت مەدەنىيەت ساهەسىنىڭ خەرىتىسىنى يېڭىلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ئۇسۇل خۇمارلىغىدىن باشقا هەر قانداق بىر مىللى ئۆزگۈلۈگىنى ئىلگىرى سۈرىشى ئەكسىيەتچىللىق هىساپلىناتتى. ئۇلارنىڭ بولگۇنچىلىكنى بانا قىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئۇزلىرىنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان ئېلىمىنتلارنى شاللاپ چىقىرىشقا پايدىلىق ئىدى. مەن خەمىتكە بۇنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزى، چېكىدىن ئاشقان هاكاۋۇرلۇق شۇنداقلا بىر خىل ئەقلى نامەرتلىك ئىكەنلىگىنى سۆزلىگىنىمدە نەپسىم قىسىلىپ يۈزۈمنىڭ قىزىپ كىتىۋاتقانلىغىنى هىس قىلدىم. بۇ خىل غەزەپنىڭ كۈچىنى خەمىتنىڭ هىسا قىلالىشىغا ئىشىنەتتىم. ئەمما ئۇ دولىسىنى قىسىپ قويۇپ "بۇ بىر هىساپتا يامان خەۋەر، يەنە بىر تەرەپتىن ياخشى خەۋەر" دىدى.

"قەيىرى ياخشى بۇنىڭ؟"

"چۈنكى ئۇلار بونداق قىلسا جۇڭگو هوكۇمىتىنىڭ قانداق بىر هاكىمىيەت ئىكەنلىگىنى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر بىلىپ يىتىپ، نەتىجىدە بۇ يەردىكى ئىشلار ياخشىلىنىشقا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن" دىدى.

"بەلكىم شۇنداق بۇلار" دەپ جاۋاپ بەرگەن بولسامۇ كۆڭلۈمدە بۇ خىل ئۈچۈرلارنىڭ باشقا يەرلەردە خەۋەر قىلىنىشىغىمۇ ئىشەنگىم كەلمەيتى.

بىر قانچە ئايدىن كىيىن هوكۇمەت شائىر تۇرسۇنجاننى قويۇۋېتىپ، ئۇزۇن ئوتمەي هوكۇمەت ئۇنى قولغا ئالغانلىغىدىنمۇ تاندى.

## 88

ئەگەر بىرسى غۇلجىدا مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇنسا، بۇ خىل ئۇرۇنۇشلارنى قوللايدىغان ئۇيغۇر تاپالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يەردە يا تىياتىرخانا، مۇزىيخانا، رەسىم كۆرگەزمىخانا ۋە ھىلقىدەك كىنو قويىدىغان بىر كىنوخانىدىن باشقا تۈزۈكرەك بىرەر كىنوخانىمۇ يوق ئىدى. غۇلجا شەھىرىدە ھۆكۈمەت ئىگىلىگىدىكى شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن باشقا كىتاپخانىمۇ يوق. مەكتەپلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان كوزنى قاماشتۇرىدىغان سەنئەت ئويۇنلىرىدىن باشقا ئويۇنلارمۇ يوق بولۇپ، بۇ خىل پائالىيەتلەردە مىللى ئوقۇغۇچىلار باشقىلارغا ئوخشاش ئويناپ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى.

مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى غۇلجا شەھىرىنىڭ نامراتلىقى، كونىدىن كونگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەتبۇئات كونتىروللۇقى ۋە باشقا مەسىلىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا بەزىدە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغاندا ئالاھىدە قىززىپ كېتەتتى، ئەمما بۇنداق پۇرسەتلەرنى تېپىش ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيتى. مەدەنىيەت پائالىيەت ئۇيۇشتۇرىدىغان بەلگىلەنگەن ئورۇنلار بولمىغاچ، كىشىلەر قانداق يەرنى تاپسا شۇ يەردە ئۇيۇشتۇراتتى. بەزىلەر تەنتەربىيە زالىنى ئىشلەتسە، بەزىلەر توپ مەيدانىنى ۋە ياكى بوش قالغان بىنالاردىن پايدىلىناتتى. بىر كۈنى ئابدۇللا، خەمىت ۋە دولقۇن ئۈچى مېنى بىر يەرلىك فوتوگرافنىڭ رەسىم كورگەزمىسىگە تەكلىپ قىلىشتى، ئۇ يەرنى تېپىش ئۈچۈن ئىككى سائەت ئىزدەندۇق. بۇ زەرگەرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، سىمونت پەھگاسىغا سۇ سىپىپ قويۇلغان ئوي بولۇپ، تامدىكى رەڭدار ئېلانلاردىن بىز ئىزدىگەن يەرنىڭ مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىنى مۇقۇملاشتۇردۇق. كورگەزمىگە قويۇلغان رەسىملەردە جەنۇبى شىنجاڭدىكى ئويغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق يەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان تۇقۇمۇچىلىق، تۇمۇرچىلىق ۋە ھەسەل ھەرىسى بېقىش قاتارلىق سەنئەت ھونەرلىرى تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

ماڭا ئەڭ قىززىقارلىق تۇيۇلغان رەسىمدە بىر كىچىك بالا يېرىم يالىڭئاچ كورپىدە بېشىغا ياستۇق قويۇپ ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئەتراپىدا بىرمۇنچە چوڭ ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ، ھەممىسى ئۇنىڭ يالىڭاچ جىنسى ئەزاسىغا قاراپ تۇراتتى. بالىنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچ، چوڭلارنىڭ نەزىرىدىن بىر خىل پەخىرلەنگەنلىك چىقىپ تۇراتتى.بالىنىڭ كېرىلىپ تۇرغان چاترىغىنىڭ ئالدىدا قولىغا ئۈستىرە تۇتقان بىر ئادەم خەتنە قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ تۇراتتى.

"بۇنداق قىلىش ياخشى ھە؟" دەپ سورىدى دولقۇن.

"بىلمەيمەن، مېنىڭچە ئازاپلىق بولسا كېرەك " دېدىم.

"بۇنىڭ راك كېسىلىدىن ساقلىنىشقا پايدىسى بار، مەسىلەن ئىسرائىل بىلەن مۇسۇلمان دولەتلەردە مۇشۇنداق قىلىنغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل راك كېسىلىدىن ساقلىنىپ قالىدىكەن" دېۋىدى

مەن خەتمە قىلىمىغانلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى قوغداپ قېلىشنى توغرا تېپىپ "بەزىلەرنىڭ دىيىشچە خەتمە قىلغانلار جىنسى مۇناسىۋەت قىغاندا بەك ھوزۇرلىنالمايدىكەن، ئايالالارمۇ تولۇق لەززەتلىنەلمەيدىكەن" دىدىم.

"ئۇنداق ئەمەس، ئايالالار بەك ياخشى كۆرىدۇ" دىدى دولقۇن.

ئۇ بەزىدە بىر كۈندە بەش ئالتە بالىنىڭ خەتمىسىنى قىلىدىغانلىقىنى ئەيتتى ھەمدە مۇمكىن بولسا تېخىمۇ كۆپ بالىنىڭ خەتمىسىنى قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئەيتتى. ئىككىنچى بىر رەسىمنىڭ ئالدىغا كىلىۋىدۇق "بۇ بۇشۇك" دىدى دولقۇن. بۇشۇكتە بىر بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يىنىدا بىر خۇراز قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇراتتى. تەپسىلى قارىسام بالىنى بۇشۇككە باغلايدىغان نۇرغۇنلىغان تانىلارنى كوردۇم، ئىلگىرىمۇ بازاردا ھەر خىل قېنىق رەڭلەردە بويالغان، ئۇتتۇرىسىدا تەرەت قىلىش تۇشۇگى قۇيۇلغان بۇشۇك ساتقاننى كورگەن ئىدىم.

"بۇشۇكتە بالا بېقىش ئەنئەنۋى ئۇسۇل بولۇپ، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئىتىز ئىشىغا ماڭغاندا بالىلارنى بۇشۇككە بۇلەپ قويىسا بىخەتەر بولۇدۇ" دىدى.

"قانچىلىك ۋاقىت ئىشلىتىسلە بۇشۇكنى؟"

"بالا ئالتە ئايلىقتىن بىر ياشقا تۇشقىچە ئىشلىتىمىز"

خەمىت رەسىمگە قاراپ بېقىپ تىلىنى چاكىلدىتىپ "بۇ كۆنا ئادەت،شەھەرلەردە بۇنى ئىشلەتمەيمىز، بەزىلەر بۇنى ياخشى ئەمەس دىيىشىدۇ، بىزنىڭ پىكرىمىزمۇ ئۆزگۈرۋاتىدۇ بۇ كۈنلەردە" دىدى.

"ئەمما يىزىدا نۇرغۇن كىشىلەر بۇشۇك ئىشلىتىدۇ ھىلىمۇ" دىدى دولقۇن.

ئاندىن ئۇلار ئۇيغۇرچىدە بىر نىمىلەرنى دەپ مۇنازىرە قىلىشىپ كەتتى. مىنىڭچە بۇۋاقنى دەسلەپكى ئايلاردا باغلاپ قويۇش ياخشى مۇ يامانمۇ دىگەنگە بىر نىمە دىمەك تەس، ئەگەر باشقا چارە بولمىسا شۇنداق قىلماي نىمە ئامال. ئىككىسىنىڭ مۇنازىرىسى سەل قىززىشقا باشلىۋىدى مەن ئارلىشاي دەپ تۇرۇشۇمغا خەمىت كۈلۈپ كىتىپ "مىنىڭچە كىچىك بالا ئەركىن چوڭ بولغىنى ياخشى" دىدى.

"سەن ھورۇنلۇغۇڭدىن بالىنى تازىلاشتىن ئۇزۇڭنى قاچۇرىسەن خالاس" دىدى دولقۇن.

89

لەگلەك ئۇچۇرۇش پەسلى يىتىپ كىلىشى بىلەن ئۇدۇلدىكى ئويدىكى بالىلار ئوزلىرى ئىجاتكارلىق بىلەن كونا مايكا بىلەن بىر بامبۇك شېخدىن ياسالغان لەگلىكىنى ئۇپىراپ

كەتكەن يىپقا باغلاپ ئوينىك دەرىزىدىن ئۆچۈرۈپ ئويناشقا باشلىدى. بۇ خىل يىڭى قۇشلارنىڭ ئارىسىدا قايمىقىپ قالغان كەپتەرلەر غۇيۇلداپ ئۇچۇپ، بىر تەرەپتىن شامال بىلەن ئېلىشسا بىر تەرەپتىن لەگلەكلەردىن ئوزلىرىنى قاچۇراتتى. مەكتەپ بىنالىرىدا ئۇچۇۋق قالغان دەرىزىلەرنى شامال جالاقشىتىپ يېپىۋەتكەندە قىسمەن دەرزە ئەينەكلىرىنىڭ پاران ـ پارچە بۇلۇپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. تۇربىلاردا پات پات سۇ تۇختاپ قېلىپ، كىشىلەر سو يوق ۋاختىدا ئېچىپ قويغان تۇربىلارنى ئېتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغاچ، گايدا سو كەلگەندە تاشقىن بۇلۇپ ھەممە يەرنى سو بېسىپ كېتەتتى.  بىر كۇنى ئىشتىن يېنىپ كىرسەم ئاشخانا ئوينى سۇ بېسىپ كىتىپتۇ.

ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا مەن ئاچچىغىمنى چىقىرىش ئۈچۈن ۋەلىسپىت بىلەن ئايلىنىپ كىلەتتىم. غۇلجىدا ۋەلىسپىت مىنگەنلەر تاشپاقىدەك مىسلداپ ماڭغاچ، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قۇيۇندەك ئۇتۇپ كىتىشتىن لەززەتلىنەتتىم.

مەن خۇددى ۋەلىسپىت مۇسابىقىسىنىڭ غالىپلىرىدەك بىر خىيالدا كىتىۋاتسام يېنىمدىن بىر ۋەلىسپىت غۇيۇلداپ ئۇتۇپ، سەل ماڭغاندىن كىيىن ئاستىلاپ مەن بىلەن پاراللىل بولىۋىدى قارىسام ۋەلىسپىتتە ئۇستىگە بىر يۇرۇش قارا كىيىم يىۋالغان، كۇتەكتەك مەزمۇن كۆكسى بار بىر ئويغۇر ئادەم ئىدى. ئۇ ئىنگىلىز تىلىدا "هوي يىگىت، قالتىس تىز ماڭىدىكەنسىز جىمۇ، تىز ماڭغان ياخشى، مەنمۇ تىز مېڭىشنى ياخشى كۇرۇمەن" دىدى.

"شۇنداقتەك قىلىسىز" دىدىم.

"بورنى ئىت بىلەن بىر ئۇۋىغا ئۇزۇن مۇددەت قاماپ قويسا بورىمۇ ئىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ"

"نىمە دىدىڭىز؟"

"دىمەكچىمەن، بەزىلەر بورىنىمۇ كوندۇرۇشكە بۇلۇدۇ دەپ قارايدىكەن"

"ئۇنىغۇ چۈشەندىم، بۇنىڭ ۋەلىسپىت مىنىش بىلەن نىمە ئالاقىسى بار؟"

يول تازلاش ئىشچىنىڭ هارۋىسىدىن ئەگىپ ئوتتۇق.

"دىمەكچىمەنكى، بۇ يەردە ختايلار ئاۋىپ كەتتى، ئۇلار بىزنى جىمىتىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ، خۇددى ئىتقا ئۇخشاش، ئۆزلىرىگە ئۇخشاتماقچى بىزنى".

مەن يولدا ئاستا ۋەلىسپىت مىنگەنلەرنىڭ ھەممىس ختاي ئەمەسقۇ دىۋىدىم، ئۇ دولىسىنى قىسىپ قويۇپ، يولدا ئاق ئىت يۇتۇلەپ ماڭغان بىر ئايالدىن ئەگىپ ئوتۇپ "سىز مۇشلىششىنى ياخشى كۇرەمسىز؟ دەپ سورىدى.

"ياق، سىزچۇ؟"

"بەزىدە مۈشلۈشۈپ قويىمەن، مەن بوكسىيۇرلۇقنى ياخش كۆرۈمەن، سىز تايسۇننى بىلەمسىز؟"

"بىلىمەن".

"مىنىڭمۇ تايسۇندەك بولغۇم بار، ئۇ تۇمۇردەك ئادەم"

ئۇنىڭ ئىسمى كۆرەش بولۇپ، ئۇمۇ ئىنگىلىز كورسى ئاچىدىكەن، بۇ مەن بىلىدىغان يەتتىنچى كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ سەۋىيەسى ئىگىز پەس، كۆپۈنچىسىنىڭ بىر تال دەرسلىك كىتاپ بىلەن چالا بۇلا ئىگەللىۋالغان ئىنگىلىزچە تىل ساۋاتىدىن باشقا ھىچ قانداق لاياقەتنامىس يوق ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇسقۇنلۇقلارغا قارىماي بۇ تىلنى ئىگەللەشكە بەل باغلىشىغا قايىل بولماي بولمايتى.

بىز ئۇتسەك بولمايدۇ دىگەن كوۋرۈكتىن ئۇتۇپ دەريا بويىدا تۇختاپ ئارام ئالدۇق. كۆرەش مەندىن قىز دوستۇڭىز بارمۇ دەپ سورىپۇدى يوق دەپ جاۋاپ بىرىپ سىزنىڭچۇ دەپ سۇرىسام "قىز دوستۇم بار، ئۇنىڭ بىلەن تۇي قىلغۇم بار ئەمما بۇ ئاسان ئەمەس، چۈنكى ئۇ قىزنىڭ پۇتى سەل مىيىپ بولۇپ، يول ماڭالايدۇ، ئەمما يۈگۈرەلمەيدۇ، شۇڭا ئاتا ـ ئانام ساغلام ئەمەسكەن دەپ قۇشۇلمىدى" دىدى.

ئۇنىڭ دىيىشىچە ئاتا ئانىسى بۇ قىز ئۇزىگە ئۇخشاش مىيىپ بالا تۇغىشى مۇمكىن دەپ قارايدىكەن، شۇنداقلا تۇققانلىرىمۇ شۇ قاراشتا ئىكەن.

"ئۇلار نىمە دىسە دىسۇن، مەن بۇ قىزغا ئاشىق، ئۇ مىنىڭ جىنىم" دىدى كۆرەش. قىلىن بۇلۇت قاتلىرىنىڭ ئارقىسىدا قالغان قۇياشنىڭ كەچكى شەپقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، كۆرەش دەريا بويىدىكى لاي لاتقىسىنى ياغاچ بىلەن جىجىلاپ تۇرۇپ، كىشلەرنىڭ سىرقى كۆرۈنۈشتىكى پەرقلەرنى كۆرۈپلا بىر نەرسىلەرنى تەنقىد قىلىشىدىن بىزار بولغانلىغىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بۇنى قىز دوستى سەۋەبىدىنلا دەۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى.

"مەن كالتا ئىشتان كىيىپ ۋەلسىپىت مىنسەم كىشلەر مىنى مازاق قىلىپ كۈلۈشىدۇ، ئاخمىقانىلىق ئەمەسمۇ بۇ؟ كىم نىمە كەيسە باشقىلارنىڭ نىمە چاتىغى" دىدى.

كۆرەش مەن كورگەن باشقا ئويغۇرلاردىن پەرقلىق ئىدى، ئۇنىڭدىن بىر خىل رۇشەن پىكىرلىك چىقىپ تۇراتتى. كوڭلىدە بار سۆزلەرنى ئۇرتاقلىششقا ھازىر كۆرۈنەتتى. بىز تۇنۇشقىلى گەرچە بىر قانچە مىنۇت بولغان بولسىمۇ ئۇ شەخسى ھاياتى توغرىسىدا شۇنداقلا ئەنئەنۋى بىر جەمىيەتنىڭ بىكىنىدىچىلىگى ھەققىدە سۆزلەپلا كەتتى، بۇ خىل جەمىيەتتە ئۇخشاش پەدىدە دەسسىگەنلىك ياخشىلىقتىن دىرەك بىرەتتى.

قارشى تەرەپتىن تارىلىق سازنىڭ ساداسى خۇددى سازەندىنىڭ ھونۇرىگە قارشىلىق قىلىۋاتقاندەك ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى، چالغۇ ئەسۋاپقا تەگكەش ئۇزۇن ناخشا ساداسى ئادەمنى ئۇزىگە جەلپ قىلىۋىدى بىز ۋەلىسپىتنى مىنىپ تەكشۇرۇپ كۇرۇشكە ماڭدۇق.

بىز دەريا ياقىسىدا سىلىغان گىلەمدە ئولتۇرۇپ پىكنىك قىلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنى كۇرۇپ، ئۇلارغا يىقىنلاشتۇق، ئۇلار دوسقان ئۇتتۇرىسا گازىر - پۇرچاقلارنى تىزىپ، كورىدا شورپا قاينىتىپ پارالىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىزنىمۇ بىرگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدى سەل تۇزۇت قىلىشقاندىن كىيىن بىزمۇ ئۇلارغا قىتىلدۇق. بۇ ئوينىڭ چوڭ ئوغلى ئۇرۇمچىگە ئۇقۇشقا قايتىدىكەن، شۇڭا تۇققانلىرى ئۇنى ئۇزۇتۇش ئۇچۇن ئولتۇرۇش قىلىۋاتقان ئىكەن. بالىنىڭ دادىس ساقچى تاغىسى سودىگەر ئىكەن. ئەتىراپتا يەنە پەي توپ ئۇيناۋاتقان، تانا تارتىپ ئويناۋاتقان بەش ئالتە كىچىك بالىمۇ بار ئىدى. سازنى ھىلىق بالا چالغان بۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاپپاق ساقىلى تىزىغا چۇشۇپ تۇرغان ۋىجىك مۇزىكا ئۇستازىمۇ بىرچەتتە ئولتۇرۇپتۇ.

ساھىپخان ماڭا بىر پىيالە قىزىل ھاراق تۇتتىۋىدى مەن رەخمەت ئەيتىپ ئالدىم، كۇرەش قۇلى بىلەن پىيالىنىڭ ئاغزىنى ئىتىپ قۇيۇشقا ئۇنىمۇىدى، سايىپخان يالغاندىن قۇيغاندەك قىلىۋىدى كۇرەش پىيالىنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىۋالدى. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئوتكەندىن كىيىن، كۇرەشمۇ تاقەت قىلالماي مەينى قۇبۇل قىلدى، بەلكىم يىراقتىكى ئىلاھنى خوش قىلغاندىن يىقىندىكى ساھىپخاننى خۇش قىلغان ياخشى دەپ ئويلىدى بولسا كىرەك. دۇتتارنى بالىنىڭ ئۇستازى ئىلىپ ناخشا ئەيتىۋىدى بىز چاۋاك چىلىپ شاۋقۇن سالدۇق، دادىسى ئۇسۇل ئوينىدى. ئاخىردا بىزگە رەخمەت ئەيتىپ دۇتتارنى يىگىتنىڭ قولىغا بىرىپ قايسى مۇزىكىنى چالىسىز دەپ سورىۋىدى يىگىت بىر ناخشىنىڭ ئىسمىنى دىۋىدى، بوۋاي ھەيران قالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ، بۇ ناخشىنى كىچىك باللار بار سورۇندا ئەيتسا بولىدۇ، چوڭلار بار سورۇنغا ماس كەلمەيدۇ دەپ پەندى قىلدى. بەلكىم ئۇستازى بۇ ناخشىنى ئاڭلاشنى خالىمىسا كىرەك، شۇنداقتىمۇ، يىگىت دولىسىنى قىسىپ قويۇپ ھىلىقى ناخشىنى ئەيتىۋەردى. مەن ناخشا كتىستىنى بىلەلمىدىم، ئەمما ئۇستازىنىڭ ئىنكاسىنى نەزىرىمدىن ساقىت قىلمىدىم. ئۇنىڭ چىرايدىن ھەيرانلىق ھەتتا ھەجەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. باشقىلار ئالقىشلاپ يىگىتكە مەدەت بەردى، يىگىت باشتىن ئاخىرى كۆزنى ئۇستازىدىن ئۇزمەي ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ چىرايدىن بىر پەخىر چىقىپ تۇراتتى. ئۇستازى سەل نائارام بولغاندەك بۇلۇپ جىمىپ قىلىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق شورىۋىتىپ، يىگىتنىڭ ھونۇرىدىن زارى بولغانلىغنى سۆزلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كىشى سەزمەيدىغان بىر خىل نازۇك سىزىم ئۇتتۇشكەندەك بۇلدى، بۇ سەزگۇدە ھەسەتسىز ھورمەت تويغۇسى بار ئىدى.

تۇساتتىن بويۇمغا تاچىلىغان يامغۇر تامچىسىنى ھىس قىلدىم، ئۇزۇن ئۇتمەن يامغۇر قۇيۇلۇشقا باشلىۋىدى كۇرەش ئىككىمىز مىڭشقا ھازىرلىنىۋىدۇق، سايىپخان يىقىن يەرىدىكى دەرەخزارلىقتىكى بىر شىپاڭنى كورسۇتۇپ، بىزنى تۇسۇپ قالدى. بەش مىنۇتتىن كىيىن شىپاڭدا

ئولتۇرۇپ ئىسسىق شورپا ئىچكەن سۆرۈننى داۋاملاشتۇردۇق. يامغۇر تۇختىماي يېغىپ تۇراتتى، دەريانىڭ ئېقىنى ناخشا بىلەن تەڭكەش بولۇش ئۈچۈن ئالدىراش ئىدى، بۇ خىل قىزغىنلىق ۋە مېهماندۇستلۇقلار، كۆلكە چاخچاقلار ئارىسىدا مەنمۇ ئۆزۈمنى خۇددى مۇشۇ زېمىنغان تەۋەدەك هېس قىلىپ قالدىم.

## 90

پاهىشە قىز قۇلىنى بوينۇمغا ئارتىۋىدى مەن سەل بىئاراملىق بىلەن مىدىرلاپ قۇيۇۋشتىن باشقا ئىنكاس قايتۇرمىدىم، قۇلىغىمغا گېڭ مۇدىرنىڭ خشكەيپ ئاۋازى ئاڭلاندى

"قانداق، خۇشالمۇ سىز؟"

"مەن بەكلا خۇشال گېڭ مۇدىر، رەخمەت سىزگە" دىدىم.

"ياخشى، ئەمما ئۆزىڭىزنى قۇيىۋىتىپ بەكرەك خۇشال ئويناڭ"

مەن گېڭ مۇدىر، ليۇ فېڭ قاتارلىق چەتئەل پاكۇتىتىدىكى مائالىملار بىلەن بىرگە ئوينىغنى چىققىنىمدىن خۇشال ئىدىم، دىمەك ئۇلار مىنى ئوز ئارىسىغا ئېلىشقا باشلىدى دىگەن گەپ. ئالدى بىلەن بىر جۇۋاۋاخانىغا كىرىپ جورج بۆشنى چاخچاقتا كەلتۇرگەچ غىزالىنىپ ئاندىن ئاق هاراق كەلتۇرۇلىۋىدى، هەممەيلەن مىنى مەس قىلىشقا ئۇرۇنۇپ ئارقا ئارقىدىن هاراققا زورلىدى. "ئەگەر ئىچمىسىڭىز بىزنى دوست دەپ قارىمايدىكەنسىز دەيمىز، دوسلار دىگەن بىرگە كەيپ سۇرۇدۇ" دىيىشىپ ماڭا هاراق تۇتۇشتى. هاراق ئىچىپ يۇزلىرى قىزىرىپ تازا ۋايىغا كەلگەندە كارا ئوكەينى ۋارقىتىرىتىپ قۇيۇپ ناخشا باشلاشتى. سۇرۈندىكىلەرنىڭ هەممىسى نوۋەت بىلەن ناخشا ئەيتىشتى، ئاۋازىنىڭ ئاڭاڭغا چۇشمىگەن يەرلىرىنى ۋارقىراپ يۇشۇرۇپ كىتەتتى. نۇۋەت ماڭا كىلىۋىدى مەن بېشىڭ ئاغرىۋاتىدۇ، گىلىم ياللۇغلىنىپ قاپتۇ، هېرىپ كەتتىم، كوڭلۇم ئانىيىۋاتىدۇ دەپ بانا كورسەتسەممۇ قۇبۇل قىلىشمىدى. گېڭ مۇدىر ۋارقىراپ مىنى ناخشا ئەيتىشقا بويرىۋىدى باشقا مەسلەرمۇ تەڭ چۇقۇراپ ئۇنىڭ قۇللىدى. مىنىڭ ناخشا ئەتيىشنى خالىماسلىغىم ئۇلارنىڭ پەرۋايىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. ئۇلارنىڭ كوڭلىنى ئاياپ هارىغىنى ئىچكەندىن ناخشىسىنمۇ تەڭ توۋلىدىم ئاخىرىدا.

ئىچىپ ئويناپ خېلى بىر يەرگە بارغاندا گېڭ مۇدىر بىزگە كىرا ماشىنىسىغا چىقىشقا ئىجازەت قىلدى، مەن شۇپۇرغا مەكتەپكە دەپ بويرىسام مۇدىر مىنى رەت قىلىپ قىزىلگۇل مېهمانخانىسىغا دىۋىدى ماشىنا ئۇچقاندەك قاراڭغۇ كوچىلارنى بويلاپ يۇرۇپ كەتتى. ماشىنا ئىچى تاماكا ئىسى بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بىز قىزىل چىراغلار بىلەن بىزەلگەن بىر بىنانىڭ ئالدىدا تۇختىۋىدۇق، خۇجايىن كىلىپ گېڭ مۇدىر بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشۇپ، بىر تالدىن تاماكا ئالماشتۇرۇشقاندىن كيىن بىزنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىشتى.

"بۇ يەردە ھەر يەردىن كەلگەن قىزلار بار، ئۇيغۇر، خىتاي، قازاق، تۇڭگان، قىرغىز، ئۆزبەك، ھەتتا فىرانسۇز ياكى ئىنگلىس قىزلىرىنىمۇ تاپالايسىز" دىدى لىۇ فېڭ ۋە بۇ چاخچىقىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈپ كەتتى.

بىزنى چورىدەپ دىۋان تىزىلغان بىر كىچىك خانىغا باشلاپ كىرىپ ئالدى بىلەن ھاراق شاراپلار، كىيىن قىزلارنى باشلاپ كىرىشتى. قىزلار ئارىمىزغا قىسىلىپ ئولتۇرشتى، مىنىڭ يىنىڭمدا ئولتۇرغىنى قۇڭۇر رەڭلىك تار خۇرۇم ئىشتان بىلەن قارا ئاسما مايكا كىيىۋالغان ئۇيغۇر قىز بۇلۇپ، قېنىق شاپتۇل چىچىگى رەڭلىك لەۋ سۇرۇقنى تازا قېلىن قۇيىۇۋالغان ئىدى. مۇدىر يېنىدىكى قىزنى تارتىپ قوپقۇزۇپ ئاستا تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. مۇدىرنىڭ قولى ئۇنىڭ يۇتىسىنى سىلاپ توختىمايتتى. لىۇ فېڭ قاتارلىقلار باشلىغىنى ئۈلگە قىلىپ، قوللىرىنى يېنىدىكى قىزلارنىڭ بوينىغا ئىسىپ تانسا ئوينىۋاتقانلارنى تاماشا قىلىشتى. ماڭا ھەممىدىن قىززىق تۇيۇلغىنى توي قىلغان بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان بۇ ساداقەتسىزلىكلىرى ئۇچۇن قىلچىمۇ خىجالەت ھىس قىلماۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇلار بىر بىرىدىن قىلچىمۇ تارتىنمايتتى، مىنى بولسا نەزەرگىمۇ ئىلىنىدىغاندەك ئەمەس. مەلۇمكى بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم بۇنداق قىلىشى ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەركىتىدىن بىر خىل كۆنگەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

لەۋلىرىنى قۇيىۇق بويىۋالغان قىز ماڭا مەككەپ چاپلىشىپ ئولتۇردى، بۇ ئاخاشام بۇ قىزنى ئويگە باشلاپ كەتسەم ھىچ كىمنىڭ ئىتراز بىلدۈرمەيدىغانلىغىنى ھىس قىلدىم. گېڭ مۇدۇر بۇگۈنكى ھەممە چىقىم مەندىن دەپ مەيدىسگە ئۇردى، بۇنى مۇشۇ سۇرۇندىكىلەردىن باشقا ھىچ كىم بىلمەيدۇ دىدى. ئەمما مىنىڭ ئىجتىمائى خاراكتىرىمدىكى ئادەتلىرىم بۇنداق قىلىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىگىدىن دىرەك بىرىپ تۇراتتى، ئۇزۇن ئولتۇرماي بىر بانا تېپىپ قايتىپ چىقتىم. مۇدىر بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇرسىنىپ قۇيۇپ "ھو كەپسىز يىگىت" دىدى.

**91**

دارىلمۇئاللىمدىكى كۈنلەرنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇلىشى ئالاھىدە قېلىپلاشقان بۇلۇپ، ناشتىلىق بازارغا تەييارلىق قىلىدىغان سىتىقچىلار سۈت، گوش ۋە گاز تۇڭلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە ئۇرۇندىن تۇرىدىغان ۋاقىت بۇلاتتى، ئاندىن دەرس ئۇتۇپ، چۈشلۈك تاماق يەپ، چۈشتىن كىيىن بىردەم كۆز يۇمۇپ ئارام ئېلىپ دىگەندەك ئىشلار بىلەن بىر كۈن ئۇتۇپ كىتىدۇ. بۇ خىل رېتىملىق ھاياتقا ئادەتلىنىپ قېلىش راسلا ئۇڭاي، بىلە بىلمەي ھەپتىلەر، ئايلار مۇشۇنداق يۇسۇندا ئۇتۇپ كىتىدۇ. ئەمما گايىدا بىرەر ئىش چىقىپ بۇ خىل رېتىمنى بۇزۇپ قۇياتتى.

كومپيۇتۇر فاكۇلتىتىدىكى مەلۇم بىر ئۇقۇغۇچىنىڭ سىنىپتىكى دەرس ئۇستىلىگە"مىللى بۆلگۈنچىلىكنى يۇقۇرى كۆتۈرەيلى" دەپ يىزىپ قۇيۇشى بىلەن ئىشلار ئۆزگەردى. بۇ بالا بەلكىن چاخچاق قىلىپ يىزىپ قويغان بۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ چاقچىقى باشقىچە نەتىجە بىرىپ

قويدى، مەكتەپ تەرەپ باللارنىڭ پۇچۇركىسىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا بىر ئۇيغۇر بالىنى مەكتەپتىن ھەيدىۋەتتى. ئۇ بالا گەرچە بۇ ۋەقە سەۋەبىدىن مەكتەپتە ئۇزۇن داۋاملاشقان يىغىنلار ۋە ئىپادە بۇلدۇرۇشلەردىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنىشى ئۇچۇن بۇنىڭ ھىچ قانچىلىك تەسەللىسى بولماس.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تەنتەربىيە پاكۇلتىتىدىكى ئىككى قازاق ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى قىز تالىشىپ يۇز بەرگەن جىدەل يەنە ئارامىقنى بۇزىۋەتتى. بۇ باللار بىر يۇرتلۇق بولۇپ، ھەر ئىككىسى بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، نەتىجىدە بىرى يەنە بىرىنىڭ 18 يېرىگە پىچاق تىقىپ قاتتىق يارلاندۇرۇپتۇ، زەخمىلەنگەن بالا نەچچە كۈن قاتتىق قۇتقۇزۇشتىن كىيىن ئاران جېنىنى ساقلاپ قالالىدى. ھەممەيلان بۇ بىر ھەپتىدە چىققان ئىشلار يىتەر دىگەندەك، پەيشەنبىدىن جۇمەگە ئاراخۇدا كىرىۋالغانلىقىدىن سۇيۇنۇشۇپ، نورمال تۇرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشكە ئۇرۇنىشتى، ئوقۇغۇچىلار سىنىپ، ياتاق ئاشخانا ئوتتۇرىسدا قاتناپ، سىتىقچىلار خىرىدار چاقىرىپ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

92

مەكتەپكە يىڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ختايلار ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تۇنجى ئاينى ھەربىلەرنى دوراپ ئوتكۇزىدۇ، ئۇلار سەپكە تىزىلىپ خۇددى نەمۇنىچى گىراۋدانلاردەك مارشقا دەسسەپ مىڭىشىدۇ. تاڭ ئېتىشتىن قاراڭغۇ چۇشكىچە مەكتەپ ئاسمىنىدا ئۇلارنىڭ ۋارقىراپ شۇرئار توۋلاشلىرى، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ مەشق قىلىشىرىدىن چىققان سادالىرى قاپلاپ كىتىدۇ. مەن ختاي ئوقۇغۇچىلىرىمى چارىسىزلىكتىن پاختا تېرىشكە قاتناشقاندەك بۇنىمۇ ئامالسىز قىلىۋاتقاندۇ دىگەن ئويدا ئۇلارنىڭ قارىشىنى سورىسام، ھەممىس دىگەندەك بۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشتى.

"تەرتىپ ئۇگۇنۇش ياخشى ئىش"..."مەن ھەربى مەشقىدىن بۇرۇپ ئاجىز بىر قىز بالا ئىدىم، ھازىر كۇچلىنىپ قۇۋۋەت تاپتىم"..."ھازىر ئۇزەمگە بولغان ئىشەنچىم ئاشتى، كەلگۇسىدە ئەسكەر بۇلۇپ ۋەتەن ئۇچۇن ئۇلۇپ كەتمەي جەڭ قىلسام دەيمەن" دىگەندەك جاۋاپلارنىڭ بىرىشتى. بەزىلەرنىڭ بۇ سۆزلەرنى چىن دىلىدىن دىگەنلىكىگە ئىشەنمەك تەس، چۇنكى ئۇلار قانداق جاۋاپ بەرسە توغرا بۇلۇدىغانلىغىنى ئالللىبۇرۇن ئۇگۇنىۋىلىشقان. يېشىل كىيىم كىيىۋىلىشقان بۇ يۇمشاقباش باللارنىڭ ئىنتىزامچانلىغى مەندە بىر خىل قىززىقىش پەيدا قىلىدى. ھەر قىتىم مەشق مەيدانىدىن ئوتكەندە بىر ھازا ئۇلارغا ھاڭۋېقىپ قارىماي كىتەلمەيتىم. ئەنگىلىيەدە بولغان بولسا 19 ياشلاردىكى باللارنىڭ بۇنداق مەشققە قانداق پۇزىتسىيەدە بۇلۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

بىر كۇنى مەن مەشق مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى قارىغاينىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ گېبىيدىن ئارىيەت ئالغان "ھەقىقى ئىنسانپەرۋەتلىك" دىگەن كىتاپنى ئوقۇشقا باشلىدىم. كىتاپ لىبرال

ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەنقىد قىلىدىغان كىتاپ بولۇپ، ئۇ بەزى قۇرلارنىڭ ئاستىغا سىزىق سىزىپ قويىغان ئىدى، بۇنى مەن ئۇچۇن ياكى ئۇزى ئۇچۇن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېنىقسىز.

*بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بىر دۇنيا قاراش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پاراڭنىڭ بىر چەتكە قايرىپ تۇرايلى ئالدى بىلەن، چۈنكى بۇنى 'روھ يارىتىش' دىگەن ئۇقۇم بىلەن تەڭلەشتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۆز قاراش ئاخىرەتلىك مۇساپىمىزنى يۇشۇرۇپ، ئىلاھنى كاللىمىزدىن چىقىرىپ، مۇغەمبەرلىك ۋە ئۇزىگە چۈقۇنۇشنى تەرغىپ قىلىپ، ئۇقۇمدىكى نىسبىلىكى ۋە بۇشاڭلىق تەپەيلى ئەخلاقى ئولچىمىمىزنى تۇۋەنلىتىپ، ئىجتىمائى پايدىلىنىش قىممىتى بولمىغان ئاجىزلار ۋە كىرەكسىزلەرگە بولغان ھىسداشلىغىمىزنى تۇسۇپ، خۇددى ھايۋانلارنى ئىدارە قىلغاندەك ئىجتىمائ تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشقا ئۈندەيدۇ بىزنى...ئەگەر قىسمەن لىبرال ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا يولسىزلىق، ھوكۇمرانلىق، ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئىسنانى سويكۇسىزلىقنىڭ ئىلمىنتى كورۇلمىسە بۇنى ئۇلارنىڭ ئەقدىسىنىڭ مەسئۇلى دىيىشكە بولمايدۇ، بەلكى ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىغىدىن دەپ قاراشقا بولۇدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزلىرى ئىكار قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتقان خىرستيان دىنىنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ مەۋجۇتلىغىدىن دىرەك بىرىدۇ.*

قارىماققا ئالاھىدە كۈچلۈك كۇرۇنۇدۇ بۇ قاراشلار دەپ ئويلۇنۇپ يەنە ئاستى سىزىلغان يەرلەرنى ئىزدەپ ئۇقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم.

*بۈگۈنكى دۇنيادا خىرستيان دىنىنىڭ مەدەنيەت ياراتقۇچىلىق رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كىرەك؟ بۇنىڭ قىسقىچە جاۋابى شۇكى ئىنجىلدىكى رىسالىلارنى خەلق ئارىسدا كەڭرى تارقىتىپ، ئەتىراپىمىزدىكى رەڭگاھ رەڭ مەدەنيەتلەرنى تەنقىدى ئۇسۇلدا ئىدارە قىلىپ، قايتىدىن يۇغۇرۇپ چىقىپ...دۇنيادا كىشنى ھەيران قالدۇردىغان ھاجايىپ يەرلىك مەدەنيەتلەر بار، خىرستيان دىني بۇ خىل يەرلىك مەدەنيەتلەرنى يوق قىلىۋەتمەستىن ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلىپ، قەدىرلىشى كىرەك...گەچە بۇ خىل مەدەنيەتلەردە ئىنسانيەتنىڭ ئىلاھنىڭ ئەمرىگە ئۇكتى قويپقانلىقىنىڭ بىشارىتى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلاھنىڭ ئىجادكارلىغىنى ئىزنالىرنى بايقىغىلى بۇلۇدۇ.*

مەن ئىچىمدە بۇ ئاخمىقانە قاراشلارنى تەنقىد قىلىپ تۇراتتىم دىققىتىمنى تۇساتتى كۇتۇرۇلگەن ۋارقىرىغان سادا بۇزىۋەتتى. بېشىمنى كۇتۇرۇپ قارىسام تاقىرباش دوغلاققىنە كەلگەن تەربىيەچى ھەدەپ بىر قازاق قىزغا ۋاقىرغىلى تۇرۇپتۇ، قىز بالا بېشىنى تۇۋەن قىلىپ ئۇنىڭ تەنقىدىنى

ياۋاشلىق بىلەن ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. تەربىيەچى قىزنىڭ ئىپادىسىدىن رازى بولغاندىن كېيىن ئۇنى سەپكە كىرگۈزۈۋېتىپ داۋاملاتۇرۇڭلار دەپ ئەمر بەردى. مەن يەنە كىتاۋىمغا قايتىپ كەلدىم.

*خىرىستىيان دىنىنى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ خىرىستىيان دىنىيدىن بۇرۇنقى قەدىمى گۈزەل سەنئەت ھۈنەرلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى قەدىرلىمەيدۇ دەپ تەنقىد قىلىدىغان مەدەنىيەت نىسبىچىلىكى ئېقىمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىتىقادسىزلىكىنى پىكىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈدۇ. مىللى مەدەنىيەت بىلەن دىنىدىن ئىلگىركى مەدەنىيەتلەردە ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ يالدامىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇلۇپ، بۇنى خىرىستىيانلار بىدئەتچىلىك دىمەيمۇ ئامالى يوق.*

تۇساتتىن يەنە ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىۋىدى بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ھېلىقى قىزنىڭ ئايىغى رېتىمغا چۈشمىگەچ، تاقىرۋاش تەربىيەچى ئۇنى ئۆتتۈرىغا چىقىرىپ قۇيۇپ كالۋا دەپ ھاقارەت قىلغىنى تۇرۇپتۇ. قىزغا يېقىنلاشقانسىرى ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كالۋا دىگەن سۆزنى تەكرارلاپ، شولگەيلىرى قىزنىڭ يۈزىگە چېچىلىشقا باشلىۋىدى، قىز يىغلاپ كەتتى. قىزنىڭ سىلكىنىپ تۇرغان دولىسىنى كۆرۈپ تەربىيەچىنىڭ تېخمۇ غەزىۋى تېشىپ، باشقا بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىراشقا باشلىۋىدى نىمە دىگەنلىكىنى مەن ئاڭقىرالمىدىم، ئەمما باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەيران قالغان چىراي ئىپادىسىدىن ياخشى گەپ ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇرۇق كەلگەن ئىگىز بىر قازاق يىگىت ئالدىغا چىقىپ بۇنداق دىسىڭىز بولمايدۇ دىۋىدى، تەربىيەچى خىتاينىڭ تېخمۇ قەرى تېشىپ، بىرىپ ئۇ يىگىتنى دوشكەللىگىنى تۇردى. يىگىت بىر نىمە دەپ ۋارقىرىۋىدى خىتاي تەربىيەچى يۈزىگە شاپلاق بىلەن بىرنى سالدى. تۇساتتى جىسمى چوڭ تۆت يىگىت ھېلىقى تەربىيەچىگە ئېتىلىپ بېرىۋىدى سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنىشتى. تەربىيەچى بىرىنچى يىگىتنىڭ يۈزىگە مۇش بىلەن بىرنى سېلىۋىدى بۇرنى قاناپ كەينىگە داجىپ چۈشتى، ئىككىنچى يىگىت تەربىيەچىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋىدى ئۇنى تېپىۋەتتى، قالغان ئىككىسى ئۇنىڭغا يامىشىپ ئۇنى يەرگە يىقىتىشقا ئۇرۇندى. قىزلار بىر تەرەپكە ئۆتۈپ ۋارقىراپ ئۇلارغا مەدەت بەردى، باشقا باللار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ غەزەپ بىلەن نىمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇشتى.

ھېلىقى تەربىيەچى ئىككى يىگىتنى ئىتتىرىۋىتىپ، باشقىلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك قىياپەتتى ھورپىيىپ تۇراتتى، تۇساتتىن خۇددى كىنولاردىكىدەك بىر مەنزىرە پەيدا بولدى، ئەگەر بىر كىنو ئاپىراتى بولغان بولسا بىر ئۈچۈم تېخى ئۇن ئىككىگىمۇ توشمىغان قىرلىق ھەم قاملاشقان مەكتەپ فورمىسىنى كىيىۋالغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھېلىقى تەربىيەچىگە ئۇقتەك ئېتىلغان مەنزىرىنىس تارتىۋالغان بۇلاتتى. ھەممىس ئۇيغۇر باللىرى بۇلۇپ، ھېلىقى خىتاي تەربىيەچىنى ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئۇنى يەرگە يىقىتىشقا ئۇرۇنىشتى. بۇنىڭدىن ئىشەنگۈھى كەلمەي چۈچىگەن خىتاينى چوڭ باللار يەرگە بېسىۋېلىپ تازا بولىشىغىچە تېپىپ، مۇشلاپ

ئەدىۋىنى بىرىشتى، ئەتىراپتىكى قىزلار تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا چۇقان سېلىپ ئۇلارغا مەدەت بولدى. تاياق زەربىسىدىن مۇكچىيىپ قالغان ختاي تەربىيەچىنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك ماجالى قالماي يەردە يېتىپ قالدى. بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلىغان ساقچىلار بىلەن باشقا ئەسكەرلەر يۇگۈرۈپ كىلىپ، ماجرانى بېسىقتۇردى. باللار تارقىغاندا يەردە تولغىنىپ ياتقان ختاي تاياقتىن ئۆزىنى مۇدائىيە قىلىش ئۈچۈن چىڭ تۇگۇلۇپ ياتقان ئىدى.

**93**

ئىشخاندا ئولتۇرسام"نىمە بولغاندىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ نىك" دەپ سورىدى ليۇ فېڭ.

"نىمە بوپتۇ؟"

"بەزى ئۇيغۇر باللىرى بىر ئەسكەرنى ئۇرۇپ قاتتىق يارلاندۇرۇپ قويۇپتۇ"

"نىمىشقا؟"

"مىنىڭچە سەۋەپسىزلا شۇنداق قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋايى، ئۇلار چوڭ بولسىمۇ مۇشۇ قىلىقىنى يۇقاتمايدۇ، شۇڭا مەكتىۋىمىز دايىم ئۇلارغا ئىش ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، بىكار قويمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، ئىككى ھەپتىگە قالماي بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىزىمۇ قالمايدۇ، كەتكەنلىرى كىتىپ، تۇرمىغا كىرگەنلىرى تۈمىدە ياتىدۇ"

"راسما؟"

"ئەلۋەتتە، بۇ دىگەن ھەقىقەت"

**94**

ئەتىراپتىكى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭچۇرۇڭلىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنىڭ ئەخمەت ئىكەنلىگىنى بىلىۋالدىم، ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقتىن ئۇنىڭ بىرەرسىگە زەخمەت يەتكۈزۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى مەيىنلەشتۇردۇم.

مەن بازاردىن سودا سېتىق قىلىپ قايتىپ كىلىۋاتقان يولدا بۇ ۋاراڭ چۇرۇڭغا ئۇچراپ قالدىم. مەن كەلگەندە ئەخمەت قولىدىكى پىچاقنى ھاۋاد پۇلاڭشىتىپ ئەتىراپتىكىلەرگە تەھدىت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزۈك ئۆزۈك جۈملىلىرىدىن زەھەر خۇمارى تۇتۇپ كەتكەنلىگى مەلۇم ئىدى. بىر قانچە مىنۇت ۋارقىراپ جارقىرىغاندىن كىيىن مادارى ئۆزۈلۈپ، ئۇنى پەسىيىپ قالدى. قولىدىكى پىچاقنى تۆۋەنلىتىپ دەلدەڭشىپ تۇختاپ قالدى. بۇنى كورگەن كۆك دوپپىلىق بىر يىگىت ئەخمەتكە يېقىنلىشىشقا تەمشىلىپ، قولىنى ئۆزۈتۈپ ئەخمەت تەرەپكە ئاستا مېڭىپ ئاز قالغاندا ئەخمەت يېقىنلاشما دىۋىدى ئۇ تۇختاپ قالدى. ئۇ ئەخمەتكە پىچاقنى تاشلا دىۋىدى ئەخمەت بېشىنى لىڭشىتتى لىكىن پىچاقنى تاشلىمىدى. ھېلىقى يىگىت ئەخمەتكە تەسەللى

بەرگىنى ئۆرۈنۈپ قۇلنى ئۇنىڭ دولىسا قۇيۇۋىدى ئەخمەت پىچاقنى ئۇستىگە قارىتىپ بىر شىلتىۋىدى ھېلىقى بالا ئۇگدىسىغا يىقىلىپ، پېشانىسىدىن جىرىلداپ قان تۇكۇلۇشكە باشلىۋىدى تاماشابىنلارنىڭمۇ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئەخمەت پىچاقنى پۇلاڭشىتىپ ۋاراڭ -چۇرۇڭ قىلىشنى خېلىغىچە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېلىقى بالا يارىسىنى قول ئۇچىدا تاڭدۇرۇپ، يۇغان بىر بالىنى باشلاپ كەلدى. بەستلىك كەلگەن يىگىت ۋارقىراپ ئەخمەتنى قورقۇتۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ كار قىلماي، ئۇ بەكرەك كۆچەپ ۋارقىراپ پىچاق شىلتىدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئەخمەتنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ھېلىقى يىگىتنىڭ ۋاقىرىغانلىغىدىنمۇ ئىش قىلىپ ئەخمەت يۇمشاشقا باشلاپ، ئاۋازى پەسىيىپ، ئالدىغا ئېتىلىۋىدى، تاس قالدى دۈم چۈشكىلى. ئۇ ئەتىراپتىكىلەرگە كۈلىيىپ قارىۋى، كوزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، مەن كۆزىگە سەت كۆرۈلگەن بۇ ئەژنەبىنىڭ ئەدىۋىنى بىرەي دەپ ماڭا ئېتىلىپ كىلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ ئۇمۇتسىزلىككە تۇشقان كۆزلىرى مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن يەر ئاستىدىكى بىر قاۋاقخانىغا يۇگۇرەپ كىرىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا بىر ساقچى ماشىنىس كىلىپ توختىپ، ئىچىدىن ئىككى ئۇيغۇر ساقچى چۇشۇۋىدى ئەتىراپتىكىلەر ئۇلارغا يەر ئاستى قاۋاقخانىنى كورسەتتى. بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ئىككى ساقچى سولىشىپ قالغان ئەخمەتنى ئالدىغا سېلىپ قايتىپ چىقتى، ئۇلارغا ئەگىشىپ قاۋاقخانا خوجايىنمۇ بىرگە چىقتى. خوجايىن ئەخمەتنىڭ كاچىتىغا ئىككىنى سېلىپ قورسىغىغا مۇش بىلەن بىرنى سالدى. ساقچىلار ئەخمەتنى ماشىنغا تىقىپ، بىزگە تارقىلىڭلار دەپ ئىشكنى يېپىۋىدى، گۇپپىدە ئاۋاز ئاڭلاندى.

## 95

بىر كۇنى ئاخشىمى ئەخلەت توكەي دەپ ئىشكنى ئېچىپ چىقسام، پەشتاقتا تۇرغان كۆرەشنى كۆرۈپ قالدىم. قارىغاندا ئۇ كەلگىنى خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ ئەمما ئىشكنى قاقماي ساقلاپ تۇرغانلىغى مەلۇم ئىدى. ئۇ ماڭا سالام بېرىپ ئاندىن ئۆيۈمگە قاراپ، باشقا بىرى يوقتۇ دىدى. مەن قۇرۇق ئويىنى كورسۇتۇپ ھىچ كىم يوقلىغىنى بىلدۇردۇم، ئاندىن ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىراۋ بىلەن يۇمشاق ئاۋازدا بىر نىمىلەرنى دىيىشىپ ئاندىن "بۇ مىنىڭ قىز دوستۇم" دىدى. قاراڭغۇلۇقتىن بىر قىز بالانىڭ يۇزى كۆرۈندى، مەن كوڭلۇمدە مەن بىلەن تونۇشتۇرغىنى ئېلىپ كەپتۇ دەپ خوشال بولۇپ تۇراتتىم، ئۇلار ئويگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن "بۇگۇن ئاخشام ئويگە قايتىپ بارالمايمەن" دىدى. مەن چۈشەنمەي ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، ئۇ چاپىنىنىڭ يېڭىنى تۇرۇپ، قان بىلەن مىشىلداپ كەتكەن بىلىگىدىكى تېڭىقنى كورسەتتى. شۇنىڭ بىلەن زەن سېلىپ قارىسام ئۇستى بېشى قان تامچىلىرى بىلەن بۇلغانغانلىغىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ

دوختۇرخانىغا بارغانلىقىمنى سۆزلەپ بىلىگىدىكى كۇرۇمسىز ئەمما شىپالىق تېكىكلەرنى كورسەتتى. مەن نىمە بولغانلىقىمنى بىلگۈم بولسىمۇ كۆچلاپ سوراشنى ئەپسىز ھىس قىلىپ، قىيىن ھالدا قالدىم. ئۇ بۇنىڭ بىر تاسادىلىق ئىكەنلىكىنى دىدى، ئەمما مىنىڭ بۇنىڭغا چىك پىتىشقىمۇ ئۇرۇنمىدى.

"باشقا خەتەر يوقتۇ؟"

"ھىچ قانداق خەتەر يۆق"

"ئەينەكمۇ ياكى مىتالدىن بولدى بۇ يارا؟"

"مىتالدىن"

كۇرەش بۇنداق ئۇيگە بارسام ئاتا - ئانام ئەنسىرەپ قان بىسىمۇ ئورلەپ كىتىدۇ، قىز دوستۇم مىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا چىدىماي بىرگە ئەگىشىپ كەلدى. ئاتا ئانام مۇناسىۋىتىمىزنى قوللىغان تەقدىردىمۇ، بىرگە ئويگە بىرىپ، بىزنىڭ ئويدە قۇنۇپ قېلىشىنى ھەرگىز تۇغرا تاپمايدۇ دەپ چۈشەندۇردى.

قان تېغى كۆيىنىگىنى ماڭا يۇيۇشقا تاشلاپ بىرىۋىدى، قارىسام كۇرەش بەكلا تۇكلۇك كۇرۇندى. كۇرەشكە دىۋاندا ئۇرۇن راسلاپ، قىز دوستىغا مىھمانخانا ئويدە ئۇرۇن سىلىپ بەردىم، قىز يۇمشاققىنا كۇلۇپ قۇيۇپ كىرىپ يىتىپ قالدى.

"نىك بۇ ئىشنى باقىلارغا دەپ يۇرمەسسىز ھە"

"ئەلۋەتتە دىمەيمەن"

"مىنىڭ تۇساتتىن غايىپ بولۇپ كەتكىم يۆق"

بۇ گىپىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا سۇئال بىلەن قارىۋىدىم، ئۇ "تۇلا جىدەل قىلغان ياكى تۇلا ناماز ئۇقۇغان باللار تۇساتتى غايىپ بۇلۇپ كىتىدۇ" دىدى. كۇرەش بەكلا ھارغىن ھەم چۈچۈپ كەتكەندەك كۇرۇنگەچ، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن مىنى قىززىقتۇرۇپ قويغان سوئاللارنى سوراشتىن ئوزۇمنى تۇسىۋالدىم.

**96**

غۇلجىدىن 50 كىلومىتىر كىلىدىغان خۇايۇەن بازىرى غۇلجا شەھرىنى چۈرىدەپ تۇردىغان ئۇششاق بازارلارنىڭ بىرى بۇلۇپ، بۇنداق يەرلەردە ئىشلەپچىقىرىش دىۋىزىيەلىرىدىن باشقا يەنە ھەربى گازارمىلىرىمۇ بار. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قۇرشاپ مۇداپىيە كۇرۇش ئۇچۇن پايدىلىق دەپ ئورۇنلاشتۇرلۇشى ئېنىق ئىدى، مابادا غۇلجا شەھرىدە ياكى چىگرا رايونلاردا چاتاق چىقسا دەرھال ئىنكاس قىلىشقا پايدىلىق ئىدى. بىر قانچە يۇز يىلنىڭ ئالدىدا سادىر دىگەن بىرى خۇايۇەن

دىگەن مۇشۇ يەردە ئىسيان كۆتۈرگەن ئىكەن، سىنىپىمدىكى بىر قىز ئۇقۇغۇچى بۇ تەرەپكە ئۆتسىڭىز سىزنى شۇ يەرگە باشلاپ بارىمەن دىدى.

ئاپتۇۋۇز مىنى چىك سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان مۇنارنى چۆرىدەپ ياسالغان تۆت يولنىڭ دوقمۇشىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ مۇنار ئاللاھىدە ھەشەم بىلەن يېڭىلانغان ئىدى. كوچىنىڭ ياقىسىدا دۇكانلار ۋە يەرلىك ئۇلار بىلەن تۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆزگە بەكرەك كۆرۈنىدىغان ئەڭ چوڭ قورۇلۇش ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى تام قالدۇقلىرى بىلەن كونا دەرۋازىسى ساقلىنىپ قالغان ھەربى گازارمىس ئىدى. ئۇندىن باشقا سىرلىك ۋە خىتايچە خەت نەقىشلەنگەن بىر قانچە رۇسچە ئىمارەتلەرمۇ بار ئىدى. ھېلىقى قىز ئۇقۇغۇچۇمغا تېلىفۇن قىلسام خۇددى بىلگەندەك ئۇيدە يوق چىقتى.

مەن يول ياقىسىدىكى ئىچى قىز يىگىتلەرنىڭ توي رەسىملىرى، تاغ ـ داللارنىڭ سورەتلىرى بىلەن فارارىدەك داڭلىق ماشىنىلارنىڭ سورەتلىرى بىلەن بىزەلگەن بىر سوغاق ئىچىملىك ساتىدىغان چاقلىق بۇتكىدا ۋاقىت ئۆتكۈزدۇم. بۇتكىدا قېلىن كىگىز ئاستىدا يۆغان بىر پارچە مۇز بىلەن بىر داستا لىق قېتىق، بىر قانچا قاچا قوچا، مۇز چۇقۇلارىدىغان بولقا ۋە بىسلىق چانىغۇچ قاتارلىق نەرسىلەر بولۇپ، خوجايىن بىر قىزىل ئىشتان بىلەن يېشىل پوپايكا كىيۋالغان تۇڭگان ئايال ئىدى. مەن ئايال خوجايىننىڭ ئۇچلۇق چانۇغۇچ بىلەن بولقىسا مۇز پارچىلا، ئۇششاق مۇز پارچىلىرىنى بۇرجىگى ئۇچۇپ كەتكەن بىر قاچىغا سېرىپ سېلىپ، ئۈستىگە قېتىق ئارلاشتۇرىشىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ تۇختاپ قولىغا بىر بۇتۇلكىنى ئېلىپ ماڭا كورستىۋىدى، بۇتۇلكا قۇياشنى دالدا قىلىۋەتتى، مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردۇرۇپ، پۇتۇلكىدىن ساقىپ چۈشكەن ئالتۇنرەك قىيامنىڭ قېتىق بىلەن ئارلىشىشىغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ قاچىنى ماڭا سۇنىۋىدى مەن مۇزدەك سوغۇق ساراڭ دوغنى لەززەت بىلەن ئىچىشكە باشلىدىم.

نوۋەتتە نىمە قىلىشنى ئويلۇنۇپ تۇرسام، ئەتىراپتا تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خېلىلا كۆپلىگىگە دىققەت قىلدىمدە كۆڭلۇمدە چوقۇم مەسچىت بار بۇ يەردە، بىرىپ مەسچىت كۆرۈپ كىلەي دىگەن قارارغا كەلدىم. دوغچى ئايال بىلمەيدىغانلىغىنى دەپ ناۋايدىن سوراپ بېقىڭ دىدى. ناۋايدىن سوراي دەپ بارسام تونۇرغا نان يېقىش بىلەن ئالدىراش ناۋاي دەسلىۋىدە مىنىڭ كەلگەنلىگىمنى كورمىدى، كىيىن بېشىنى كوتۇرۇپ يېنىدا تۇرغان ئەژنەبىدىن سەل ھەيرانلىق ھىس قىلغاندەك بولۇپ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ 'ئاۋۇ يەردە' دەپ ئۇتتۇرىسىغا داتلاشقان تۆمۈر تىسەكلەر دوۋلەپ قويۇلغان بىر ھويلىنى كورسەتتى.

"مۇشۇ يەرمۇ؟"

"شۇ يەر شۇ"

"بۇ مەسچىتمۇ؟"

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغاننى دورىدى، مەن چۈشەنمەي ھەيران قېلىپ "ھاجەتخانە ئەمەس، مەسچىت ئىزدەۋاتىمەن" دىۋىدىم، ناۋاي خۇددى ئەژنەبىنىڭ زۇۋانىنى مەن نەدىن بىلەي دىگەندەك قوللىرىنى شىلتىۋىدى، تەلىيمگە يارىشا ئۇتۇپ كىتىۋاتقان بىر يولۇچى "بۇ مەسچىت ئىزدەيدىكەن" دەپ چۈشەندۈردى.

"نىمە دەپ ئېنىق دىمەيدۇ؟" دەپ كۈلۈپ كىتىپ، كۆچىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى كۆرسۈتۈپ قويۇپ، تۇنۇر بېشىغا قايتىپ كەتتى. مەن رەخمەت ئەيتىپ يولغا چۈشۈپ، 20 نەچچە مىنۇت مېڭىپمۇ بىرەر مەسچىتنىڭ قارىسىنى كورمەي، بۇ خاتا يەرمىدۇ دەپ ئىككىلىنىپ يولدىن ئۇتۇۋاتقان بىر ۋەلىسپىتلىك ئادەمدەن سۇرىسام "ئانچە يىراق ئەمەس، كەينىمگە چىقىۋالامسىز؟" دىدى. مەن ۋەلىسپىتنىڭ ئارقىسىغا قۇنۇۋېلىپ، مەش مىنۇتتەك ئىگىز پەس سۇقۇلۇپ ماڭغاندىن كىيىن پىششىق قىش بىلەن چىنە قىشتا بىزەلگەن يۇغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. گەرچە بۇ ئىمارەت تۈمۈرلەڭنىڭ مازىرىدەك ھەشەمەتلىك بولمىسمۇ، غۇلجا شەھرىدىكى باشقا مەسچىتلەردىن كوپ ھەيۋەتلىك ئىدى. قۇمرەڭ تامغا ھاۋا رەڭ ۋە قىزىل چاق ـ چۇقتىن بىزەكلەر ياسالغان بولۇپ، ئالاھىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئىككى ياقتا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارلارنىڭ ئۇزىدىن بىر خىل نامازغا چاقىرىۋاتقاندەك ھىس چىقىپ تۇراتتى. خۇددى راستىنلار ئازان چىللىغاندەك ياش قېرى دىمەي ئادەملەر مەسچىتكە يىغىلىشقا باشلىدى، ئاپرات كۆتۈرىۋالغان مەن خۇددى ناماز ئەلىنىڭ رەسىمىنى ئۇغۇرلۇقچە تارتىشقا ھازىرلانغان پاپاراتزىلاردەك چېقىپ قالدۇق. مېنى ۋەلىسپىتكە چىقىرىۋالغان ئادەم ماڭا بارمىغى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، مەن سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالسام "سىز مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟" دىدى.

گەرچە مەن قىززىقىپ قالدىم، ناماز ئۇقۇشنى كۆرۈشكە ھەۋەس قىلىمەن، ۋە ياكى گۈزەل مەسچىتلەردىن ھوزۇرلىنىمەن دىگەندەك نۇرغۇن قۇلاققا ياقىدىغان جاۋاپلاردىنى بىرىنى تاللاشنىڭ ئۇرنىغا مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ "شۇنداق، مەن مۇسۇلمان" دەپ جاۋاپ بەردىم. مەن خيايلىمدا بۇ ئۇنىڭ ئاڭلىماقچى بولغان جاۋابى دەپ ئويلۇنۇپ بۇنداق دىيىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە باشلاپ بېرىشىنى پەرەز قىلىمىغان ئىدىم.

"ئۇنداقتا كىرىڭ، ناماز ۋاختى بولۇپ قالدى" دىدى

قانداق ناماز ئۇقۇشنى بىلمىگەچ كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشتى، ئېنىقكى يالغانچىلىغىم ئاشكارىلىنىپ جازالىنىدىغان بولدۇم. مەن قۇلۇمى كۆتۈرۈپ مەن تېخى بىر قانچە ئاينىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولغان دەپ ئۇزۇمنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇندۇم.

"ئەنسىرىمەڭ" دىگىنىچە بېلىگىمدىن يىتىلەپ ئىچكىرىگە باشلاپ ماڭىۋىدى كاللامغا دەرھال بىر ئەقىل كىلىپ "بېشىمدا دوپپا يوق" دەپ ئەمدى قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇم دەپ تۇرسام "چاتاق يوق، بىزدە بىر قانچىسى بار" دەپ ئاياغ ئىشكاۋىنىڭ ئۈستىنى ئىما قىلدى.

**مەن دوپپىنى كىيىپ، ئايىغىمنى ئىشك ئالدىدا سىلىپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىردىم، قىلىن گىلەم سېلىنغان تورىسى پەس زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك مۇنبەر بار ئىدى. بۈگۈن جۈمە بولغاچ، زال ئىچىدە جۈمەگە توپلانغانلار ئىككى ئۈچ يۈزگە يېقىن جامائەت زالنى لىق تولدۇرۇپ بوش ئورۇن قالمىغانىدى. نامازغا كەلگەنلەرنىڭ بېشىدا رەڭگا رەڭ باش كىيىملىرى بولۇپ، شاپاق دوپپىلىقلار، قىزىل ياكى يېشىل دوپپىلىقلار، قاتارنىڭ ئالدىدا بىر قانچە سەللىلىكلەر شۇنداقلا يەنە بىر قانچە نايىكى دىگەن ماركىلىق شەپكىلىكلەرمۇ بار ئىدى. مەن ئارقىدىراق تۇراي دەپ مېڭىۋىدىم، ھەمرايىم مىنى تاتىپ ئالدىدىن تۇرتىنچى قاتارغا تۇرغۇزدى.**

**مەن كۆزۈمنى باشقىلاردىن قاچۇرۇپ ئەتىراپقا قارىسام، تاملار ۋە تۇرۇستىكى نەقىشلەرگە نەزىرىم چۈشتى، ئەمما بەكرەك تىكىلىپ قارىسام باشقىلار مەسچىتكە تۇنجى قېتىم كىرىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالامسۇن دەپ ئەنسىرىدىم. شۇڭا كۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا ئورۇن ئىزدىدىم، ئۇدۇلغا قاراي دىسەم تەبلىق باشلىغان مۇنبەردىكى ئىمام بىلەن كۆزۈم ئۇچرىشىپ قالىدىكەن، يانغا قارايسىدەم يېنىمدىكىلەرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىكەنمەن، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بېشىمنى ئىگىپ مەيدەمگە قاراپ تۇرۇۋالسام، تەقۋىداركەن دەپ چۈشۈنۈپ قالار دەپ مەيدەمگە قاراپ تۇرۇۋالدىم.**

**ھەممىمىز تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋىدۇق، ئىمام قېلىن بىر كىتاپنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىۋىدى، مەن قۇرئان بولسا كىرەك دەپ پەرەز قىلدىم. مەن بېشىمىن تىك تۇتۇپ، چىرايىمدىن قىزغىنلىق چىقىپ، كوزلىرىمدىن روھى دۇنيايىمنىڭ جىلۋىلىرى چىقۋاتقاندەك قىياپەتتە يالغاندىن كۆڭۈل قويغاندەك ئولتۇردۇم. يېنىمدىكى بىرى ئەسنىۋىدى، ئارقىدىن بىرىنىڭ كىكىرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر قانچە مىنۇتتىن كىيىن ئىمامنىڭ رۇسسىيە بىلەن ئامرىكا دەپ بىر نىملەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرغاندەك بولدۇم، دىمەك، بۇ ئۇنىڭ تۇقۇۋق بېشى ئىكەن دەپ ئويلاندىم.**

**ئىمام تالاغا چىقىپ يەنە بىر قېتىم ئەزان چاقىرىۋىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە يەردە ياڭراپ كەتتى، كىچىكىپ قالغانلار پالاقشىپ كىرىپ، تىزلىنىپ ئورۇن ئېلىشتى. ئىمام قايتىپ كىرىۋىدى ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇردى، ئۇ مىنبەرگە چىقىپ ئەرەپچىدە قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. دەسلىۋىدە جامائەت ئۇنىڭ ئىمامنىڭ قىرائىتىنى جىم ئاڭلاشتى، ئارقىدىن نامازنى رەسمى باشلىدى، بىر نىملەرنى دەپ پىچىرلاشقاندىن كىيىن خۇددى بىر گەپنى ئاڭلىيالماي قالغاندەك قوللىرىنى قۇلاقلىرىنى ئارقىسىغا ئاپىرىشتى، ئاندىن قۇلىنى ئالدىغا قويۇپ بىر قانچە سىكۇنت شۇنداق تۇتۇپ، ئاندىن يەرگە تىزلىنىپ ئۈچ قېتىم باش ئېگىپ تازىم قىلىشتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇخشاش تەرتىپنى يەنە بىر قتېىم تەكرارلاشقا باشلىدى.**

**بۇلارنىڭ ھەممىس ئاسان بولغاچ مەن چاندۇرماي دۇراپ ماڭدىم، بىلىشىمچە ھىچ كىم سەزمىدى. ئاندىن ئارقا تەرەپتىن ۋە ئالدى تەرەپتىن بىراۋلارنىڭ ئۆكسىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھىسياتىنى ئىنىگىلىزچىدە تەسۋىرلەش مۇشكۇم، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىنكاسى**

مەندە ئېتىقاد ئەمەس بىر خىل قورقۇنچ پەيدا قىلدى. ئىمام قولىدا بىر تاياق توتۇپ تۇختىماي ئۇقۇۋاتاتتى، بىر دۇختىماي تىزلىنىپ، قوپۇشنى داۋاملاشتۇردۇق، مەن كۆڭلۈمدە ئىمامنىڭ قولىدىكى تايان تەگسە قانچىلىك ئاغرىتار دەپ ئويلاندىم. ئارىلىقتا بىراز جىم ـ جىتلىق باشلىنىۋىدى، بەزىلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قايتىپ چىقىشتى، ئىچىدە مەن بىلەن باشقا بەكرەك تەقۋىدارلىرى داۋاملىق ناماز ئوقۇش بىلەن قالدۇق. بىر قانچە مىنۇت تەخىر قىلغاندىن كېيىن مەنمۇ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ غىپپىدە تىكىۋەتتىم.

**97**

"نىك ئاداش، قانداق تۇرىۋاتىمىز؟"

"هە، كۆلىىن قانداق ئەخۋالىڭىز؟"

"تونۇگۇن سىز بىلەن دامكا ئويناش ئۈچۈن ئىزدەپ بارساق يوقكەنسىز."

"سىرتقا چىققان"

"ئاغىنىلەر بىلەن چىققانمۇ؟ ياخشى بوپتۇ. بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىم، كىتاپخانىدا قىسمەن كىتاپلار يوقۇلۇپ كىتىپتۇ، سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئارىيەت ئالمىغاندۇ؟"

"مۇهىم كىتاپلارمۇ؟"

"ئۇنداقمۇ ئەمەس، شۇ بۇ كىتاپلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنىڭ بولغاچ، سۈرۈشتە قىلمىسام بولمايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئارىيەت ئالغان بولسا، ئۇلارنىڭ سەمگە سېلىپ قويغان بولسىڭىز، كىتاپ ئېلىشى تىزىملىكگە ئىمزا قويۇپ ئالسىكەن، ئىلتىماس".

"چۇقۇم يەتكۈزۈپ قويىمەن".

**98**

كۈن ئۇزۇراشقا باشلاپ، قىش پەسلىنىڭ سۇس قۇياش رەڭگىمۇ ئۆزگۈرۈشكە باشلىدى. هەر كۈنى يۇرۇق ۋاقىت 19 سائەتكە يەتكەندە ئالتۇن رەڭ كۈن نۇرى قىيام رەڭدىن ئاقۇش رەڭگە قاراپ ئۆزگەردى. ئۇيغۇر باللىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە توپ تېپىپ، ئىسقىرت چېلىپ شوخلۇق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئەتىگەنلىرى ئاسمان رۇشەنلىشىپ، تاغلار يېقىن كۆرۈنەتتى.

ئەتىگەنلىك دەرس ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى سۆزلىتىش بىلەن باشلايتىم، بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەپ، ئوقۇغۇچلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغاچ ئۇيقۇمدىن ئويغۇنۇشىمغا پايدىلىق ئىدى. گەرچە سەل زىركىشلىك بولسىمۇ دايىم باللاردىن ئۇ نىمە بۇ نىمە دەپ ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتىغۇزۇپ باشلايتىم. (بۇ مىنىڭ قەلەمدىنىم، قاراڭ نىمە دىگەن چىرايلىق بۇ؟ ياكى

بۇنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ تۇغرا بۇ ئاللاھىدە قەلەم" دىگەندەك سۇئاللار ئىدى). بىر كۈنى بىر ئۇقۇغۇچى بىر تال ئۇق كۆتۈرۈپ كىرىپ، "بۇ مىنىڭ تۇنجى مىلتىق ئاتقان كۈنۈمنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ كۈنى بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدىم" دەپ مىنى ھەيران قالدۇردى.

بىر قىز ئوقۇغۇچى تەتىلدا تارتقان رەسىملەرنى ئەكەلدىم دىۋىدى مەن تېخى غۇلجا دەرياسىنىڭ ياكى ئۈرۈمچىنىڭ رەسىملىرىمىكى دەپ ئەسنەپ كەتكەندىم، ئەمما رەسىمدىكى ئىگىز چۇققىلار، توپ ـ توپ قۇتازلار، ۋە قۇلىغىغا يۇغان كۆكۈش ھالقىلارنى تاقىۋالغان ئايالارنى كورگەندە پەرىزىمنىڭ خاتالىغى، قىپلىغىمنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم.

"بۇ رەسىملەرنى تىبەتتە تارتقان"

تىبەت دىگەن سۆز كاللامدا ئۇزۇندىن بىرى ساقلاپ كەلگەن يەنە بىر سۆز بىلەن ئۇچرىشىپ، نىمۇ دىگەن ئىسىم يادىمغا كەلدى. دەريا بويىدىكى ئوڭكۈردە ياشايدىغان نىمۇ دىگەن كىشى تىبەتلىك  ئىكەنلىگىنى خاتىرلەپ، ئارقىدىن خىيالىمغا ئالتە ئاي بۇران چاپقۇن، قار يامغۇرلاردىن كىيىنمۇ نىمۇ تېخى شۇ يەردىمىدۇ دىگەن سۇئال كەلدى.

چۇشتىن كىيىن مەن دەريا ياقىلاپ، ئاۋايلاپ مېڭىپ كەلكۈن ۋە يامغۇر ئېقىتىپ مېڭىش قىيىنلىشىپ كەتكەن ھېلقى يارنىڭ تۆپىسىگە يامىشىپ چىقتىم. بىرەر سائەتچە ئىزدەنگەندىن كىيىن ئۇنىڭ تالاغا قۇيغان دىۋانىنى كۇرۇپ قالدىم. ئاستى تەرەپتىن تۇمۇر تۇمۇرگە سوقۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن سېرىلىپ چۇشۇپ، ئەگىپ ئۇتۇپ نىمۇنى تاپتىم.ئۇ بىر جۇپ قوي يوڭدايدىغان قايچىنىڭ ئۇستىدىكى داتلارنى چىرىۋىتىپتۇ، سەل مۇكچىيىپ قالغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا نىمۇ ئۇز پېتى تۇرۇپتۇ دىسە بولۇدۇ. مەن سالام قىلىۋىدىم، ئۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. بەلكىم مىنى ئۇنتۇپ كەتكەندە دەپ تۇراتتىم، ئۇ يېنىمغا كىلىپ ھېلقى كەمپۇت بارمۇ يەنە دەپ سورىۋىدى يانچۇغۇمدىن ئېلىپ قېپى بىلەن ئۇنىڭغا سۇنسام، خۇشاللىغىدىن كۇلۇپ كېتىۋىدى ئاغزىدا چىشلارنىڭ ئازلاپ قالغانلىغىنى سەزدىم.

"نىمە بولدى؟"

ئۇ ئۇستى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ "يىقىلىپ كەتتىم" دىدى.

ئاغىزىدا چىش ئاز قالغاچ، گەپ قىلغاندا ئاغزىدىن ھاۋا قېچىپ، گىپىنى چۇشۇنۇش تېخمۇ تەسلىشىپ كەتكەندى. ئۇ بىر كۆتەكنى كورسىتىۋىدى بېرىپ ئولتۇردۇم.

"سىز تىبەتلىكقۇ؟"

شۇنداق؟"

"قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندىڭىز؟"

"1970 - يىلى ئازراق خاتالىق ئوتكۈزۈپ قويغانلىغىم ئۈچۈن، مىنى بۇ يەرگە پالىۋەتكەن. دەسلىۋىدە كۆمۈر كانىدا ئىشلىدىم، 1972 - يىلىدىن باشلاپ مۇشۇ يەردە ياشاپ كىلىۋاتىمەن، شەھەردە ياشاي دىسەم پۇلۇم يوق. دەسلىۋىدە ئاسانغا چۈشمىدى، كىيىن كۆنۈپ قالدىم، بۇ يەر ئارام بەخش" دىدى.

"توي قىلغانمۇسىز؟ بالا ـ چاقىلىرىڭىز بارمۇ؟"

"ئالتە پەرزەنتىم بار، قەشقەردە تۇرۇدۇ"

ئۆڭكۆرگە كىرىپ كىتىپ، بىر يەرلەرنى ماڭتىلاپ، سويگۇ بىلەن پۇرلىشىپ، ئۆڭۈپ كەتكەن رەڭسىز بىر رەسىمنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مۇشۇك ئېيىق ۋە مۇنارىلار ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان دىكۇراتسىيە ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئۆلتۇرغان ئۈچ جۈپ قىز بىلەن ئۇغۇل بالا بار ئىدى رەسىمدە. دادىسى خۇددى بىر قاۋۇل مەشقاۋۇلدەك چەبدەسلىك بىلەن باللىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى.

"ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆرۈشتۈڭلەر؟"

"1990 ـ يىلىمۇ 1991 ـ يىلىمۇ ئىسمىدە قالماپتۇر"

"سېغىنمىدىڭىزمۇ باللىرىڭىزنى؟"

"سېغىندىم، ئەمما مەندا بۇ رەسىم بار"

بارماقلىرى بىلەن باللىرىنىڭ چىككىسىنى سىلىدى.

**99**

تېلىفۇندا بىر قىز بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى

"خەللۇ نىك، مەن ئېيىدەم، چۇڭ دادام ئوپىراتسىيە قىلىنىپ خېلىلا ياخشى بۇلۇپ قالدى، مىنىڭ قۇلامۇ خېلى بۇشاپ قالدى، بىزنىڭ يىزىغا كىلەمسىز؟ "دىدى

"ئەلۋەتتە، قانداق بارىمەن؟"

"مەيداندىن 3 - يولغا چىقىپ يارقېقى تۆغراق دىگەن يەردە چۈشۈپ قېلىڭ"

يېزىغا بارىدىغان يېپ يېڭى ئاپتۇۋۇزنىڭ يالتىراق ئۇرۇندۇقلىرى بىلەن تۇتقۇچىلىرى يالتىراپ، خۇددى تۇپا چاڭ ۋە ئاڭگال داڭگال يىزا يولدا ئىست بۇلۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئەسكى يىزا يولى خۇددى يېڭى ئاپتۇۋۇزنى نەزەرگە ئىلمىغاندەك ئۇرۇپ، چايقاپ سىلكىپ سائەتلىك تىزلىگىنى ئون كىلۇمىتىردىن ئاشۇرماي، ئاخىر بىر ئوقنى سۇندۇرۇۋىتىپ، بىزنى يېرىم يولدا قويىدى. بىز ئاپتۇۋۇزدىن چۈشۈپ، مىجلىپ كەتكەن چاقنى كۆرۈپ، يېرىم سائەتتىن كىيىن

كىلىدىغان كىيىنكى نوۋەتتىكى ماشىنىنى كۈتۈپ تۇرغاچ، مەن ئەتىراپىنى كۆزەتسەم كەڭرى كەتكەن ئورۋال يەر، كۆك رەڭلىك ئويلەر بىلەن ئۆستىگە يۇغان تاشلار قويۇلغان، كىچىك قەۋرە تاشلىرى مەككىگە قاراپ تۇردىغان لايدىن قۇيۇرۇلغان مازارلار بىلەن تۇشقان پاكىز بىر زاراتگاھلىقنى كۆردۇم. يىقىن يەردە ئەتىراپىدا يىشىل چىنىقىش پارچىلىرى چىچىلىپ ياتقان، تورىسى بىسىلىپ قالغان گۈمبەزگە ئۇخشاپ كىتىدىغان يۇمۇلاق بىر ئوي بار ئىدى. مەن يۇچۇقتىن كۆزۈمنى قىسىپ گۈڭگا ئوينىڭ ئىچىگە قارىسام يۇغان بىر بىرزىنىنىڭ ئاستىدا بىر دوۋە نەرسە تۇراتتى، غۇۋا رەسىملەر بىلەن ئىشكاپلاردا تور باغلاپ كەتكەن كىتاپلار كۆرۈندى.

بىزنى ئىلىۋالغىنى كەلگەن ئاپتۇۋۇز ئادەملەرنى چىقىرىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئۆلگۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىقىۋالدىم. ماشىنا تىزلىشىپ، ئىتىزلار غۇۋالىششقا باشلىۋىدى، بۇ يولنىڭ ھىلىقى قان تامچىلايدىغان دەرەخ بار تەرەپكە باردىغان يول ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم. دەرەخقە يىقىنلىشىۋىدۇق، يىڭىدىن چىققان يۇپۇرماقلىرى تىخىمۇ يىشىل، شاخلىرىغا ئىسلىغان رەڭدار لىنتىلار خۇددى رەڭگا ـ رەڭ چىچەكلەردەك كۆرۈنۇپ، دەرەخنىڭ غۇلى مەن ئىلگىرى قىىم كۆرگەندىنمۇ يۇغۇناپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ماشىنا دەرەخكە يىقىنلاشقانسىرى يولنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى بۇ دەرەخكە ھىلىلا سۇقۇلۇپ كىتىدىغاندەك ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى. ئاپتۇۋۇز دەرەخكە يىقىنلىشىپ ئاستىلدى، دەرەخ شاخلىرى ئالدى ئەينەككە تىگىپ كىتەيلا دەپ قىلىۋىدى مەن سۇقۇلىدىغان بولدى دەپ ئۆزۈمنى مەككەپ تۇتتۇم.

ئەمما دەرەختىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتتۇق، ئالدى دولقۇنلاپ ئىقىۋاتقان بىر ئىقىندىن ئۆتۈپ، يارقىقى تۇغراق يىزىسىغا يىتىپ كەلدۇق.

مەن دەرەخ ئاستىدا بىر نىمە چايناپ ئولتۇرغان ئىپىدەمنى تاپتىم، ئۇنىڭ قاڭشىرى ئىلگىركىدىنمۇ بەكرەك گۈزەل كۆرۈندى. مەن ئۇزۈمنى لەۋلىرىدىن سۆيۈشتىن ئاران تەستە تۇسۇپ، قول ئىلىشىپ كۆرۈشتۇق. يول ياقىسىدىكى قاتار كەتكەن تىرەكلەر ئوخشاش مەنزىرىلەرنى خاتىرلەتتى، يول بويىدا تۇپا كوچىلارۋاتقان تۇخۇلار، بىر توپ غازنى ھەيدەپ ھويلىغا كىرىپ كىتىۋاتقان بەستلىك ئايال، بىر چەتتە تۇتۇتلاپ تۇرغان تەرەكتۇر قايناپ تاشقىنلىق بىلەن تۇلغان يىزا ھاياتىدىن دىرەك بىرەتتى.

مەن ئىپىدەمدىن سىلەرنىڭ يىزىدا ختتاي يۇقمۇ دەپ سۇرىسام

"يوق، بۇ پاكىز تۇپراق، ئۇلارنىڭ گەندە پۇرىغىدىن خالى"

"ئۇلار قانداق پۇرايدۇ؟"

"داۋر دەرمەك، يەنى ئاچچىق مۇرچ پۇرايدۇ"

"ئۇلار سىلەرنى نىمە پۇرايدۇ دەيدۇ؟"

"قوي گۆشى پۇرايدۇ دىيىشدۇ، بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن خىتايلار بۇرنىنى تۇتىۋىلىپ بۇ خىل پۇراققا چىدالماي قالىدۇ" دەپ كوڭلى ئاينىغاننى دورىدى.

ئېپىدەم يولدا ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملاشتى، بەزىلىرى مىنىڭ كىملىگىنى سورىدى، بەزىلىرى پەرۋامۇ قىلمىدى، بىز باراڭلىق بىر ھويلىنىڭ ئالدىدا توختىدۇق.

"بۇ ئويگە كىرىپ چىقساق بۇلامدۇ؟" دىدى

"بۇ بوۋىڭىزنىڭ ئويىمۇ؟"

"ياق، تاغامنىڭ ئۇيى".

ئېپىدەم ھويلىغا كىرىپ تاغىسىنى چاقىرىۋىدى، بىر قانچە مىنۇت ئويمەي، بەستلىك كەلگەن، قاپ ـ قارا چاچلىرىنىڭ ئەتىراپىغا قىرۇ چۈشۈشكا باشلىغان، سەل مۇكچىيىپ قالغان بىرى چىقىپ، ئېپىدەم بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. تاغىسى بىزنى ئويگە باشلاپ، قائىدە بوينچە مۋە چىۋىلەر ۋە تاتلىق تۇرۇملەر بىلەن چاي تۇتۇپ، ئاندىن گۆشنان بىلەن مېھمان قىلدى. ئىچىگە يۇمشاق پىشقان گۆشنان بىزنىڭ يۇتتىكى قىيملىق بولكىغا ئۇخشاپ كىتەتتى.

"بۇنى ياخشى كۇرەمدىكەنسىز نىك؟"

"بەكلا قالتىس ئىكەن"

"بازاردا بۇنداق ئىسل گۆشنانلارنى تاپماق تەس، مەن ئاشخانامدا ساتسام بازىرىم ئالاھىدە ئېقىپ كىتىدۇ"

"ئاشخانا ئاچامسىز؟"

"شۇنداق، مەيداندىكى كاۋاپ پادىشاھىنىڭ يېنىغا ئاچىمىز"

چىرايىمدىن ھەيرانلىق چىققان بولسا كىرەك "سىزچە بۇ غەلىتە پىكىرمۇ؟" دەپ سۇرىدى.

"ئۇنداق ئەمەس، مەن 18 ياشلاردىكىلەرنىڭ ئاشخانا ئاچقىنىنى كورمىگەن، شۇڭا ھەجەپلەندىم، پۇلنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟"

"مىنىڭ يەنە بىر تاغام بار، ئۇ ئەرەبىستاندىن پۇل ئىۋەتىپ بەردى" مەن ئېپىدەمنىڭ باشقىلارغا ئۇخشمايدىغانلىغىنى ھىس قىلىشقا باشلىدىم، ئۇنىڭ ئىرادىسلا بۇلۇپ قالماي، بۇ ئىرادىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىقتىسادىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى كەڭ، ۋە ئىنگلىزچە سەۋىيەسىمۇ يۇقۇرى بۇلۇپ، ئەركە نايناق قىز بۇلۇپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ جىسمىدىن بىر خىل تارتىنچاقلىق ۋە كەمتەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىمانى چىن،

ھەم كوڭلىنىڭ چۇڭقۇر قاتلىمىدا ئۇرۇن ئالغان بولۇپ، ئەزەلدىن ئۇغۇل دوست تۇتۇپ باقمىغان ئىدى، لېكىن كىيىم كېچەكلىرى مۇدا، تىرناقلىرى ھەمىشە بوياقلىق بولۇپ، كوڭلى نىمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئېرىشەلىشىدە قىلچە شەك يوق ئىدى.

تالادا بىر قانچە بالا ئاسماندىكى بۇلۇت تۈپى كەبى مىدىرلاپ تۇرغان قوي تۈپىنى ھەيدەپ، ئېتىزلارغا چۇشۇۋاتقان كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدا قوي تۈپىدىن چىققان پۇراقلار ئەتىراپقا يېيىلىپ، ھاۋادا قوي يوڭلىرىنىڭ ئۇچقۇندىلىرى لەيلەپ تۇراتتى.

يىراقتىن بىر ياشانغان كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئېپىدەمىنى ئىزدەپ چىققان بوۋىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئىدى. مەن بوۋايغا خىتايچە سالام قىلىپ ھال ئەھۋالىنى سورىسام بوۋاي چۇشۇنەلمەي قىلىۋىدى ئېپىدەم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئاندى بوۋاينىڭ جاۋابىنى ماڭا ئىنگىلىزچە تەرجىمە قىلىپ بەردى "ھال سورىغانلىغىڭىزغا مىننەتدارلىق بىلدۇرىمەن، ھازىر كۆپ ياخشى بولۇپ قالدىم، ئەمما قېرىلىق يەتتى" دىدى.

"قانچە ياشقا كىردى بوۋىڭىز؟"

"توقسان بىر ياش"

ئويدە بىزنى يۇغان بىر تەخسىدە ئۇستىگە توخۇم بېسىلغان پولو ساقلاپ تۇراتتى، ئاشقازىنىم ھىلى تېخى بىر نىمە يىگەنلىگىنى ئۇنتۇپ قېلىپ بىتاقەت بولۇپ كەتتى.

تاماقتىن كېيىن ئېپىدەم دۇئا قىلىۋىتىپ، ئاندىن "نىك تويغا بېرىشنى خالامسىز؟ بەكلا ئەن ـ ئەنەۋى توي" دىدى.

"كىمنىڭ تويى ئۇ؟"

"خوشنىمىزنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تويى، ئۇ يىگىت بەكلا قاملاشقان، ئەمما ئايالى ئانچە ئەمەس. ئاپلا ئۇنداق دىسەم بولمايتى، چۇقۇم ئۇنىڭدىن ئۈزرە تىلىشىم كىرەك" دىدى.

"مىنىڭچە ئۇنداق قىلمىغىنىڭىز ياخشىمىكى"

توي مەركىزى بىر مەيداندا ئوتكۇزۇلدى، ئەتراپتا بىر قانچە يۈز كىشى ئېلېكتىرونىك چالغۇ ئەسۋاپىتىن چىقىۋاتقان مۇزىكىنى تىڭشىغاچ قىز بىلەن يىگىتنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئالدىغا مېڭىشى بىلەن ھەممەيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى، قىزنىڭ توي كىيىمى خۇددى تەتۇرى ئۆرۈلگەن ئەتىرگۈلدەك گۇزەل بولۇپ، يىگىت قارا رەڭلىك كاستۇم -بۇرۇلكا كىيىپ، مەيدىسىگە قىزىل گۇل تاقىۋالغان ئىدى. ئۇلار مەندانىنىڭ ئوتتورىسىا بېرىپ ئۇسۇلغا چۇشتى. تۇساتتىن ئەتىراپتىكىلەر چۇقان سېلىشىپ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۇستى بېشىغا رەڭدار چاچقۇلارنىڭ چېچىپ، كىيملىرنى قىزغۇچ ھەم يېشىلغا بوياۋەتتى. ئاخىرىدا ھەممىمىز تەڭ ئاۋازدا ۋاقىراپ ئالقىشلىدۇق. ياش يىگىتلەر ئەتىگەندىن بىرى كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قاراپ تۇرغان قىزلار تۈپىغا

بىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلغا تەكلىپ قىلىدى، نۇرغۇنلىرى قوبۇل قىلىپ، جۈپ -جۈپ بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشتى. ئادەملەر ئوز ياشلىرىغا ماس ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسۇل ئويناپ، مەنداندا پىرقىراشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا تاشمەمەت ئاتلىق بىر يىگىت ھەممىدىن ئۇستا ئۇسۇلچى بولۇپ كۆرۈندى، ئەتىراپتىكىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئالقىشلىشىدى، ئۇ خۇددى ئاڭلىمىغاندەك لەرزەن ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇردى.

ھاياجانلىنىپ كەتكەن تاماشابىنلار مەندان ئوتتۇرىسىغا قاراپ قىستاشقا باشلىشىدى، قولىدا چىۋىق تۇتىۋالغان باشقۇرغۇچى ئارقىغا چېكىنمىگەنلەرنى چىۋىق بىلەن سىلىپ چېكىندۇردى.

بۇ توي ئەركىنىنىڭ تويىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى، ئۇنىڭ تويىدا ناخشا ـ ئۇسۇل يوق، قىز يىگىتلەر ئايرىم ـ ئايرىم ئولتۇرۇپ تەبرىكلىگەن ئىدى. بۇگۈنكىسى تامامەن باشقىچە بىر مۇراسىم بولۇپ، كىشىلەردە خۇشاللىقتىن باشقا ئىپادە چىقمايتى. مەنمۇ شۇ ھاياجانلىق تۇرتكىسىدە ئېپىدەمنى تانسىغا تەكلىپ قىلسام، ئۇ قىزىرىپ كېتىپ رەت قىلىشقا ئۇرۇنىشىدى مەن پەرۋا قىلماي ئۇنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ كىرىپ، كىشىنى مەسخۇش قىلىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ چىمىرلاشلىرى ئاستىدا توختىماي سائەتلەپ تانسا ئوينىدۇق.

**100**

يېقىندىن بىرى ئابدۇلنىڭ ھەركىتىدە بىر خىل غەلىتە بولۇپ قالدى. بىر قانچە ھەپتە ئارىدا كۆرۈنمەي، ئاندىن ماي ئايلىرىنىڭ دەسلىۋىدىكى بىر كۈنى ئۇنىڭدا نورماسىزلىقلار كۆرۈلۈپ، ئەقلىدىن ئېزىشقا باشلىدى.

بۇ ھالەت ئۈچ تۇققىنى بىلەن ماڭدۇرىۋاتقان ماشىنچىلىق دۇكىنىدا باشلاندى. ئاپىسى بىر قانچە نىلۇك ئىشتاننىڭ پۇچقىنى تۈرلەش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ ماشىنىنى ھەركەتكە كەلتۈرشى بىلەن ئابدۇل سىلكىنىشكە باشلاپتۇ، ئاندىن سىڭلىسى ماشىنىنى تېپىشكە باشلىغان ھامان ئابدۇل قولىغا بىر قايچىنى ئېلىپ، رىتىمغا كەلتۈرۈپ ئويدە پىقىراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن قورقۇپ كەتكەن دۇكاندا ئىشلەيدىغان ئاياللارغا چىرايىنى غەلىتە قىلىپ، بىر تەرەپتىن پىرقىراپ، بىر تەرەپتىن تىلىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ ئۇلارنى تېخىمۇ ئالاقە زادە قىلىۋىتىپتۇ. ئۇلار ماشىنىلىرىدىن يىراقلاپ ئوزلىرىنى قاچۇرىشى بىلەن ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىنىڭ توختىشى بىلەن ئابدۇلمۇ كوز قارچۇغى ئاسمانغا قاراپ، ئاغزى كالچىيىپ خۇدىنى يوقۇتۇپ يەردە يېتىپ قاپتۇ.

ئۇندىن كېينكى ئىككى كۈندە ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ھالىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغانلىرى قالماپتۇ، ئاپىسى ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان تاماقلارنى ئاغزىغا سىلىپ بېقىپتۇ، قېرىنىدىنىشى كاچاتلاپ بېقىپتۇ، ئايالى لەۋلىرىگە سۆيۈپ بېقىپتۇ، لىكىن ھىچ قايسى كارغا كەلمەپتۇ. ئاندىن ئۇنى ۋېرىنا مۇمايغا كورسۇتۇپتۇ، مۇماي ئاۋال ئابدۇلنىڭ قۇلىغى بىلەن ئاغزىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن قولىغا شىكەر سۈيى سۈركىگەچ ئايالىدىن بىر مۇنچە شەچىس

سۈئاللارنى سۇراپ بىچچارە قىزنى خىجىل قىلىشۇتىپتۇ. ئاخىرىدا قولنى پۇلاڭشىتىپ مەغلۇب بولغانلىقىغا تەن بېرىپ، مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئون يۈەن ئېلىپ قېلىپ ئۇلارنى يولغا ساپتۇ.

يىزنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىپ بىرىپتۇ، ئۇلارىن بىرى خۇشنا مەھلىدە بىرىنىڭ بۇنداق كىسەللەرنى داۋالاشقا ئېپى بارلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇ كىشىنى باشلاپ كىلىش ئۈچۈن بىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ كىشى ئەتىسى كىلىدىغان بوپتۇ.

ئۆزۈن تون كىيۋالغان پاكار ھەم كۆرۈمسىز كەلگەن بۇ ئۇچكە ساقال ئادەم يىتىپ كەلگەندا ھەممىسى ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كىتەلمىدى. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ گەپ سوزلىرىدىن كەسپىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يىڭى تۇماقلىرى بىلەن بەقەسەم تۇنلىرىنى كەيگەن ئەرلەر، تويدىلا كىيىلىدىغان چىرايلىق ئەتلەس كوينەكلىرىنى كەيگەن ئايالار يىزا مەيدانىغا توپلىشىپ، داپ -دۇمباقلارنىڭ ساداسىغا تەڭكەش قىلغان باخشىنىڭ ھەركىتىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۆزۈن ئوتمەي ئەقلى ھوشى باشقا يەردە پالاس قېقىپ يۈرگەن ئابدۇللىنى مەيدانىغان باشلاپ كىرىشتى.

باخشى ئالدى بىلەن ئابدۇلنى ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك رەخ بىلەن ياسالغان تانىدا باغلاپ، ئاندىن يىشىل بەلۋاغ بىلەن بېلىنى باغلاپ، كۆيۈپ كۆل بولغان تاياق بىلەن كاسىسىغا ئۈچ قېتىم ئۇردى. داپنىڭ ساداسىمۇ كۆچۈيۈشكە باشلىشۇدى باخشى ئابدۇلنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئىشارەت قىلىشۇدى ئۇلار ئۇنى مەككەم قىلىپ كىگىزگە ئۇرىدى. ئاندىن ئايالى ئىسرىق سېلىپ ئالدى بىلەن ئابدۇلنىڭ ئاغزىغا تەككۈزۈپ، تۇغۇلغان كۈنىنىڭ تورتىدەك نانىنىڭ چورىسىگە ئۇردى. ئىسرىقتىن چىققان كۈلىنى ئۇنىڭ يۈزىگە پۈدەشتى. ئاندىن بىر تۇخۇنى بۇغۇزلاپ قېنىنى ئابدۇلنىڭ بەدىنىگە سۈرتتى. بۇ مۇراسىم مۇشۇنداق بىر سائەت داۋاملاشتى، ھېلىقى باخشا بىلىدىغان بارلىق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ باقتى (بەزىلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىجات قىلىدى بولغاي)، ئەمما بۇلارنىڭ ھىچ قايىسى ئابدۇلغان كار قىلمىدى، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا كەتكەن يەردە قالغاندەك كۆرۈندى.

مىنىڭ دەرسىم بولغاچ فىلىمنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە ۋاقتىم يەتمەي تىلىۋىزۆرنى ئۇچۇرىۋىتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتىم. ئابدۇل زادى ساقايدىمۇ يوق بىلەلمەي قالدىم.

**101**

ھەر كۈنى 20دىن 50 گىچە كىشى ھوكۇمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا توپلىشىپ، ھوكۇمەت خادىملىرىنى كورگەن ھامان ۋارقىرىشىپ قارشىلىق بايان قىلىشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ توپلىشىش ئەمەلدارلارنى ئانچە چۆچۈتىۋەتمىدى، نامايىشچىلارنىڭ ھەركىتىمۇ ئانچە بەك كەسكەن ئەمەس ئىدى. قارىغاندا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ رولنى تۈلۈق ھىس قىلىپ قانداق قىلىشنى بىلىپ بولغان ئىدى.

بۇ جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تاقىلىپ قالغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇقۇمۇچىلىق فابرىكىسىدىن ئىشسىز قالغان ئىشچىلارنىڭ نارازىلىق نامايىشى ئىدى. مەزكۇر كارخانىنىڭ باشقۇرۇشى ناچار بولغاچ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىگىدە شەك يوق، ئەمما بۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ھېچ قانداق بىر كاپالەتسىز ئىشتىن بوشىتىلىشى ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. ئىشتىن بوشىتىلغان ئوي ئايدىن بىرى پەقەت بىر قېتىم ئازراقىنا پۇل ئالغاندىن باشقا ھېچ قانداق كىرىمى يوق ئىدى.

نامايىشچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسۇننىڭ ئىنىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى پەرزەنتىنىڭ بىرى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭغا دورا ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. زاۋۇت تاقالغىدىن بىرى ئىشسىز قالغان ئىنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى تۇرسۇننىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، تۇرسۇن بۇنى ئاكىنىڭ ئۇكىسىغا ئۇتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، قىلچە ۋايسىماستىن ئاشلاپ باقمىدىم. ئەمما بۇ خىل ئادالەتسىزلىكتىن ئۇنىڭمۇ قاتتىق ئۇغۇسى قايناپتى.

"قانداق ئىنسانلار بۇلار؟ ئۇلار نېمە دەپ باشقىلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ئاغزىدا بىر گەپ قىلمىشى باشقىچە، لەۋزىنىڭ ھېچ ئېتىبارى يوق. ئىتلار! ئۇلار ھەتتا ئىتقىمۇ يەتمەيدۇ! ئىنىم بۇ زاۋۇتتا قانچە يىل ئىشلىدى بىلەمسىز؟ ئالتە يىل، ئالتە يىل مۇشۇ ھايۋانلارغا ئىشلىدى، بۇلار كۆڭلۈمنى ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر بولمىغان بولساق بىزگە بۇنداق قىلمايتى. ھېچ قانداق بىرى ئۆز ئادەملىرىگە بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ".

ئۇنىڭ ئاچچىغىنى تۇغرا چۈشۈنۈشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ دېگەنلىرى خاتا، چۈنكى جۇڭگونىڭ شەرقى تەرىپىدىمۇ ئۆك مىڭلاپ كىشى ئوخشاش مۇشكۈلاتلارغا دۇچار بولۇشقان ئىدى. 2002 – يىلى مارت ئېيىدا شەرقى – شىمالدىكى داچىڭ نېفتىلىگىدە 50 مىڭ پېنسىيەگە چىققان ئىشچى نارازىلىق نامايىش ئۇتكۈزگەن، داچىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان لىئاۋياڭ دېگەن يەردىمۇ 30 مىڭ كىشى نامايىش قىلغان. ئۇلارنىڭ تەلىۋىمۇ غۇلجىدىكىلەردەك ئىشسىزلىق ۋە مائاش تۆختۈتۈلۈپ قويۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

جۇڭگودا ئىجتىمائى پاراۋانلىق تۈزۈلمىسى بولمىغاچ، بۇ خىل مەسئۇلىيەتلەرنى شۇ كىشىلەرگە مەسئۇل زاۋۇت كارخانا ۋە ئىدارە جەمىيەتلەر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. دېمەك ئىشتىن بوشىتىلغان ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش كاپالىتىنى ئۇلار ئىلگىرى ئىشلىگەن زاۋۇتلار ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دېگەن گەپ، ئەمما يېڭىدىن بازار ئىقتىسادىغا ماڭغان بۇ خىل كارخانىلار ئۈچۈن بۇنى تولەش ھەقىقەتەن ئاسانغان چۈشمەيتى.

گەرچە ھۆكۈمەت يېقىنقى يىللاردىن بىرى سۇدا سېتىقتا سەمىمى بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەققىدە نۇرغۇن ۋاراڭ – چۇرۇڭلارنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، پارىخورلۇق يەنىلا ئېغىر

**مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. گېزىت ژۇرناللاردا بۇ ھەقتە ئۇزۇن خەۋەرلەر بېرىلىپ، نۇرغۇن مۇھىم ئەمەلدارلار ئەتكەسچىلىك ياكا ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئەيىپلىنىپ، بەزىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. پارىخورلۇق ۋە خىيانەتچىلىكنىڭ ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈك پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەنلىگى ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى خەلق بۇرۇندىن بىرى ئەيىپلەپ كەلگەن بولۇپ، ھوكۇمەتنىڭمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىشى، كىشىلەر يۇقۇرىدىكى رەخبەرلەردىن باشقىسىنى مۇشۇ خىل قىلمىش بىلەن ئەيىپدار قىلسا بولۇدۇ دىمەكتۇر.**

**مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا غۇلجىدىكى بۇ ھادىسە ئالاھىدە ھىساپلانمايتى، يەنى غۇلجىدىكى ئىشسىزلىق مىللى كەمسىتىش مەسلىسى ئەمەس دىمەكتۇر. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدە دولەت بىلەن مىللەت دىگەن ئۇقۇمغا بولغان قارىشى ئارلىشىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئاساسلىق ھوقۇقدارلارنىڭ خىتايلار ئىكەنلىگىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچكىردە تۇزۇك ئادەم تۇنۇمىسا ياكى بېرىپ كىلىشكە ئېتياجى بولمىسا، ئىچكىرىدىمۇ ئۇخشاشلا نامراتلىقنىڭ دەردىدىن قىينىلىۋاتقانلارنىڭ بارلىغىن ئۇيغۇرلار نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلارنىڭ گىزىت ژورناللاردىن ئاڭلىغانلىرىنى ئۆزگەرتىدىغان باشقا ئۇچۇر مەنبەسى بولمىغاچ، ئۇشۇ ئاشۇرما ئۇچۇرلارغا چىن پۈتۈپ ئولتۇرۇدۇ خالاس. ئۇلار ئىكرانلاردا رۇناق تېپىۋاتقان خىتيالارنى كۆرگەندىن كىيىن، بۇ خىتاي ھاكىمىيتى بىزگە قارشى ئىكەن دىمەي قانداق خۇلاسىگە كەلسۇن؟**

**ئۇلارنىڭ بۇ خىل خۇلاسىسىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرمۇ ئاز ئەمەس، مەسلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئەركىنلىگىنى باستۇرۇش، ئۇلارنى بولگۇنچى دەپ جازالاش، مەجبۇرى بالا ئالدۇرۇتىش ۋە ئاممىۋى ھوكۇم ئىلان قىلىش يىغىنلىرىدە سازايى قىلىشلارنىڭ ھەممىس ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارىشنى ئىسپاتلاپ بىرىتى، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان خىتايلارنىڭ قىلمىشى بولۇپ كۆرۈنەتتى.**

**102**

**بىر كۈنى مىللى سىنىپتىكى مەدىنە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ھويلىسىدىكى ئالما دەرخىنىڭ ئاستىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرساق، بىر خىتاي قىزى كىرىپ كىلىۋىدى، بۇ ماڭا خۇددا نورمال ئەمەستەك تۇيۇلدى. ئۇ بوينىغا رەسىم ئاپىراتى ئېسىۋالغان بولۇپ، خۇددى يولدىن ئېزىپ قالغان ساياھەتچىدەك ئىشىك ئالدىدا تۇختاپ قالدى.**

**مەدىنە ئۇنىڭغا ئىنگىلىزچە سالام قېلىپ "خەللۇ لۇ خۇڭ" دىۋىدى مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇلارغا قارىدىم. لو خۇڭ ئۆزىنى تۇنۇشتۇرغاندىن كىيىن مەسىلىلەر ئېنىق بولدى. ئۇ نەنجىڭ ئۇنىۋىرستىتىدىن غۇلجىغا ئاخباراتچىلىقتىن ۋاقىتلىق دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن كەلگەن ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بولۇپ، غۇلجىدىكى خىتايلار بىلەن ئويغۇرلار**

ئوتتۇرىسىكى تارىخى مەسىلىلەردىن بىخەۋەر ئىدى. بىر نۆۋەتتىن ئېلىپ ئەيتقاندا ئۇ گەرچە خىتاي بولسىمۇ، ماڭا ئۇخشاشلار ياقا يۇرتلۇق ھېساپلىناتتى.

مەدىنە ئاشخانىغا كىرىپ كىتىۋىدى مەن لوخۇڭدىن غۇلجىغا قانداق قارايسىز دەپ سورىسام، ئۇ غۇلجىنىڭ بەكلا گۈزەل ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھاۋاسىغا ئامراق بولۇپ قالغانلىغىنى ئەيتىپ، يېنىدىكى ئۇزۇمە دەرىخىدىن ئۈزۈمە ئۈزۈشكە باشلىدى. ئەگەر مەدىنە چىقىپ تاماق تەييار بولدى دىمىگەن بولسا، ئۇ بىر تال شاخنى يالىڭئاچلاپ قۇياتتى.

مەدىنە تاماق ئەكىرىۋىدى، لو خۇڭ ئۇنىڭ رازىلىغىنىمۇ سوراپ قويماستىن ئاپىراتنى ئېلىپ رەسىمگە تارتىشقا باشلىدى. بەزى ھەركەتلەرنى ياخشى تارتالمىغان بولسا مەدىنەدىن قايتىلاشنى سوراپ، رەسىمگە ئالدى، مەسلەن چاينى تەكرار قويدۇردى پىيالىغا، مەن قولۇمنى ئۈچ قېتىم تەكرار يۇيۇشقا مەجبۇرلاندىم. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن رەسىم تارتىدىغان بىر مەنزىرە بولۇپ بەردىم، قانداق تارتىشقا خالىسا شۇنداق تۇرۇپ بەردىم، مەدىنەدىمۇ شۇنداق ھىسيات بولغان بولغىيدى، ئەمما ئۇ چاندۇرمىدى. ئەمام پولۇنىڭ سۈۋۈپ كىتىۋاتقانلىغىغا قاراپ تاقىتىم تۈشۈپ، ھوكۇمەت ئاخباراتچىلىققا شۇنچىلىك چەكلىمىلەرنى قويغاچ، ئاخباراتچىلىقتىن دەرس ئۆتۈش تەسمۇ دەپ سورىدىم.

"شۇنداق" دەپ ئاپىراتنى تۈختاتتى لو خۇڭ "مىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم دايىم نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىر بىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىغى ھەققىدە شىكايەت قىلىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا باشقا چارە يوق" دىدى.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى مەنتىقىلىق بولۇپ، بۇ مەدىنە ئۈچۈن دۇسقاننى ھازىرلاش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. بىز قارىنىمىزنى تۇقلاپ ئارقىمىزغا يۆلۈنۈپ ئولتۇرىۋىدۇق، مەدىنە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ "سىز خىرىستىيانمۇ؟" دەپ سورىدى.

"ياق" دىدىم مەن تەكرار تەكرار.

"ئۇنداقتا نىمىگە ئىتاقات قىلىسىز؟"

"ھىچ نىمە ئىتىقات قىلمايمەنغۇ دەيمەن"

ئۇ بەكلا ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قالغان بولسىمۇ، نىمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى سورىمىدى. ئۇ لو خۇڭدىن سورىۋىدى ئۇ "ماركىسىزىمغا ئىتىقاد قىلىمەن" دىۋىدە مەن دەرھال ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بىرىپ قويۇشنىڭ پۇرسىتىنى كۆرۈپ "سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟" دىدىم.

"بولىدۇ" دىدى لو خۇڭ

"سىزنىڭچە جۇڭگۇنىڭ ئىقتىسادى سوتسيالىستىك ئىقتىساتمۇ كاپىتالىستىكمۇ؟"

"بۈنىڭغا نىمە دىسەك بۇلار، سىپستىما يوق ئەمەس، ئەمما بۇ خىل پىستىما پەقەت بىر پايدىلىنىش قۇرالى بۇلۇپ ھىساپلىنىدۇ. خۇددى دىڭشاۋپىڭ دىگەندەك ئاق مۈشۈك بۇلامدۇ، قارا مۈشۈك بۇلامدۇ، چاشقان تۇتقان مۈشۈك ياخشى مۈشۈك" دىدى.

"دىگىنىڭىزغۇ تۇغرا، ئەمما مىنىڭ دىمەكچى بولغىنىم بۇ سۇتسيالىستىك ئىقتىساتمۇ ياكى كاپىتالىستىك ئىقتىساتمۇ؟"

"ئەركى بازار ئىقتىسادى"

"دىمەك كاپىتالىستىك ئىقتىسات دىگەن گەپ؟"

"تۇغرا"

"ئۇنداقتا ماركىس بىر جەميەتنىڭ تىپىك خاراكتىرىنى ئۇنىڭ ئىقتىسات شەكلى بەلگۈلەيدۇ دىمىگەنمۇ؟"

"ئىدىلۇگىيە مۇھىم، ئىقتىسات مۈشۈنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ"

"ئەگەر ئىقتىسادى سىپستىم كاپىتالىزىم بولسا، ئۇ مۇلازىمەت قىلىدىغان سىياسى تۈزۈلمىمۇ كاپىتالىزىم دىمەكتۇر؟"

بىر جىمىپ قېلىۋىدى مەن ئۆزۈمنى خۇددى بىر زالىمدەك ھىس قىلىپ قالدىم. ئاندىن ئۇ "تۇغرا دەيسىز، بىزنىڭ غايىمىز بىلەن ھەركىتىمىز ئوتتۇرىسدا بىر يۇچۇق بارلىغىنى كۆرۈۋېلىشقا بۇلۇدۇ. بۇ خىل ئىختىلاپلار ھەققىدە دايىم ئۇقۇغۇچىلىرىم بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بارىمىز. كىچىك ۋاختىمىزدا سوتسيالىزىم ھەققىدە تەلىماتلار ئالدۇق، كىيىن ئىشلار باشقىچە بۇلۇپ كەتتى، بەزىدە ئۆزىمىزمۇ سەل گاڭگىراپ قالىمىز. ئەمما مۇھىمى شۇكى قانداقلا بولمىسۇن بىز ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمىز، بۇ بىرىنچى ھالقىلىق مەسلە" دىدى.

مەن ئۇنىڭ سىياسى دۈگمىنىڭ ئارقىسدا پانا ئىزدىنىشكە ئۇرۇنمىغانلىغىدىن خۇشاللاندىم، لوخۇڭ ئىشىم بار دەپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى مەن تېخى مىنىڭ گەپلىرىمدىن بىزار بولۇپ كەتمەكچى بولغان ئۇخشايدۇ دەپ تۇرسام قاتنىشىدىغان يىغىنىم بار دىدى.

"بۇ خىل يىغىنلار چۈقۈم بەكلا زىرىكىشلىك، باشلىقلار تۇختىماي سۆزلەيدۇ، ئەگەر قاتناشمىسام تەنقىتكە ئۇچرايمەن" دىدى

مەدىنە ئۇنىڭ گىپىنى قۇۋۋەتلەپ كۈلۈپ كەتتى ئاندىن ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىغا رەخمەت ئېيتتىپ، قايتا كىلىڭ دىدى. لو خۇڭ قايتا ئۆزرە تىلەپ بىز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، مەن كۆڭلۈمدە ئىشلەر ھەمىشە مۈشۈنداق بولسا بولمامدىغاندۇ دەپ ئويلىدىم، بەلكىم بۇ خىل قارىشىم بەكلا ساددىچە بولسا كىرەك.

بىر ھازا جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن مەن مەدىنەدىن بۇ تۇنجى قېتىم خىتايدىن بىرىنى ئۇيگە تەكلىپ قىلىشىڭىزمۇ دەپ سورىدىم.

"شۇنداق، بۇ سەل غەلىتە تۇرىدىكەن، ئەمما ئۇ ياخشى قىز، بۇ يەردىكى خىتايلار ئۇنچە ياخشى ئەمەس، بۇ يەردە نۇرغۇن مەسىلەر بار"

"سىزنىڭچە بۇ مەسىلەرنىڭ تۇگۈنى ئىقتىسات بىلەن باغلىنىشلىقمىدۇ؟ ئەگەر نۇرغۇن كىشىلەر ئىشسىز قالمىسا، ئىشلار باشقىچە بولۇپ كىتەرمىدى؟"

"ياق مىنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، ھوكۇمەت دايىم شۇنداق دەپ ئىلگىرى سۈرىدۇ لىكىن مەسلە ئۇنىڭدا ئەمەس. مىنىڭ خىزمىتىم ۋە ئۇيۇم بار، لىكىن بۇنىڭ ئۇزى كۇپايە ئەمەس، خىتايلار بىزنى ھورمەت قىلمايدۇ، بىزنى ئۇزىدىن تۇۋەن كۇرۇدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلاردىن كۇرۇشكىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارلا گۇناكار ئەمەس، بىزنىڭ قىسمەن مولللىرىمىزمۇ بەكلا خۇراپى، ئۇلار كۆنىلىققا ئېلىشۋىلىپ، ئالغا ماڭمايدۇ، شۇڭا بىز تەرەققى قىلالامايمىز. بەزى مۇللامالار ھەقىقى ئىسلامنىڭ قانداق بۇلۇدىغانلىغىنىمۇ چۇشەنمەيدۇ".

"سەۋۇدى ئەرەبىستاندىكىدەك ئىسلامنى دەمسىز؟"

"تۇغرا، ھەقىقى ئىسلام شۇنداق بۇلۇدۇ"

"ئۇنداقتا سىزمۇ بۇرقا كېينشنى خالامسىز؟"

ئۇ كۇلۇپ كىتىپ "ياق، مىنىڭ ئۇنداق كېينىشمىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئەرەپلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئۇلارنىڭ يۇرتى بەك ئىسسىق بولغاچ شۇنداق كېيىنىدۇ"

مەن سەل كەينىمگە يېنىپ

"ئۇنداقتا سىزنىڭچە ئىشسىزلىق بۇ خىل مەسلىنىڭ تۇگۇنىمىدۇ؟"

"مەسلە ئۇنىڭدا ئەمەس، مەسلە خىتايلاردا، ئۇلار دايىم ئۆزلىرىنى بەكلا يۇقۇرى كۇرۇدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ خاراكتىرى".

"ھەممىسى شۇنداقمۇ؟"

"ھەممىسى"

"لو خۇڭچۇ؟"

"ئۇ بۇلۇپ قالىدۇ، بەلكىم قىسمەن خىتايلاردا ئازراق تۇغرا چۈشەنچە باردۇر. مەنمۇ دەسلەپتە سىزدەكلا ئىشىنىز بەلكىم بۇلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسىدۇر دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى ئۇنداق ئويلىمايدىغان بولدۇم، سىزمۇ بۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرسىڭىز پىكرىڭىز ئۆزگۈرۈپ كېتىدۇ"

"مېنىڭچە مەسىلە خىتايلاردا ئەمەس، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگۈنەر، مېنىڭچە مەسىلە ھاكىمىيەتتە، بۇ ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇنراق ۋاقىت كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، بەلكىم ئەللىك يىل كېتەر"

"ئەللىك يىل، بىز ئەللىك يىل ساقلىيالمايمىز، ئۇ چاغدا بەكلا ئازلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن".

**103**

كۇرەشنىڭ يارىسى ئوڭشىلىپ ئىشلىرى ئوڭغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى، ئۇ يېڭى بىر كۇرس ئېچىپلا قالماي، ئاتا ئانىسى ئۇنىڭ توي ئىشىغا قۇشۇلغان ئىدى. بىز دەريا قايىسدا سۇكۇت بىلەن ئولتۇرۇپ قۇياش ئولترۇۋۇپ، كەچكى شەپەقنىڭ تارقىلىشىنى تاماشى قىلىدۇق.

"سىزنىڭ ياخشىلىغىڭىز ئۈچۈن قاتتىق رەخمىتىم بار" دىدى

"ھېچقىسى يوق"

"ياق چىڭ كوڭلۇمدىن دەۋاتىمەن. ئەگەر مەن قىلالايدىغان ئىشلار بولسا چۈقۇم سىز ئۈچۈن بىجا كەلتۇرىمەن"

قالىغاچلار پەس ئۇچۇپ، دەريا يۇزىدىن شۇڭغۇپ ئۆتەتتى، يىراقتىن بىر ئىشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، دەريا ياقىسدا چىراغلار يېقىلىشقا باشلىدى. گەرچە كۇرەش بىلەن تونۇشقىنىمغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولىمسۇ، ئۇ مۇرات بىلەن تۇرسۇنغا قارىغاندا ماڭا بەكرەك ئىشىنىدىغاندەك بىلىندى. كۆڭلۇمدە ساقلاپ كىلىۋاتقان بىر قانچە ئۇزۇندىن بىرى سۇراش پۇرستى بولمىغان سۇئاللارنىڭ كىشىدە ئۇڭايسىزلىق پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەپ سۇرىماي كەلگەن ئىدىم، بۇ سۇئاللارنىڭ بەزىلىرنى بەكلا ئۇدۇل سۇراشقا تۇغرا كىلەتتى. بەلكىم كۇرەش بۇ سۇئاللىرىما ئەگىتمەي جاۋاپ بىرىشى مۇمكىن.

مەن دەرياغا سۇ يۈزىنى بويلاپ بىر تال تاش ئېتىۋىدىم تىزلا چۈكۈپ كەتتى، كۇرەش ئاتقان تاش بولسا سۇي يۈزىدە قاڭقىپ قاڭقىپ ئۆتتۈرىغىچە باردى. "ئۆتكەندە سىز قىسمەن ياشلار غايىپ بۇلۇپ كىتىۋاتىدۇ دىگەندەك بىر گەپنى قىلغانىدىڭىز، بۇ قانداق ئەھۋال؟"

ئۇ خۇددى گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك خىيلى ئۇزۇنغىچە يىراقلارغا نەزەر سېلىپ جىم تۇرغاندىن كىيىن، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىغاندا ئاندىن جاۋاپ بەردى.

"ئۇلار مەشرەپنى چەكلىۋەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر نارازى بولۇشتى، بەزى مولل‍ىلار ئۆز ئېتىقادىمىزنى قوغداشنىڭ زورورلىگىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياشلارغا زورور تېپىلسا جىن تىكىپ ئېلىشىش كېرەك دىگەندەك گەپلەرنى قىلدى. نۇرغۇن ياشلارنىڭ ئېتىقادى بەكلا كۈچلۈك بولغاچ، بەزىلەر ئاچچىغىدا بىرەر ئېغىز دەپ قىلىپ قويسا چېقىمچىلار چېقىپ قويدى. قىلغان گەپ سۆزلىرىڭىز ساقچىلارنىڭ قولىغىغا ياقمىسا، يېرىم كىچىدە كىلىپ تۇتۇپ كىتىدۇ. نۇرغۇنلىغان باللار قايتىپ كېلەلمىدى، بەزىلەرنىڭ جەسەتلىرى يىزىلاردا تېپىلدى، بەزىلىرىنى جەسىدىمۇ تېپىلمىدى"

"سىزنىڭچە تۇتۇلۇپ كەتكەنلەر قانچىلىكتۇ؟"

"مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، بەلكىم بىرەر يۈز ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكتۇ".

قاراڭغۇ ئاسماندا ئاي تېخى جىلۋىسىنى كۆرسەتمىگەن بولۇپ، قىرغاقتا بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

"ياشلارنىڭ مۇشۇنداق ئىز دىرەكسىز يوقۇلۇپ كىتىشىگە كىشلەر قانداق ئىنكاستا بولدى؟"

"ئۇلار بىر تەرەپتىن غەزەپلەنەس يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدى، بەزى جىگىرى بارلىرى نارازلىق ئەرزى سۇنۇشتى"

"كىمگە؟"

"ئۇرۇمچى ساقچى دائىرلىرىغا، ھەتتا بېيجىڭغىچە ئەرز قىلغانلارمۇ بار، ئەمما ھىچ ئىشقا پەرۋا قىلمىدى"

"كېينچۇ؟"

"بەزى ئىز دىرەكسىز يوقۇلۇپ كەتكەن باللارنىڭ دادىلىرى مەيدانغا توپلىشىپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ شۇئار توۋلاپ، باللىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىگىنى بىلمەكچى ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەندە ئۇلارنىڭ ساقچىلار تۇتۇپ كىتىشتى"

"قاچانقى ئىشلار بۇ؟"

"يانۋاردا، يانۋارنىڭ ئاخىرىدا"

بۇ سۇئاللارنىڭ دەل ۋاختىدا سورىغانلىغىمنى ھىس قىلدىم، خاتا ئادەمدىن سوراپ قالمىغاندىمەن ھەر ھالدا.

"فېۋرالدىكى نامايىشقا مۇشۇ ئىشلار سەۋەپچى بولغانمۇ؟ دىمەكچىمەن مۇشۇ نامايىشلار؟"

"نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قولغا ئېلىنغان دادىلارمۇ خۇددى باللىرغا ئوخشاش ئىز دىرەكسىز غايىپ بولۇپ كىتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، تۇققانلىرى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ بارسا، ساقچىلار رەت قىلىپتۇ ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈش تەلىۋىنى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئادەم توپلىشىپتۇ ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا، جىددىلىشىپ كەتكەن بىر ئەسكەر ئوق چىقىرىپ بىر ئايالنى ئولتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مىڭلارچە غەزەپلەنگەن خەلق ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا كىلىپ داۋا قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئايال ئۈچۈنلار كەلگەنلەر ئەمەس، بەزىلەر خىتايلار بىلەن ھوكۇمەتكە ئۆچ بولغاچقا كەلدى، بەزىلەر ئىشسىزلىقتىن قاتتىق غەزىۋى كىلىپ كەلدى، بەزىلەر مۇللاملارنىڭ گىپىگە كىرىپ كەلدى، بەزىلىرى ئۇرۇش جىدەلگە ئامراق بولغاچ كەلدى".

"سىزچۇ؟"

"مەن باشقىلارنىڭ يول كورستىشىنى ياخشى كورمەيمەن، لىكىن ئۇرۇش جىدەل قىلىشمۇ خاتا، بۇ بىزگە ماس كەلمەيدۇ".

گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ راس بولۇشى ئېنىقسىز بولسىمۇ، ئاخىردا ئازراق مەنتىقىگە ماس كىلىدىغان جاۋاپقا ئىرىشتىم. بەلكىم بۇمۇ ئاقما پاراڭلارنىڭ بىرىدۇر، ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرماي ئىشنىڭ تېگىنى بىلىش راسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەمما مەن تۇنۇيدىغان ئەقلى ھوشى جايىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتا ئىدى. خەمىت بىلەن ئىسمائىلمۇ كىيملىرىنى سېلىۋەتكەن نامايىشچىلارنى كورگەنلىگىنى ئىلگىرى سۆردى. ئىسمائىل سىرلىق تەلەپپۇزدا "ئەينى چاغدا ئۇلار ئىشلارنى تولۇق ئاڭقىرالمىغان ئىدى، ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى " دەپ قوشۇپ قويدى ئادەمنى قايماقتۇرۇپ. غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەھمۇرى باشلىغى ما شىچاڭنىڭ دەسلەپكى نامايىشچىلارنىڭ كىيملىرىنى سېلىۋىتىپ "ئوخلىماڭلار! غىزالانماڭلار! ئىشلىمەڭلار!" دەپ شوئارلارنى توۋلىغانلىغىنى بايان قىلىشى ھوكۇمەت تەرەپ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئۇچۇرلاردىن يۇقۇرقىلارنىڭ بايانىغا ئەڭ يېقىن كىلىدىغان ئۇچۇر ھىساپلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن قارىغاندا غۇلجا ۋەقەسى ئىشسىزلىق، دىنى ئەركىنلىكنى باستۇرۇش، رەھىمسىز پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى زالىملىق بىلەن ئىجرا قىلىشى قاتارلىق ئادالەتسىزلىكلەرگە چىدىمىغان خەلق، ھەقىقى ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش خىيالىدا ئېلىپ بارغان ناماشىنىڭ خۇلاسىسى بولسا كىرەك. ئاردىن بەش يىل ئوتۇپ كەتكەندىن كىيىنمۇ يۇقۇرقى ئادالەتسىزلىكلەردە ھىچ بىر ئۆزگۈرۈش بولغاندەك ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئەركىنلىگى تېخىمۇ چىڭ كونتۇرۇللۇققا ئۇچراپ، كۈندىن كۈنگە ناچارلاشماقتا.

## یاز

**104**

***ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆنى ھەر قانداق ياخشى يامان ۋەزىيەتتىمۇ بىر خىل قۇلايسىزلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.***

ئالبرت خۇرانىنىڭ 'ئەرەپ خەلقىنىڭ تارىخى' دىگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى

غۇلجىدا بۇ خىل نامايىشلار داۋاملىشارمۇ؟ بۇنداق بۇلۇشى مۇمكىن، چۈنكى نارازىلىقلار تۇساتتىن غايىپ بولمايدۇ. ئەمما ئەينى چاغدىكى ئەۋالدىن قارىغاندا 1997 ـ يىلىدىكى ۋەقەگە ئوخشاش كەڭ كۆلەملىك ھەركەتنىڭ يۈز بىرىشى تازا مۇمكىن ئەمەستەك بىلىندى. چۈنكى ئەينى چاغدا ھوكۇمەت بۇ خىل چوڭ كۆلەملىك تامايىشلارغا ھازىرلىقسىز بىلەن دۇچ كەلگەن، ئەمما ھازىر ئەتىراپىنى ھەربى گازارمىلىرى بىلەن قۇراللىق ساقچى كۈچلىرى قاپلاپ كەتتى. غۇلجا شەھىرنىڭ مەركىزىدە ئۈچ ھەربى گازارمىسى بار بۇلۇپلا قالماي، خۇيىيۇەن قاتارلىق شەھەر ئەتىراپىدىمۇ قۇراللىق كۈچلەر تارقاق ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇندىن باشقا يەنە ئىشلەپچىقىرش دۇۋىزيەلىرى بار. بۇ ھالەتتە ھەر قانداق بىر ناماش تىزلا بېسىقتۇرۇۋېتىلىدۇ.

بۇ خىل ۋەزىيەت شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىگىچە ئومۇملىشىپ كەتكەن، ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان خىتايلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشغا ئەگىشىپ ئويغۇرلار ئۆز يۇرتىدا ئاز سانلىقلار بۇلۇپ قالغان. خىتايلارنىڭ سانى ئارتىپ بارماي، ھەربى كۈچى ئاشمىغان تەقدىردىمۇ ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگۈدەك بىرەر يىتەكچىسىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ئاساس سەۋەپلەر ھوكۇمەت بىر تەرەپتىن 'بولگۈنچىلىك' پۈرىغى چىققانلارنى باستۇرۇپ يوق قىلسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتىپاقسىزلىقلارمۇ خەلقنى بىر يەرگە جەم بۇلۇشىغا تۇسقۇنلۇق قىلاتتى. دىمەك ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىردىن بىر ئۈمۈت خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ ئىچىدىن پارچىلىنىش بۇلۇپ قالغان، بۇ خىل ئىتىماللىق تازا رىئاللىققا ماس كەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنداق بولمايدۇ دىگىنىمۇ بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رىئاللىقنى قۇبۇل قىلىشى كىرەك.

نوۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىككى خىل يول قالغاندەك قىلىدۇ، بىر مۇشۇ خىل بىچچارىلىق ھالىتىنى قۇبۇل قىلىپ، خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئۈمۈتسىزلىكى ئىچىدە بۇرۇختۇم بۇلۇپ تۇڭگانلاردەك ئاسسىمىلاتسىيە بۇلۇپ تۈگەش، ۋە ياكى خىتايلار بىلەن قۇيۇق بىرىش قىلىش ئاساسىدا ئۆز مىللى كىملىگىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كورسىتىشتۇر. ئەمما بۇ ئىككىنچى تاللاشنىڭ قانداق نەتىجىگە ئېلىپ بېرىشى ھوكۇمەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەقىقى ئاپتونومىيە پۇرستى بىرىش بەرمەسلىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۇقۇرىدىن چۈشۈرۈلگەن بويرۇققا ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىزمەت تىلى ئەتىبارى يوق قىلىۋېتىلگەن ئىدى. گەرچە بۇ قاراش ئۇچۇق ئاشكارە دېيىلمىگەن بولىسمۇ، گەپنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنىڭ ھىس قىلىش تەس ئەمەس. 2003 - يىلى سىنتەبىردىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتىتىدا ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتىدىن باشقا دەرسلەرنىڭ ھەممىسى خىتايچىدە ئۆتۈلىدى دەپ ئۇختۇرۇش قىلىندى. ئىلگىرى ئۇقۇغۇچىلاردا ئۇيغۇرچە ياكى خىتايچىدە ئۇقۇشنى تاللاش پۇرستى بار ئىدى، ئەمما بۇندىن كيىن باشلانغۇچتىن باشلاپ ھەممە دەرسلەر خىتايچىدە ئۆتۈلىدىغان بولغان. ھوكۇمەتنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن تەبىرى شۇنداق بولغاندا ئارقىدا قالغان ئۇيغۇر مارىپى خىتاي مائارىپىنىڭ سەۋىيىسگە يىتەلەيدىكەن. ئۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئىشقا ئۇرۇنلىشىش پۇرستى ياخشى بۇلىدىكەن.

بۇنداق دىيىشنى تامامەن خاتا دىيىشكىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى مائارىپ تەربىيەسى ئاساسەن خىتايچە ئۇقۇغانلار ئۇچۇن پايدىلىق بۇلماقتا. نۇرغۇن ئىمتىھانلار خىتاي تىلىدا ئېلىنماقتا، بۇلۇپمۇ كومپيۇتېر ئىلمى قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرنىڭ ھەممىسدا كىتاپ ژۇرناللار ئاساسەن خىتاي تىلىدا چىقىدۇ. شۇڭا نەزىريە جەھەتتىن ئېلىپ ئەيتقاندا خىتايچە ئۇقۇغان مىللىلار خىتايلار بىلەن تەڭ رىقابەت قىلالايدۇ دىمەكتۇر.

خىتايلار ئۇچۇن پايدىلىق بۇلغان مائارىپ تۈزۈمىنى تېخمۇ ئۇلار تەرەپكە ئىتتىرشنىڭ ھىچ قانداق ئاساسى يۇق، چۈنكى بونداق بولغاندا خىتايچە بىلمەيدىغان كۆپ ساندىكى نامراتلارنىڭ كۈنى تېخمۇ تەسلەشمەمدۇ؟ ئۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ ئېڭىدە خىتايچە ئۇيغۇرچىدىن ياخشى دىگەن ئۇقۇم يۇشۇرۇنغان. بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئەيتقاندا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىتاي 'ئاغىسى' قالاق مىللىلارغا نىمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىگىنى ئۇگۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىللى مەدەنيىتى ۋە كىملىگىگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ دىگەن گەپ.

بۇ يېڭى قانۇنغا كىشلەرنىڭ قانداق قاراشتا ئىكەنلىگىنى سۇراشنىڭمۇ ھاجىتى يوق دەپ خىيال قىلدىم، مىنىڭ قارىشىمچە خىتايلار بۇنى قۇللايدۇ، ئۇيغۇرلار بولسا ئىچ ـ ئىچىدىن قارشى تۇرىدۇ. مەن خىيالىمدا غۇلجىغا كەلگىنى بىر يىل بۇلۇپ قالدى، يەرلىك خەلقنىڭ قانداق ئويدا ئىكەنلىگىنى، قانداق مەسلىلەرگە دۇچار بۇلۇۋاتقانلىغىنى چۈشۈپ يەتتىم دەپ قاراپ، خەمىتتىن بۇ قانۇنغا قانداق قارايىغانلىغىنى سۇرىغىنىمدا كۆڭلۇمدە ئۇنىڭدىن قانداق جاۋاپ چىقىدىغانلىغا خېلىلا ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

"بۇ بەكلا ياخشى ئىش، بۇنىڭ بىز ئۇچۇن كۆپ پايدىسى بار" دىدى.

قۇلۇغۇمغا ئىشەنگۇم كەلمەي ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم

"باللىرمىزنىڭ ئىستىقبالى ياخشى بولىدۇ، ياخشى خىزمەت تېپىش ئۈچۈن چوقۇم خىتاي تىلىغا پۇختا بولۇش كېرەك، شۇڭا بۇ ياخشى ئىش"

"ئۇلار ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىمەمسىز؟"

"باللار ئۇيغۇرچىنى ئۆگۈنىۋالىدۇ".

"قەيەردە؟ مەكتەپتىمۇ؟"

"ياق، ئۇزۇن قالماي مەكتەپتە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ"

"قاچان؟"

"ئىككى ئۈچ يىل ئىچىدە مىنىڭچە"

"دىمەك ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگۈنۈش پۇرسىتى يوق دىگەن گەپمۇ؟"

"شۇنداق"

بۇنىڭدىن ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەندەك كۆرۈندى خەمىت، مەن ئۇنداقتا باللار قەيەردە ئۆگۈنىدۇ ئۇيغۇرچىنى دىسەم "ئۆيدە ئۆگۈنىدۇ، بىز ئۆگۈتىمىز" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى مەندىكى گۇماننى يوقىتالمىدى، چۈنكى مەن خىتاي تىلىدا ئوقۇغان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ دەرستىن كېيىنمۇ بىر بىرى بىلەن خىتايچىدە پاراڭلىشىدىغانلىغا دىققەت قىلىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرچە يېزىقتىن تامامەن ساۋاتسىز. دىمەك نۇرغۇن ئاتا ئانىلاردە خەمىتتەك ئانا تىلىنى پەرزەنتلىرىگە ئۆگۈتىش ئىستىگى بولمىسا كېرەك.

مائارىپنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى قوللايدىغانلار خەمىت بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، مەن سوزلەشكەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاتا ئانىلار بۇنى قوللايدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى. مەن ئەنگلىيەنىڭ ۋېلىس رايۇنىدا گەيلىك تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك خەلقنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئۇلارغا ئازراق مەلۇمات بىرىشقا ئۇرۇنسام، گىپىمگە تولۇق دىققەت بىرىدىغاندەك قىلىشمىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئانچە غەم يەپ كەتكەندەك قىلمايتى، ياكى بۇنداق غەملەرنى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماجالى يەتمىسە كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن دەردى خىيالى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئىستىقابلى ئۈچۈن غەم يەش بولۇپ قالغان ئىدى. قارىغاندا مەندىن باشقىسى بۇ مەسلىگە كۆڭۈل بۆلمىسە كېرەك.

106

"كىشىلەرگە ئۆز تىلىنى ئۆگىنىش پۇرسىتى بېرىش كېرەك، بۇ ياخشى ئىش، چۈنكى بۇ دىگەن ئانا تىل. ئەگەر بىرەرسى سىزنى خىتاي تىلى ئۆگىنىشتىن توسۇپ قويسا بۇنىڭغا رازى بولامسىز؟ مىنىڭچە ھەرگىز ئۇنداق بولۇشنى خالىمايسىز" دەپ نۇتۇقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئورنىدا ئولتۇرىۋىدى ۋاڭ دوڭ بەزىلەر ئۇنى قىززەتلەپ چاۋاك چېلىشتى. چاۋاك چالمىغانلىرىنىڭ بەزىلىرى باشلىرىنى چايقاپ ئېتىراز بىلدۈرۈشتى، بەزىلىرى ئەيتاۋۇر چۈشلۈك تاماقنى خىيال قىلىشىپ، قۇڭغۇراق چېلىنىشنى كۈتۈپ ھاڭېېقىپ ئولتۇرۇشتى. مەن ئامىرىكا مارىپ سېستىمىسىدا ئانا تىلى مائارىپى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇنازىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىنى ئۇقۇغۇچىلىرىمغا بېرىپ، ئۇلاردىن ئانا تىلى مائارىپىغا قانداق قارايسىلەر دىگەن سۇئالنى سورىغان ئىدىم. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەن ئۇلاردىن ئۆز دولىتىنىڭ نوۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزىۋاتقان مائارىپ سىياسىتىگە قاراپ بېقىش مەقسىدىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ شۇنداق قىلغان ئىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام ئۆزۈمنىڭ بۇ باتۇرلۇغىدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم، بەلكىم غۇلجىدىكى ۋاقتىمنىڭ ئاز قېلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان جاۋاپسىز قالغان سۇئاللىرىمغا جاۋاپ ئىزدەپ بولالماي تاقىتىم تاق بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم بولغاي دەپ يەكۈنلىدىم.

18 ياشلىق بۇ خىتاي بالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارمۇ پەرۋا قىلماۋاتقان ئانا تىل مائارىپىنى قوللىشى ماڭا راسلا غەلىتە تۇيۇلدى. ئەمما بەزىلەر ئۇنىڭ قارىشىغا قۇشۇلمىدى، بىر قىز بالا، دولەت ئۇقۇمى بىلەن مىللەت ئۇقۇمىنى ئارلاشتۇرۇپ، 'ھەممىمىز خىتاي پۇقراسى بولغاندىكىن ھەممىمىز خىتايچە سۆزلىشىمىز كېرەك' دىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر قىز بالا 'بىزنىڭ سانىمىز ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ' دەپ قۇشۇپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن تالاش تارتىش باشلىنىپ ۋاڭ دۇڭ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى

"سىزنىڭچە بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ ئۇلار ئۆز تىلىدا سۆزلەشسە نىمە بوپتۇ؟"

ئۇستىگە كىچىك ئېيىقنىڭ سۈرىتى بېسىلغان ياقىسىز مايكا كىيىۋالغان ۋىجىك بىر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ "مىللىلار بىر يەرگە كېلىۋېلىپ ئۆز تىلىدا سوزلەشكەننى ياخشى كورمەيمەن، بەكلا غەلىتە تۇيۇلىدۇ ماڭا" دىدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل ھىسياتىنىڭ قانداق بولۇدىغانلىغىنى مەنمۇ چۈشۈنەلەيمەن، چۈنكى مەنمۇ تۇنجى قېتىم خىتايغا كەلگەندە ھىچ قانداق خىتايچە گەپنى چۈشۈنەلمىگەچ، كىشىلەرنىڭ ماڭا قاراپ قىلغان سوز ياكى كۈلكىلىرىنى مىنى بىر نىمە دەۋاتىدۇ دەپ بىئارام بولغاندىم.

ۋاڭدۇڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كوپتۇرمە چاچلىق پاكار قىز (بەلكىم ۋاڭدۇڭنىڭ قىز دوستى بولسا كېرەك) ئورنىدىن تۇرۇپ "ئۇلار نىمە دەپ بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگىنىش شەرت، بىزمۇ ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيمىزغۇ؟" دىدى.

ئىنگلىزچە دەرسىدە بۇ خىل سىياسى مۇنازىرلەردىن نائارام بۇلۇشقانلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ تىپىرلاپ كەتكەن تاۋۇشى ئاڭلاندى. تەنتەربىيە كىيىمى كىيۋالغان بىر ئاۋاق ئۇغۇل بالا "ھەممىز خىتاي گىراژدانىغۇ؟ ئەگەر ۋەتىنىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزايلى دىسەك چۇقۇم ھەممىز ھەم نىيەت بۇلۇپ ھەمكارلىشىمىز كىرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىر بىرىمىز بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان بۇلۇشىمىز كىرەك، ئەگەر بىر بىرىمىزنىڭ تىلىنى چۈشەنمىسەك بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خۇددى بابىل مۇنارىدەك بولمامدۇ [1]. خۇددى بابىل مۇنارىدەك ئارىمىزدا ئىتىپاقلىق بۇزۇلۇپ كىتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇز تىلىنى ساقلاپ قالسا بۇلۇدۇ، ئەمما خىتايچىغىمۇ پۇختا بۇلىشى كىرەك" دىدى.

ئۇنىڭ گىپى ئاساسىز ئەمەس ئىدى، ئەگەر خىتايچەگە پۇختا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاشسا، خىتايلار بىلەن بولغان ئۇز ئارا چۈشەنچىسى چۇڭقۇرلىششى مۇمكىن، ئەمما بۇ خىل بۇشلۇقنى تۇشقۇزۇش بىلەن ئاسسىملاتسىيە بۇلۇپ كىتىشنىڭ پەرقى بەكلا نازۇك. يەنە بىر قانچە ئەۋلاتقا قالماي ئۇيغۇرلارمۇ خۇددۇ تۇڭگانلاردەك خىتاي ئىچگە سىڭىپ كىتىپ، يۇقۇلۇپ كىتىشى ئىتىمالدىن يىراق ئەمەس. خىتايلار بۇ خىل مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇز ئارا چۈشۈنۈشتىكى بوشلۇقنى تۇشقۇزۇش ئۈچۈن قانداق ئىنكاستا بۇلار؟ ئۇيغۇرچە ئۇگۇنىشنى خالايدىغان خىتايلارنىڭ سانى قانچىلىك بۇلار؟

دەرس ئاخىرىدا مەن ئۇقۇغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلاپ، باللارنى قول كۇتۇرۇپ قايسى خىل قاراشنى قوللايدىغانلىغىنى سىنىدىم. بۇ باسقۇچمۇ تىزلا ئاخىرلاشتى، سىنىپتىكىلەر ئۈچ خىل قاراشقا بۇلۇندى، ئۈچتەن بىر قىسمى ئانا تىلنى ساقلاپ قىلىشنى قوللىدى، ئۈچتەن بىرى قارشى چىقتى، قالغانلىرى بۇنىڭغا بىر نىمە دىيەلمەيدىغانلىغى ياكى قىززىقمايدىغانلىغىنى بىلدۇرۇشتى. گەرچە چوڭ ئىش قىلالمىغان بولساقمۇ، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش دىيىشكە بۇلۇدۇ. مىنىڭ قۇلۇمدىن يەنە نىمەلەر كىلەر دىگەن خىيال كاللامغان كىرىۋالدى.

**107**

"ئەتىگىنىڭلارغا خەيرىلىك بولسۇن ساۋاقداشلار؟"

"ئەتىگىنىڭىزگە خەيرلىك بولسۇن مۇئاللىم"

"بۈگۈنكى دەرسنى سىلەردىن بىر سۇئال سوراش بىلەن باشلايمەن، ئاراڭلاردا ئەنگلىيەگە بارغانلار بارمۇ؟"

ھەممىس بىچچارىلارچە بىشىنى چايقاشتى.

[1] بابىل مۇنارى ئىنجىلدە ھىكايە قىلىنغان مۇنار (تەرجىماندىن)

"چاتاق يوق، گەرچە ھېچ قايسىڭلار ئەنگىلىيەگە بارمىغان بولساڭلارمۇ ئۇ يەر ھەققىدە ئاز تولا مەلۇماتىڭلار باردۇر بەلكىم، مەسىلەن كىتاپ ژۇرناللاردىن ياكى كىنولاردىن ئالغان ئۇچۇرلار ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغان گەپ سۆزلەر دىگەندەك ئۇچۇرلاردىن خەۋەرىڭلار باردۇ. سىلەرگە ئۇخشاشلا نۇرغۇن ئەنگىلىيەلىكەرمۇ خىتايغا كېلىپ باقمىغان ئەمما ئۇلارنىڭمۇ سىلەرگە ئايىت بىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس. سىلەرچە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى خىتايلارنىڭ ئوبرازى قانداقتۇر؟"

"دوستانە خەلق" دىدى بىر قىز

"ئەمگەكچان" دىدى يەنە بىرى.

"بەلكىم شۇنداقتۇ، ئەمما باشقىچە قاراشلارمۇ ئاز ئەمەس، مەسىلەن بەزى ئەنگىلىيەلىكلەر خىتايلار بەك پاكار دەپ قارايدۇ" دىۋىدىم ھەممىس كۈلۈشۈپ كەتتى.

"بەزىلەر خىتايلارنى چۈشۈنۈش تەس" دىۋىدىم ھەممىس قۇشۇمىسىنى تۈرۈشتى.

"بەزىلەر خىتايلار مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدۇ، ئۇلار بويرۇققا بوي سۇنۇپ كۆنۈپ قالغان" دىۋىدىم ھەممىس يەرگە قارىۋالدى.

"ئەمما بۇ خىل قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىگى ماڭا مەلۇم" دىۋىدىم ھەممىس بېشىنى كۆتۈرۈشتى.

"بەزىلەر شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما خىتايلارنىڭ ھەممىسى شۇنداقمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. دىمەك بىزنىڭ باشقىلار ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ ھەممىس توغرا بولۇشى ناتايىن، بۇ خىل قاراشلارنى بىز قېلىپلاشتۇرۇۋىلىش دەيمىز" دەپ بۇ ئاخىرقى سۆزنى كۆك رەڭلىك بور بىلەن داسكىغا يازدىم.

"ھەممىڭلارغا مەلۇم مەن ئىلگىرى خۇنەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، سىلەرنىڭ قارىشىڭلارچە مىنىڭ ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن بۇ يەرگە كېلىپ باققانلىرى بارمىدۇ؟"

ھەممىسى "ياق" دىيىشتى.

"توغرا دەيسىلەر، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان، شۇڭا ئۇلار ئۇيغۇرلارنى كۆرۈپ باقمىغان ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسدە ئۇيغۇرلارغا ئايىت قېلىپلاشما قاراشلار بار، سىلەرچە ئۇلار ئۇيغۇرلارنى قانداق دەپ قارايدۇ؟"

"كىگىز ئۆيدە ياشاپ، ئات مىنىپ يۈرۈدۇ"

"خىتايچە سۆزلىشەلمەيدۇ"

"ئۇلار چىرايلىق، ناخشا ــ ئۇسسۇلغا مايىر"

"بۇ بىر ئىپتىدائىي يەر"

ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇزلىرىگىمۇ يات بىلىنىدىغان قىسمەن قاراشلارنى تاپالىشىغا بارىكاللا دىمەي بولمايدۇ، شۇڭا مەن ھەقىقەتتىن سەل يىراقلاپ كەتكەنلىرىنى ئاڭلاشقا ھازىرلاندىم.

"دىمەك مىنىڭ خۇنەنلىق ئۇقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرى چەكلىك، ئەمما سىلەر بۇ يەردە ياشايسىلەر، شۇڭا ئۇلارغا قارىغاندا كۆپرەك مەلۇماتىڭلار بار. ئەمدى سىلەردىن كۇتۇدىغىنىم سىلەر خايىلىڭلاردا خۇنەندىكى شۇ ئۇقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنىڭ دوستى سۇپىتىدە بىر پارچە خەت يىزىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنى چۇشەندۇرۇڭلار. ئەمما خىتىڭلاردا "نۇرغۇنلىغان" "كۆپ ساندىكى" "بەزىلىرى" دىگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە ئالاھىدە دىققەت قىلمىساڭلار ئۇخشاشلا خاتا قاراشلارنى تەكرارلايسىلەر. شۇڭا ئىپسىڭلاردا بولسۇنكى بۇ خىتىڭلاردا سىلەرنىڭ مەقسىدىڭلار ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چۇشۇنىشىگە ياردەم بىرىشتۇر".

گەرچە بۇ  دىگەنلىرىمنى تولۇق چۇشۇنۇپ كىتەلمىگەنلىگىنى بىلىپ تۇرساممۇ تاپشۇرۇقنى داۋاملاشتۇردۇم. قەلىمى چىقمىغانلىرى قەلەم ئارىيەت ئىلىپ، قەغەز يوقلىرى قەغەز سوراپ 20 مىنۇت تۇختىماي يىزىپ چىقىشتى، توۋەندە قىسمەنلىرىگە قاراپ باقايلى.

***گەرچە ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلارنىڭ ھەممىس ناخشا ئۇسۇلغا ئۇستا دەپ قارىساقمۇ، لىكىن ئەمەلىيەتتە شىنجاڭلىقلارنىڭ ھەممىس ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بىز خىتايلارنى گەرچە ماختىساڭلارمۇ ئەمما بىز ئۇلاردەك قاملاشتۇرالمايمىز، ھىچ بولمىغاندا ئۇنداق قىلالايدىغانلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. تىلىۋىزۇردا كورگەن ئۇسۇلچىلارنىڭ ھەممىس كەسپى ئارتىستلار، ئۇلار ئۇزۇن يىل ئۇسۇل مەشقى قىلغانلار.***

***ئوتمۇشتە ئويغۇرلار ئات بىلەن سەپەر قىلاتتى، ھازىر ماشىن بىلەن ۋەلسىپىت بار بولدى. ئات ۋە تۇگىلەرگە مىنىش ساياھەتچىلەر ئۇچۇنلار ھازىرلانغان، تۇرمۇشتا يوق بولدى.***

***ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا سىمۋۇللۇق قىلىدۇ. ئۇلار بۇ زىمىننىڭ ئاساسلىق ئىگىلىرى. گەرچە قىسمەن ئۇيغۇرلار هاراققا ئامراق بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغانلىرى دۇستانە كىلىدۇ. سىز ئۇيغۇرلارنى قوپال تەربىيەسىز دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. بىر قىسىم يامان كىشىلەرنىڭ تەسىرى تۇپەيلىدىن ھەممەسىنى يامان دەپ قاراش خاتا.***

بۇلارنى كۇرۇپ مەدىنەنىڭ ھورمەت ھەققىدە قىلغان سۆزى يادىمغا كىلىپ قالدى، گەرچە ئۇقۇغۇچىلىرىم تىخى بۇ مەسلىنى تولۇپ چۇشۇنۇپ بولالمىغان بولسىمۇ، بەزىلىرى ھامان بىر كۇنى چۇشۇنۇپ يىتىشى مۇمكىن دىگەن ئۇمۇتۋارلىقتا چۇمدۇم.

مەن مىللى سىنىپتىمۇ ئۇخشاش بىر سىناق ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنغان بۇلسامۇ، ئۇلاردىن خۇنەندىكى ئۇقۇغۇچىلىرىمغا خەت يېزىقا ئۇرۇنلاشتۇرسام بولمايتى. مەن بىلىدىغان شىنجاڭدىن باشقا يەرلەردە توپلىشىپ ياشايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ بولمىغاچ، ئۇلار كىچىك بالا بولمىغاندىكىن، ئۇز قاراشلىرىنى ئانالىز قىلالايدۇ دەپ قاراپ ئۇدۇل دەۋرەي دىگەن قارارغا كەلدىم. مەن باشقىلار ھەققىدە قېلىپلىشىپ قالغان خاتا قاراشنىڭ قانداق بۇلۇدىغانلىغى ھەققىدە ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇزەڭلەرنىڭ شۇنداق قاراشلىرىڭلارنى يېزىڭلار دىدىم. خۇددى گۇمان قىلغىنىمدەك بۇ خىل ئۇدۇل تەلەپنىڭ نەتىجىس مەن ياخش بولمىدى. ئەڭ ياخش يېزىلغانلىرىدىمۇ بىر تىل تەنە پۇرىغى چىقىپ تۇراتتى.

*نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە نۇرغۇنلىغان خىتايلار سەممى كىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سەممى بۇلۇشى ئۇز مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ مەنپەتىگە ياقمىسا گىپىدە تۇرمايدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما مەن ئۇنداق قاراشلارغا قۇشۇلمايمەن. مىنىڭ خىتايلار بىلەن بىرگە ئىشلەش ۋە ئۇقۇش جەرياندا ھىس قىلغانلىرىم، ئۇلارنىڭ ئارىسدا يۇقۇرقىدەك ئادەملەرمۇ بار، ئەمما ھەممىس ئۇنداق دىيىشكە بولمايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان خاتا چۈشەنچىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇ خىل قاراشلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە تىچ ئۇتۇشكە تىرىششىمىز كىرەك. ئەگەر ئۇلار بىز خىيال قىلغاندەك سەممىيەتسىز بۇلۇدىغان بولسا، قانداق بۇلۇپ شۇنچە ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئىرىشەلەيدۇ؟ ھەممىمىزگە مەلۇمكى خىتايلار باشقا ئەللەر بىلەن ھەمكارلىق قىلىش ئارقىلىق بۇ نەتىجەلەرگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىيتىمۇ ئالاھىدە زور رول ئوينىغان.*

باشقىلىرىنىڭ قارىشىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتى

*بىرىنچى تۇرلۇك قاراش: خىتايلارنىڭ يەمەيدىغان نەرسىسى يۈق. بۇ خىل قاراش خاتا، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىنى يىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما نىملەرنى يەمەيدىغانلىغىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.*

*ئىككىنچى خىل قاراش: خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈزى يۇمۇق، بۇرنى پاناق كىلىدۇ، شۇڭا چىرايلىقلىرى يوق. بۇ خىل قاراش خاتا. ھەممىسلا ئۇنداق ئەمەس، ئەمما ئۇنداقلارنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. خىتايلارنىڭ ئارىسىمدىمۇ چىرايلىقلار چىقىدۇ، ئەمما ئۇنداقلارنى تېپىش ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلىش كىرەك.*

هازىر ئۇيلاپ باقسام بۇ خىل مەشقلەر ئارقىلىق كىشلەرنىڭ ئۆزۈندىن بىرى قېلىپلىشىپ قالغان قاراشلىرىدىن ۋاز كەچۈرۈشكە ئۈرۈنۈشىنىڭ ئۆزى ئاخماقلىق ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىدىكى ناتوغرا تەرەپلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىش ئۇلارنىڭ خىتايلارغا بولغان ئاساسلىق نارازلىقلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باشلاپ بارمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدىم. مەن خىيالىمدا بۇ بىر ياخشى باشلىنىش بۇلۇپ قالار دىگەن ئۈمۈتتە بولسامۇ بۇنىڭ نەتىجىگە ئىرىشىشنىڭ بەكلا مۈشكۈل ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ بۇ بوشلۇقنى تۇشقۇزۇشنىڭ ئۆزى مۇمكىن بولمىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

**109**

يۇڭلىرى قىرقىۋىتىلگەن قويلار سايىدا پىچىرلىشىپ ئارام ئالاتتى، تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئېقىن سۇلار شىلدىرلىشىپ توۋەنگە قاراپ ئاقاتتى، ئېتىزلاردىكى تولغان مايسىلار كۆچلۈك ئاپتاپ ئاستىدا خامۇش بۇلۇپ قېلىشقان ئىدى. ۋەلىسپىتىم يۇمشاق تۇپراقتا قېنىق ئىز قالدۇرۇپ ئىلگىرلىدى. گەرچە نەگە بېرىشىم ئېنىق بولمىسمۇ بۈگۈن تالاغا چىقىدىغان كۆپ بولۇپتۇ دەپ ھىس قىلىپ، ۋەلىسپىتىمنى ئېلىپ، خۇشاللىق بىلەن ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن سەھرا يۇلىدا چاك يەپ يولغا چىقتى.

قاراماي يول ئاخىرلىشىپ شېغىللىق يولدا ماڭغىلى بىر سائەتچە بولدى، ئۇلارنىڭ ئارلىغى يىراق بۇلۇپ، بىر ئويدىن يەنە بىر ئويگە بېرىش ئۈچۈن ئۇن مىنۇتلۇق ۋەلىسپىت سەپىرى كىتەتتى، شۇڭا بۇ يەردە تىرەكتۇر ئاساسلىق قاتناش قۇرالى ھىساپلىناتتى. سەل ھاردۇغۇمنى چىقىراي دەپ يول ياقىسىدا تۇختىتۇدىم دەرھال ئەتراپىمنى بىر خىل جىمجىتلىق قورشاپ، چىكەتكىلەرنىڭ ئۈيان بۇيان تاقىلاشلىرىدىن باشقا سادا يۇقتەك بىلىندى.

يىراقتىن بىر ۋەلىسپىتلىك ئادەمنىڭ غۇۋا قارىسى كۆرۈنۈپ، يېقىنلاشقاندا قارىسام ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، ئوڭ كۆزىنى يىرىك قاپلىغان ئۇتتۇرا ياش بىر ئۇيغۇر ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەم سالاملىشىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كىيىن ئۇ باش ئايىغىمغا بىر قور نەزەر سالغاندىن كىيىن خۇددى قىياپىتىمدىن رازى بولغاندەك ئىپادە بىلەن يېنىدىن بىر تال تاشتەق قاتتىق قىپ ـ قىزىل ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. ئۇنىڭغا ئويغۇرچە رەخمەت ئەيتقاندىن كىيىن خىتايچە داۋاملاشتۇردۇق سۆھبىتىمىزنى.

"ھەجەپ ئىسسىپ كەتتى جاھان"

"ئانچە ئەمەسقۇ" دەپ قېلىن پۇپايكىسى بىلەن چاپىنىنى ئۇرۇپ قويۇپ "قەيەردە يول ئالدىڭىز؟" دەپ سورىدى.

"نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن راسلا"

ئۇنىڭ نەزىرىدىن بۇ خىل بىر جاۋاپنىڭ ئىمكانىسىز بىر گەپ دىگەن مەنە چىقىپ، كوڭلىدىكى گۇمانى ئۇچۇن بىر خىل تەسەللى ئىزدەپ، ئەقلى هوشى جايىدا ئادەم بۇنداق ئىسسىقتا تالادا قالايمىقان لاغايلاپ يۇرمەس دەپ ئويلىدى بولغاي "سۇقۇشۇش كۇرۇشكە ماڭدىڭىزمۇ يا؟" دىدى.

"سۇقۇشۇشنى دەمسىز؟ توغرا شۇنى كورگىلى ماڭغان" دىدىم.

ئۇ بۇ جاۋابىمدىن قانائەتلەنگەندەك بىشىنى لىڭشىتىپ، يولنىڭ ئاياغ تەرىپىنى نىشانلار بىر نىملەرنى دىۋىدى چۈشۈنەلمىدىم، ئاندىن قولنى شىلتىپ مەن بىلەن خوشلىشىپ ۋەلىسپىتىگە مىنىپ كىتىپ قالدى. ئۇزۇن ئوتمەي مەنمۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

تاش يول سۇسۇن ئوتلاقنى كىسىپ ئوتۇپ، يىزىغا ئوخشاپ قاللىدىغان بىر مەھەللىگە تۇتاشتى. تىرەك قاپلىغان يول بويىدا مۇنارلىرى كۆككە تاقاشاقن بىر ئەسكىرەپ كەتكەن مەسچىت كۇرۇندى. سۇنۇق دەرىزىلىرىنىڭ ئەترابىدا بۇرۇنقى بىزەكلەرنىڭ ئازراق ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئالتۇن هەل بىرىلگەن ئۇزۇم سۇرتى غۇۋا كورۇنۇپ تۇراتتى. بىر بولۇڭدا كۇزۇنى يۇمۇپ ئارام ئېلىۋاتقان ئىت، مىنى كورۇپ كۆزىنى ئېچىپ قاۋاشقا باشلىۋىدى، ئىچكىرىدىن ئۇزۇن ساقال قويۇپ، بېشىغا يېشىل دوپپا كيۋالغان بىرى چىقىپ، ئىشتىنى بېسىقتۇردى، گەرچە ئىتنىڭ كۇزىدىن دۇشمەنلىك چىقىپ تۇرسىمۇ زەنجىرلەنگەن بولغاچ جىمىپ قالدى. مەن ئۇ كىشىدىن سىز مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىمۇ دەپ سۇرىسام شۇنداق دەپ جاۋاپ بىرىپ مىنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىۋىدى، مەن ئەدەپ بىلەن رەخمەت ئەيتىپ مەن بىر ئۇرۇشۇشنى كورگىلى ماڭغان دەپ يولغا چۇشتۇم.

مەن خېلى ماڭغاندىن كيىن، ئەترابىدا نۇرغۇن ۋەلىسپىتلەر توختۇتۇلغان، ئىچىدىن ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان بىر هويلىنىڭ يېنىغا كىلىپ قالدىم. بوينۇمى سوزۇپ قارىسام نۇرغۇن ئەر كىشىنىڭ بىر نەرسىنى چۇرىدەپ تاماشا قىلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، چىرايىدىن سۇلغۇنلىق چىقىپ تۇرغان دەرۋازىۋەنگە توت يۇەن تولەپ ئىچكىرى كىردىم. كىچكىنە مەيدانىنىڭ ئۇچ تەرىپىدە ۋاقىتلىق ياغاچ ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۇستدە ئورە تۇرسا يەنە بىراۋلىرى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئاۋاق قارا خورازنىڭ سۇقۇششىنى كۆرگەچ قوللىرىدا بىر سىيىقىم پۇلنى پۇلاڭشىپ ۋارقىرىشاتتى. بۇ ئايدا بىر قېتىم ئوتكۇزىلىدىغان توخۇ سوقاشتۇرۇش ئويۇنى ئىكەن.

مەن بىر تال دەرەخ شېخنى چايناپ ئولتۇرغان بىر كىچىك بالىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، هاۋانىڭ ئىسسىقلىغىغا قارىماي، بېشىم يالىڭئاچ بىر سائەتنى مۇشۇ تومۇز ئاپتىۋىنىڭ ئاستىدا توخۇ سوقاشتۇرۇشنى تاماشا قىلىپ ئوتكۇزدۇم. گەرچە باش كۇزى قان بولۇپ كەتكەن توخۇلارنى كورۇش ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتسىمۇ، ئەمما بەختكە يارىشا بۇ قېتىم بىرەر توخۇمۇ ئولمىدى سوقۇشۇش جەريانىدا. هەر قېتىمقى سوقۇشتىن كيىن ئىگىلىرى ئۆز توخىسىنى پاكىز تازىلىپ، قولىقىغا نۇرغۇن رىغبەتلەندۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلاتتى.

مىنىڭ بۇ ھويلىدا ئۆزۈن تۇرۇپ قېلىشىمغا تۇخۇ سۇقىشى ئەمەس، كۆز ئالدىمدىكى بۇ مۆجىزدەك كۆرۈنگەن مەنزىرە سەۋەپ بولدى. مەيداننىڭ ئالدىدا بىر خىتاي ئوك تەرىپىدە تۇرغان بىر ئۇيغۇر بوۋايغا بىر نىملەرنى دېۋىدى بوۋاي كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ خىتاي ھېلىقى بوۋاينىڭ دۈمبىسگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ يەنە بىر نىملەرنى دېۋىدى، بوۋاي قاقاقالاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. مىنىڭ سول تەرىپىمدە ئىككى ئۈچ قازاق ياش  بىر خىتاي ۋە ئىككى تۇڭگان بىلەن بىرنىمەلەرنى دەپ چاخچاق قىلىشىۋاتاتتى. ئوك تەرىپىمدە بولسا بىر تۇڭگان ھاياجان بىلەن يېنىدىكى خىتايغا بىر نىملەرنى دەپ سۆزلەپلا كىتىپتۇ، ئۇ بىر خۇرازنى كورسۇتۇپ تۇرۇپ "قارىڭا، بەك ئاستىكەن" دېۋىدى، خىتاي بېشىنى لىڭشىتىپ گىپىنى ماقۇللىدى. بۇ خىل ھاياجانلىق بىلەن تۇلغان مۇھىتتا زىددىيەتتىن دىرەكمۇ يوق بۇلۇپ، ھەممىس بۇ يەرگە بىر بىرىنى قان قىلغان تۇخۇ سۇقۇشىنى كۆرۈش ئۈچۈن جەم بۇلۇشقان ئىدى. گەرچە قىسقىچە بولسىمۇ ئاخىرىدا خىتايلار، ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار ۋە قازاقلارنىڭمۇ خۇددى بىر قان قېرىنداشتەك بىر يەرگە جەم بۇلۇپ ئۇرتاقلىشىدىغان ۋاقتىنىڭ بارلىغىنى كۆرۈشكەن مۇيەسسەر بولدۇم.

**110**

ئەمما بۇ خىل سپۇرت سۇرۇنلىرىنىڭمۇ مىللى ئومۇلۇك يارتىشنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسلىگى 2002 – يىلى ئوتكۇزۇلگەن دۇنيا لۇڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى ئوتكۇزگەندە ئاشكارىلاندى. شۇ يىلى خىتاي كاماندىسىمۇ تارىختا تۇنجى قېتىم دۇنيا لۇڭقۇسىنى تالىشىش سالاھىتىگە ئىرىشكەن بۇلۇپ، بەزىلەر بۇنى خىتايلارنىڭ توپ كونتۇرۇل قىلىش سەۋىيەسىنىڭ ئاشقانلىغىنىڭ نەتىجىسى دىسە، يەنە بەزىلەر جەنۇبى كورىيە بىلەن ياپۇنىيە سايىپخان دولەت بولغاچ ئاپتۇماتىك ھالدا تالىشىش سالاھىتىگە ئىرىشكەچ، بۇ ئەزەلدىن ئاساسى ئاجىز خىتاي كاماندىسى ئۈچۈن كۈچلۈك رىقابەتچىلەر ئازىيىپ، ئۇتۇق قازىنىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن دەپ ئىلگىرى سۇرىدۇ.

نىملا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ كۇستارىكا كاماندىسغا قارشى تۇنجى مۇسابىقىسنى ھەممە توت كۆز بىلەن كۇتۇشتى. خىتايلارنىڭ بۇ مۇسابىقگە بولغان تەلۋىلەرچە ئۈمۈتۋارلىغىغا ھەيران قالدىم، ئۇلار بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۇتۇپلا قالماي، دۇنيا لوڭقىسىنىمۇ ئۇتۇۋالىدىغانلىغىغا ئىشىنەتتى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشى باشقىچىرەك ئىدى، ھەتتا قىسمەن پۇتبولغا ئانچە قىززىقمايدىغانلىرىمۇ بۇ قېتىمقا مۇسابىقىگە ئالاھىدە قىزغىن كۆرۈندى.

"مۇرات سىزمۇ بۇ مۇسابىقىنى كۆرەمسىز؟"

"ئەلۋەتتە، بەلكىم قىززىپ كىتەر"

"قانداقسىگە دەيسىز؟"

"چۈنكى خىتايلار سەت ئۆتتۈرىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بەدەن ساپاسى ئاجىز، ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن ساپاسى كۆپ قاۋۇل كېلىدۇ. ئەگەر خىتاي كاماندىسىدىمۇ ئويغۇرلار بولغان بولسا ئۇتۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بىزنى ئوينىتامايدۇ. كاماندىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى دەل مۇشۇ يەردە".

ئۇنىڭ چىرايىدىن خىتايلارنىڭ ئۆتتۈرىۋېتىپ تارتقان شەرمەندىچىلىكىدىن ھوزۇرلىنىدىغاندەك ئىپادە چىقاتتى.

"ئۇنداقتا قايسى كامادىنى قوللايسىز؟"

"تۈركىيە كاماندىسىنى قوللايمەن، ئۇلار بىزگە ئوخشايدۇ، كاماندىسى كۈچلۈك. بولۇپمۇ ھەسەن، ئۇ بەكلا چاققان".

مۇسابىقە كۈنى چۈشتىن كېيىنلىك دەرسلەرنىڭ ھەممىسى قالدۇرۇلدى، ئېنىقكى دولەت كاماندىسىنى قوللاش ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيىتى دەپ قارالغان. مۇسابىقىنى مەن ئۇقۇغۇچىلار بىلەن بىر سىنىپتا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى بارىچە قويۇپ كوردۇق. مۇسابىقىنىڭ دەسلىۋىدە خىتايلار خېلى ياخشى ئويىنىغاندەك كۆرۈندى، ئوتتۇرا مەندان كونتۇرلى ياخشى پاسلىرى جايىدا، ئارقا مەيدان مۇداپىيەسىمۇ كۈچلۈك كۆرۈندى. تۇساتتىن مەيداندا كۆك ۋە قىزىل رەڭلىك فورما كەيگەنلەر كوزنى بىرلا قاماشتۇرۇپ ئۆتىۋىدى، قارشى تەرەپ بىر توپ ئۇردى. ئۇقۇغچىلار ئۇمۇتلىرى يەكسان بولغان ھالدا قاخشاپ خامۇش بولۇپ قېلىشتى. مۇسابىقە داۋاملىشىۋىدى، ھەر قېتىم توپ خىتاي كاماندىسىنىڭ پۇتىغا ئۆتسە ئۇقۇغچىلار ئۇلارغا مەدەت بېرىپ چاۋاك چېلىشىپ ۋاقىراشتى.

خىتاي تەرەپكە ئىككىنچى توپ كىرگەندە ئۇلار ئانچە بەك ئېغىر ئالمىدى، پەقەت نائۇمۇتتە باشلىرىنى چايقاپ قويۇشتى خالاس. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا ئۇقۇغۇچىلارنىڭ بىرى يۇگۇرۇپ بېرىپ تامغا ئېسىغلىق خەرىتىدىن كۇستارىكانى تېپىپ "ۋاي كىچىككىنە بىر دولەتكەنغۇ!" دەپ ۋايسىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىدىن چىققان خۇشاللىق كۈلكىسىنى ھەممە كۆرۈپ تۇردى، گەرچە تۈركىيەمۇ بىرازىلىيەگە ئۇتتىرۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ قارشى تەرەپكە بىر توپ ئۇرغان ئىدى. تۇپ ئۇرغان ھەسەن قەھرىمان دەپ ئالقىشلاندى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ شەرەپلىك يېڭىلىش ئىدى.

111

ئېپىدەم مېنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى يەنە بىر قەھرىمان بىلەن تونۇشتۇردى.

"نىك ھازىر ۋاختىڭىز بارمۇ؟"

"بار"

بۇ يەكشەنبە كۈنى ئەتتىگەندە بولغان ئىش.

"سادىرنىڭ قەۋرىسىنى كۆرۈپ كىلىشنى خالامسىز؟"

"ئەلۋەتتە".

بىز ئەمدى چىققان قۇياش تېخى تولۇق قىززىپ ئالەمنى ئىسسىتىشتىن بۇرۇن كۆرۈشۈپ، ئىككى ئاپتوۋۇز ئالمىشىپ، ئاندىن يەنە بىر قانچە كىلومىتىر پىيادە مېڭىپ، ئاندىن يېتىپ باردۇق قەۋرىستانلىقىقا، بۇ جەرياندا ئېپىدەم بۇ ئۇلۇغ زات ھەققىدە سۆزلەپ بەردى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت كەتمىدى.

سادىر پالۋان 1798 - يىلى ئىلى ۋادىسىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى قىسمى ئاساسەن دىخانچىلىق قىلىش، بالىلىق بولۇش دىگەندەك ئاددى ئىشلار بىلەن ئۆتكەن ئىكەن. ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغاندىن كىيىن، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ھەرىكەتكە قاتنىشىپ، ئۇزۇن ئوتمەي توپىلاڭچىلارنىڭ ئارىسىدا شەرەپ قازىنىپ يۇقۇرى ئۇنۋانغا ئىرىشكەن. ئۇ گەرچە نۇرغۇن قېتىم قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ ھەر قېتىم قۇتۇلۇپ قېلىپ، خەتەر ئىچىدە 73 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1871 - يىلى قازا قىلغان. ئېپىدەمنىڭ بىلىدىغانلىرى شۇنچىلىك بولۇپ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان خىتايغا قارىش قەھرىمام بولغاچ، ئېپىدەم ئۇچۇن ئالاھىدە ئەتىۋارلىق كىشى بولۇپ ھىساپلىناتتى. گەرچە ئۇنىڭ قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغىنى خىتايلار ئەمەس مانجۇلار بولسىمۇ، بۇنىڭ ئېپىدەم ئۇچۇن پەرقى يوق ئىدى.

"كېلىپ قالدۇق"

يۆل ياقىسىدا بىر مىتىر توقساندىن ئاشىدىغان بىر ئادەمنىڭ پورتىرىتى تۇراتتى. قارا ساقاللىق، قارا كۆز، كۇلرەڭ تون بىلەن تۇماق كەيگەن بىر ئەركشى، غىلاپتىن يېرىم چىقارغان خەنجىرىنى تۇتۇپ يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ ئانچە باتۇر كۆرۈنمەيدىغان ئادەملەرنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. دىمەك بۇ بىر ئارتىستنىڭ نەزىرىدىكى سادىر پالۋاننىڭ ئوبرازى ئىدى.

قاسماقلىشىپ كەتكەن بىر ئالتۇن ھەل بىرىلگەن پىلاكاتتا "تارىخى ئەمىيەتكە ئىگە مۇھىم جاي" دىگەن خەتلەر ئويۇلغان ئىدى. تاختىنىڭ ئاستىدا ئۈستىگە تەنتەربىيە كىيىمى كىيىۋالغان بىر بالا يەردە ئولتۇراتتى، بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ بىلەت ئېلىپ كىرىڭلار دىدى. بالنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ ئاستىدا كۆكۈرۈپ قالغان بىر يارانىڭ ئىزى رۇشەن كۆرۈنۈپ، چىرايىدىن بۇ خەلق قەھرىمانىنىڭ قەۋرىسىنى قوغدايدىغان بىرىگە ئوخشمايتى، يالغانچىمىكى دەي دىسەم، قولىدا بىلەتمۇ بار ئىدى. ئۇ پۇلىمىزنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ،

ئىككى تال بىلەتنى ئېتىيات بىلەن يىرتىپ بىزگە بېرىپ، ئاندىن شەھەر تەرەپكە قاراپ كىتىپ قالدى.

بىز ئىككى تەرىپىدە قىزغۇچ ئەتىرگۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان يولنى بويلاپ، ئاق گەۋ بىلەن سۇۋالغان كىچىكىنە مۇزېيغا كەلدۇق. ئەمما كۆڭلۈمدە بىر خىل نائارامىلىق ھىسى مىنى ئويغا سالدى، ھوكۇمەت گەرچە بۈگۈن قارشىلىق قىلغانلارنى تۇتۇپ قاماپ، ياكى ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىپ تۇرۇغلۇق، قانداق بولۇپ تۆپىلاڭچىلىقنىڭ سىمۋۇلى بولغان بىرىنىڭ خاتىرىس ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پۇل خەجلەپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ ئۈچمەس يالداما بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن تاقەت قىلىپ كەلگەندۇ؟

مۇزېي ئىچىدىكى قىسمەن سۈرەتلەردىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق جاۋاپ چىقتى. تامغا ئىسىلغان سادىرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنىڭ بىرىدە سادىر خەنجەر بىلەن چۇشقا قويرىغىدەك چۇچۇلە قويىۋالغان مانجۇنىڭ بېشىنى كېسىۋاتقان كۆرۈنۈش سىزىلغان، يەنە بىرىدە ئۇنى قەپەزگە سولاپ ياللاپ ئېلىپ مېڭىۋاتقان، يول ياقىسىدا قىزى بىلەن بىر قانچە چارچىۋىچى ۋە ئۇلارنىڭ قويلىرى ئۇتۇپ كىتىۋاتقان ھارۋىغا قاراپ تۇراتتى، ئۈچىنچى سۈرەتتە، ئۈستى بېش قان سادىر ئورمانلىقتا قېچىپ كىتىۋاتاتتى، ئارقىسىدىن لەشكەرلەر قوغلاپ كىلىۋاتاتتى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن بىر لوزىنكىدا خىتايچە ۋە ئويغۇرچىدا "قەھرىماندىن ۋەتەن سويۇشنى ئۆگۈنەيلى" دەپ يوغان خەتلەر يېزىلغان ئىدى. رەسىملەرنىڭ ئاستىدىكى چۈشەندۈرۈشتە "سادىرنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشى" "سادىرنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا قاشى قەرىمانلىق كۈرەشلىرى" دىگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ سادىرنى ماركىزىم ـ لېنىنىزىملىق تارىخى قاراش بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ مىللى قەھرىمان بولۇش ئوبرازىنى سۇسلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكى رۇشەن ئىدى. مۇھىم بولغىنى ئۇ بېسىم ئاستىدا قالغان ئېزىلگەن سىنىپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى ئىدى. خۇددى ئەخمەتجان قاسىملاردەك ئۇمۇ ئولگەندىن كىيىن ئۇلۇغ ئىنقىلاپنىڭ سېپىگە كىرگۈزىۋېلىنغان ئىدى.

ئېپىدەم ئۇدۇل تامدىكى بىر رەسىمنى كورسەتتى، بۇ سۈرەتتە ساقال بۇرۇتى پاكىز چۈشۈرىۋېتىلگەن سادىر تۇرمىدىكى بىر ياغاچ ئۇستەلدە ئولتۇراتتى، ئايىغىنىڭ ئاستىدا تاۋۇز پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، يېنىدا بولسا ئۈچ دانە دانىيە پىرەنىكىگە ئوخشاپ كىتىدىغان نان قويۇلغان بولۇپ سادىر باشقىچە كۆرۈنەتتى.

"نىك سىز سادىر بىلەن تاۋۇزنىڭ ھىكايىسنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟

"ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، لىكىن بەكلا ئاڭلىغۇم بار"

"بىر قېتىم سادىر تۇتۇلۇپ قالغاندا كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر تاۋۇز ئېۋەتىپ بىرىپتۇ، ئەمما تاۋۇزنىڭ ئارىسا پىچاق يوشۇرۇپ قويغان ئىكەن، سادىر شۇ پىچاق بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ كەتكەن ئىكەن"

"يېنىدىكى ئاۋۇ نەرسىلەر نىمە؟"

"ئۇنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن، مۇشۇنىڭكى دەيمەن".

بىز مۇزىيدىن چىقىپ قەۋرىستانلىقنىڭ يول ئالدۇق. ھاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتكەچ، سايە بار يەرگە تىزراق بېرىۋالىلى دەپ قەدەملىرىمىزنى تىزلەتتۇق. سادىرنىڭ قەۋرىسىگە يېتىپ كىلىپلا قەۋرىنىڭ بىرەر مۇئاپىزەت قىلىدىغان قورۇلىرىنىڭمۇ يوقلىقىنى ھىس قىلدىم، خۇددى سۇسۇنرەڭ مارۇژنىدەك يەر يۈزىگە چۇقچىيىپ چىققان قەۋرىنىڭ ئۇستىدىكى يىلنامە ئۇششاق ئاق تاشلاردا ياسالغان ئىدى. بىز قەۋرە ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ كۈزەتتۇق.

قەۋرىنىڭ قاشى تەرىپىگە ئۇتۇپ قارىسام ئاق تاشتا 1999 ـ يىلى دىگەن سانلار يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ نىمە دەپ سورىسام، قەۋرىنى قايتا رېمۇنت قىلغان ۋاقتى دىدى ئېپىدەم.

"بۇرۇن بۇ يەردە ھىچ نىمە يوق ئىدى، نۇرغۇن كىشىلەر سادىرنىڭ ئۇتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قىلىشقان ئىدى، ئەمما 1997 ـ يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىدىن كىيىن بەزى كىشلەرنىڭ خاتىرىسى ئەسلىگە كىلىشكە باشلىدى."

بەلكىم ھوكۇمەتمۇ شۇ قاتاردا خاتىرلىگەندۇ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. دىمەك بۇ يەردىكى قەۋرىدە ئىككى سادىر كۆمۈلگەن ئىدى، بىرى سۇتىيسالىستىك غايە ئۇچۇن كۆرەش قىلغان سادىر، يەنە بىرى ئۆز خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قاشى كۆرەشچىسى مىللى قەھرىمان سادىر ئىدى. بەلكىم ھەقىقەت بۇ ئىككى خىل پەرەزنىڭ ئۇتتۇرىدىدۇر، ئەمما بۇنىڭغا ھىچ كىم كىسىپ بىر نىمە دىيەلمەيدۇ ھازىر.

غۇلجىدا تۇرغان ۋاقتىمنىڭ ئۇزۇرىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئېنىق بىر نىمە دىيىشنىڭ ھەقىقەتەن تەس ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشقا باشلىدىم. گەرچە جۇغراپىيەلىك يەر ئىسمىلىرىدە ئۇخشاشلىقلار بولسىمۇ ئۇلارغا بۇلغان چۈشەنچىلەردە ئاسمان زېمىن پەرقلەر بار بولۇپ، جايلارنىڭ ئۇتمۇشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە قاراشلار دايىم پەرقلىنەتتى. شۇڭا بىرەر يەرنىڭ كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ئۇچۇن ھوكۇمەتنىڭ مەيدانىدىن قاراش كىرەكمۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ دىگەنگە بىر نىمە دىيىشى راسلا تەس بولۇپ، بۇ خىل ھالەت ھىچ ئۆزگۈرۈدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئېپىدەمدىمۇ مۇشۇ خىل ئۇمۇتسىزلىق چىقىپ تۇراتتى.

"ئىشلار مۇشۇنداقلا مېڭىۋېرىدىغان بولسا ئاقىۋىتى تېخمۇ يامانلىشىدۇ، بەلكىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇرلارمۇ يوق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. هوكۇمەتلا ئەمەس، خەلقىمىزمۇ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشنى خالىمايدۇ، ئۇلار بەكلا هورۇن. هېچ كىمنى كارى يوق. ئەڭ چوڭ مەسلە بىزنى يېتەكلىگۈدەك بىرەر رەھبىرىمىزنىڭ يوقلىغىدا. سادىردەك يۈرىگى بارلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىدە ياتىدۇ".

بىز سۇ ئىچىكەچ سايداپ ئولتۇردۇق. خىيالمىغا ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بىرەر ئۈمۈت بار دىيىشكە تۇغرا كەلسە بۇ خىل ئۈمۈتنى ئىپىدەمدەك تەربىيە كورگەن، مىللىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمما خۇراپاتلىق ۋە ئۈچمەنلىك بىلەن كوڭلى ئازمىغان باللاردىن ئازراق بىر نەرسە چىقار دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئۈمۈتلەرنىڭ ئەمەلىششى ئۈچۈن ئۇلارغا ئوخشاشلار ۋەتىنىدىن ئايرىلماي ئولتۇرغاندىلا ئاندىن ئۆزگۈرۈشتىن ئازراق ئۈمۈت بار دىيىسە بولىدۇ. ئەمما تىلىۋالدى قاتارلىق مىللى سىنىپتىكىلەرنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن ئىشلارنىڭ تامامەن بۇنىڭ ئەكسى بولۇپ قېلىشىۋاتقانلىقىنى هىس قىلدىم. 1990 – يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى شەرقى رايۇنلارغا كۆچۈپ، بىر ئادەم كەلسى ئالتىسى سىرتقا كۆچۈپ كىتەتتى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئىجتىساس ئىگىلىرى ئاساسەن كانادا بىلەن ياۋرۇپاغا كۆچىدىغان بولۇپ قېلىشقاندى. ئىپپەدەمدىن كەلگۈسى پىلانىنى سورىۋىدىم

"دادام بىلەن تاغام ئامرىكىغا كېتىشىمنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ، ئەمما غۇلجىدە مىنى جەلپ قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلار بار. ئىنگلىزچە كۇرسلىرىمدىن باشقا يەنە نوتىرھاجىمنىڭ مەكتىۋى بار"

"ئۇ قانداق مەكتەپ؟"

"ئۇ يېتىم يېسىرلار ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپ، سىز بېرىپ باققانمۇ؟"

"بېرىپ باقمىغان، ئەمما بەكلا بارغۇم بار، سىزنىڭچە بۇ مۇمكىنمىدۇ؟"

"نوتىرھاجىمدىن سوراپ باقاي، پەرىزىمچە باللار چوقۇم سىزنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كىتىدۇ".

"ئۇلار ماڭا ئوخشاش ئەژنەبىلەرنى كۆرۈپ باقمىغاندۇ بەلكىم".

"كورگەن، چۈنكى بەزى ياش ئامىركىلىقلار ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ تۇرۇدۇ ئۇ يەرنى. ئۇلار سىزنىڭ دوستلىرىڭىزمۇ؟"

"دوست دەپكەتكىلى بولمايدۇ".

بىر كۆزۈمنى ئېچىۋىدىم ئاغرىپ كەتتى، شۇڭا پۈتىۈل مۇسابىقىسى بىلەن ئاخشام ئىچكەن پىۋىلەر ئېسىمگە كەلدى. كۆز ئالدىمغا مايكىل ئوۋىننىڭ ئۆبرازى كەلدى، تۇغرا ئاخشام ئەنگىلىيە كاماندىسى ئارگىنتىنا كاماندىسىنى بىرگە قارشى نول نەتىجە بىلەن ئۇتتۇۋالغاندى، مەن كۆپ ئېچىۋاپتىمەن. يېنىمدا ماڭا ئۇخشاشلا كۆپ ئىچىۋالغان بىر قازاق "دولىتىڭىز نىمە دىگەن گۈزەل" دەپ ۋاقىراپ قولىنى دولامغا قويۇپ قۇچاقلاپ كەتتى منى. ئاخشام يامان ئەمەس ئوتتى دىسە بۇلىۇدۇ، ئەمدى بۇگۈن نوۋەتتە قىلىدىغىنىم ئويدىن تالاغا چىقماي، تۇختىماي سۇ ئىچىپ، بولىسا ياندۇرۇپ ئارام ئېلىش ئىدى.

بۇلۇڭدىكى تېلفۇن قۇلاقنى يارغۇدەك جىرىڭلاپ كىتىۋىدى ئېلىشىمغا تۇرسۇننىڭ ئاۋاز ئاڭلاندى تۇرۇپكىدىن.

"خەللۇ نىك، نىمە ئىشلارنى قىلىپ؟"

"ھىچ ئىش" دىدىم مەن زەيىپ ئاۋازدا

"ياخشى گەپكەن ئۇنداقتا، بۈگۈن مىنىڭمۇ ئىشىم يوق، ئاكامنىڭ بېغىغا بېرىپ كېلىلى؟"

كۆز ئالدىمغا دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ پىلدىرلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا مىۋە يەپ، شاخماتتىا مات بۇلۇپ ئولتۇرغان مەنزىرە كىلىۋىدى، بۇنىڭغا تاقەت قىلالىغۇدەكمەن دەپ ئويلاپ، ئىشلار ئۇچۇق بولسۇن ئۇچۇن "مەن قىلىدىغان بىرەر ئىشلار بارمۇ؟" دەپ سورىدىم.

"يوق، خاتىرجەم بۇلۇڭ، ئىشلار ھەممىسى جايىدا، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟"

"ئاغرىقمۇ ئەمەس، ھالىم بوش شۇ"

"چۈشۈنەلمىدىم"

دىيىشكەن يەرگە يىتىپ بارسام تۇرسۇننىڭ باغنىڭ دەرۋازىغا يۆلىنىپ، بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ سۆزلىشىۋاتقان كىشى مەن كۆرگەن ئەڭ ئىگىز بوي ئۇيغۇر بولۇپ، مەمەت ئىسىملىك بۇ كىشى تۇرسۇننىڭ ئىككىنچى ئاكىسى ئىكەن. مەمەت ئۇستىگە يېشىل رەڭ ياقىسز مايكا بىلەن كۆك رەڭلىك تەنتەربىيە كىيىمى كىيۋالغان بولۇپ، ھايات ۋە ياكى باشقا ئۇنىڭغا شىپا بولىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى يۇقۇرىغا سوزغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق ئىككى ئاغىنىسى يىتىپ كەلدى، ئۇلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئاندىن خەمىت ئەسكى زاماندىن مىراس قالغان كونا ۋەلىسپىتىنى مىنىپ يىتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرەشتۇق. ئاخىرى ھەممىس جەم بۇلغاندىن كىيىن باغىغا كىرىپ، شاخلاردىن خۇددى پەردىلەردەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتۇنرەڭ ئۈرۈكلەر ئارىسىدا سايىداپ مېڭىپ، بىر تال ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئارام خۇدا ئۆرۈن ئالدىم.

مەخمۇت بىلەن دوسلىرى بۇ باغنى بەش يىللىق ئىجارىگە ئېلىشقان بولۇپ، يىلىغا ئاران 300 يۈەن ئىجارە ھەققى تۆلەيدىكەن. باغنىڭ مۆلىرىنى ئاساسەن باققاللارغا ساتىدىكەن، گايىدا ئۆرۈمچىگىمۇ ئېۋەتىدىكەن. بۇ يىل شامال مۆلىلەرنى قېقىۋەتكچ، ھوسۇل ياخشى بولمىغان ئىدى. مەمەت قاتارلىقلار خىمىيەۋى دورىلارنىڭ ئىشلەتمىگەچ، ئۆلارنىڭ مۆلىرى تاللا بازارلىرىغا لايىق چىمايتى، يەنى بىرەر تال نۇقسانسىز مۆنى تېپىش راسلا تەسكە تۇختايتى. ئەمما بۇ مۆلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئاغىزنى ۋايجان دىگۈزۈۋەتكۈدەك تاتلىق شىرنىس بار بۇلۇپ، چىشلەپ بولغىچە ئېغىز بوشلىغىنى لىق تۇشقۇزۇپ، ئىڭەكلىرىگىچە ئېقىپ كىتەتتى. بىز پۇخادىن چىققىچە ئۆرۈك يىدۇق. ئاندىن تۇرسۇن مەن ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى شاخمات تاختىسىنى چىقىرىپ پىچكىلارنى تىزدى تازا ئەدىۋمىنى بىرىشنى باشلىۋەتتى. مەنمۇ خېلىلا مەشق قىلىپ مائارتىم ئۆسۈپ قالغان بولغاچ، ھەر قېتىمقى ئۆيۈن بىرەر سائەتچە داۋاملاشتى. ئەمما مەن ئاساسەن مۇدائىپىيە قىلىش بىلەن ھەلەك بۇلۇپ، ئۇنىڭ بىرەر قەدەمنى خاتا مېڭىپ قالسا ئەدىۋنى بىرەرمەن دىگەن ئۈمۈتتە بولغان بولسامۇ ئۇنداق پۇرسەت نىسىپ بولمىدى.گەرچە تۇرسۇن ھەر قېتىم بىر تەرەپتىن سۆزلەپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئويلۇنۇپ سەل ۋاقىت سەرپ قىلسىمۇ دايىم مىنى ئۇتۇۋالدى شاخماتتا.

كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىۋىدى، تۇرسۇننىڭ دوستلىرى ئاستا چىقىپ كىتىشتى. ئارىلىقتىن ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كىيىن تۇرسۇندىن باشقىلىرىنىڭ ناماز ئۇقۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدىم.

"سىزچۇ؟"

"ھازىر ئۇقۇمايمەن"

"جۈمە كۈنلىرىچۇ؟"

"گاھىدا بېرىپ قۇيۇمەن، ئەمما ئىتيات قىلمىسام بولمايدۇ، ئەگەر نامازغا بېشنى باشلىسام كىشىلەر سۆزلەيدۇ، شۇڭا پاسپۇرتىمنى ئېلىۋالغۇچە تاقەت قىلىشىم كىرەك"

خەمىت بىرىنچى بۇلۇپ قايتىپ كىلىۋىدە مەن نىمە ئۈچۈن بەزىلەر ئۆزۈن ئۇقۇيدىكەن بەلەر قىسقا دەپ سۇرىدىم.

"بەلكىم بەزىلەر ئالدىراشتۇ، مۇھىم ئىشلىرى باردۇ. ئالادىن قۇرقىدىغانلار ئۆزۈنراق ناماز ئۇقۇيدۇ، ئىتياتچان بۇلۇدۇ".

"سىزچۇ؟"

"مەن ئاستىمۇ ئەمەس، تىزمۇ ئەمەس نۇرمال ئۇقۇيمەن".

ئارقىدىن دايىم سورىلىدىغان سۇئالغا دۇچار بولدۇم.

"سىزچۇ؟ ئىتىقادىڭىز بارمۇ؟"

"يوق"

"نىمە ئۈچۈن؟"

"سىز نىمە ئۈچۈن دىنغا ئىتىقاد قىلىسىز" قايتۇرۇپ سورىدۇم

"چۈنكى ئاللا ئالەمنى ئاپىرىدە قىلغان، ئىنسانلارنى ياراتقان".

"ئۇغۇ شۇ، سىز نىمە دەپ بۇنىڭغا ئىشىنىسىز؟"

ئۇ خۇددى تالاش تەلەپ قىلمايدىغان بىر مەسىلىنى ئاڭقىرالمىغانلىقىمغا ھەيران قالغاندەك ماڭا قارىدى.

"چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاندا يېزىلغان. نۇرغۇنلىغان ئاساسى بار".

"مەسىلەن؟"

"مۇھەممەت پەيغەمبەر تاغلارنىڭ يىلتىزى باردىگەن ئەمما كىشلەر بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، بۈگۈنكى كۈندە پەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ راسلىغىنى ئىسپاتلىدى"

تۇرسۇن گەپ قىستۇرۇپ

"توغرا، تاغلارلا ئەمەس، ئىنسانلارنىڭمۇ يىلتىزى بار، ئۇلارنىڭ يىلتىزى ئاللا دۇر" دىدى.

تۇرسۇن بىلەن خەمىت ماڭا ھەمرا بولۇپ شەھەرگە قايتىپ كەلدۇق، يولدا خىتايلارنىڭ بىرازىلىيەدىن 4 توپ يىگەنلىگىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ ئۇلارنىڭ مەسخىرە تەنلىرى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

"ئەزەلدىن بۇنداق ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ باقمىغان مەن!"

"نىمە دىگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ"

"كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇپ كەتتى، ئايلىنىپ كىتىدىغاندەك تۇرىمەن".

"راسلا بەك يامان بوپتۇ".

**113**

يېتىم يېسىرلار مەكتىۋى دەرياغا بارىدىغان يولدا بولۇپ، ھەيۋەتلىك بۇ بىنانىڭ ئۈستىدىكى بىزەكلىرىدە رۇس قۇرۇلۇشىنىڭ پۇرىغى چىقىپ تۇراتتى، ئاستىنقى قەۋەتلىرى بولسا ماشىنا تۇختىتىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ كىتەتتى. ئېپىدەم مەكتەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەرنىڭ

قارىغۇچىسىدەك كۆرۈنگەن بىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇپتۇ، چىرايىدىن كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

"ياخشىمۇسىز ئېپىدەم؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟"

"گېپىنى قىلماڭ نىك، بۇگۈن بەكلا كۆڭۈلسىز بىر كۈن بولدى، ئاخشام ئىككى قىز بالا قېچىپ كېتىپتۇ، نوتىرھاجىم ئۇلارنىڭ بىر كۈن ئىزدەپتۇ".

"تاپالاپتىمۇ؟"

"ئاللاغا شۈكرى، تېپىلىپتۇ"

"ئۇلار نىمە دەپ قاچىدىكەن؟"

"ئانىسىنى سېغىنىپ كېتىپتۇ"

"ئانىسىنى؟ بۇ يەرنى يېتىمخانا دەپ ئويلاپتىمەن تېخى، يېتىمخانا دىگەندە ئاتا ـ ئانىسىز يېتىم يېسىرلار بۇلۇدۇ".

"بۇ يەردىكى باللارنىڭ كوپۈنچىسىنىڭ ئاتا ئانىسى هايات، ئەمما باللىرىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغىدەك ماجالى يوق، چۈنكى بەزىلىرى زەهەر چىكىدۇ، بەزىلىرى هاراقكەش بەزىلىرى تۈرمىغا چۈشۈپ قالغان"

"ئۇ ئىككى قىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىكەن؟"

"نوتېرھاجىم يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسا مەكتەپتىن قايتۇرىۋېتىمەن دەپ ئاگاھلاندۇردى، ئەمما ئۇ قىزلارنىڭ هالىنى بىر كورگەن بولسىڭىز بىلەتتىڭىز، بىرى ئانىسىنى كورمىگىلى ئىككى يىل بوپتۇ، تۇختىماي يىغلاپ كەتتى، مەن بىچچارىگە تەسەللى بېرىپ قۇلنى تۇتۇپ يىغىسى بېسىققىچە ئولتۇدۇم يېنىدا".

نوتېرھاجىم تالادىكى پەشتاقتا يۇغان قۇسىغىنى دۇمبايتىپ تۇراتتى. قېلىن شاپ بۇرۇتى ئۇستى كالپۇگۇنى يېپىۋالغان بۇلۇپ، چىرايىدىن بىر خىل ئۇز ئىشىغا پۇختا ئادەملىگى چىقىپ تۇراتتى. مىنىڭ كۆزۈمگە ئۇنىڭ بۇ تۇرقى سادىر پالۋانغا ئوخشاپمۇ قالغاندەك كۆرۈنگەن قىلىۋدى، بۇ خىيالىمنى ئېپىدەمگە دەپ بەرسەم قاقاقلاپ كۇلۇپ كىتىپ، "ۋاي ئۇنداق بۇلامدىغان، نوتېرھاجىم بەكلا سىمىز" دىدى. نوتېرھاجىم مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قارشى ئالغاندىن كىين، ئېپىدەمنى تەنقىد قىلىۋاتقاندەك قوللىرىنى هاۋاغا شىلتىپ، بارماقلىرىنى تەڭلەپ ئۇنلۇك بىر نىملەرنى دەپ قاخشاپلا كەتتى. ئاخىردا قاقاقلاپ كۇلۇپ كىتىپ مېھرىبان ئاتىلاردەك قولىنى ئېپىدەمنىڭ دولىسىغا قويدى.

نوتېرھاجىمنىڭ تىگى غۇلجىلىق بولۇپ، ئۆزۈن يىللاردىن بىرى قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سودا سېتىق قىلىپ بېيىغان ئىكەن. ئۇ غۇلجا كوچىلىرىدا كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىگە چاقسىز بالىلارنىڭ، بولۇپمۇ كۆزگە بەكرەك چېلىقىدىغان مايىلامچى بالىلارنىڭ كۆپىيشىگە بىر ئامال قىلىش ئۈچۈن بۇ يېتىمخانىنى ئاچقان بولۇپ، يېتىمخانىنىڭ ئىقتىسادى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆزى مەسئۇل ئىدى. نوۋەتتە يېتىمخانىدا پانالىنىۋاتقان بالىلارنىڭ سانى 200 ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كاپالىتىدىن باشقا يەنە بالىلار 16 يېشىدا يېتىمخانىدىن ئايرىلغاندا ئىشسىز قالماسلىغى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مائارىپ تەربىيەسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىكەن. ھوكۈمەت پەقەت يېتىمخانىنىڭ مائارىم تەربىيەسىگە قىززىقىپ، بۇ يەردىمۇ ھوكۈمەت مەكتەپلىرىدەك قائىدە تۈزۈملەرگە رايە قىلىپ، "دىنىي تەلىماتلار بىلەن ئىجتىمائى مۆيىت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا زىت كېلىدىغان" مەزمۇندىكى دەرسلەرنىڭ ئۆتىشى قاتتىق مەنى قىلىغان ئىكەن.

ئەمما ھوكۈمەتنىڭ قىززىقىشى شۇ يەردىلا چەكلىنىپ ئىقتىسادى جەھەتتىن يار يۆلەك بولۇش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان. بۇ يەردە ئۇقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ مۇئاشى بەكلا تۆۋەن بولۇپ، ئاساسەن بىكارلىقىغا دىگۈدەك ئىشلەيتى. كارىدۇرغا ئېسىغلىق ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدىن بۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئۇقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىگىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولاتتى.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغىرىغى چېلىنىۋىدى كارىدۇر ئويغۇر باللىرىنىڭ ۋاراڭ چۇرۇڭلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. ئېپىدەمدىن قازاق ياكى تۇڭگان باللىرىمۇ بارمۇ دەپ سۇرىسام يوق دەپ بېشىنى چايقىدى، ئەگەر بولسا قوبۇل قىلامدۇ دەپ سۇرىسام قوبۇل قىلمسالىغى مۇمكىن دەپ جاۋاپ بەردى.

"ئۇلار ئۈچۈن بۇ خىل مۇھىتنى قوبۇل قىلىش مۇشكۇل چۈشۈشى مۇمكىن"

"بەلكىم دەسلىۋىدە شۇنداق بولار، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىسا بولماس؟"

"بەلكىم ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئىتياجى چۈشمەس، دىمىسىمۇ كوچىلاردا مايلامچىلىق قىلىۋاتقان قازاق ياكى تۇڭگان باللىرىدىن قانچىسىنى كۆردىڭىز؟"

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. باللار دولقۇندەك بىزنى ئورۇۋىلىشىپ ھاياجان بىلەن ۋىچىرلىشىپلا كەتتى. بىر ئەژنەبىنى كورگۈنىدىن مۇشۇنداق ھاياجانلىنىپ كەتكەندىمۇ دەپ تۇراتتىم، ئۇلارنىڭ ئېپىدەمگە قىزغىنلىق بىلەن چاپلىشىپ قۇچاقلاپ كۇرۇشۇپ كىتىشلىرىدىن ھاياجانىنىڭ مەنبەسى مەن ئەمەسلىگىمنى ھىس قىلدىم. ئېپىدەمگە يېقىنلىشالمىغانلىرى ماڭا قاراپ بولسىمۇ كوڭلىگە تەسەللى تېپىشتى. دەرس باشلاش قوڭغىرى چېلىنىۋىدى باللار پەرۋا

قىلىشماي ئېپىدەمنى ئۆرنۈلىپ گەپلىرنى داۋاملاشتۇرىۋدى نوتېرھاجىم كىلىپ بىر ھەيۋە قىلىۋدى ھەممىس تارقاپ سېنىپلىرىغا كىرىپ كىتىشتى.

بىز ئېپىدەمنىڭ سىنىپىغا كىردۇق، باللار چاۋاك چېلىشىپ تەكشى ئاۋازدا " ياخشىمۇسىز؟" دەپ تۈۋلاشتى. ئالدى قاتاردىكى بىر ئۇغۇل بالا ئورنىدىن تۇرۇپ " ياخشىمۇسىز؟ مىنىڭ ئىسمىم قوسىق، سىزنىڭچۇ؟ نىمە خىزمەت قىلىسىز؟" دەپ سۇرىدى مەندىن. مەن سۇئاللىرغا جاۋاپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۇرۇشتۇم، باللار چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى.

"باللارغا ئىنگىزچە دەرس ئۇتىدىغان ئۇخشىماسىز؟"

"شۇنداق، ھەپتىدە ئىككى قېتىم دەرس بىرىمەن، باللارنىڭ كۇپچىلىكى ياقتۇرۇپ ئۇگۇنىدۇ"

غۇلجىدىكى ئەڭ باش پاناسىز قالغان بۇ باللارنىڭ ئىنگىلىزچە ئۇگۇنۇش پۇرستىگە ئىرىشەلىشى ئادەمگە بىر خىل مەسخىرىدەك بىلىنەتتى. بەزىلىرىنىڭ ئىنگىلىزچە سەۋيىسى خېلىلا ياخشى ئىدى، باللارنىڭ بىرى ئۇرنىدىن قۇپۇپ  سىز قەيەرلىك دەپ سۇرىۋىدى  "مەن ئەنگىلىيەلىك سىزچۇ؟" دەپ قايتۇرۇپ سۇئسام كۇرۇپ تۇرۇپ "مەن شەرقى تۇركىستانلىق" دەپ جاۋاپ بېرىۋدى باللار ئالقىشلاپ ۋاقرىشىپ كىتىۋدى ئېپىدەم يالغاندىن خاپا بولغاندەك بۇلۇپ، باللارنىڭ بولگۇنچىلىك ھەققىدىكى بۇ تىمىدا داۋاملىشىنىنى تۇسۇپ، بىرگە ناخشا ئەيتىلى دەپ پىكىر بېرىۋدى باللار قۇبۇل قىلىشىپ ناخشىنى باشلىۋەتتى.

"بۇ بىر غاز، ئۇ بىر ئۇدەك، شۇنداق مەن بىلىمەن، بۇ بىر غاز ئۇ بىر ئۇدەك"

ئارقىدىن تۇغۇلغان كۇنى ناخشىسى، رېۋدىستۇۋا ناخشىسى ۋە مەن ئەڭ ياخشى كۇرۇدىغان "بۇ بېشىم بۇ مۇرەم، بۇ تىزىم بۇ ئايغىم" دىگەن ناخشىلارنى ئەيتتۇق. ئارقىدىن ئېپىدەم باللارغا مەندىن سۇرايدىغان سۇئاللىرىنىڭ بار يوقلىغىنى سۇرىۋىدى غۇلجىنى ياخشى كۇرەمسىز، ئۇيغۇرچە سوزلىيەلەمسىز، پولو يېيىشنى ياخشى كۇرەمسىز، دەۋىد بېكامنى تۇنۇمسىز دىگەندەك بىر قاتار سۇئاللارنى سۇرىدى. دەۋىد بېكامنى تۇنۇمايدىغانلىغىمنى ئەيتىۋىدىم ھەممىس نائۇمۇتتە خۇرسىنىۋىدى مەن دەرھال پۇتبۇلنى ياخشى كۇرۇمەن دەپ قېتىپ قويدۇم. باللار ئېپىدەمگە ئۇيغۇرچە بىر نىمىلەرنى دىۋىدى، ئېپىدەم باللار پۇتبۇل ئۇينالىمۇ دەيدۇ دىدى، مەن قۇشۇلۇشىم بىلەن باللار يۇگۇرۇپ بېرىپ پۇتبۇل مەيدانىنىڭ قارشى تەرپىدىن چىلەكلەر ۋە چەينەكلەردە سۇ كۇتۇرۇپ كېلىشتى. مەن تىزىمغچە كەلگۇدەك تۇپا ئاستىدا قالغان مەيدانى كورگەندىن كىيىن بۇ سۇلارنىڭ نىمىگە لازىم ئىكەنلىگىنى چۇشەندىم. بىز مەيدانىنىڭ ياقىسىدا باللارنىڭ تۇپا قاپلاپ كەتكەن مەيدانغا سۇ چېچىپ ئەسلىگە كەلتۇرۇشنى ساقلىغاچ ئون مىنۇت پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. مەن ئېپىدەمگە سىز ئادەمنىڭ ئەقىل يەتمىگۇدەك ياخشى بىر ئىنسان ئىكەنسىز دىۋىدىم، ئۇ سەل قىزىرىپ، ئەسكى چاغلىرىمۇ بولغان دىدى. مەن ئەمدى قىسمەن ناشايان سىرلارنى ئاڭلايدىغان بولدۇم دەپ خىيال سۇرۇپ تۇراتتىم ئۇ 12 ياش ۋاختىدا قانداق قىلىپ بىر خىتاي ئايالغا تاش ئاتقانلىغىنى سۆزلەپ بەردى. بىر كۇنى ۋەلىسىپتكە بىر سوۋەت

تۇخۇم قويۇۋالغان بىر خىتاي ئايال ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئېپىدەم بىر تاش بىلەن كاللىسا سۇقۇپ ئۇ خىتاينى يىقىتىۋېتىپ تۇخۇملىرىنى چېقىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان ئانىسى ئېپىدەمنى كاچات بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۇ خىتاي ئايالدىن ئەپۇ سوراتقۇزۇپتۇ.

باللار ئىسقىرتىشىپ مەيدان ھازىر بولغانلىغىنى خەۋەر قىلىشتى، مۇسابىقىنى باشلىۋەتتۇق. بۇ 11 ـ 12 ياشلىق باللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ماھارىتى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، مىنىڭ نائۇستىلىقىم چېنىپلا قالدى.

يېرىم سائەتقا قالماي نەپىسىم قىينىلىپ، يۆتۈلۈپ كەتتىم، ئاندىن بىر دەم ئارام ئالاي دەپ ئولتۇرىۋىدىم ئېپىدەم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ

"نىك ئىشتىنىڭىزغا قاراڭ!" دىدى

"نىمە بوپتۇ؟"

"بەكلا مەينەت بولۇپ كىتىپتۇ"

"ھە، ھىچقىسى يوق، يۇيىۋەتسەم پاكىز بولۇدۇ"

"غولجىلىق يىگىتلەرگە ئوخشمايدىكەنسىز جىمۇ"

"توغرا دەيسىز".

"دىمەكچى بولغىنىم، غولجىلىق يىگىتلەر بەكلا پاكىز كىلىدۇ، يانچۇغىدىن چاچ تارايدىغان تارغىقنى ئالماي تالاغا چىقىدىغان يىگىت يوققۇ دەيمەن غولجىدا".

ئۇنىڭ گىپى توغرا ئىدى، گەرچە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كوپۇنچىسى خوددى دادىلىرىغا ئوخشاشلا قېلىن چاپان، گۆللۈك مايكا كىيىپ، باشقا يەرلىك ياشلارغا ئوخشاش يەڭسىز مايكا ياكى سپورت ئايىغى كىيىشمىسمۇ، ئەمما كىيىم كىچەككە بەكلا ئىتىيات قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق كىينىشىدىكى سەۋەپ ئۆزلىرىنىڭ تاللىشىنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى باشقا خىل كىيىم ئېلىشقا ماجالى يەتمەي دادىلىرىدىن قالغان كىيىملەرنى كىيىشى تۈپەيلى شۇنداق بولۇپ قالغانمۇ، بۇنىڭغا ئېنىق بىرنىمە دىيىشكە بولمايتى.

**114**

يوقۇردىن ئادەم كىلىپ تەكشۇرىدىكەن دىگەننى ئاڭلاپ، غولجا دارىلمۇئەللىمىنىڭ لايەقەتلىك، ئادىل ھەم ھەق مەكتەپ ئىكەنلىگىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، مەكتەپ قورۇسىنىڭ ھەممە بوش يەرلىرىگە چۈپلۈك ئوستۇرۇش ئۈچۈن ئۇغۇت چېچىۋەتكەن ئىدى. چېچىلغان ئوغۇتلار نەپەس

ئالسىلا ئادەمنىڭ ئۆپكىسىگە ئۇغۇتنىڭ پۇرىغى بىلەن تۇشىدىغان ھاۋا كىرىپ بىزار قىلىدىغان ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى خىيالىم باشقا يەردە ئىدى. بۇ پۇراقلار خىيالىمغا كىرمەيتى، چۈنكى بىر ھەپتىدىن كىيىن مەن بۇ يەردىن ئايرىلاتتىم، ئەمما ئايرىلىشتىن بۇرۇن، كۆلىن بىلەن ئۇزۇندىن بىرى ئېلىپ بىرىشقا تىگىشلىك بىر ئىككى ئېغىز گېپىمنى دىيىشىلىشكە قارار قىلدىم.

ئۇنىڭ بۇ يەردە دىن تارقىتىش ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن خېلى بۇرۇنلا سۆزلىشىش ئۈيۈم بار ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم قايتىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان گېپى بىلەن بولغان دوستلۇغۇمدەك بولمىغاچ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇق ئاشكارە دوستانە پاراڭلىشىشقا كۆزۈم يەتمەيتى. ئۇنىڭغا نىسپەتەن مەندە بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، كۆڭلۈمدىكى نەپرىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازغاندىم.

*سىنىڭ نىيىتىڭنىڭ قانداقلىغىنى بىلىمەن، دىن تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانمىدىم دەپ ئۆز قابىلىيىتىڭنى بەكلا يۇقۇرى مۆلچەرلەپ مىنىڭ ئەقلىمگە ھاقارەت كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنما. مىنىڭ نەپرىتىم نىمىگە بەكرەك كىلىدۇ؟ خىرستىيان دىنىغمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى سەندەكلەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بىر مەدەنىيىتى بار خەلقنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەن-ئەنىسىدىن بارى ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا بىر نەرسىلەردىن تەلىم بىرىشكە ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىزارمەن. ئۇندىن باشقا ئۆزگىلەرنىڭ بىچچارىلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئالدىم، ئۇلاردا ساختا ئۈمۈت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھى ئاجىزلىغىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇشلىرىدىن نەپرەتلىنىمەن.*

ئۇنىڭغا قارىتىلغان بۇ ئەيىپلەشلىرىمنى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كۆڭلۈم سەل ئەمىن تاپقاندەك بولدى.

*مىنى ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئىشىنىپ قالىدۇ دەپ خام خىيال قىلما، چۈنكى سىنىڭ ئاجىز سەزگۈلىرىڭ تەھدىتكە ئۇچرىغاندا يالغان ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئۆزۈڭنى دالدا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىڭنى تولۇق كۆرۈپ يەتتىم. مەسلەن مەن تويغا قاتنىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىنىپتىكى دەرسلەرنىڭ تەقسىم قىلىش ۋاقتىدا مىنى قاتناشتۇرۇشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشلىرىڭ، ھېلىقى كىتاپلاردىن خەۋىرىم يوق دىيىشلىرىڭ، ساقچىلار بىلەن مۇناسىۋىتىم ياخشى دىيىشلىرىڭ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ياقمايدىغانلىغىڭ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ سەندىن بەكرەك ئالقىشلىنىدىغانلىغى، لاياقەتلىك ئىكەنلىكى شۇنداقلا بەكرەك*

***ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىتىراپ قىلىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىڭنىڭ ئىپادىسى.***

گەرچە ھەر ئىككىمىز بىر پاكۇلتېتتا ئىشلەپ، ئويلىرىمىزمۇ يېقىن بولسىمۇ، مەن يېقىنقى بىر قانچە ئايلاردىن بېرى ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتۇشقا تىرىشتىم. تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭغا بىر نىمە دىمەسلىكىمدىكى ئاساسلىق سەۋەپلەرنىڭ بىرى، مىنىڭ قارىشىمچە ئۇنىڭ ئۇقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى بەكلا چەكلىك بولغان، شۇڭا گەپ قىلىش ھاجەتسىز دەپ قارىدىم. ھازىرغىچە ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن خىرىستىيان دىنىغا ئازراق قىززىقىپ قالغان بەختىسىز بىرلا ئوغۇل بالانى ئۇچراتتىم، ئەمما بۇ بالىنىڭ نەزىرىدە ناسىستلارنىڭ ئادەم ئولتۇرگىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇلارمۇ يامان ھىساپلانمايدىكەن. ئەمما كۆلىنىغا ئۇنىڭ نىملەرنىڭ پېشىدا يۈرىۋاتقانلىغىدىن خەۋىرىمنىڭ بارلىغىنى بىلدۈرمەي تۇرۇپ كەتكىم كەلمىدى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن قول ئۈزىشىگە ئىشەنمىسەممۇ، كاللىسىدا سەل ئەقىلى گۇمان پەيدا بۇلۇپ قالسا ھەجەپ ئەمەس دىگەن ئۈمۈتتە بولدۇم.

بىر كۈنى كۆلين ئەنگىلىيەدىن پۈشتىغا سېلىۋېتىشمغا ھاۋالە قىلدىغان بىر قانچە پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ يېنىمغا كىلىۋىدى، بۇ ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىش پۇرستى يارىتىپ بەردى.گەرچە ھەپتىلەردىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن قانداق سۆزلىشىش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان رېپىتىسىيەرنى قىلغان بولسامۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشكەندە يەنلا ئازراق تەمتىرەپ گەپنى قەيەردىن باشلىشمىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەمما بۇ پۇرسەتنى قاچۇرۇۋەتسەم قايتا بۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ يوقلىغىنىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

"كۆلىين مەكتەپتىكى بەزىلەرنىڭ ۋە بەزى تۇختۇرخانىدىكىلەرنىڭ چەتئەللىكلەرنىڭ ئارقىدىسىدىن ھەممىمىزنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىدىغانلىغىمىزنى دىيشىدىغانلىغىنى بىلمەي قالمىدىڭىزغۇ دەيمەن".

ئۇ گىپىمدىن يۈچۈق تېپىپ "بەزى دۇختۇرخانا دىگىنىڭىز قانداق گەپ؟"

"ھىم... بىر دۇختۇرخانا دىمەكچىدىم. دىمەكچىمەن، كىشىلەرنىڭ بۇنداق گەپلەرنى تارقىتىش ئىتىمالىنى بىلىپ تۇرغاندىكىن، كىشىلەردە بۇ خىل خاتا ئوي پەيدا قىلىدىغان قىسمەن گەپ سۆزلەرنى قىلمىغىنىمىز ياخشىمىكىن دەيمەن"

"مىنىڭچە بۇنىڭدا ھىچ قانداق مەسىلە يوق، مىنىڭچە بۇ يەردە ھىچكىم قىلىشقا تىگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلغىنى يوق. سىز زادى كىمنى دىمەكچى؟"

"سىز ھېلىقى توت ئامرىكىلىق ئوقۇغۇچى بۇ يەردە دىنى تەشۋىقاتى ئېلىپ بارمايدۇ دىمەكچىمۇ؟"

"ئۇنداق ئىش يوق، ئۇلار پەقەت تىل ئۈگىنىش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ يەردە ئۆزۈن تۇرمايدۇ. بىرەدىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاران بىر يىللىقلا ئىقتىسادى ياردەم بىرىدۇ".

"قانداقلا بولمىسمۇ، ئۇلار دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنالمىدۇ يوق، ئۇنىڭ كارى چاغلىق ئەمما كىشىلەرنىڭ ئېڭىدە شۇنداق ئۇقۇم شەكىللەنگەن، شۇڭلاشقا، بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغان تەقدىردىمۇ، ئىتيات قىلغانلىق يامىنى يوق، شۇڭا سىز بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلۈشۈپ كۆرۈشنى توغرا تاپقاندىم".

ئۇ ماڭا سەل ئىتيات بىلەن قارىدى.

"چۈنكى مەن 99 ـ يىللىق سىنىپ ئۇقۇغۇچىلىرىنىڭ خاتىرسىگە قارىسام، بەزىلىرى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئەيسا ھەققىدە فىلىم كۆرگەنلىگىنى يېزىشىپتۇ، ئۇلار يەنە سىزنىڭ بۇ ھەقتە ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگەنلىگىڭىزنى يېزىشىپتۇ."

ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەر خىل ئىنكاسلارنىڭ ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، ئەمما مىنى ھەيران قالغانلىغى ئۇنىڭدا بىر خىل تەشۋىشلەنگەنلىك چىقىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بۇنداق ھالەتكە كىلىشى بولۇپ، كۆڭلۇمنىڭ بىر يەرلىرىدە بۇنىڭدىن لەززەتلەنگەن بولسامۇ، يەنە بىر يەرلىرىدە سەل ئىككىلىنىش پەيدا قىلدى. دىمىسمۇ ئۇ ئايلىسى بىلەن غۇلجىغا كىلىپ تۇرۇپ قالغىنى توت يىل بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ يەر ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئوز يۇرتىدەك بولۇپ قالغان ئىدى. گەرچە غۇلجا مەن ئۈچۈن ئەبىدى بىر يات زىمىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى مۇشۇ يەردە چوڭ بولۇپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇپ، مۇشۇ يەردە دوستلارنى تۇتتۇشقان ئىدى. شۇڭا تاكى شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ بىر يوقۇتۇش بولۇپ قىلىشىنى زادىلا خىيالىمغىمۇ كەلتۇرۇپ باقمىغان ئىدىم. شۇڭا مەن سەل ئۇزۇمنى ئوڭشاپ

"بەلكىم بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر ئاددى خاتا چۈشەنچە بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىراۋلار بۇنى خاتا چۈشۈنىۋېلىشى مۇمكىن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟"

"كىملەر شۇنداق دەپ يېزىپتۇ؟"

"ئىككى ئۈچ ئوقۇغۇچى"

"ئىسمىنى نىمكەن ئۇلارنىڭ؟"

"ئۇنتۇپ قاپتىمەن".

"ئوقۇغۇچىلا دايىم بىزنىڭ ئويگە كىلىپ – كىتىپ تۇرىدۇ، ھەممىسىنى خاتىرلەپ بولالمايمەن، ئەمما ئۇتكەندە بىر قانچىسى كەپتىكەن، كارتون فىلمى كۆرۈپ كىتىشكەن".

"سىز ئۇلار خاتالىشىپتۇ دىمەكچىمۇ؟"

"توغرا"

ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى ئىقرار قىلىشى يۇقلا گەپ بولۇپ، باشقىچە بولۇشىنى خىيال قىلىشمۇ ئاخمىقانىلىق ھساپلانغاچ، بۇ سۆھبەتنى مۇشۇ يەردە توختىتۇپ قويۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى كۆلىن بىلەن گېپىدەك يىقىن دوستلاردىن بولۇپ ئوتمىگەچ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ماڭا دەپ بىرىشى يۇقلا گەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەملەر سوراق جاۋاپقا يۈزلەشكەندە ئەزەلدىن راس گەپ قىلمايدۇ.

مىنىڭ قولۇمدىمۇ باشقا كۆزۈر قالمىغان بولۇپ، ئۇنى چۈقۇم گەپ تىمىسىنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ خىيال قىلىپ تۇراتتىم، ئۇ كەينىگە يۈلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىغىر بىسىقلىق بىلەن "ساقچىلار دىندىن ئەنسىرىمەيدۇ، ئۇلار پەقەت سىياسى قالايمىقانچىلىقتىن بەكرەك ئەنسىرەيدۇ" دىدى.

"قانداقسىگە دەيسىز؟"

"بىر ئاينىڭ ئالدىدا مەكتەپتە تەنتەربىيە مۇسابىقىس ئىلىپ بىرىلدى، مۇسابىقىدە ئۇتتۇق قازانغانلارنىڭ بىرى يەر ئاستى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بىر يىل تۈرمىدە يىتىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەمما چاۋاك چىلىپ ئالقىشلىدى ئۇ ئۇتتۇق قازانغاندا"

"ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما چاۋاك چالغانلار ساقچىلار ئەمەس ئىدى، ئۇنى تۈرمىغا قامىغانلار دەل شۇ ساقچىلار، بۇنىڭدىن ساقچىلارنىڭ دىني پائالىيەتلەردىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى كۆرىۋىلىشقا بولىدۇ."

"ئۇنداق ئەمەس، ئۇ كۈنى يىغىنقا قاتناشقانلارنىڭ ئارىسدا بىر ساقچىمۇ بار ئىدى. مەسىلە بۇنىڭدا ئەمەس، مەسىلىنىڭ تىگى ئۇسەك سوزلەرنىڭ تارقىلىشدا، بۇ خىل گەپلەر تىز تارقىلىپ، گايىدا مەزمۇنى ئاسانلا ئۆزگۈرۈپ كىتىدۇ".

مەن ئىتيات بىلەن بىشىمنى لىڭشىتتىم، ئۇ گىپىنى داۋاملاشتۇردى.

"ئۇسەك سۆز تارقىتىشتىنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك، بەزىدە ئۇ قايتىپ كىلىپ گەپ تارقاتقۇچىلارنىڭ بىشىغا بالا بولىدۇ. لەنجۇدىكى ۋاقتىمىزدا بىر ياش ئۇقۇتقۇچى بەزى ئۇقۇغۇچىلارنى دىنغا كىرگۈزۈشكە ئورۇنىۋاتقانلىقى ھەققىدە گەپ تارقىتىپتۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ساقچىلار تەكشۈرۈپ كەلسە، ھىلىق ياش ئۇقۇتقۇچىنىڭ سىنىپتا ختاي سۇتسىيالىستىك دولەت ئەمەس دىگەندەك گەپلەرنى قىلغانلىقى ئىنىقلىنىپ، ئاخىرىدا ئۇسەك تارقاتقان شۇ مۇئەللىم قولغا ئىلىنىپ چىگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ".

بۇ مىنى قورقىتىۋاتامدۇ؟ مەن سىنىپتا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغاندىمەنمۇ دەپ ئەسلەشكە ئورۇندۇم، ئەمما ئىنىق خاتىرلىيەلمىدىم. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ماڭا قارىدى. تۇساتتىن قىزنى مەكتەپتىن ئىلىپ كىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسىگە ئىلىپ، خەتنى سىلىۋىتىشكە ماقۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن رەخمەت ئەيتىپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئاخىرقى قىتىم كۆرۈشىشىمىز ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن بالكۇنۇمدا ئولتۇرۇپ شەھەر ئۈستىگە قاراپ جۇغىلىشۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى تاماشا قىلدىم. ياز ھاۋاسىدا چاقنىغان چاقماقلاردا بۇلۇتلار شاپتۇلچېچىگى رەڭگىدە كۆرۈنەتتى، سائەتلەردىن بىرى يېغىلىپ قالغان قارا بۇلۇت ئاخىر ئۇز قەھرىنى چىقىرىۋاتاتتى.

مەن قولۇمدىكى گۇگۇرت بىلەن چىقاردىم ئاچچىغىمنى، ئالدى بىلەن "شۆرتسيەلىك قەسىدە ئەيتقۇچى قىز" دىگەن كىتاپنى كويدۇردۇم. كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىدا بويىنغا كىرىس ئېسىۋالغان سېرىق چاچلىق قىز ئاغزىنى ئېچىپ ناخشا ئەيتىۋاتقان، ئاغزىدىن مۇزىكا نوتىلىرى ئۇچۇپ چىقىۋاتقان رەسىم سىزىلغان ئىدى. كىتاپتا ناخشا ئەيتىشقا ئامراق شۆرتسەيلىك بىر قىزنىڭ ھىكايىسى ئاددى ئېڭگىز تىلىدا بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ قىز بىر كۈنى بىر چىركاۋنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتسا قۇلىغىغا ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر گۈزەل ناخشا ساداسى ئاڭلىنىپتۇ، قىز بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ چىركاۋغا كىرىپتۇ. چىركاۋدىكىلەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىشىپ، ئۇزلىرىنىڭ خور ئۇمۇگىگە قاتنىششاق تەكلىپ قىپتۇ. قىز مۇشۇ ناخشىلاردىن ئەيسانىڭ سويگۇسى، قۇربان بىرىشى ۋە كىشىلەرگە بولغان مۇھەببىتى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇگۇنىۋاپتۇ.

مەن ئالدىمدىكى كىتاپلارنى بىر تۇنۇكە ساندۇقنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، ئۇنىڭغا يەنە گېزىتلەرنى قېتىپ ، تونىنچى قەۋەتتىكى ئۇيۇمنىڭ بالكۇنىغا ئېلىپ چىقتىم، تالا ئانچە بەك قاراڭغۇ بۇلمىغاچ، مەن ئەتىراپتىكى ئويلەردىلەرنىڭ كەچلىك تاماق ئىتىشلىرى، تىلىۋىزۇر كۇرۇشلىرىنى تاماشا قىلغاچ قاراڭغۇ چۈشۈشنى ساقلاپ تۇردۇم. چۈنكى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كىيىن ئۇلار مەن تەرەپكە قارىسا تۇتۇننى ئەمەس، ئوت يالقۇننى كۇرۇپ، ئانچە بەك ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ دەپ ئويلىدىم. نەزىرىمنى ئىلى ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاپپاق قارلار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىسىغا يۇتكىدۇم، تاغ چوققىسى ئاستا ئاستا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىپ بولىشى بىلەن مەن كىتاپلارغا ئوت يېقىشقا باشلىدىم. كىتاپنىڭ مۇقاۋىسى ئاسان تۇتاشمىغاندىن كىيىن يەنە بىر تال سەرەڭگە يېقىپ تاكى مۇقاۋا تولۇق ئوت ئالغىچە تۇتتۇم، بىر كىتاپ كۆيۈپ بۇلۇش ئۇچۇن بىر مىنۇتتىن ئۇشۇق ۋاقتى كەتتى. ئاستا ئاستا كىتاپلارنىڭ مۇقۋىسى بولمىسا ياكى پارە پارە بولسا تېخمۇ ئاسان كۆيۈدىغانلىغىنى بىلىۋالدىم.

ئۇندىن كىيىن 'ئىتىقادنىڭ قەھرىمانلىرى'، 'دۇنيادىكى ئۇلۇغ مۆجىزىلەر' 'بىزنىڭ ئىلاھىمىز، بىزنىڭ قويىمىز' دىگەن كىتاپلارنى كويدۇردۇم. شۇ ئاخشىمى ئىلگىرى ئاخىر بۇلۇپ 70 پارچە كىتاپ كويدۇرۇپتىمەن. كىتاپلارنىڭ كۆيۈپ كۇل بۇلۇشىدىن لەززەتلىنىپ ئولتۇردۇم. بۇ كىتاپلار خېلىدىن بىرى مىنىڭ ياتىغىمدا ساقلانغان بۇلۇپ، ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەي يۇرەتتىم، تاشلىۋىتەي دىسەم باشقىلارنىڭ كۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. ئاخىرىدا كويدۇرۇۋىتىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. ئىشىنىمەنكى ئۇلار يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى كىتاپلارنى ئېلىپ كىلىدۇ، مىنىڭ بۇ قىلغانلىرىم ئۇلار ئۇچۇن ۋاقىتلىق بىر

زىيان بۇلۇپ قالار بەلكىم، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. مىنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى ئۇلار ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلالىغىنىمدا ئىدى.

كىتىدىغان ۋاقت بۇلۇپ قالدى دىمەك.

**115**

ئەتىسى ئەتىگەندە چېچىمدىكى ئىس تۇتەك پۇراقلىرىنى مۇنچىدا پاكىز يۇيۇۋىتىپ، پاكىز كىيىنىپ، ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغاندىن كىيىن، كۆلىيىن قاتارلىقلارنى ھوكۇمەتكە چېقىش ئۈچۈن يول ئالدىم.

بۇرۇن بۇلارنى باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە دەپ بىرىپ، ھوكۇمەت ئۇرگانلىرىغا بىۋاستە ئاشكارىلاشتىن سەل ئەنسىرەپ كەلگەن ئىدىم، چۈنكى ئۇلار تەكشۈرۈپ كەلسە، مەن بىلەن باردى كەلدى قىلغانلار ۋە مەن مەكتەپ سىرتىدا ئۇتتۇۋاتقان دەرسلەرگە تەسىر يېتىپ قالارمىكى دەپ ئەنسىرەيتىم. ئەمدى كىتىدىغان بولغاندىكىن قورقىدىغان ھىچ نەرسە قالمىغاندى. كىين ئويلاپ باقسام ئەينى چاغدىكى قارارىمنىڭ سەل تەۋەككۇلچىلىك ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدىم، لىكىن ئۇ چاغدا ئاچچىغىمدا بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرماپتىمەن.

مەن ئالدى بىلەن سەي خېنىمدىن باشلىدىم. مىنىڭ نەزىرىمدە سەي خېنىم مەكتەپ رەھبەرلىگىگە تۇتتۇشىدىغان ئۈچۈر مەركىزى بۇلۇپلا قالماي، ساقچىلاردىن ھوكۇمەت خادىملىرىدىنمۇ كۆپىنى تۇنۇسا كىرەك. شۇنچىلىغان چەتئەللىكلەرنىڭ بۇنداق قانۇنسىز ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىغىدىن خەۋەر تاپسا سەي خېنىم چۇقۇم بەك يايراپ كەيمەيدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ نازارىتىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىغىنى ئاڭلىسا يۈزى چۈشۈپ كىتەر، بۇلۇپمۇ بۇ خىل خەۋەرلەرنى ساقچىلار ئۇنىڭدىن ئەمەس باشقىلاردىن ئاڭلاپ قالسا ئىشنىڭ تۇگەشكىنى شۇ ئەمەسمۇ دەپ ئويلىدىم. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن گېپىمىز بىر يەردىن چىقمىسىمۇ ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر بالا كىلىشنى مەنمۇ خالىمايمەن.

ئىشخانىسىغا كىرسەم سەي خېنىم قېرىنداش ئۇچلاپ ئولتۇرۇپتۇ، بىز سالام سائەت قىلىشقاندىن كىيىن مەن كىلىش مەقسىدىمنى ئۇدۇللا دىدىم.

"سەي خېنىم ئۇزۇندىن بىرى سىزدىن سۇراشقا جۈرئەت قىلالمىغان بەزى سۇئاللىرىم بار ئىدى، مەن پات ئارىدا قايتىپ كىتىمەن، شۇڭا مېنىڭشىنىڭ ئالدىدا سۇراي دەپ كەلدىم"

ئۇنىڭ تاتلىقىنە كۆلۈشىدىن كۆڭلۈمدە مەندىن تويي قىلىش تەلۋىنى كۆتۈۋاتامدىغاندۇ دىگەن ئوي كەلدى.

"ئىسىڭىزدىمىكى، مەن دەسلەپتە كەلگەندە سىز ماڭا غۇلجىدىكى قىسمەن ئالاھىدە تۈزۈملەر ھەققىدە توختىلىپ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئالاھىدە توختالغان ئىدىڭىز. بۇ تۈزۈملەر ھەققىدە باشقا چەتئەللىكلەرگىمۇ سۆزلىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن"

"شۇنداق ھەممىسگە سۆزلىگەن، بۇلار بەكلا مۇھىم تۈزۈملەر".

"ئۇنداقتا ئۇلار زىنىڭ گىپىڭىزنى تازا ياخشى ئاڭقىرالمىغان ئوخشايدۇ"

"بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟"

"دىمەكچىمەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى دىن تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئۇقۇغۇچىلارنىلا ئەمەس، جەمىيەتتىكى باشقا كىشىلەرنىمۇ دىنغا كىرگىزىشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ"

"شۇنداق، بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز بار"

"خەۋىرىڭلەر بارمۇ؟"

"شۇنداق، ساقچىلار بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى بۇ ھەقتە مۇشۇ يەردە يىغىن ئاچقان".

"ئۇنداقتا بۇنىڭ قانۇنسىز ھەركەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نىمە دەپ ئۇلارنى توسۇپ قالمايسىلەر؟"

"گەرچە بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىمىز بولسىمۇ، ئۇنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ئىسپاتلىرىمىز يوق، ئۇلار بەكلا ئىتياتچان. ئەگەر قولىمىزدا ئىسپات بولغان بولسا چۇقۇم بۇنىڭغا چارە كۆرەتتۇق"

"قانداق دەلىل ئىسپات دىمەكچىسىز؟" دەپ سورىدىم

"مەسىلەن ئۇلار باشقىلارنى دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىرەر نەرسە بەرگەن بولسا، يەنى كىتاپ دىگەندەك نەرسىلەرنى بەرگەن بولسا بۇ ئىسپات بولالايدۇ".

كىتاپ بارلىغىنىغۇ بىلەتتىم دىدىم ئىچىمدە.

"شۇنداقمۇ، بوپتۇ ئەمىسە، مەن سىلەرنى بىلەمدۇ يوق دەپ بۇ سۇئالنى سوىرىشىم"

"خەۋەر قىلغىنىڭىزغا رەخمەت. يەنە تاقلىرىڭىزنى تېپىپ بولدىڭىزمۇ؟"

"تېپىۋاتىمەن، چاتاق يوق"

قايتىپ كىتىدىغانلىغىمدىن خەۋەر تاپقان مۇراتنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى.

"دىمەك كىتىسىز؟ مىنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس".

"قانداقىسىگە دەيسىز؟"

"بۇ يەردە بىر يىل تۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ ياشاش مۇھىتىغا كونۇپمۇ قالدىڭىز، شۇڭا هازىر كەتسىڭىز بەكلا بالدۇر بۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر يەنە ئۇزۇنراق تۇرغان بولسىڭىز چىرايلىق قىزدىن بىرى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، توي قىلىپ قالغان بولسىڭىز سىزگىمۇ ياخشى بۇلاتتى".

"ئۇنداق قىلغان بولسام راسلا ياخشى بۇلاتتى. سىزنىڭچۇ، قانداق پىلانىڭىز بار؟"

"خۇش خەۋەرنى سىزگە يەتكۈزمىدىممۇ؟ ئاللا ماڭا يەنە بىر پەرزەنت ئاتا قىلىشنى توغرا تېپىپتۇ، دوختۇرنىڭ دىيىشىچە قوش كىزەك ئوخشايدۇ"

"كاتتا ئىش بوپتۇ، مۇبارەك بولسۇن"

"مەن ئىنگىلىز تىلى دەرسىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەمەن، خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولدى، پارچىلىنىپ كىتىش ئىتىمالىمۇ يۇقۇرى، چۈنكى بۇندىن كىيىن مەسلىلەر تېخىمۇ كۆپىيىدۇ"

"بەلكىم شۇنداقمۇ بۇلۇپ كىتەر"

"چۇقۇم شۇنداق بۇلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئامرىكىلىقلار ۋە ئىنگىلىزلار بىلەن سۇدا قىلىش ئۈچۈن ئىنگىلىز تىلىغا مۇتاج بۇلىدۇ".

"توغرا دەيسىز"

"شۇڭا ئەگەر سىز قېلىپ قالغان بولسىڭىز بىزگە كۆپرەك ياردىمىڭىز تېگىپ قالاتتى. ئەمما سىزمۇ ئاتا ـ ئانىڭىزنى كورمىگىلى خېلى بۇلۇپ قالدى، شۇڭا قايتىپ كەتسىڭىز مىنىڭچە توغرا"

"رەخمەت شۇنداق دىگىنىڭىزگە مۇرات"

"ھىچقىسى يوق"

ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا كۈرەشنىڭ تويىدا كۇرۇشەرمىز يەنە دەپ سۇرىسام، ئۇ بارمايدىغانلىغىنى دىدى.

"تويغا چاقىرمىدىمۇ سىزنى؟"

"چاقىردى، ئەمما مەن بارمايمەن"

"نېمىشقا؟"

"چۈنكى ئۇنىڭ تويىدا چۇقۇم ناخشا ئۇسسۇللار ۋە نەغمە ناۋا بولىدۇ، نۇرغۇنلىغان تويى قىلمىغان ياش قىز يىگىتلەر ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. ئۇنداق قىلىش خاتا، تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ"

"سىز ئەزەلدىن ئۇسسۇل ئوينىمامسىز؟"

"مەن پەقەت ئويدە ئاياللىرىم بىلەنلا ئۇسسۇل ئوينايمەن. مەنلا ئەمەس ئۇ تويغا ئەركىن، ئىسمائىل، ۋە يۈسۈپ قاتارلىقلارمۇ بارمايدۇ".

شۇنداق قىلىپ خۇشلاشتۇق مۇرات بىلەن، ۋە چوقۇم خەت ئالاقىسى قىلىشىپ تۇرايلى دېيىشكەن بولساقمۇ، ھېچ كىم بۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى.

**117**

كۈنلەر ئىسسىق ھەم ئۇزۇن، ئېتىزلار مول ھوسۇل بىلەن تولغان، شامالدۇرغۇچلار مۈشكۈلدە شامال چىقىرىشقا تىرىشىپ كۈچەپ چۇرگىلەيتى. ئىسسىقنىڭ دەستىدە يامغۇرنى پۈلغا سېتىۋالغىدەك بولدۇق.

تۇرسۇن تېلىفۇن قىلىپ سىزگە ئالاھىدە بىر سۈپرىزىم بار دىگەچ، كۆرۈشۈپ مەيداندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئويغۇر مەھەللىسىدە دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا مېڭىۋاتاتتۇق. يول ياقىسىدىكى ئېرىقتا تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن مۇزدەك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. بىز مۇڭداشقاچ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق، كۆڭلىمىزدە ئاخىرى ئايرىلىش ۋاقتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلغاچ، گېپىمىز گايىدا ئۇزۇلۇپ، خاموش بولۇپ قالاتتۇق. بىز يول ياقىسدا ئاغىزىغا مۇز پارچىسى سېلىۋالغان باللارنى كوردۇق، ئۇلار پات پات مۇزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ قولىدا تۇتۇپ، مۇزلاپ كەتكەن تىللىرىغا سېزىم كىرگەن ھامان يەنە ئاغىزىغا سېلىۋالاتتى.

توت كۈچىنىڭ ياقىسىدا بىر تۈپ ئادەم توپلىشىۋېلىپ ۋاقىرىشىۋېتىپتۇ "شۇقۇشىۋېتىپتۇ، بىرىپ كۆرۈپ باقىلى" دەپ ۋاقىردى تۇرسۇن. قارىساق يا تۇخۇ سۇقۇشى يا ئادەم سوقۇشۇ بولماستىن مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تانىدىن بۇشاپ قاچقان بىر بۇقىنى ئىككى ئادەم تۇتۇش ئۇچۈن ھەپىلىشىۋېتىپتۇ، بىرى چاپىنىنى خۇددى ئىسپانىيەلىك بۇقا ئويناتقۇچىلاردەك بۇقىنىڭ ئالدىدا لەپىلدىتىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۇزىگە تارتىشقا ئۇرۇنىۋاتقان ئىكەن، يەنە بىرى ئارغامچىدا ياسىغان سىرتماقتىنى بۇقىنىڭ بويىنغا سېلىش ئۇچۈن ئىتىيات بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشقا ئۇرۇنىۋېتىپتۇ. ئەمما بۇقا ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلماي ئۇدۇل ئادەم توپىغا قاراپ ئېتىلىۋىدى، كىشىلەر

چېچىلىپ بەش قەدەم كەينىگە چېكىنىپ يەنە تۆپلىشىۋالدى. ئەگەر ياندا تىزىپ قويۇلغان ۋەلىسىپىتلەر بۇقىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغان بولسا بىرەرسىنىڭ زەخمە بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇقا تۇساتتىن يولۇنۇشىنى ئۆزگەرتىپ ۋەلىسىپىلەرنىڭ ئورنۇتىپ، خۇددى ئاچچىغى چىقمىغاندەك دەسسەپ چەلەشكە باشلىۋىدى پۇتى چاقنىڭ سىمىغا كىرىپ قالدى، ئارغامچا تۇتىۋالغان ئادەم بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ سىرتماقنى بۇقىنىڭ پۇتىغا سېلىۋالدى.

"كوردىڭىزمۇ، خۇددى گىلادىئاتۇر فىلىمىغا ئوخشاپ كەتتى" دەپ ئۇنىلۇك سۆزلەپ كەتتى تۇرسۇن.

"ئۇ فىلمنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟"

"بەكلا ياقتۇردۇم، بەك ئىسىل فىلىم ئىكەن. ئۇ هوكۇمرانلىقنى بوي ئەگمەي، هاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشالىدى. باتۇر يۇرەك دىگەن فىلمغا ئوخشاپ كىتىدۇ، ئۇمۇ بەكلا ئىسىل فىلىم".

"سادىر پالۋاندەكمۇ؟"

"سادىر پالۋان دەمسىز؟ سادىر پالۋان دىگەن باللار چۆچىگىدىكى ئوبراز، سادىرلار قالمىدى بۇگۈن"

"ئۇنداقتا ئۇمۇت قالمىدى دىگەن گەپمۇ؟"

"ياق ئۇنداق ئەمەس، هامان بىر كۈنى خىتايلار ماكانىغا قايتىپ كىتىدۇ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ هاجىتى يوق، ئۇلارنىڭ پارىخورلۇغى ئۇلارنى ئىچىدىن بەربات قىلىدۇ".

ئەگرى بۇگرە كوچىلاردىن ئەگىپ قەيەرگە كېلىپ قالغانلىغىمىزنى ئاڭقىرالماي قالدىم، ياندىكى بىر ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن بىر ئىت بېشىنى چىقىرىپ قاۋاشقا تەمشىلىپ توختاپ قالدى. تۇرسۇن يېسىل مىتال دەرۋازىس بار هويلىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئىشىكنى قاقتى، سادا چىقمىغاندىن كىيىن بىراز تەخىر قىلىپ يەنە قېقىۋىدى ئىچكىرىدىن بىرىنىڭ غۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇرسۇن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ "ئۇخلاۋاتقان بولسا كىرەك" دىدى

"كىمنى دەيسىز؟"

"سىز تونۇمامسىز؟"

تۇرسۇن دەرۋازىنى ئىتىرىپ ئېچىپ ئىچكىرگە كىردى، مەنمۇ ئەگىشىپ بىسەرەمجان كۆرۈنىدىغان هويلىغا كىردىم. بىر بۇرجەكتە تۆڭلارغا قاچىلانغان سىرلار دوۋلەپ قويۇلغان ئىدى، يەردە ياغاچ رەندىلىگەندە چىققان شۆپۈكلەر دوۋلىنىپ ياتاتتى، رەڭلىرى تېخى تولۇق قۇرىمىغان قارا گىراژلىق ساندۇقلار ئېسىلىق تۇراتتى تامدا.

**بىشىغا قىزىل دوپپا كەيگەن بىر مۇسىپىت سايىنىڭ ئاستىن پەيدا بولۇپ، بىزنى كۆرۈپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ سالام قىلدى. ئاندىن تۇرسۇنغا بىر نىمىلەرنى دىۋىدى، ئۇ ماڭا قاراپ "سىزنىڭ تاختىڭىز تەييار بوپتۇ، كۆرۈپ باقامسىز؟" دىدى.**

**"مىنىڭ تاختام دەمسىز؟"**

**"سىزنىڭ شاخمات تاختىڭىز ۋە ئۇرۇقلىرىڭىزنى دەيمەن"**

**بۇۋاي ئىچكىرىگە كىرىپ كىتىپ، ئاق لاتىغا ئۇرالغان ئىككى نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياندىكى يوغان بىر دەرەخنىڭ كۆتىگىنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن يوغان بوخچىنى ئىچىۋىدى كۆز ئالدىمدا يوغان بىر شاخمات تاختىسى پەيدا بولۇشى بىلەن كاللامغا تۇنجى بولۇپ كەلگەن خىيال بۇنى قانداق قىلىپ ئويگە ئەكىتەرمەن دىگەن ئوي بولدى. كىيىن ئامالسىز پۈشتىدىن ئىۋەتىشكە مەجبۇر بولدۇم. پۇتۇن ئەس - هوشۇم بىردىن پرقىراپ تۇرغان تاختىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قارا ۋە قايماقرەڭ تاختا يۈزىگە جەلپ بولۇپ كەتتى. بۇ تۇرسۇننىڭ شاخمات تاختىسىنىڭ يىڭى هالىتىگە ئوخشايتى، بەلكىم 20 يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭمۇ مۇشۇنداق بولغان بولغىيدى. ئىككىنچى بوخشىدىن كىشىنى هەيران قالدۇرۇدىغان هونەر بىلەن قىرىلشان شاخمات ئۇرۇقلىرى چىقتى، هەممىسى نۇقسانسىز ياسالغان ئىدى. ياغاچ يۈزىگە بىرىلگەن يەڭگىل هەلدىن ئەسلىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى، يىنچكە سىزىقلار خۇددى هەل بىرىلگەن سىملاردەك تەكشى تارتىلغان ئىدى. شاخمات تاختىسى تىرەك ياقغىچىدىن ياسالغان ئىدى. هەت قىتىپ بۇ شاخماتلارنى ئوينىسام خىيالىم يول ياقىسىدىكى تىرەكلەر تىزىلىپ كۆز يەتكۈسىز كەتكەن ئۇزۇن يوللارغا كىتىپ قالدۇ. تىرەكلەرنىڭ كۈمۈشرەڭ غولى كۆپ كۆك ئاسمان ئاستىدا نىمە دىگەن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.**

**تۇرسۇن بۇۋاي بىلەن بىراز پاراڭلاشقاندىن كىيىن ماڭ تەرجىمە قىلىپ بەردى.**

**"باشقا ئۇرۇقلارنى ئويۇش ئۇچۇن بىر كۈن يىتىدۇ، ئەمما ئاتلارنىڭ بىر تېلىنى ئوياش ئۇچۇن بىر كۈن كىتىدۇ دەيدۇ" دەپ قۇلى بىلەن ئاتنىڭ بىشىنىڭ شەكلىنى سىزدى هاۋاغا. بىردەم جىم تۇرغاندىن كىيىن "كىلىڭ تۇنجى شاخمىتىمىزنى يىڭى تاختىڭىزدە ئوينايلى، بۇ بەلكىم ئاخىرقى ئويۇنىمىز بولۇپ قالار، ئەمما بۇندىن كىيىن هەر قىتىم بۇ شاخماتنى ئوينىغاندا دوستلىغىمىزنى ئەسلەپ قالارسىز" دىدى.**

**بىز شاخمات تاختىسىنى تىزىپ ئويۇننى باشلىۋەتتۇق. مەن ئاق ئۇرۇقلارنى تىزدىم. تۇرسۇننىڭ ئۇگەتكىنى بويىچە مىڭىپ، پىچكىلىرىمنى ئۇتتۇرىغا، پىللىرىمنى بىر بىرنى قوغدايدىغان قىلىپ ماڭدىم. ئۇنىڭ پىچكىلىرىنىڭ بىر قانچىسىنى يىۋەتتىم. بىرەر سائەتچە ئېلىشقاندىن كىيىن تۇرسۇن قولىنى سۇنۇپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، پات بولۇپ قالدۇق دىدى، پات بولۇۋش ئۇزۇندىن بىرى كۈتۈپ كەلگەن بىر ئارزۇيىم ئىدى. تۇرسۇن بەلكىم مىنى ئۇتىۋىلىشى مۇمكى ئىدى، ئەمما بۇ ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ئەڭ ياخشى ئايرىلىش سوغىسى بولۇپ قالدى.**

ئەمدى خۇشلىشىدىغانلا ئىش قالغاندى، بىز يول بۇيى چاخچاق قىلىشىپ كەلدۇق، ئۇ بىر كۈنى سىزنى لوندوندا كۆرۈپ قالامدىم تېخى دېۋىدى، تۇيۇقسىزلا كۈلۈپ كەتتىم. ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ كەسكىن ھالدا "يۇرتىڭىزغا بارغاندا ئەگەر كىشىلەر بىزنىڭ ھەققىمىزدە سوئال سورىسا، ئۇلارغا بىزنىڭ تېرورچى ئەمەسلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. بىز مۇشۇ ھاكىمىيەتكە ئۆچ، خىتاي خەلقى ئانچە ئەسكى ئەمەس، مەسىلە شۇ يەردىكى بىز گايىدا ھوكۈمەت بىلەن خىتايلارنىڭ بىر ئۇقۇم ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىز، خالاس" دېدى.

## 118

ھەر ئىككىمىزنىڭ ھازىرلىقلىرى پۈتۈپ قالغان ئىدى، كۆرەش ئىككى كالا ئالدى، مەنمۇ كىتاپلىرىمنى يېشىكلەرگە قاچىلاپ بولدۇم، كۆرەش باغاقلارنى تارقىتىپ بولدى، مىنىڭمۇ سومكىلىرىم يىغىشتۇرۇلۇپ مېڭىش ھازىرلىقلىرىم پۈتۈپ قالغاندى، توي مەركىسى ئوتكۈزىدىغان رېستۇران ۋە نەغمە ناۋاچىلارمۇ بىكىتىلىپ بولغاندى، نۆۋەتتە قالغىنى كۆرەشنىڭ توي قىلىشى بىلەن مىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىم ئىدى.

ئاخىرقى كۈنىدىكى كەچكى شەپەق ئالتۇندەك جىلۋىلىنىپ، كائىناتنىڭ رەڭگى تۇق قىزىلدىن ساغىرىپ ئاخىرى كۆكۈش بولۇپ ئۆزگەردى. 'كاتتا بازار' رېستۇرانتىنىڭ ئالدىدىكى پىيادىلەر يولىغا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى.

يېرىم سائەت ساقلىساقمۇ توي قىلىدىغان قىز يىگىتنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى، ساقلاۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئەر ساقلاۋېرىپ تاقىتىم قالمدى، مەن كىرىپ كىتمەن دەپ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ پەشتاقتا قەددەم بېسىپ بۇلۇپ ئارقىسىغا قارىۋىدى ھېچكىمنىڭ ئەگىشىپ كەلمىگەنلىگىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا يېنىك قايتىدىن توپقا قېتىلىپ، ئايالىنىڭ يېنىغا كىلىپ تۇرىۋىدى، ئايالى كالپۇكىنى ئۇمچەللەپ قويۇپ بىر نىمە دىمىدى.

بىر ھازادىن كىيىن ئالدى ئەينەكلىرى ساختا يالتراق گۈللەر ۋە لىنتىلار بىلەن بىزەلگەن، قاتار كەتكەن ۋولكىسۋاگېن پاسسات ماشىنىلىرىدىن تەركىپ تاپقان توي ئىگىلىرىنىڭ ھەمرالىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ خۇددى بىرەر كىچىك دولەتنىڭ پادىشاھىنىڭ مۇراسىمىغا ئوخشاپ قالغاندى. بىرنچى ماشىنىدىن قاتمۇ قات كۆك رەڭلىك رۇماللار بىلەن چۈگكەلگەن كىلىن بىلەن يېشىل دوپپا، قارا ئىشتان، ۋە توگەرەك چاپان كەيگەن يىگىت چۈشتى. ئاپىراتلارنىڭ چىراغلىرى يالتىراشلىرى ۋە ئالقىشلار ساداسى ئىچىدە قىز يىگىت رېستورانغا قەددەم باستى.

مېھمانلار رېستورانىدا ئەتىراپىنى چورىدەپ تىزىلغان يۇمۇلاق ئۈستەللەرگە بىرىپ ئۈرۈن ئېلىشقا باشلىشۇىدى، مەن بىرەر تۈنۈش چىراي بار ئۈستەلگە بىرىپ ئولتۇراي دەپ ئەتىراپقا قاراپ تۇراتتىم كۆرەش چاقىردى.

"ھەي يىگىت بۇياققا كىلىڭ، سىزنىڭ ئۈرنىڭىز بۇ يەردە" دىدى.

ئۇ ئۇغۇل قۇلداشنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىسز دەپ چىڭ تۇرىۋالدى، مەن بىرەر ئىككى ئۈرۈن ئاتلاپ ئولتۇراي دىسەممۇ ئۇنىمىدى.

"سىز مىنىڭ يېقىن دۇستلىرىمدىن بۇلۇپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە قايتىپ كىتىدىكەنسىز، بەلكىم خېلى بىر زامانلارغىچە بىر بىرىمىزنى كۆرەلمەسلىگىمىز مۇمكىن، شۇڭا بىز بۇ مۇنۇتلارنى بىرگە ئۆتكۆزىشىمىز كىرەك. ئۇزۇن گەپمىنىڭ قىسقىسى، بۇگۇن مىنىڭ تويۇم، شۇڭا مەن نىمە دىسەم ماقۇل دەيسىز بۇلامدۇ؟" دىدى.

"خوپ".

كۆتكۈچىلەر ئۈستەللەرنى ئارىلاپ ئالدى بىلەن چاي قويدى، ئاندىن سۇغۇق قۇرۇمالارنى تىزىشتى، ئەمما ھاراق بارەك قىلمايتى. گەرچە كۆڭلۇمدە ھاراق قۇيۇلىدىغانلىغىغا تازا ئىشەنمىسەممۇ لىكىن كۆڭلۇمدە يەنىلا ئازراق ئۇمۇت بار ئىدى. شۇڭا چاخچاققا يۇلەپ ھاراق يوقمۇ دەپ سۇرىدۇم.

"بۇرۇن تويلاردا كۆپ ئىچىۋېلىپ جىدەل چىقىراتتۇق، شۇڭا كىشلەر ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچمەيدىغان بۇلۇشتى. ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەس، مەن دوستلىرىمنىڭ خۇشال بۇلۇشىنى ئاررۇ قىلىمەن" دەپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى ياپقۇنى قايرىپ ئۈستەل ئاستىدىكى ئۈچ بۇتۇلكا ئاق ھاراقنى كۆرسەتتى. بۇگۇن تازا خۇشكەيپ ئاخشام بۇلىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم.

ئارقىدىن ھور چىقىپ تۇرغان قوي گۇشى بىلەن كاۋشكىدىن پىشۇرۇلغان ئىسسىق قۇرۇملار تارتىلىشقا باشلىدى. مىكرافۇننىڭ تۇرۇكلىغان ئاۋازى بىلەن بىرىنىڭ ئىسقىرتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەھنە چىرىغى يېقىلىپ، سەھنىدە مەن مۇشۇ كەمگىچە ئەڭ قاملاشمىغان چاچ پۇسۇنى ياساتقان بىر ئەركشى كۆرۈندى، ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئالدى ئۇششاق بۇدرە كەينى دۇلقۇنسىمان ياسالغان ئىدى. ئۇ دىققىتىمىزنى جەلىپ قىلىپ ئاۋاز ساندۇتىن چىقىۋاتقان قۇلاقنى پاڭ قىلغىدەك يۇقىرى ئاۋازدا بىرنىمىلەرنى دىدى. كېلىنگە بىر قانچە دەستە گۇل سۇغات قىلىنىۋىدى، رىياسەتچى گۇل تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپىنى ئىلان قىلدى.

ئارقىدىن ئاكاردىيۇننىڭ ئاۋازىغا تەنكەش قىلىپ ئېلىكترىك رۇيال چېلىنىۋىدى چىراق نۇرى توي قىلغان قىز يىگىتكە مەركەزلەشتى. ئۇلار ئۇرنىدىن تۇرۇپ سەھنە ئۇتتۇرىسغا بىرىپ تانىسغا ھازىرلىندى، بىرى كىلىپ ئۇلارنىڭ بەللىرىنى قىزىل لىنتا بىلەن باغلاپ بىر بىرىگە چاپلاپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ بىر بىرىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ

ئاستا سالماق بىلەن لەرزان تانىسىغا چۈشۈپ كەتتى. بىراۋلار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە رەڭدار چاچقۇلارنى چاچقاندىمۇ، ئۇلار بىر بىرىدىن كۆز ئۈزۈشمەن داۋاملاشتۇرىدى تانىسىنى.

ئەتىراپتىكىلەرنىڭ قوللىرىدىك چاچقۇلار تۆگىگىچە مۇزىكا داۋاملاشتى، ئاندىن ئۈستى بىشى رەڭدار چاچقۇلار بىلەن يالتىراپ كەتكەن قىز يىگىت ئۇرنىغا بېرىپ ئولتۇرشتى. ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ ئالقىش ياغدۇرۇشتى، ئاپىراتلارنىڭ چىراغلىرى پاراس پۇرۇس قىلىپ يالتىردى. ئارقىدىن مۇزىكىنىڭ تىمپۇسى تىزلاپ، ئوغۇللار قىزلارنى تانىسغا تەكلىپ قىلىشتى. تانىسغا چۈشكەن ئوغۇللارغا ئاق، قىزلارغا قىزىل رەڭلىك قول ياغلىغى بىرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن جۈپ جۈپ قىز يىگىت گاھ يېقىن كىلىشىپ گاھ يىراقلاپ، گاھ چۆرگىلەپ گاھ پىرقىراپ ۋالىسقا چۈشۈپ كەتتى. مۇرات قاتارلىق بىر قاتار ئاتالمىش "ياخشى مۇسۇلمان"لارنىڭ ياقتۇرمىغىدەك نىمىسى بار بۇ تانىسدا دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم، چۈنكى بۇ چىركاۋلاردا ئوينايدىغان تانىسلاردىن ئانچە بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتى.

بىر بىرىمىزنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراشقاندىن كيىن ئۈستەل ئاستىدىكى بۇتۇلكىنى ئېچىپ، رۇمكىلىرمىزنى توشقۇزدۇق، ئاندىن ئۇغۇرلۇقچە ئىچىۋەتتۇق ئاچچىق هاراقنى. ئاق هاراق كارنىيىمدىن ئاشقازىمغىچە كويدۇرۇپ كىردى، مەن چىن كۆڭلۇمدىن بۇ نەرسىنى ئاخىرقى قېتىم ئىچىشىم بولۇپ قالغاي دەپ ئويلىدىم. رىياسەتچى بىرنىملەرنى دىۋىدى ھەممىسى چاۋاك چېلىپ مەن تەرەپكە قاراشتى، مەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ كۆرەشتىن نىملەر بولۇۋاتىدۇ دەپ سۈرىسام "رىياسەتچى هازىر رۇسىيەلىك دوستىمىزنى سەھنىگە تەكلىپ قىلىمىز دەيدۇ" دىدى

"ياخشى گەپكەنغۇ"

"ئۇ سىزنى كۆپچىلىككە ئۆزگىچە رۇسچە ئۇسسۇل ئۇرۇنلاپ بىرىدۇ دەيدۇ" دىدى.

مەن ئەمدى ئىتىراز بىلدۈرەي دىگۇچە چىراغ نۇرى ماڭا چۈشۈپ، قاچىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئۈچ يۈز جۈپ كۆز مىنىڭ سەھنە ئوتتۇرىسغا قاراپ مېڭىشمغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى، شۇ تاپتا ھېلقى ئاق هاراق قۇلۇمدا بولغان بولسا پۇتۇلكىسى بىلەن گوپۇلدىتىپ ئىچىپ، ئۆزۈمنى بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرغان بۇلاتتىم. تىز تېمپۇلۇق رۇسچە مۇزىكا چىقىۋىدى كۆزلەر قوللارغا قوشۇلۇپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ رېتىمىگە ئۇلاپ ئويناشقا ئۇرۇنۇپ، بىر قۇلۇمنى كۆكسىمگە قويۇپ، بىر قۇلۇمنى ئالدىمغا سۇندۇم. ئادىن بېشىمنى ئارقىغا تاشلاپ، قوللىرىمنى پىلدىرلىغۇچدەك پىلدىرلىتىپ، ئالدىغا ۋە يانغا يۈتكۈلۈپ پىرقىرىدىم. چاۋاك توختاپ قالدى، مەن ئىككى قۇلۇمنى ئالدىغا سۇزۇپ، پىرقىراشقا باشلىۋىدىم، بىر قانچىسى سەھنىگە چىقىپ مىنى دۇراپ ئويناشقا باشلىدى، مىنىڭ ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. كۆڭلۇمدە مۇزىكا توختىسىكەن دەپ تىلەپ كەتتىم، ئەيتاۋۇر بىر زامانلاردىن كيىن مۇزىكا ئاخىرى توختاپ مەنمۇ ئاخىرقى كۆلمۇناتسىيەنى تۈگۈتۈپ ئازات بولدۇم. مەن چاۋاكلارغا تازىم قىلىپ رەخمەت بىلدۈردۈم، كۆڭلۇمدە بەلكىم مەسخىرە قىلىپ چېلىۋاتقاندۇ چاۋاكنى دەپ ئويلىدىم. مەن

ئېچىشكە ھەق ئەتكەن شارابىمنى ئىچەي دەپ ئۇستەلگە قاراپ يول ئېلىشىم بىلەن نۇرغۇن لاياقەتلىك ئۇسسۇلچىلار سەھنىگە چۈشۈپ ئۇسسۇل باشلىۋەتتى.

ئەمما ھاراق ئىچىشىم سەل كېچىكىشكە توغرا كەلدى چۈنكى ئۇستەلگە كەلسەم ئەزەلدىن بۇنداق ئەخلاقسىز نەغمە ناۋا سۇرۇنلارغا قاتناشمايدىغان 'ياخشى مۇسۇلمان' ئەركىن مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ كۆرەش بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۇنى تەبرىكلەۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، يالغۇز كەلدىڭىزمۇ دەپ سورىدىم.

"شۇنداق يالغۇز كەلدىم، مۇرات قاتارلىقلار كەلگىنى ئۇنىمدى، ئەمما كۆرەش بىلەن ئۇزۇندىن بىرى تونۇشىمىز، ئۇ ياخشى بالا. ئەمما...." ئۇ سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى كورسۇتۇپ تۇرۇپ "ماۋۇلارغا قاراڭ! ھەممىسى ئەقىلدىن ئازغان ساراڭلار!" دىدى.

سۇرۇندىكىلەر نەغمە ناۋانى داۋاملاشتۇرى، ئەركىن ئۇزىنى تۇتىۋېلىپ ئولتۇردى.

"بىر رۇس ئۇسسۇلچى بار دەپ ئاڭلىدىم، سىز كۆردىڭىزمۇ؟"

"كوردۇم، ھازىر چىقىپ كەتتى".

ئەركىن ئون مىنۇتلارچە ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتى بىلەن بىز ئاق ھاراقتا ھوجۇم قىلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزلەر قامىشىپ، نەرسىلەر غۇۋالىشىشقا باشلاپ، چىرايلار ئېنىقسىز كۆرۈنۈشكە باشلىدى، مىنىڭ كۆزلىرىمگە ھەممە قارا قۇياق خاتا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇستەلدە ئولتۇرغانلار ئىپپەدەم، ئىسمائىل، خەمىت، ئەركىن، مەدىنە، يۈسۈپ، تۇرسۇن، ۋە كۆرەش بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن سەرھۇشۇمنى يوقاتقان ھالدى، سىلەر ھەقىقەتمۇ بەكلا ئېسىل ئىنسانلار ئىكەنسىلەر دىدىم. ئۇلار بۇنىڭغا كۈلۈپ قويۇپ، سەپىرىمگە ئۇڭۇشلۇق تىلەشتى.

**119**

تاڭ سەھەرنىڭ جىلۋىسى تاغلارنىڭ ئۇستىگە يىتىپ كەلدى. تونجى قۇياش يالقۇنلىرى تاغ دالىلارنى ۋە جانلىقلارنى سۆيۈپ ئۆتتۈپ، دەريا ياقىسىدا بىردەم تۇختاپ ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرلەپ ماڭىدۇ. قۇياش نۇرى باغلارغا، يىتىمخانىغا ۋە مۇئىلەرگە چۈشۈپ، بالىلارنى ئۇيقىدىن بىدار قىلىدۇ، ئاندىن مەيدانغا چۈشۈپ ئۇ يەردىكى چىنە قىشلار ۋە سېپمۇنتلارنى ئۆز نۇرى بىلەن تويۇندۇرىدۇ.

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈچلۈك ئاپتاپ كۈچۈيۈپ ئەخمەتجان كوچىسى، ئازاتلىق كوچىسى قاتارلىق كوچىلارغا قاراپ سىلجىپ، ئاندىن مەكتەپ تەرەپكە قايرىلىپ، بىرسىدىن يول سورىۋالغاندىن كىيىن ئۇدۇل سىنىڭ دەرىزەڭگە ئۇزىنى ئۇرىدۇ. سەن نارازلىق ئىچىدە كۆزۈڭنى ئاچىسەن، چۈنكى سەن ئولتۇرىدىغان ئاپتۇۋۇز ماڭىدىغان ۋاقىت بولمىغان ئىدى، چۈشتىن

كىيىن يولغا چىقاتتىك. ئاخشام ئىچكەن شاراپىمۇ سىنىڭ نارازىلىغىڭغا قېتىلىدۇ، ئەمما سەن ئۆرنۈڭدىن تۇرمىساڭ بولمايتى.

يېرىم ئۆچۈق پەردىدىنىڭ يۇچۇغىدىن دەرەخ شاخلىرىغا قۇش قەپىزىنى ئېسىۋاتقان بوۋايلار كۆرۈنۈپ، خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئۈششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى تاملاردىن يېنىپ قۇلاق پەردەڭگە ئۇرۇلىدۇ. قۇپۇپ كۈچا ئايلان.

بىر يەرلەردىن قۇشلارنىڭ نائارام سايراشلىرى ئاڭلىنىدۇ، ئاياغ بازارلىرى، نان يەۋاتاقان كىشلەر، قۇرۇق دورا دەرمەك ساتىدىغان ئۇستەللەر، قۇرۇق يېشىل بۇتۇلكىغا تاش ئېتىپ ئويناۋاتقان باللار، كالىنىڭ بېشىنى سېتىۋاتقان بىر ئايال كىشى، ئالدىغا بىر شىشىنىڭ ئىچىگە يىلان سېلىۋالغان بۇۋاي دىگەندەك كوچىلارنىڭ تۈگۈمەس تەپسىلاتلىرى دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. بىر يەرلەردىن ئات هارۋىسىنىڭ قۇڭغىرىغى ئاڭلىنىدۇ، بۇرنىڭغا پولۇنىڭ مىززىلىك پۇرىغى پۇرايدۇ، ئۇستىڭدە ئەزەلدىن ئۆزگەرمەيدىغاندەك كۆپ ـ كۆك ئاسمان سىنى بېسىپ تۇرىدۇ.

بۇگۈن غۇلجا ھەققىدە خىيال قىساڭ كاللاڭغا كىلىدىغىنى ئادالەتسىزلىك، نەپرەت ياكى ھەر خىل مىللەت كىشلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتىن ساقلىنىش دىگەندەك نەرسىلەر بۇلماستىن كوچىلارنىڭ مۇشۇنداق جۇشقۇن مەنزىرلىرى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە تەكرارلىنىدۇ.

سەن ياتىغىڭغا قايتىپ كىلىپ، سەپەر جابدۇقلىرىڭنى ئېلىپ، چاڭ تۇزاڭ بېسىپ كەتكەن يارىغىڭ بىلەن خۇشلىشىسەن. سەن ئاپتۇۋۇزغا چىقىپ ئۇرنۇڭغا جايلىشىسەن، قانداق بۇلۇپ ئاپتۇۋۇز بۇگۇن كىچىكمەي ۋاقتىدا يولغا چىقىدۇ. تاكى ئاپتۇۋۇز يۇقۇرى ئۇرلىگەنگە قەدەر دەرىزىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرە گايدا يېشىل گايدا قوڭۇر ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. ماشىنا غۇلجا ۋادىسىنىڭ تاغلىرىغا يامىششقا باشلىغاندا، كۈزۈڭ يۇمۇلۇپ ئويقىغا كىتىسەن. يېرىم كىچىدە ئىسسىپ كىتىپ كۆزۈڭنى ئاچقاندا يىراقلاپ كەتكەن ئىدىڭ.

## كىينكى قىسسە

ئەتىراپىمىزدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى ئالدىن مۆلچەر قىلىش ياكى تۇسۇپ قېلىشقا ئىمكانىمىز بولمىغاچ ھەمىشە يۈز بىرىۋاتقان ئۆزگۈرۈشلەرگە كۆز يۇمۇشقا ئۈرۈنىمىز. بۇلۇپمۇ بىز يۇق زامانلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگۈرۈشلەرگە بولغان پۇزىتسيەمىز تېخمۇ شۇنداق. غۇلجىدىن ئايرىلغاندىن بىرى ئۇ يەردىكى كىشلەر ۋە مۇھىت ھەققىدىكى خاتىرەم ئايرىلغان ۋاقىتتىكى پېتى مۇقۇملىشىپ قالدى. بۇ بەلكىم شۇ يەردىكى ئەسلىملىرىمنى يېزىش ئۇچۇن خاتىرلىرىمنى تەرتىپلەشتۇرۇپ، پىكىر خىياللىرىمنى باغلاشتۇرۇشۇمنىڭ سەۋىبىدىن بولسا

كىرەك. نەتىجىدە گەرچە بۇ خاتىرىلىرىم ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ بۇ ھاياتتىكى ئىگىز پەس ئۆزگۈرۈشلەرگە سەل قاراش بەدىلى بىلەن شۇنداق بولدى. بۇ ئارىلىقتا تۇنۇش بىلىشلىرىم بىلەن خەت ئالاقە قىلىشىپ تۇردۇق، ھەتتا رىۋدىستىۋا بايرام كۈنى قاق سەھەردە كۈرەش مىنى ھەيران قالدۇرۇپ تېلىفۇنمۇ ئۇرىدى بىر قېتىم، ئەمما ئويقىدىن تۇلۇق بىدار بولالمىغاچ تۇزۇك پاراڭمۇ قىلىشالمىدۇق. بۇ خىل ئۇچۇرلاردا تۇنۇشلارنىڭ خىزمەت تاپقانلىقى، ياكى ئالى مەكتەپكە ئۆتكەنلىگى ۋە ياكى ئائىلە تۇرمۇشىدا يۈز بىرىۋاتقان ئېگىز پەسلىكلەر ھەققىدى مىنى خەۋەرلەندۇرۇپ، شۇ ئىشلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگۈرۈشلەردىن باشقا چۇڭ مويىتتا يۈز بىرىۋاتقان ئۆزگۈرۈشلەردىن داۋاملىق بىۋاقىپ يۈرۈۋەردىم. دىنىي مەسىلىلەر، دىن تارقاتقۇچىلار ۋە شەھەرنىڭ سىياسى مۇھىتى ھەققىدە سۇرىغان ئۇدۇل سۇئاللىرىم جاۋاپسىز قالاتتى، چۈنكى بۇلار سەزگۈر سۇئاللار بولغاچ كىشىلەرنىڭ خەت ئالاقىلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشى تەببى ئىدى، ئۇندىن باشقا بىرسىدىن بۇ سۇئاللارنى يۈزتۇرانە سۇرىسا جاۋاپ بىرىشنى رەت قىلىشقا يۈزى چىدىمىغان بىلەن خەتتە بۇنداق سۇئاللارغا جاۋاپ بەرمەسلىك ئاسانغا توختايتى.

يەنى گۇەنتانامۇ ئارىلىدىكى ئۇيغۇر مەبۇسلارغا مۇنساۋەتلىك خەۋەرلەردىن باشقا ئاخباراتلاردىمۇ شىنجاڭ ھەققىدە ئۇچۇرلار كەمدىن كەم ئۇچرايتى، شۇڭا شۇ كەمگىچى ئاخبارات ئۇچۇرلىرىدىكى بىشارەتلەردىن ختاي ھوكۇمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنى ۋە مەدەنىيەت سىياستىدە ھىچ قانداق ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ يۇقلىغىنى ھىس قىلدىم. 2005 - يىلى ئۇيغۇر يازغۇچىسى نۇرمەمەت ياسىننى ياۋا كەپتەر دىگەن ئەسرى ئۈچۈن  ختاي ھوكۇمىتىنىڭ سوت مەھكىمىسى يېپىق سوت ئېچىپ ئۇنى ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھوكۇم قىلغان. بەزىلەرنىڭ ئەيتىشىچە سوتقا ئاقلىغۇچى ئادۋۇكاتمۇ قاتناشتۇرۇلماپتۇ.

مۇشۇنداق ۋەشىئانە قاتتىق قول ئىدارە قىلىدىغان رىئاللىقلارنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مەزگىل ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر تۇرلۇك قارشىلىق ھەركەتلىرىنىڭمۇ سانى ئازلاپ قالغاندەك كۈرۈنىشى كىشىلەردە بەلكىم ئۇيغۇرلار بەل قۇيۇۋەتكەندەك تەسرات پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن. ۋە ياكى 11ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كىيىن كۆچەيتىلگەن بىخەتەرلىك چارىلىرىنىڭ نەتىجىسىدە قارشىلىق كورسۇتۇش تەسكە توختىغان دىگەن پىكىرگە كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

2007ـ يىلى يانۋاردا تۇنجى قېتىم شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا چۇڭ كۆلەملىك توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىگى خەۋەر قىلىندى. ختاي ئامانلىق ساقلاش مىنىستىرلىقى ھوكۇمەت ئاخبارات ۋاستىلىرىدا جەنۇبى شىنجاڭنىڭ پامىر ئىگىزلىگى رايونىدا بىر تېرورلۇق لاگىرىنى بىتچىت قىلغانلىغىنى، ھوجۇمدا 18 "تېرورچى"نىڭ قەتلى قىلىنغانلىغىنى، 17نىڭ ئەسرگە ئېلىنغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. ئەمما ئىسپانىيەلىك مۇخبىر ئاتالمىش تېرور لاگىرى ھەققىدە

تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇنداق بىر لاگېرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ئىسپاتلارنىڭ يوقلىقىنى بايقىغان.

2008 - يىلى هوكۇمەت ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە تەشۋىقاتلارنى كىڭەيتىپ، ساقچىلار ئۇرۇمچىدىكى بىر ئولتۇراق ئۆيگە تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ، خىتايلارغا قارشى "جىهاد" قىلماقچى بولغان بەش ئۇيغۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان. ئۇلار يەنە بېيجىڭغا ئۇچىدىغان ئايرىپىلاننى پارتىلىتىشقا ئۇرۇنغان ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ پىلانى ئاشكارىلىنىپ قولغا چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.

خۇددى پامىردىكى ئاتالمىش تېرور لاگېرى ۋەقەسىدەك بۇ قېتىمقى ۋەقنى ئىسپاتلايدىغان ھىچ قانداق بىۋاستە دەلىل ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا چىقمىغان، ۋە ھىچ قانداق بىر تەشكىلات بۇنداق ۋەقەگە مەسئۇل بولمىغان. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ ۋەقەلەر هوكۇمەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى ئۈچۈن بانا سەۋەپ بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئولىمپىكنىڭ ئالدىدا ۋە ئولۇمپىك جەريانىدا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ راسلىقى ئىسپاتلانغان، مەسلەن قەشقەردىكى خىتاي ساقچى ئەسكەرلىرى مەشق قىلىۋاتقاندا ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئۇلارغا ماشىنا بىلەن باستۇرۇپ هۇجۇم قىلىپ، ئاندىن يەرلىك بومبا بىلەن پارتىلىتىپ 16 خىتاي ساقچىنىڭ ئۆلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان. گەرچە ھىچ قانداق تەشكىلات بۇ ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۈستىگە ئالمىغام بولسىمۇ خىتاي هوكۇمىتى بۇنى 'شەرقى تۈركىستان ئىسلام ھەركىتى' دىگەن تەشكىلات ئېلىپ بارغان دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما بەزىلەر بۇ قېتىمقى ۋەقەنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ھىچ قانداق تەشكىلات بىلەن ئالاقىسىنىڭ يوقلىقىنى، ئۇلارنىڭ ساقچىلارغا بولغان ئالاھىدە نارازلىقى سەۋەپ بولغان دەپ ئىلگىرى سۈرگەن، شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرنى مۇشۇنداق دەپ قاراشقىمۇ بولۇدۇ.

ئىككىنچى ۋەقە ئولىمپىك يىغىنى باشلىنىپ ئىككى كۈندىن كىيىن، 2008 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست كۈنى كۇچادا يۈز بەرگەن. خەۋەر قىلىنىشچە كۇچادىكى نۇرغۇن هۆكۇمەت ئۆرگانلىرى بومبىلانغان، بىر قانچە كىشى بىر يەرلىك ساقچىخانىغا، هوكۇمەت بىنالىرىغا، تاللا بازارلىرى ۋە مېهمانخانىلارغا هوجۇم قىلغان دەپ خەۋەر بىرىلگەن. هۇجۇمدا بىر ئامانلىق خادىمى ئۆلگەن، ئۇن هوجۇمچى ساقچىلار تەرىپىدىن ئىز قوغلاپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئوخشاشلا ھىچ قانداق بىر تەشكىلات بۇنىڭغا ئىگە چىقمىدى، بۇ قېتىم خىتاي هوكۇمىتى يۇقۇرقى تەشكىلاتنىڭ بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

2009 ـ يىلى ئىيۇلدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسى 1997 ـ يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىدىن كىيىن يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋەقە ھىساپلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقە قەشقەر ۋە كۇچا ۋەقەسىدىن بىر مۇھىم نۇقتىدا پەرقلىنەتتى. گەرچە قەشقەر ۋە كۇچادىكى هۇجۇملاردا هوكۇمەت ئاپاراتلىرى ۋە ساقچى ئۇرگانلىرى هۇجۇم ئوبىكتى قىلىنغان بولسىمۇ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ تىغ ئۇچى خىتايلارغا

قارىتىلغان، شۇڭا ۋەقەدە ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىتايلار بولغان. بۇ ئۈچۈر دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان، ئۇلار خىتاي ھوكۇمىتى ئۇيغۇرلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى قەستەن تۆۋەن كۆرسىتىش ئارقىلىق دۇنياغا ئۇيغۇرلارنى قاتىل قىلىپ كورسىتىشكە ئۇرۇنغان دەپ ئىلگىرى سۈرگەن.

(ئەمما مىنىڭ قارىشىمچە باشقىلار يەنە بىر مەسىلىگە سەل قارىغان، ئۈرۈمچى نوپۇسىنىڭ 75% خىتاي، 15% ئۇيغۇر قالغانلىرى تۇڭگان، قازاق ، قىرغىز دىگەندەك باشقا يەرلىك مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئاساسلىق ۋەقە خىتايلار مەركەزلەشكەن مەركىزى رايونلاردا يۈز بەرگەچ، نوپۇس نىسپىتىگە ئاساسلانغاندىمۇ خىتايلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئېتىمالدىن يىراق ئەمەس).

بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئىرقى دۈشمەنلىكتىن كېلىپ چىققانمۇ ئەمەس دىگەن مەسلىنىڭ تېگى ئېيقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەردە مۇشۇنداق قاراش شەكىللەنگەن. 7 ـ ئىيۇل كۈنى قوللىرىغا كالتەك پىچاق، تۆمۈر تۇقماق ۋە گورجەكلەرنى كۆتۈرىۋالغان خىتايلار ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە ھۇجۇم قىلغان. قولىغا تۆمۈر تۇقماق ئېلىۋالغان بىر خىتاي فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىغىنىڭ مۇخبىرىغا "ئۇيغۇرلار بىزنىڭ مەھەلىمىزنى ئۇرۇپ چېقىپ ۋەيران قىلىشتى، ئەمدى بىر بىرىپ ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بىرىپ كىلىمىز" دىدى.

نۇرغۇن ئوي زېمىن ۋە دۇكانلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندىن كيىن ساقچىلار ياش ئاققۇزىدىغان بومبا ئېتىپ خىتاي ھوجۇمچىلارنى بېسىقتۇرغان. ۋەقەدىن كىينكى ھەپتىلەردە خىتاي ۋە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ھەربىلەر قۇراللىق پاترۇل قىلىشقا باشلىغان، بەزىلەرنىڭ دىيشچە مۇشۇ ۋەقەدىن كىيىن ئۈرۈمچىگە 20 مىڭ ئەسكەر يۆتكەپ كىلىنگەنمىش. نۇرغۇن ئويغۇرلار بىخەتەرلىگىدىن ئەنسىرەپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغان، دىمىسىمۇ بۇ خىل مۇھىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنسىرشى تەببى.

گەرچە ھۆكۈمەت مۇقۇملۇق ئەسلىگە كىلىپ ئىشلار نۇرماللاشتى دەپ ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك چۇڭقۇرلاشقان. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا يىڭنە سانجىش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەنلىگى خەۋەر قىلىنغان. گەرچە بىرەرسىنىڭ يىڭنە سانجىش سەۋەبىدىن ھاياتى خەپكە ئۇچرىغانلىغى خەۋەر قىلىنمىغان بولسىمۇ، شۇنداقلا نۇرغۇن ئاتالمىش يىڭنە سانجىش ۋەقەلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىگى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پىتنە پاساتلار كىشلەرنى بەكلا پاراكەندى قىلىپ، ۋەسۋەسىگە سالغان. يىڭنە سانجىش ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ئۇبىكتى بولۇپ قالغانلىغىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 3 ـ سىنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرىنىڭ كوچا دوقمۇشلىرىدا توپلىشىپ ھوكۇمەتتىن خىتايلارنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشقان. ساقچىلار تەرتىپ ساقلىغان بولسىمۇ يىغىلىش ئەتىسى يەنە داۋاملاشقان شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ياش ئاققۇزۇش بومبىلىرى بىلەن ئۇلارنى بېسىقتۇرغاندا بەش كىشى ئولۇپ، ئون تۆت كىشى زەخمىلەنگەن. كىيىن ھوكۇمەت تەرەپ يىڭنە سانجىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆت گۇماندارنى

قولغا ئالغانلىغىنى جاكارلىغان، بۇلارنىڭ ھەممىس ئۇيغۇر بۇلۇپ، ئۇلاردىن ئۈچىنى زەھەر خۇمار بەڭگىلەر دەپ ئىلگىرى سۈرگەن. ئارقىدىن ھوكۇمەت بۇندىن كىيىن يىڭنە سانجىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك گۇماندارلار بايقالسا ئۆلۈم جازاسى بىرىدىغانلىغىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئارقىسدا كىملەرنىڭ بارلىغى، ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدىنىڭ نىمە ئىكەنلىگى ئېنىقسىز قالغان.

مىنىڭ 2010 - يىلى ئاپرىل ئېيىدا ئۈرۈمچىگە قىلغان سەپىرىمىنىڭ مەقسىدى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئالالار ۋە 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمەن ئېنىقسىزلىقلارغا جاۋاپ چىقارمۇ دىگەن ئۈمۈت سەۋەپ بولغان. چۈنكى دەسلىۋىدە تىنچلىق بىلەن باشلانغان 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ قانداق بۇلۇپ بىر قانلىق كىچە بىلەن ئاياغلاشقانلىغى ھەققىدە ھازىرغىچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ چىقمىغان ئىدى. ئۇنداق باشقا ئۈرۈمچىگە يۈتكەپ كىلىنگەن مىڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ نىمە ئۈچۈن 7 ـ ئىيۇل كۈنى يۈز بەرگەن خىتايلارنىڭ ھوجۇمىنى ئالدىن تۇسۇپ قالمىغان دىگەن مەسىلمۇ ئېنىقسىز قالغان.

مەن بۇرۇنقى تونۇشلىرىمدىن بىرەرسى بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بىرەر دىگەن ئۈمۈتتە بارغان، ئەمما شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كىيىن بۇرۇنقى تونۇشلار بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغاچ، ئۇلارنى تېپىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى، ئىنتىرنېتمۇ كىسۋىتىلگەچ باشقا ئالاقە قىلىش چارىسىمۇ قالمىغان ئىدى. بىرىنچى ھەپتىسى مەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى قاڭداپ، چارلاش ماشىنىلىرى بىلەن ساقچى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ رەسىمىنى تارتىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. گەپتىن گەپ چىقىپ قالارمۇ دىگەن ئۈمۈت بىلەن دۇكاندارلار، رېستۇران كوتكۇچىلىرى بىلەن تاغدىن باغدىن پاراڭلىشىپ كوردۇم.

ھىچ قانداق يىپ ئۈچى تاپالمايدىغان بولدۇم دەپ ئۈمۈدسىزلىنىپ كىنتاكى توخۇسى يىيىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ، ئالدىمدىكى توخۇ قاناتلىرىنىڭ يېرىمىنى يەپ بولاي دىگەندە بىرنىڭ ئىنگىلىزچىدە "توخۇ گۆشىنى ياخشى كورەمسىز" دىگەن گىپى مىنى توختىتىپ قويدى.

مەن قايرىلىپ قارىسام ئوزۇن بوي 20 لەرگە كىرگەن، ئۈستى كالپۇكىگە بۇرۇتتەك كورۇنىدىغان كىچىك بىر چاقا چىققان ئۇيغۇر يىگىتنى كوردۇم.

"ئانچە بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، سىزچۇ؟" دىدىم.

"توخۇ گۆشى ياخش" دەپ ئوزىنى ئالىم دەپ تونۇشتۇردى ئۇ يىگىت، مىنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىمىن سورىۋىدى مەن ئاغزىمنى سۇرتىۋىتىپ جاۋاپ بىرىۋىدىم، ئۇ رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن قانداق خىزمەت قىلىسىز دەپ سورىدى، مەن گايىدا خىتاي دولىتى ھەققىدە خەۋەر يازىدىغان مۇخبىر ئىكەنلىگىمنى بىلدۇردۇم. كۆپىنچە كىشلەر بۇ سالاھىتىمنى ئاڭلىسا سەل قورۇنۇپ قالاتتى، ئەمما ئالىم كۈلۈپ قويدى.

"بەكلا ياخشى گەپكەن، ۋاختىڭىز بارمىدۇ؟" دېۋىدى، تۇنجى ئىنكاسىم ئەمدىلا تۇنۇشقىنىمغا بىرەر مىنۇت بولمىغان بىرىسگە ۋاتىم يوق دىگۇم كەلدى. ئۇنىڭدىن قۇرقىنىمدىن ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ قىزغىنلىغىدىن ئەنسىرىدىم. ئەمما بىر ھەپتىدىن بىرى كىراكەشلەر، دۇكاندارلار ۋە مىھمانخانا كۈتكۈچىلىرىدىن باشقا بىرى بىلەن سۆزلىشى پۇرسىتىگە ئىرىشەلمىگىنىم ئۈچۈن، ۋاقتىم بار دەپ جاۋاپ بەردىم.

"ھازىر ناماز ۋاقتى بۇلۇپ قالدى، نامازدىن كىيىن تاغامنىڭ ئازراق ئىشىگە ياردەم قىلىمەن" دەپ تۇختاپ قۇلىدىكى تېلىفۇنغا قارىۋىتىپ "سائەت تۆتتە دوڭكۈۋرۈكتىكى تۈگىنىڭ يېنىدا كۇرۇشەيلى ئەمسە" دىدى.

ئۇ بۇرگۇتنىڭ يېنىدا دىسمۇ بۇلاتتى، چۈنكى سياھەتچىلەر چۈڭ بازارنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا تۈگە بىلەن بۇرگۇتنىڭ يېنىدا رەسىمگە چۈشەتتى. 2002 - يىلى بۇ يەردە قاتار كەتكەن خۇرۇم بۇيۇملىرى، پىچاق پالتا، گىلەم ـ پالاس ۋە ئانار سۈيى ساتىدىغان ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ تەنزىلىرى بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى، بۈگۈن بولسا بىر ساختا مۇسۇلمانچە بىنانىڭ ئاستىدا ئۇششاق دۇكانلار بازارنىڭ ئۇرنىنى ئالغان ئىدى.

"مەن ئاۋال ماڭاي" دەپ چىقىپ كەتتى ئالىم. مەن ئۇيغۇرلار ئاياغ، رەخ، كاللا پاقالچاق ساتىدىغان ياكى تۇنۇكە پاچاتلايدىغان كۇچىلارنى ئارىلاپ بىر يېرىم سائەتنى ئوتكۇزدۇم. يول ياقىسدا مىيپلار تىلەمچىلىك قىلاتتى، بىر ياشانغان ئايال بوينىغا ئېسىۋالغان پەتنۇستىكى يالتىراق تارغاقلارنى تۇۋلاپ ساتاتتى.

تۆتكە چارەك قالغاندا مەن تۈگىنىڭ يېنىغا بېرىپ ساقلاپ تۇردۇم، بۈگۈن بۇرگۇت كۇرۇنمەيتى. مەن ئەتىراپتا تۇرغان ساقچىلارنى ساندىم، ئاندىن ساقچى ماشىنلىرىنى ساندىم، ئالتە ساقچى ماشىنىس بىلەن ئۈچ بىراۋنىڭ تۇختىتىلغان ئىدى. كۈندۈزلىرى بۇ ماشىنلار ئۇيغۇرلار تۇپلاشقان مەھەللىلەرنى چارلايتى، ئاخشاملىرى بولسا، شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتىتىنىڭ ئالدىن ساقلايتى، چۈنكى ئۇتكەنكى ۋەقەگە قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

ئالىم يېنىمدىن ئۇتۇپ كىتىۋىتىپ پەس ئاۋازدا "ماڭىلى" دىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئالدىدا ئىككى ئۇيغۇر قىز يالتىراق تاسما سېتىۋاتقان تار بىر كۇچىغا كىردىم. بىز ئىشىك ئالدىدا بىرى ماشىنىسىنىڭ چارقىنى يەملەۋاتقان چىنە قىشلىرى ئەبگار بىر مەسچىتتىن ئۇتتۇق. ئالىم ئىككى تەرىپىدە بۇزۇق تېلىۋىزۇرلار تىزىپ قويۇلغان بىر كۇچىدىن ئۇتۇپ ئۆڭغا بۇرۇلۇپ بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇختاپ ئىشىكنى قاقتى. ئىچكىرىدىن سادا چىقمىۋىدى،قايتا قېقىپ "بىردەم تەخىر قىلىڭ" دەپ تىلى بىلەن ئاغزىدىكى چاقىسىنى يالاپ قويدى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئوي ئىچى قاپ -قاراڭغۇ بىلىندى. "مەرھەمەت" دىۋىدى ئالىم، مەن سەل ئىككىلىنىپ ئاندىن ئويگە كىردىم.

چىراق يېقىلىۋىدى بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە لىق گىلەم قويۇلغان ئامبار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بىز ئاياغلىرىمىزنى سېلىپ، گىلەم سېلىنغان، تاملىرىدا بىر پارچە مەككىنىڭ سۈرىتىدىن باشقا بىزەك يوق ئىچكىرىكى كىچىك ئۆيگە كىردۇق. ئالىم ئاق ۋە ساغۇچ بالداقلىق رەڭلىك پايپاق كىيىۋالغان بولۇپ، كۆز ئالدىمغا ھەزلىكەش بېلىقنىڭ ئوبرازى كەلدى.

ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل قۇرتۇلغان مېۋە چېۋىلەر ۋە پېچىنە پىرەنىكلەر ۋە نان تىزىلغان بولۇپ، بىز ئۈستەلنى چۆرىدەپ سېلىنغان كۆك كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردۇق. بېشىغا قىزغۇچ رومال ئارتىۋالغان ئوتتۇرا ياش بىر مەزلۇم چاي بىلەن پىيالە كۆتۈرۈپ كىردى. "ھامىمام بولىدۇ" دېدى ئالىم چاي قويۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان مەزلۇمنى كورسۇتۇپ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق مېھمان دوسلۇغىنى كۆپ كۆرگىنىم ئۈچۈن ئالىمنىڭ نىمە ئۈچۈن مېنى بۇنداق بىر يەرگە شۇنچە مەخپىي باشپلا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئويلانغىدەك بولمىدىم. ئارقىدىن ئالىم يېنىدىكى بىر قارا سومكىنى تارتىپ ئېلىپ ئىچىدىن بىر كۆمپيۇتېرنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

"ئالدى بىلەن بۇنى بىر كۆرۈڭ" دېدى.

ئېكراندا گۇڭگا بىر نىمىلەرنىڭ مىدىرلاپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. كېچە قاراڭغۇسىدا بىرمۇنچە ئادەم بىر نىمىلەرنى دەپ ئائىلىلىك بىنالىرىنىڭ ئارىسىدا ۋاقىرىشىپ يۈگۈرۈشۈۋېتىپتۇ. ئاپىرات تۇتقان ئادەممۇ يۈگۈرىۋاتقان بولغاچ، ئاپىرات مىدىرلاپ سۈرەت ئېنىق كۆرۈنمەيتى. بىراۋلارنىڭ ھاياجان بىلەن ۋاقىراشلىرىغا ئەگىشىپ بىرىنىڭ چىقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار بىر نىمىنى ئورۇۋالغان بىر توپ ئادەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاستىلاپ ماڭدى. ئۇلار توپتىن ئۆتۈپ ئالدىغا ئۆتىۋىدى يەردە باش كۆزى قان بىلەن بويالغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم. يەنە قىقاس چۇقان كۆتۈرۈلىۋىدى ئاپىرات كۆتۈرىۋالغان ئادەم بىنارلار ئارىسىدا يۈگۈرەشكە باشلىدى، ئۇلار بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنا ئىچىدە بىر ئۇيغۇر ئادەم زەمبىلدە ياتاتتى. ئاپىراتنىڭ كۆرۈنىشى يۆتكىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىۋىدى ئېكراندا، قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىكى يەردە قانغا بويۇلۇپ ياتقان بەش ئالتە ئادەم كۆرۈندى. ئاندىن ئادەملەر توپىدىن بىرى ئالدىغا چىقىپ يەردە ياتقان جانسىز ئادەمنى تېپىشكە باشلىۋىدى بىر ساقچى كېلىپ ئۇنى تارتىپ ئېلىپ كەتتى، بۇ شۇ كەمگىچە كۆرۈنگەن تۇنجى ساقچى ئىدى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئېكراندىكى سۈرەت تۈگەپ توختاپ قالدى. "قايتا قويۇپ بېرەيمۇ؟" ئىككىنچى قېتىم تەپسىلى قارىسام ھېلىقى باشتا يۈگۈرەپ يۈرگەن بىرى خىتايلار تەرىپىدىن قوغلاپ تاياق يەۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈردۈم. ئۇندىن باشقا يەردە ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلاردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى خىتايلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇلار يەردە ياتقان ئويغۇرلانى چورىدەپ تۇراتتى بىر "يەنە بىر باركەن" دەپ ۋاقىرىدى، بەلكىم ساناۋاتقان بولۇشى كېرەك ياكى بىر بىرىگە ئىما قىلىشىۋاتقان بولسا كېرەك، ئېنىق بىلەلمىدىم.

فىلىم ئاخىرلاشقاندا بىر مەزگىل سۈكۈتكە چۆكۈپ كەتتۇق. مەيلى قانچىلىغان ۋەھشى قان تۆكۈلىدىغان كىنولارنى كورۈپ، بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرگە كۆنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنسەكمۇ،

راستىنلا هايات بىر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرلۈشىنى كۆرۈش ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىر خىل ۋەھىمە سالاتتى. كېيىنچە، ئالىمنىڭ خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئۇز ئالدىغا ئاساسى بولسىمۇ، بۇ كۆرۈنۈشلەرنى قانچە قېتىملاپ كۆرگەندۇ دىگەن ئوي ئەقلىمدىن كەچتى.

"بۇ 25 ـ ماي كۈنى شاۋگۇەندە بولغان ۋەقە، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى شاۋگۇەندە بولغان. ھوكۇمەت نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى شۇ يەردە ئىشلەشكە مەجبۇرلايدۇ. يۈز مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر بار ئۇ يەردە" دىدى ئالىم.

"ھوكۇمەت مەجبۇرلايدۇ دەمسىز؟" دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورۇدۇم مەن، چۈنكى خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ ستاتىستىكىسغا ئاساسلانغاندا ھەر يىلى 130 مىليۇن كۆچمەن ئىشچىلار يىزىلاردىن شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ ئىش ئىزدەيدىكەن، ئۇلار ئۇچۇن ئەمگەك كۈچى كەمچىل ئەمەس. مىنىڭچە خىتايلار ۋە ئۇيغۇرلارنى بۇ يەرلەرنىڭ يۇقۇرى مائاشى جەلپ قىلسا كىرەك دەپ ئويلىدىم. ئەمما ئالىم بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلۇپمۇ جەنۇبى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھوكۇمەت تەرىپىدىن زورلاپ ئىچكىرىگە ھەيدەيدۇ دىدى. بىرىنشقا ئۇنىمىغانلارغا جىرمانە قويىمىز دەپ قورقۇتىدىكەن.

"ئۇلار بىزنى پاچىلاشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ، بۇ ۋەقە شاۋگۇەندىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن. ئۇ يەردە 800 چە ئۇيغۇر ئىشلەيدۇ. بىر خىتاي تورغا ئۇيغۇرلار بىر خىتاي قىزغا باسقۇنچىلىق قىلدى دەپ گەپ تارقاتقاچ، 2000 خىتاي ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇن يەتتە ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ ئولتۇرىۋەتكەن، ئەمما ھۆكۈمەت ئاران ئىككى ئادەم ئۆلگەن دەيدۇ" دىدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم، ئەمما كۆڭلۈمدە ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ ھۇشسىز قىلىپ قويۇش بىلەن ئۆلتۈرىۋىتىش بىر گەپ ئەمەس دەپ ئويلاندىم.

"ئەمما ساقچىلار خىتايلارنى توسمىغان، بىرەرسىنىمۇ قولغا ئالمىغان، ئۇلار ئۇچۇن بىرەر ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كارى چاغلىق"

شىنخۇا ئاگىنتلىغىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە شاۋگۇەن ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك 13 كىشى قولغا ئېلىنغانمىش، ئەمما بۇ ئاخبارات 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىدىن كىيىن ئىلان قىلىنغاچ، بۇلارنىڭ قاچان قولغا ئېلىنغانلىغى ھەققىدە ئېنىق بىر نىمە دىمەك تەس.

"26 ـ ئىيۇندىن تاكى 3 ـ ئىيۇلغىچە بارلىق ئۇيغۇر توربەتلىرى بۇ ۋەقەگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئىنكاس قايتۇرغان. ئولگەنلەر ئۇچۇن تەزىيە بىلدۇرۇپ تور بەتلىرىنىڭ رەڭگىنى يەڭگىل كۈلرەڭگە ئۆزگەرتىشكەن"

ئالىمنىڭ دىيىشىچە 3 ـ ئىيۇل كۈنى رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇرلارنى نامايىش كۆتۈرۈشكە چاقىرغان بۇلۇپ، ئۇنىڭ چاقىرىغى ھەرخىل تور ۋاستىلىرى ئارقىلىق تىزلىكتە تارقالغان.

"كىيىن بىرى بىر رەڭلىك ئۈچۇر يوللاپ قاچان قەيەردە تونۇشۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. بىز ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 بىلەن مەيداندا ئۇچرىشىشقا كېلىشتۇق. كىچىكە ئۇخلىيالماي تاكى فەجر نامىزىغىچە ئويغاق ئولتۇردۇم. نامازدىن كېيىن بىراز ئۇخلاپ 11 دە قوپۇپ، بىر دوستۇمغا ئۆي كۆچۈشۈپ بەردىم. نۇرغۇن ساندۇقلارنى يۆتكەپ بەكلا چارچاپ كەتتىم".

خۇددى نامايىشى ۋە قەتلى قىلىشلار ھەققىدە پاراكلاشمايۋاتقاندەك ئۇنىڭ چىرايىدا بالىلارچە ساددا كۈلكە جىلۋىلەندى. تاكى ھېلىقى فىلىملارنى كۆرگەنگە قەدەر گۇاڭدۇڭ ۋەقەسى، ئۇرۇمچى توپىلىڭى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گويا بىر ئابستراك ئۇقۇمدەكلا بىلىنىپ كەلگەن ئىدى، ئەمدىلىكەت بولسا ئېچىمدىن بىر خىل سادا بۇ تەپسىلاتلارنى ئاڭلىغاندىن ئالىمنىڭ دوستىغا ياردەم قىلىپ ئۆي كۆچۈشۈپ بېرىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى بەكرەك ئاڭلاشنى خالايدىغاندەك تۇيۇلدى. ئالىمنىڭ چىرايدىكى تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، ماڭا دوستىنىڭ يېڭى ئۆيىنىڭ ئۇنىنچى قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنى لىفتىنىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى دەپمۇ ئويلاپ قالدىم.

"5 ـ ئىيۇل كۈنى مەيدانغا يېتىپ بارغىنىمدا نۇرغۇنلىرى ئاللا بۇرۇپ يىغىلىپ بولۇپتىكەن، يەكشەنبە بولغاچ بالدۇر بېرىشقان ئىكەن. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلاشقانلىقىنى كورگەن ساقچىلار ئۇلارنىڭ تارقىتىشقا ئۇرۇندى. بىر ساقچى بېرىپ توپنىڭ ئالدىدىكى بىر قىزنىڭ كۆكسىدىن ئىتتىرىۋىدى باشقىلار ئۇنىڭغا ۋارقىراشتى، شۇنىڭ بىلەن باشقا ساقچىلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ چىكىنىشلار دىدى. ساقچىلار بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ، بىر تەرەپتىن قوپاللىق بىلەن بىزنى ئىتتىرىپ ۋارقىراپ 30 ئەتراپىدا ئادەمنى تۇتۇپ كەتتى. ئاندىن توپقا قېتىلغانلارنىڭ سانى ئېشىشقا باشلىدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتىرىغا قېتىلدىم، ئۆزۈن ئوتمەي 1000 دىن ئۇشۇق ئادەم توپلاندى. تۇختاڭ ھازىر كۆرسۇتۇپ قويىمەن سىزگە" دىدى ئالىم.

بىز يىگىرمە قەۋەت بىنانىڭ ئۇستىدىن تارتىلغان مىڭلارچە كىشىنىڭ مەيداندا دولقۇنلىنىپ تۇرغان ۋىدىيوسىنى كۆردۇق. ئۇلار يولنىڭ بىر قېتىنى تامامەن توسۇۋالغان بولۇپ، ئەگەر يولنى ئايرىپ تۇرغان توساق بولمىغان بولسا ھەر ئىككى تەرەپنى توسۇۋالغان بولاتتى. ناماشچىلارنىڭ سادالىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان بولۇپ، ئەتراپتا بىرەرمۇ ساقچىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتى.

ئاندىن فىلىم مەيدان ئوتتۇرىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىنى كورسەتتى، دەسلىۋىدە ئايرات تىترەپ تۇرغاچ تىز مېڭىۋاتقان كىشىلەردىن باشقا نەرسىلەرنى ئاڭقىرالمىدىم، چۈنكى يا چىرايى يا ئاۋازى ئېنىق ئەمەس ئىدى. تۇساتتىن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇش بىر چىرايىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ ئالىم بولۇپ، ئۇ توپ ئارىسىدا قولىنى شىلتىپ بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە بېشىغا بالا كەلتۇرىدىغان بۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى نىمە دەپ ساقلاپ قويغاندۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ئەمما ئۇنىڭ چىرايدىكى غەزەپ نەپرەت ئەمەس، خۇشاللىق يىغىپ تۇرغان ئىپادە بۇ سۇئاللىرىمنى بىر ياققا قايرىپ قويدى.

"ساقچىلار بىزنى تۇسۇپ قىلىشقا ئۇرۇندى ئەمما بىز تۇساقنى بۇسۇپ ئۆتۈپ كەتتۇق. ئاندىن ئۇلار بىزنى قايتا تۇسۇۋېلىپ ئارقىغا ئىتتەردى، ئاندىن ئارىمىزدىن ئىككى ئۈچ ئادەمنى قولغا ئالدى. ھەر قېتىم ئارقىغا يېنىپ قاچساق بىزنى ئازراق قوغلاپ قويۇپ توختاپ قېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىز يەنە قايتا يىغىلىپ داۋاملاشتۇردۇق"

بۇلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان چىراي ئىپادىسىدىن خۇددى فىلىمدىكىدەك ھاياجانلىق، رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى.

"ئارقىدىن بىر مۇنچە ھەربى ئەسكەرلىرى كېلىپ خۇددى ئۇرۇشقا قوپقاندەك ھەركەت قىلىشقا باشلىۋىدى، بۇ كىشىلەرنىڭ غەزىۋىنى ئاشۇردى. سائەت 6:30 دا كىشىلەر ئەسكەرلەرگە قارىتىپ بىر نىمىلەرنى ئېتىشقا باشلىدى"

"سىزمۇ ئاتتىڭىزمۇ؟"

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ "بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، ئەمما ئۇ كۈنى بەكلا غەزىۋىمىز تېشىپ كەتكەن ئىدى" دىدى.

مەن ئۇنىڭدىن بۇ تاش ئېتىشلار قانداق بولۇپ، بۇلاڭ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىققا ئايلىنىپ كەتتى دەپ سورىدىم، چۈنكى خەۋەرلەردە شۇنداق دىيىلگەن ئىدى. ئەگەر ئەپقاچتى گەپلەر راس بولسا بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقلارنى ئاساسەن ختاي شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا دايىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تاسما، ئاياق، ئىچ كىيىم، ئاياغ پىتىگى، ئىشتان پايپاق ۋە ئاچقۇ ھالقىلىرىنى ساتىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر سادىر قىلغانمىش. ئىشسىزلىق ختايدىكى ئېغىر ئىجتىمائى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، شىجاڭدا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسدا ئىشسىزلىق بەكرەك ئەۋجىگە چىققان. بۇنى ئازدەپ ئىشلەپچىقىرىش دىۋىزيەلىرىنىڭ 90% ختايلاردىن تەشكىل تاپقانلىغى ئۇيغۇرلارنىڭ تېخمۇ قېيىنى قايىنىتىدۇ.

ئەمما ئالىم ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئادەلەتسىزلىكنى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئاساسلىق سەۋىبى دەپ قارىمايدىكەن.

"بەزى ئىقتىسادى تەرەققىياتلار بولدى، ئەمما بۇ ئۇلار بولمىسىمۇ بۇلاتتى، ئەمما بۇ يەردە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار"

مەن بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ختايلارغا قارىتىلغانمۇ دەپ سورىدىم، ھەم كۆڭلۈمدە چۈقۇم ئۇنداق ئەمەس، بۇ ھۆكۈمەت نامايىشچىلارنى قارىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتى دەپ ئىنكار قىلىدىغۇ دەپ ئويلاپ تۇرسام، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن "شۇنداق، نۇرغۇن ختايلار ئۆلتۈرۈلدى، ئەمما 80 ـ 90 ئەتىراپىدا ئويغۇرمۇ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ ئۆلتۈرولدى. تېلىۋىزۇر ۋە گېزىت ژۇرناللاردا ئۇلار بۇنىڭدىن خەۋەر بىرشمەيدۇ، ئۇلار ئۆلگەن ختايلارنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ".

هوكۇمەت تەشۋىقات ۋاستىلىرى تاللاپ خەۋەر قىلغاچ، مىنىڭ باشقا يەردىكى خىتاي دوسلىرىمىنىڭ 7 ـ ئىيۇل كۈنىدىكى خىتايلارنىڭ ھوجۇمى ھەققىدە نىچ نىمىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

"ئۇندى باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىدا بىزنى 'خىتايلارنى قىرىپ، تۈڭگانلارنى يوق قىلايلى' دەپ شۇئار توۋلىدى دەپ ئەيپلىگەن.ئەمما بۇ خىتايچە شۇئار، ئۇيغۇرچە ئەمەس، يۇقۇرى مائارىپ تەربىيسە ئالمىغانلارنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق شۇئارلار چىقمايدۇ. ئەگەر بىز بۇ شۇئارنى ئۇيغۇرچە توۋلىساق ھەرگىز بۇنداق ئاڭلانمايدۇ. بىزمۇ 'ئادالەت' 'ئۆيغۇنۇڭلار' دەپ شۇئار توۋلىدۇق"

نىمە دەپ ئۆيغۇنۇڭلار دەپ شۇئار توۋلىدىڭلار دەپ سۇرىدىم.

"چۈنكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلىرىمىز غەپلەت ئۇيقىسىدا يېتىپ نىمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىغىدىن بىخەۋەر، ئۇلارنىڭ خىيالىدا سىياسەتكا ئارلاشمىسىلا بېشىغا ھىچ ئىش كەلمەيدۇ دەپ ئۆيلىشىدۇ. شۇڭلاشقا بىزدە كۈچ قۇدرەت يۆق. يۇرىگى بارلار ئۇچۇن تۇرمىغا چۈشۈش، يا ئۆلۇم ۋە ياكى چەتئەلگە چىقىپ كىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ يوللا قالدى".

يۇقۇرىدىن ئاڭلانغان بىرنىمىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئاۋازى گىپىمىزنى ئۈزىۋەتتى. ئالىم ئۇرىدىن مىدىرلاپ قۇيۇپ "دۇستۇمنىڭ ئۇيىدىن چىققان ئاۋاز" دىدىيۇ، لىكىن تازا خاتىرجەم بۇلالمىغاندەك بىراز جىمىپ قۇلاق سالدى. باشقا سادا ئاڭلانمىغاندىن كىيىن گىپىنى داۋاملاشتۇردى.

"ئۇ كۈنى بىر خىتاينى قاتتىق ئۇرىۋاتقان ئىككى بالىنى تۇسىۋالدىم، ئۇنداق قىلمىسام ئۇرۇپ ئۆلتۇرىۋىتىدىغاندەك قىلاتتى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن نىمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلغانلىغىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم".

7 ـ ئىيۇلدىكى خىتايلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى ئۇنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ساقچىلارنىڭ خىتايلارنى ئالدىراپ تۇسماسلىغى، ھوكۇمەتنىڭ خىتايلارنىڭ قەھرىدىن قورقۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە سەل قارىغانلىقتىن بىشارەت بۇلۇپ كۈرۈنگەن. بەزى كۈچا خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا ساقچىلار بىلەن ئەسكەرلەر خىتايلارنىڭ توپىلىشى ئۈچۈن شارايىت يارىتىپ ئاكتىپ رول ئوينىغانمىش.

ئالىمنىڭ بۇنىڭدىن قىلچىمۇ گۇمانى يوق ئىدى. "ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇتۇپ، خىتايلارنى رۇناق تاپتۇرايلى دەپ شۇئار تۇۋلىشىپ ماڭدى، بۇنى بىرەرسى ئۇلارغا ئۈگۈتۇپ قويمىسا ئۆزلىگىدىن بۇنداق دىمەيدۇ. سىزگە ئىسپات كۆرسۇتۇپ بىرەي"

بىز ئىكراندا بىر قانچە يۈز قۇللىرىغا تايان تۇقماق ئېلىۋالغان خىتاينىڭ ۋۇچا دۇقمۇشلىرىدا توپلىشىپ تۇرغانلىغىنى، ئۇلار تاماكا چىكىشكەچ، بىر تەرەپتىن يانفۇنلىرىدا بىراۋلار بىلەن سۆزلەشكەچ، بىر نىملەرنى ساقلاۋاتاتتى. بۇ خىل ھالەت بىر قانچە مىنۇت داۋاملاشتى، شۇ ئارىدا

چەت ياقىلاردا مېڭىپ يۈرگەن ساقچىلارنىڭ كۆكۈش كوينىگىنى ۋە ياكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاق قالپىغىنىڭ ئۈستىنى غىل پال كۆرۈپ قالدىم. بەلكىم ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قوللىرىغا تايان تۇقماق كۆتۈرىۋالغان بىر تۈم ئادەمنىڭ يىغىلىشىنىڭ ھىچ قانداق ھەجەپلەنگۈدەك يېرى يوقتۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن قىززىقارلىق بىر تاماش بولۇپ تۇيۇلسا كېرەك.

ئاپىرات يول ياقىسىدىكى بىر ھەربى ماشىنىسىغا بېرىپ توختىدى. ماشىدىن قولىغا تۇقماق ئالغان بىر خىتاي ئەسكىرى چۈشۈپ كالتەكنى تۇپلاشقان خىتايلاردىن بىرىگە بىرىۋېتىپ، يەنە بىرىنى ئېلىپ بىرىۋىدى ئۇلار خۇددى مۇكاپات بۇيۇمى ئېلىۋاتقاندەك ۋارقىراپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى.

ئالىم ئۈچۈن ئېلىپ ئەيتقاندا خىتاي ئەسكىرنىڭ ئىككى تال تۇقماقنى خىتايلارغا بىرشى ئۇلارنىڭمۇ بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا قولى بارلىغىنىڭ دەلىل ئىسپاتى بولۇپ ھىساپلىناتتى. مەن بۇ بىر قىسمەن ھادىسە بولۇشىمۇ مۇمكىن دىسەم ئۇنىڭ ئىشەنگىسى كەلمىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە خىتايلارنىڭ ھەممىس ئەسكى ھىساپلىناتتى.

گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ياخشى بولمىسىمۇ 5 - ئىيۇل ۋەقەسى بۇ دۈشمەنلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. مىنىڭ بۇ قارىشىمغا ئالىممۇ ئورتاق بولدى. ئاندىن شۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ زۇرۇر ياكى ئەمەسلىگىنى سورىۋىدىم ئۇ بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ئاندى چۈشۈرۈپ، "ئەينى چاغدا بىزدە باشقا چارە قالمىغان، ھازىرمۇ ھىچ باشقا چارىمىز قالمىدى" دىدى.

ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتى خۇددى بىر خىل ئامالسىزلىقنىڭ ۋە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگەنلىكنىڭ ئىپادىسىدەك كۆرۈندى. دىمىسىمۇ بىز ھازىر سۆزلىشىۋاتقان بۇ ۋەھشىلىك ۋە نامايىشلارنىڭ ئەك مۇئاپىق خۇلالىسى دەپ چۈشۈنۈشكە بولاتتى. مىنىڭ نەزىرىمدە نامايىشچىلارنىڭ غەزەپلىنىشىنىڭ ئاساسى بار دىيىشكە بولۇدۇ، چۈنكى نەچچە ئون يىللاپ دىنى شىكەنجە سېلىش ئىقتىسادى جەھەتتىن چەتكە قېقىشقا ئۇچرىغان خەلقنىڭ ناراز بولۇشى تەبىي. گەرچە تىنچلىق بىلەن باشلانغان نامايىش كيىن ساقچىلارنىڭ قەستەن كۈشكۈرتىشى بىلەن تۇقۇنۇشقا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل خاراكتىرنىڭ ئۆزگۈرۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى يوق قىلىشقا بولمايدۇ. كۆڭلۈمدە بۇ قانائەتلىنەرلىك خۇلاسىنى چىقىرىپ، گەپ تىمىسىنىڭ ئۆزگەرتىپ، كيىنكى يېرىم سائەتتە ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئالىم دوستۇيىۋېستكىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرىدىغانلىغىنى ئەتتى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 'ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسۈتىدۇ'دىدى. ئۇ ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان دولەتنىڭ پۇقرالىرى چوقۇم ياخشى مائارىپ تەربىيەسى كۆرۈشى كېرەك "ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئەك ياخشىس دىنغا ئىتىقات قىلمىسا بولۇدۇ" دىدى.

ئەگەر ئالىم بىلەن مۇشۇ يەردىلا خوشلاشقان بولسام، ئۇنىڭ ھەققىدىكى تەسىراتىم باشقىچە بولۇپ قالغان بولاتتى، ئەتىسى غۇلجىغا ماڭىدىغان ئاپتۇۋۇزدا ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان

چىرايى، كالپۇكۇدىكى چاقىسى، ۋە ئۇقۇمۇشچان ئۇبرازى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەندە بىر سۇغاقفان ئادەم ئىسىمگە كەلگەن بولاتتى. ئاپتوۋۇز دەرىزىسىدىن سىرتلارغا قارىغىنىمدا كۆز ئالدىمدىن ئۇتۇپ كىتىۋاتقان قارا شىغىل دوۋىلىرى بىلەن ھەرە چىشىدەك قىرلىق تاغلار كەينىمدە قېپلىۋاتاقاندا ئالىمنىڭ غەزىۋى، خىتايلارغا بولغان نەپرىتىنىڭ ئاستىدا ئىيۇل ۋەقەسىگە پۇشايمان بولغان بىرىنىڭ سىماسى كۇرۇنگەن بولاتتىدە كۆڭلۇمدە بۇ بىر سەۋىرچان ئىنسان دىگەن ئويغا كىلەتتىم.

ئەمما شۇ ئارىدا ساقال بۇرۇتى پاكىز چۈشۇرۇلگەن، ئۇتتۇز نەچچىلەرگە كىرگەن بەستلىك بىرى ئىشكنى ئېچىپ كىردى. ئۇ بىز بىلەن ئۇيغۇرچە سالاملىشىپ، مەن بىلەن قۆل ئېلىشىپ كۇرۇشتى. "بۇ مىنىڭ دوستۇم، ئۇ ئىش تەشكىللەشكە ئۇستا" دىدى ئالىم، قارشى تەرەپ دولىسىنى قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ باشقا ئىنكاس قايتۇرمىغاچ ئۇنىڭ ئىنگلىزچە بىلىش بىلمەسلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. تۇۋەندىكى پاراڭدىن نىمە ئۇچۇن ئالىم ياكى يېڭى كەلگەن مېھماننىڭ بۇ كىشىنىڭ ئىسىم فەمىلىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئېغىزغا ئالمىغانلىغىنىڭ سەۋىبى رۇشەن بولدى.

"مىنىڭ دىگەنلىرىم راس، بۇ ئادەم 100 ئادەمنى ئاسانلا تەشكىللىيەلەيدۇ، گايىدا مىڭ ئادەمۇ تاپالايدۇ، ھەر كۇنى ئۇنىڭغا نامايىشى ئۇرۇنلاشتۇرايلى دىسەم، ئۇ بۇنىڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ دەپ ئۇنىمايدۇ" دىدى ئالىم.

تۇساتتىن 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ تەشكىللىگۇچىلىرىدىن بىرى بىلەن يۇزتۇرانە كۇرۇشۇپ قېلىشتىن سەل چۆچۇپ قالغاندەك بولدۇم، بۇ خۇددى نەچچە ۋاقىتلاردىن بىرى تېلىۋىزۇر ئىكرانىدىلا كۇرۇپ كەلگەن مەشھۇر بىر شەخس بىلەن تاساددىپى ئۇچرىشىپ قالغاندەك تەسىر پەيدا قىلىدى مەندە. ئەمما ئۇ مەشھۇر بىرى بولغان بولسا بۇ كەمدە بەلكىم يا تۇرمىدا ياكى تۇپراق ئاستىدا بۇلغان بۇلاتتى. چۇنكى مەزكۇر ۋەقەگە چېتىشلىق 26 كىشىگە ئۇلۇم جازاسى بىرىلدى. ئەگەر بۇ قېتىمقى تاسادىپى ئۇچرىشىشتىن بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتمىگەن بولسام "نىمە ئۇچۇن نامايىش قىلىشنىڭ ئۇنۇمى يوق دەپ قارايسىز؟" دەپ سورىغان بولاتتىم، ئەمما مىنىڭ ئاغىزىمدىن باشقىچە سوئال چىقتى.

"سىزنىڭچە شۇ ۋەقەدىن كىيىن قانداق ئۆزگۇرۇشلەر يۇز بەردى؟"

مەن ئالىم چۇقۇم ئۇرۇمچى كوچىلىرىدە يامراپ كەتكەن ساقچىلار بىلەن ھەربىلەرنى چوڭ ئۆزگۇرۇش دەپ مىسال قىلىدۇ دەپ كۇتۇپ تۇرسام ئۇ "ئۆزگۇرۇش دەمسىز؟، ئەڭ چوڭ ئۆزگۇرۇش شۇ بولدىكى ھازىر نۇرغۇنلىغان خىتايلار بىزنى ھورمەتلەيدىغان بولدى، ئۇلار ئالاقەزادە بۇلۇپ كىتىشتى. ئۇلار بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ تەمىنى تېتىپ كوردى" دىدى.

گەرچە چىرايدىكى مەمنۇيەتلىكتىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ياخشى ئىش دەپ قارايدىغانلىغى مەلۇم بولسىمۇ مەن يەنىلا ئۇنىڭ قارىشىنى سوراپ كۆردۇم.

"ئەلۋەتتە ياخشى ئىش بۇ" دەپ جاۋاپ بەردى ئالىم.

"راسلا شۇنداق قارامسىز؟ سىزنىڭچە ئىشلار تېخىمۇ مۇشكۇللۇشۇپ كەتكەندەك ئەمەسمۇ؟"

"ياق، مىنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، ئەكسىچە ياخشى بۇلۇپ قالدى. ئەمدى سىزدىن بىر سۇئال سوراي، ئەيتىپ بېقىڭە سىز نىمىلەردىن خۇشلىنىسىز؟" دەپ سورىدى.

"مۇشۇكتىن...شاقىراتمىلاردىن...ياخشى هاۋادىن" دىگەندەك ئاددى نەرسىلەردىن خۇشلىنىدىغانلىغىمنى سۆزلەپ بەرسىم ئۇ كۇلۇمسىرەپ ئاڭلاپ بەردى. ئاندىن ئۇ "چىڭخەي هەققىدىكى خەۋەرنى كوردىڭىزمۇ؟" دەپ سورىدى.

ئۇ يەردە بىر قانچە كۈن ئىلگىرى يەر تەۋرەش ئاپىتى بۇلۇپ، مىڭلارغا ئادەمنىڭ ئۆلۇپ كەتكەنلىگى هەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانلىغىمنى بىلدۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

"مىنى مۇشۇنداق خەۋەرلەر خۆش قىلىدۇ، نۇرغۇن خىتايلار ئۇلۇپ يۆق بوپتۇ، بەلكىم بۇنداق ئويلاش خاتادۇر، لىكىن مەن بۇنىڭدىن خۇشال" دىدى.

مەن بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە قازا قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تىبەتلەر ئىكەنلىگىنى خىتاي ئەمەسلىگىنى ئەسكەرتسەممۇ ئۇنىڭغا هىچ خىيالىغا كىلىدىغاندەك كۇرۇنمىدى. ئاندىن سىزگە بىر سۇئالىم بار دەپ "سىزنىڭچە تىنچلىق بىلەن قارشىلىق قىلىشنىڭ ئۇنۇمى بۇلارمۇ؟" دەپ مەندىن سورىدى.

مەن خۇددى بۇنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان هەقىقەت ئىكەنلىگىگە ئىشەنچىم كامىلدەك قىلچە ئىككىلەنمەستىن "ئەلۋەتتە" دەپ جاۋاپ بەردىم.

"مەنمۇ بۇرۇن شۇنداق ئويلىغان، لىكىن هازىر ئۇنداق قارىمايمەن، ئۇمۇ بۇنداق قارىمايدۇ. بىز تىچلىق بىلەن نامايىش قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنغان بولساقمۇ ئۇلار زارىمىزغا قۇلاق سالماي بىزنى تۇرمىگە تاشلاپ خەلقىمىزنى ئۇلتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى" دىدى ئالىم.

مەن تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى هەل قىلىشقا بۇلىدىغانلىغى هەققىدە بىرەر قايىل قىلارلىق سەۋەپلەرنى كۆرستەي دوپ ئويىنىۋىدىم كۆز ئالدىمدا چىرالىق ئىگىز كەلگەن بىر ئاسيالىق ئايالنىڭ بىر توپ نامايىشچىلانىڭ ئارىسىدىن چىقىپ تەمكىنلىك بىلەن ئالدىنى تۇساپ تۇرغان قالغان كۇتۇرۋالغان ساقچى تۇپىغا قاراپ ماڭغان ئۇبرازى كىلىۋالدى. ساقچىلار ئۇنى تۇختاشقا بۇيرىۋىدى ئۇ پەرۋا قىلماي ئالدىغا ئىلگىرلىگەندى، ئۇلار قۇراللىرىنى كۇتۇرۇپ ئۇنىڭغا نىشانلىدى، ئەمما ئۇ ئايال پەرۋا قىلماي كۇلۇمسىرىگەن پېتى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كىلىۋىدى، مۇزىكا ساداسى ئەۋجىگە كۇتۇرۇلۇپ، ساقچىلار ئايالغا يول ئېچىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلار هەل بۇلۇپ كەتتى.

ئەمما بۇ دىگەن كىنۇدىكى مەنزىرە، رەسمى هاياتتا بولغان ئىش ئەمەس. بۇنداق ئىشلارنىڭ خىتايدا يۈز بىرىشىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتى. شۇڭا ئاخىردا باشقا گەپ تاپالماي خىتاي هوكۇمىتىنىڭ سىياسى نارازلىغى بولمىغان ئۈتتۇرا قاتلامدىكى يۇقۇرقى تەبىقە كىشلەرنىڭ نازارلىغىدىن باشقا (مەسلەن 2007 - يىلى شىئامىن شەھىرىكى پۇقرالار نامايىش قىلىپ، شۇ يەردە قۇرۇلۇش پىلانلىنىۋاتقان بىر خىميە زاۋۇتىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىدىن ئەنسىرەيدىغانلىغىنى ئىلگىرى سۇرگەندە هوكۇمەت قارارىنى ئۆزگەرتكەن) تۇۋەن تەبىقىدىكى خىتاي خەلقىنىڭ نازارلىق نامايىشلىرىنىمۇ ئۇخشاشلا باستۇرۇپ كىلىۋاتقانلىغىنى مىسال قىلىپ، بۇ سىياسەتنىڭ مىللىلارغىلا قارىتىلغان ئەمەسلىگىنى ئىلگىرى سۇردۇم. گەرچە بۇ دىگەنلىرىم راس بولسىمۇ، بۇ هازىرقى ئۇيغۇرلار دۇچار بۇلۇۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاپ بۇلالمايتى. كىينچە ئوينلىپ باقسام مەن ئالىمغا ئۇچراۋاتقان زۇلۇملاردىن زارلىما، چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلار سىلەرلا ئەمەس دەپتىمەن، بۇ خىل قاراشنى سەل ئىلگىرى سۇرۇپ تەھلىل قىلسا هوكۇمەتنىڭ خەلقنى ئېزىشى توغرا دىگەن يەكۇن چىقىدىكەن.

مىنىڭ بۇ خىل سەپسەتىلىرىمگە ئالىمنىڭ جاۋابى تەييار ئىدى.

"ئاكام تۇرمىدا هازىر، بۇ بۇرادىرىممۇ ئۇن ئىچىدە بەش قېتىم تۇرمىدا يېتىپ چىقتى" دەپ هېلىقى ئادەمنى كۆرسەتتى.

"نىمە قىلغانغا تۇرمىغا چۈشۈپ قالىدى؟"

"هىچ قانداق سەۋەپسىزلا. ئۇلار يا سوت ئاچماستىن ياكى جىنايەت بىكىمەستىن بىرەرسىنى ئىككى ئاي ياكى ئالتە ئاي سولاپ قويىۋېرىدۇ".

خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ قانۇندىن پايدىلىنىپ كىشىلىك هوقوق دەپسەندىچىلىگى هەققىدە خەلقارا تەشكىلاتلارنىڭ تەپسىلى دوكىلاتلىرى بار. كىشلەر توساتتى يوقۇلۇپ كىتىدىغان هادىسىلەرمۇ دايىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. غۇلجىدىكى ۋاختىمدا ئالىمدەك غەزىۋى تاشقان ياشلانى ساقچىلار تۇتۇپ كىتىپ، قىيىن قىستاقلاردىن كىيىن ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بىرىلگەنلىگى هەققىدىكى هىكايىلارنى كۆپ ئاڭلىغان. بەزىلەرنى تۇتۇپ كەتكەندىن كىيىن جەسىدىنى يىراق يېزىلاردا بايقىغان ئەهۋاللارمۇ بولغان.

ئالىم بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ "بىزگە تۇقۇنۇشتىن باشقا يول قالمىدى. ئەگەر مىنىڭ قولۇمدا 100 ئادەم ياكى 1000 ئادەم ئولتۇرەلەيدىغان بىر بومبا بولسا چوقۇم ئىشتىتىم ئۇنى. ياكى بىرەر مىڭ قۇراللانغان ئۇيغۇر قوشۇنۇم بولغان بولسا، ئۇلار 1000 خىتاينى ئولتۇرەلىسە ئىشلەر ياخشى بۇلۇپ قالاتتى" دىدى.

ئالىم بۇ گەپلەرنى قىلغاندا هاياجاندىن ئاران نەپەس ئالاتتى. ئۇ ئەمدى ئاغزىنى ئۇمچەللەپ گېپنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى يېڭى كەلگەن مىهمان ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئۇيغۇرچە

بىرنىملەرنى دىدى، ئاندىن ماڭا قاراپ "كەچۈرۈڭ، مىنىڭ ئىنگىلىزچەم ياخشى ئەمەس، مىنىڭ گېپىمنى ئۇ دەپ بەرسۇن" دەپ ئاندىن بىرەر مىنۇت تۇختىماي ئۇيغۇرچە گەپ قىلغاندىن كىيىن ئالىم تەرجىمە قىلىپ بەردى.

" ئۇ ئاۋال ئافغانىستانغا بارىمەن، بىرەر يۇز ئادەم باشلاپ بېرىپ لاگىر قۇرۇپ، شۇ يەردە تۇت بەش يىل تۇرۇپ، بىرەر مىڭ ئۇيغۇرنى تەربىيەلەپ، بىرەر مىڭ خىتاينى ئۆلتۈرسەكلا ئىشلار ئۇڭشۇلۇپ كىتىدۇ، قالغانلىرى تىكىۋىتىدۇ" دەيدۇ دىدى.

"ئەگەر چىقىپ كەتمىسچۇ؟"

"مىنىڭچە كۆپ ساندىكىلىرى قاچىدۇ، ئۇنداق بولمىسا يەنە بىرەر مىڭنى ئۆلتۈرىمىز، ئاندىن كىتىدۇ. خىتايلاردا يۈرەك يۆق" دىدى تەمكىنلىك بىلەن.

"بەلكىم شۇنداق بۇلار. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئاددى خىتاي پۇقراسى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا پەرق يوقمۇ؟ پۇقرالار سىلەرگە قانداق زەخمەت يەتكۈزدى؟" دەپ سۇرىدىم.

"شىنجاڭغا كەلگەنلىگىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ جىنايىتى، ئەلۋەتتە ئاغرىق سىلاق، قېرى چۈرىلەر، ئاياللار ۋە نارەسىدە باللارنىڭ گۇنايى يۇق" دىدى.

مەن تۇپۇلاڭدا نۇرغۇن ئاياللارنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىگىنى ئىسىگە سېلىۋىدىم "ئۇنداق قىلىش خاتا بولغان" دەپ تۇرۇپ قالدى، مە بۇنى پۇشمانلىق سۈكۈتى دەپ ئويلىدىم.

"شۇنداقتىمۇ خىتايلار سىلەردىن كۆپ، خىتايلارنى ئۆلتۈرسەڭلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنى تېخىمۇ يامانلىشىپ كىتىشى مۇمكىن" دىدىم.

'بۇنىڭ ھىچ قانداق ئەنسىرىگىچىلىكى يوق، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈنى ھازىرمۇ ناچار. ئۇلار جاپاغا كۆنۈپ كەتتى، ئۇچ نان بىلەن بىر كۈننى ئۆتكۈزەلەيدۇ" دىدى.

"ئەگەر خىتايلار ئۆچ ئېلىپ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرسىچۇ؟"

"ئۇلارنىڭ شارائىتى بەكلا ناچار، ھىلىمۇ ئۆلگەندىن پەرقى قالمىدى"

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نەپرىتى شۇنچە چوڭقۇر ئىدىكى، بىرەر مىڭ ئۇيغۇرنىڭ قۇربان بىرىشىنى تۈلەشكە تىگىشلىك بەدەل دەپ ھىساپلايتى. مىنىڭ كاللامغا ئاۋال كەلگىنى بۇنداق ئويلىشىڭىز خاتا، خىتاي ھوكۇمىتى مەيلى قانداق مۇئامىلە قىلسۇن مىللى قىرغىنچىلىق قىلىش ئەخلاقى جەھەتتىن خاتا دىگۇم كەلدى. گەرچە مىڭلاپ ئادەملەرنى قىرغىن قىلىشنى مۇنازىرە قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ۋەھشىلىك بولسىمۇ، مىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قارىشىم، بۇ خىل قان تۆكۈش بىلەن ئىش ھەل بولمايدىغانلىغىنى ئىلگىرى سۈرۈش دەپ ھىس قىلدىم.

**"ئەگەر سىلەر خىتايلارنى ئۆلتۈرۈشنى باشلىساڭلار، بۇ ھۆكۈمەت ئۇچۇن سىلەرنى خالىغانچە باستۇرۇشى ئۇچۇن پايدىلىق بانا بولۇپ بېرىدۇ، خۇددى 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدەكلا" دىدىم.**

**مەن يەنە تېرورىزىم بىلەن شۇغۇللاڭساڭلار ئامېرىكىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىسىلەر دىسەم، ئالىم بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى.**

**"ئۇلار بىزگە ياردەم بېرەرمۇ؟ تىبەتلەرگە ياردەم قىلدىمۇ؟ ئۇلار خىتايدىن ئۆلگىچە قورقىدۇ، شۇڭا بىرەر ئىش قىلالمايدۇ" دىدى.**

**ئۇنىڭ گېپنى ئورۇنلۇق ئىدى. دىمىسىمۇ شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تاشقى بېسىم تۈپەيلى ھەل بولۇشى يوق گەپ. چۈنكى نەچچە ئون يىللاردىن بىرى ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر ۋە بېسىملارنىڭ خىتاينىڭ تىبەت سىياسىتىدە ھىچ قانداق ئۈنۈمى بولمىدى.**

**گەرچە ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىكى تۆۋەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئالىمدىن سىزنىڭ ئاشۇ خىيالى ئارمىيىڭىز مىڭلاپ خىتايلارنى قىرغىن قىلىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇدىغانلىغى ھەققىدە قانداق ھىسىياتتا بولۇدىغانلىغىڭىز ھەققىدە ئويلىنىپ كۆردۇڭىزمۇ دەپ سورىسام، ئۇ تىلى بىلەن لېۋىدىكى چاقىنى يالاپ قويۇپ تەپسىلى ئولاندى. ئاندىن كەيىنگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ "چۇقۇم راھەتلىنىمەن، قورئاندا قېرىندىشىڭ ئۇچۇن قىساس ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرسەڭ بولىدۇ دەپتىكەن" دىدى.**

**بۇنىڭ قايسى سۈرە ئىكەنلىگىنى سورىسام بىلمەيمەن دىدى، بەلكىم خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغاندۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇنىڭ قورئاندىكى بىر سۈرە ئىكەنلىگىنى بىلىشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە بولسا كىرەك. ئۇنىڭ بۇ خىل چۈشقۇر نەپرىتى، كۈچلۈك قىساس ئېلىش ئىستىگى ئالدىدا دەيدىغان گېپىمۇ قالمىغان ئىدى.**

**گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يېڭى كەلگەن مىھمان ئالىمغا ئۇيغۇرچە بىرنىمە دىۋىدى ئالىم يانچۇغىدىن بىر قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ قەلەمنى ئېلىپ بىر پارچە قەغەزنىڭ ئۈستىگە بىر ئىستىرلىكا سىزدى.**

**"بىز ئۇچۇن ئۈچ يول قالدى" دەپ قارشى تەرەپكە قارايدىغان ئىستىرلىكىدىن ئىككىنى سىزدى "بىر يول" دەپ ئاخىرىنى ئىنگىلىزچە چۈشۈرەلمەي قىلىۋىدى ئالىم نىمە دىمەكچى ئىكەنلىگىنى بىلىپ گېپىنىڭ داۋامى ئېلىپ ماڭدى.**

**'بىرىنچى يول چەتئەلدىن ياردەم سوراش، يەنى ئامىركا بىلەن بىرىتانىيەدىن ياردەم سوراش" خۇددى گۇناكار مەن بولغاندەك ماڭا قاراپ قويۇپ بۇ ئىستىرلىكنى ئۇچۇرىۋەتتى.**

"بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يۆق، ھېچ كىم خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىر ئىش قىلدۇرالمايدۇ. ئىككىنچى يول تىنچلىق بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە يېقىنلىشىپ شارائىتىمىزنى ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش" دەپ بۇ ئىستىرىلكىنىمۇ سىزىمۋەتتى.

"ئۈچىنچى يۆل تالىبانلارنىڭ يۆلى. 2010 - يىلى بىرەر ئىش يۈز بەرمەيدۇ، 2011 - يىلى بۇ يەرگە كەلسىڭىز بەزى ئىشلانىڭ بولغانلىغىنى ئۆزىڭىز كۆرىسىز" دىدى.

ئاندىن خۇددى مىنىڭ باشقىچە پىكرىڭ بولسا دەپ باقە دىگەندەك بىر خىل ئىپادە بىلەن قەلەمنى قويۇپ ئارقىسىغا يۆلۈنۈپ ئولتۇردى. ئەمما مىنىڭ دىگۈدەك گېپىممۇ قالمىغاندى. گەرچە مەن تېرۆرىزىمىن قۇللىمىسامىمۇ، باشقا چارىلارنىڭ ئىشقا يارىشىغا ئىشەنمەيتىم.

"باشقا سۇئالىڭىز بارمۇ" دەپ سۇرىدى ئالىم.

مەن خۇددى ئۇتتۇرىۋەتكەن قىمارۋازدەك باشقا سۇئاللىمىنىڭ يۇقلىغىنى بىلدۇردۇم. كىيىن كىرگەن مىھمان مەن بىلەن قول ئېلىشىپ خۇشلىشىپ ئالدىدا چىقىپ كەتتى، بىرەر مىنۇتتىن كىيىن ئالىم ئىككىمىزمۇ ئۆيدىن چىقتۇق. تالا قاراڭغۇ بۇلۇپ، كۇچىدا چىراغمۇ يۇق ئىدى، بىز قاراڭغۇدا قارمۇ قارشى تەرەپكە يول ئالدۇق.

ئەمما ئەتىسى غەرپقا قاراپ كىتىۋاتقان ئاپتۇۋۇزدا خىيال سۇرگەچ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ تۆتىنچى چارىسىنى ئۇيلاپ تاپتىم. ماشىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇللار يۇقۇرى ئۇرلەپ كىتىۋاتقاندا خىيالىمغا قارشىلىق قىلىشنىڭ يەنە بىر يۇلى كەلدى. ئۇيغۇرلار يا نارازىلىق قىلالمىسا ياكى ئۇرۇش قىلالمايمۇ كىملىكىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن، ئۇلار ئانا تىلىنى ۋە مىللى مەدەنىيىتىنى باللىرىغا ئۆگۈتۈشنى داۋاملاشتۇرسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى ئۆزگەرمەي قالمايدۇ، شۇ كۇن كەلگەندە ئۇلار ئۆزگىلىنى ساقلاپ قالالىغان بىر قوۋم بۇلۇپ ئۇتتۇرىغا چىقىدىغۇ. بىز مۇز بىلەن قاپلانغان سايرام كۆلىنىڭ يېنىدىكى ئىگىز پەس يۇللاردا سۇقۇلۇپ لىڭشىپ مېڭىۋاتقاندا بۇنىڭدىن باشقا مەنتىقىگە چۈشىدىغان يولنىڭ يوقلىغىنى ھىس قىلدىم. گەرچە مىنىڭ بۇ 'ئاقىلانە' پىكرىم ئۇنىڭ كۇرەش ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەپ بۇلۇشىغا ئىشەنمىسەممۇ، ئالىمغا تىلىفۇن قىلىپ بۇ ئويلىرىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرتاقلىشىشقا ئۇرۇندۇم.

تاغ جىلغىسىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قالغاندا ئالىمغا تىلىفۇن قىلسام ئالماپتى، ئۇنىڭغا پىكرىمنى بايان قىلىدىغان قىسقا ئۇچۇر قالدۇرۇپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئاپتۇۋۇز ئەگىر بۇگرى تاغ يوللىرىنى ئەگىپ، پاتقاقلادا چايقىلىپ، ھېلى تاغ باغرىغا چۈشۈپ كىتىدىغاندەك ئادەمنى شۇركۇندۇرۇپ سەپەرنى داۋام قىلدى. بىر سائەتتىن كىيىن تۇز يەرگە چىقىپ سۇرەت تىزلەشتى، يول ياقىسىدا تۇپ توپ قوي پادىسى بىلەن تاختايلارغا تىزىپ قۇيۇلغان جىلۋىلىنىپ تۇرغان ھەسەل شىشىلىرى كۇزگە چېلىقىپ تۇردى. غۇلجا ۋادىسىغا كىرىش بىلەن خىتايلارنىڭ

يېغىپ كەتكەنلىگىنىڭ بىشارىتى بولغان زاۋۇتلا بىلەن ئۆلتىراق بىنالارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىغىنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇرۇنقى ئېتىزلىقلار شەھەرلىشىپ كەتكەن ئىدى.

غۇلجا شەھرىگە ئاز قالغاندا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر يوغان ھەربى گازارمىسىنى كۆرۈپ قالدىم، دەرۋازا ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان بىرۇۋنىكلەرنىڭ يېنىدا ئەسكەرلەر دىققەت تۇرۇپتۇ. بىلەتچى كىلىپ ھەممىمىزنىڭ كىملىكلىرىنى يىغىپ كەتتى.

"قانداق قىلىسىز بۇنى؟"

"ئۇلار تەكشۈرىدىكەن"دەپ يىراقتىن خۇددى يوقۇرى سۈرەتلىك تاش يولنىڭ پۇل يىغىش پۇنكىتىغا ئوخشاپ كىتىدىغان بىر توساقنى كۆرسىتىۋىدى زەك سىلىپ قارىسام ئۇ تەكشۈرۈش پۇنكىتى ئىكەن. ئاپتۇۋۇس توختىۋىدى ساقچىلار چىقىپ، ئالدىدا ئىككىس ساقلاپ تۇردى، بىرى ئاپتۇۋۇزنى ئارىلاپ مىڭىپ مىنىڭ يېنىمغا كەلگەندە توختاپ قەيەتدىن كەلدىڭىز دەپ سورىدى. جاۋاپ بەرسەم پاسپورتىڭىزنى كۆرۈمەن دىۋىدى، بىلەتچى ئۇنىڭغا سۇندى پاسپورتۇمنى، ئۇ رەسىم بار بەتنى ۋاراقلاپ ئېچىپ، ئاۋال سۈرىتىمگە ئاندىن ماڭا قارىدى. دەل مۇشۇ چاغدا تېلفۇنۇمغا ئۈچۈر كىلىپ جىرىڭلاپ قويدۇ. ئەمما بىزنى ئاپتۇۋۇزدىن چۈشۈرۈپ تەكشۈرۈش بىلەن ھەلەك بولۇپ كىتىپ ئۈچۈرغا قارىغىدەك بولالمىدىم. ئۇلار سومكىلىرىمىزنى چۈشۈرۈپ ئاچقۇزۇپ تەكشۈردى، بىز ئىچ كىيىملىرىمىزنى كۆرسۈتۈپ تۇرغاندا بىر تەرەپتە ساقچى ئاپشاركىسى بىزنى نازارەت قىلىپ تۇردى.

20 مىنۇتتىن كىيىن ئاپتۇۋۇزغا يېنىپ چىقىپ يولغا چىقتۇق. ئازاتلىق يۇلىنىڭ غەربىدىن شەھەرگە كىرگەندە خۇددى باشقا بىر خىتاي شەھرىگە كىرىپ كەلگەندەك بىلىندى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا يېڭىدىن سېلىنغان مېھمانخانىلار، كارائوكەي كۇلۇپلىرى ۋە ئاشخانىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ قالغان ئىدى. بۇ ئەتراپتا ئەزەلدىنلا خىتايلار بىراز توپلىشىپ ياشايدىغان رايون بولىسمۇ، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەردىكى بىنالارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەھەللىسىدىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتى.

بىز مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان دۆقمۇشتىنا يېڭىدىن سېلىنغان ئاپتۇۋۇز بىكىتىگە كىردۇق. بىكەتنىڭ بىلەت سېتىش بىناسىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ماگنىتلىق ئۆسكۈنىلەر بىلەن تەكشۈرەتتى.

مەن چەتئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان مېھمانخانا تاپالماي بىراز قىينىلىپ قالدىم، بۇرۇن ۋاقىتلىق تۇرۇش گوۋاھنامەم بولغاچ، ھەر قانداق يەرگە چۈشسەم بولاۋىرەتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ئامالسىزلىقتىن ئازاتلىق يولىنى بويلاپ مېھمانخانا ئىزدىشىمگە توغرا كەلدى. ھەر بىر يول دۇقىسىدا ۋاقىتلىق توساقلارنىڭ ئىچىدە تولۇق قوراللىغان ئەسكەرلەر بىلەن ساقچىلار كۆزۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ھەر قېتىم ماڭا قارىغاندا ھىلى چاقىرىپ پاسپورتۇمنى تەكشۈرەرمىكى دەپ تەييارلانسام، ئۇلار پەرۋامۇ قىلىشماي تاماكا چېكىشىپ، ھارغىنلىغى ۋە زىرىككەنلىكى

چىرايىدىن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بەلكىم ئۆتكەن يىلى ئىيۇلدىن بىرى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك دەپ خۇلاسىلىدىم.

تۇساتتىن بۆرۈن دوست بۇرادەرلىرىم مېنى يۇقلاپ كەلسە دايىم چۈشىدىغان مەيدان يېنىدىكى بىر مېهمانخانا يادىمغا كەلدى، تۇزۇمگە بىنائەن ئۇلار مېنىڭ ياتىقىمدا قونسا بولمىغاچ مەن دايىم ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلەتتىم. مەن ياتاقتا ئۇرۇنلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندى ئالىمنىڭ ئۈچۈرىغا قاراش پۇرستىنگە ئېرىشتىم ئۇ "سىز بىزنى بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈڭلار دىمەكچىمۇ؟ بىز كۈندە شۇنداق قىلىمىزغۇ" دەپ ئۈچۈر قايتۇرغان ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە بارسام دەرۋازا ئالدىدا كۆزۈمگە ئاۋال چېلىقىدىنى قالقانلار، تۇمۇر قالپاقلار ۋە تۇقماقلار بولدى. بۇلارنى كىمگە قارىتىپ قويغاندۇ دەپ ئويلۇنۇپ قالدىم. مەكتەپ هويلىسىدا نۇرغۇن يېڭى بىنالار چۈشۈپتۇ، ئەمما قىسمەن رۇسچە بىنالارنىڭمۇ تېخىچە بارلىقىدىن سۆيۈندۈم. مەن چەتئەل تىلى فاكۇلتىتىغا بارسام باشقا بىناغا كۆچۈپ كەتتى دىدى بىر كاتىپ قىز. مەن مەكتەپنى كىسىپ ئۆتۈپ قارىش تەرەپتىكى بىناغا بارغىچە فاكۇلتىت مۇدىرىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى بىلەن يالغان چېچىنى ئويلاپ سەككىز يىلدىن كېيىن تۇساتتىن ئىشخانىسىنى چېكىپ كىرسەم هەر قاچان "ياخشىمۇسىز كەپسىز يىگىت" دەپ سالام بىرەر چۇقۇم دىگەنلەرنى خىيال قىلدىم.

مەن تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ كارىدۇردا 99 - يىللىق سىنىپ بىلەن چۈشكەن يۇغان بىر رەسىمنى كوردۇم، بۇ كىچىك بىر رەسىمدىن يۇغانتىلغاچ، زىچلىقى بۇزۇلۇپ ئۆزۈمنى ئاران تەستە تونۇيالىدىم. مەن ئىشخانىغا ئۇدۇل كىرىپ، مەن تونۇمايدىغان بىر مۇئاللىمدىن گېپ مۇدىر بارمىدۇ دەپ سۇرىسام ئۇ هەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ قاراپ "يوق" دەپ جاۋاپ بىرىپ "خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟" دىدى

"نىمىدىن؟"

"ئۇ تۆت ئاي ئالدىدا ئۆلۈپ كەتتى، هاراقنىڭ پالاكىتىدىن" دىدى.

باشقا تەپسىلاتلىرىدىن ئۇنىڭمۇ خەۋىرى يوق بولۇپ، 'هەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش' دەپ قوشۇپ قويىدى.

مەن مەكتەپتە تۇرۇشنىڭ هاجىتى قالمىغانلىقىنى هىس قىلىپ، بىنادىن چۈشۈپ مەكتەپتىن يىنىپ چىقتىم.

كېينكى بىر قانچە كۈن مابەينىدە بازار ئارىلاپ كونا تونۇشلار بىلەن ئۇچرىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. بۇ مەزمۇنلاردا قەستەن تەپسىلى توختالمىدىم، چۈنكى بۇگۈنكى ۋاقتى سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشىمايتى. گەرچە كىشىلەر سەككىز يىل ئالدىدا دىگەن گەپلەرنى يېزىش ئۇڭشا بولسىمۇ، هەممە يەرنى ئەسكەرلەر ۋە جاسۇسلار قاپلاپ كەتكەن بۇگۈنكى كۈندە

ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش تەپسىلاتلىرىنى يېزىپ قويسام، ئىسمىنى ۋە باشقا ئۇچۇرلىرىنى ئۆزگەرتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا كۆزۈپ يەتمەيتى. شۇڭا بۇ خىل تەۋەككۈلچىلىكتىن ئۆزۈمنى تارتتىم.

شۇنىڭ مۇقۇملاشتۇرۇپ ئەيتىشقا بولۇدىكى، غۇلجىدىمۇ خۇددى شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىگە ئوخشاشلا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانى روشەن كۆپىيىپ قاپتۇ. ئازاتلىق يولى ۋە تاغ ئاغزىدا كۆرگەن تەرەتتقىياتلارنىڭ بىر خىل ئېقىمغا ئايلىنىپ، توسقىلى بولمايدىغان رىئاللىق بولۇپ قالغانلىقى روشەن. ئۈرۈمچى غۇلجا يويىز لىنيەسىمۇ پۈتەي دەپ قاپتۇ، ئەگەر بۇ يول پۈتسە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ بۇ يەرگە كىلىشنى تېخىمۇ تىزلىتىۋېتىدۇ دىگەن گەپ. بۇ تەرەققىياتلارنى باشقا مەسلىلەر بىلەن بىرگە قارىمىسا ھېچ قانداق مۇھىم بىر مەسلىدەك كۆرۈنمەيدۇ. ئىقتىسادى جەھەتتىكى نامراتلىق ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكلەرنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرى دەپ قارىغاندا، بۇ خىل تەرەققياتلار مىللى مەسلىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق دەپ چۈشەنسىمۇ بولۇدۇ. ئەمما مەسلىنىڭ تۈگۈنى بۇ خىل پۈرسەتلەرنىڭ قانداق تەقسىملىنىشىدە، ھەممە مىللەت تەڭ بەرە ئالالارمۇ بۇ تەرەققىيات ياراققان ئىقتىسادى پۈرسەتلەردىن؟ 2004 - يىلى ئېلىپ بىرىلغان بىر تەكشۈرۈشتە شىنجاڭ ئىقتىسادىيدىكى ئۈمۈمۇ كىرىمى يۇقۇرى، سانائەت كارخانىلىرىنى تەرەققى قىلغان رايۇنلارنىڭ ھەممىس ئاساسەن خىتايلار تۈپلىشىپ ياشايدىغان رايۇنلاردىن تەركىپ تاپقانلىغىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇلۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان جەنۇبى شىنجاڭنىڭ سانائەت تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ بەكلا تۆۋەن بولغاچ، يەرلىك خەلق بازار نەرقى تۇراقسىز تۇراقسىز بۇلغان پاختا تېرىقچىلىقىغا تاينىشقا مەجبۇر بولغان.

ئەمما ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پۇل خەجلەپ ئىش قىلىپ بەرمىدى دىسىمۇ توغرا بولمايدۇ، چۈنكى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر مەھەلەلىلىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان كىشنى ھەيران قىلارلىق يېڭىلىقلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىۋىلىش تەس ئەمەس. مىنىڭ خاتىرەمدە ئۇيغۇر مەھەلىلىرى تۇپا چاڭ باسقان، قىش بىلەن ئەتىيازدا كۆچىلار لاي پاتقاقلار ۋە ياكى قار ـ مۇزلار دەستىدىن ماڭغۇچىلىكى قالمىغان، ئات هارۋىسنى ئاساسلىق قاتناش قۇرالى قىلىدىغان هالەت پېتى قالغان. ئەمما توپ ـ تۇز سىمۇنت يوللار، چىرايلىق كۆچا چىراغلىرى خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان كۆچا ناملىرىنى كورگەندە بەكلا ھەيران قىلىپ، كۆچىلارنى تونۇمايلا قالدىم. مەيدانىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كۆچىلارنىڭ بەزىلىرىدە كىشلەر ئارام ئالىدىغان ئاممۇۋى سۇرۇنلار ۋە يېڭى نەقىشلىق كۆچا چىراغلىرى ئورنىتىلغان ئىدى. بۇ تەرەققياتلاردىن مەن سۆزلەشكەن كىشلەرنىڭ ھەممىسى رازى ئىدى، مەسلەن مىنى ماشىنىسىغا ئېلىۋالغان يۇك ماشىنىسىنىڭ شۇپىرى، كۆچىدا هارۋىدا نان سېتىۋاتقان كىچىك بالا، مەكتەپتىن ئۆيگە ۋەلسىپىت بىلەن قايتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىس شارائىتنىڭ ياخشىلىنىپ مېڭىۋاتقانلىغىنى تەكتلەشتى.

ئەمما تەرەققىياتلار كۆپ بولسىمۇ بۇ ئۆزگۈرۈشلەردىن مەن بەك خۇشال بولۇپ كىتەلمىدىم، چۈنكى غۇلجىنىڭ تەبى ئۇبرازىدىن ئەسەرمۇ قالمىغاندى. ختاي بازىرىنىڭ كىرىش ئاغزىغا يېقىندىن قوپۇرۇلغان يوغان پىششىق قىش دەرۋازا كۆزۈمگە سىغمىغان يەنە بىر ئۆزگۈرۈش بولدى. دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يوغان بىر تاختىغا ختايچە، ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگىلىزچە 'فۇلك ساياھىتى رايىنى' دىگەن خەتلەر يوغان يېزىلغان بولۇپ ئاستىغا:

*بۇ يەردە ئىگىز بىنالار ياكى ئويلەر يوق، پەقەت كىچىكىنە ئۆستەڭ بىلەن بىر كۆۋرۈك بار، ئۆستەڭنىڭ قارشى قىرىدا كىچىك بىر يېزا بار. بۇ يېزا خۇددى پەردىنىڭ ئارقىسىدا تاتلىق ئويقىدا ئۇخلاۋاتقان ئۆزگە تۇپراقنىڭ مەلىكىسىدەك ئارامدىل، سىرلىق ۋە قانائەتمەن گۈزەللىكى بىلەن سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ...*

دىگەن خەتلەر يېزىلغان بولۇپ، مۇشۇ قىسقا جۈملىلەردىمۇ نۇرغۇن ئىنگىلىزچە خەتلەر خاتا يېزىلغان ئىدى.

دىمەك 100 مىڭ ئەتىراپىدا ئۇيغۇر نوپۇسى تۇپلىشىپ ياشايدىغان بۇ ئاساسلىق ئويغۇر رايۇنى ساياھەت رايۇنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. بۇ ئۆزگۈرۈشلەر بەزى كونا تونۇشلىرىمنى بەكلا نارازى قىلىۋەتكەن ئىدى.

ئىنگىلىزچىسى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغان بىر تونۇشۇم "بۇ خۇددى بىر قارغىش تەككۈر قەپەزگە ئۇخشايدۇ، ئۇلار بۇ يەرنى مۇشۇ ھالغا كەلتۇرىمىز دەپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئويلىرىنى چاقتۇرىۋەتتى" دەپ قاخشاپ بەردى.

قەشقەردىمۇ ئۇخشاشلا شەھەر مەركىزىدىكى قەدىمى مەھەللىلەرنىڭ كىچىكىنە بىر قىسمىنى ساياھەت ئۇچۇن ساقلاپ قېلىپ، قالغان يەرلەرنى چېقىپ تاشلىغان. ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىنى بۇنداق ۋەيران قىلىپ ئاندىن قايتىدىن يېڭىچە ئۇسلۇپتا قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر مەدەنيەت كىملىگى ئۇچۇن بۇيۇك بىر يوقۇتۇش ھىساپلىنىدۇ.

مۇشۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ئارقىسىدا قىسمەن نەرسىلەر ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، كىچىك مەسچىتلەر، قاتار كەتكەن تىرەكلەر يەنىلا مەلجۇتلىغىنى يوقاتماي، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ قانىتىدىن چىققان پۇشتەك ساداسى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاسمان ھەمىشە كۆپ كۆك، 'كاۋاپ پادىشاھى" دىگەن ئاشخانىمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مىززىلىك تائاملارنى تەييارلايتى. چۈشلۈك تاماقتىن كىيىن كۆچىلاردا يەنە قانداق ئۆزگۈرۈشلەر باردۇ دەپ قىززىقىپ، ۋەلسىپىت بىلەن كۆچا ئارىلاشقا باشلىدىم. يول ياقىسىدىكى دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى گىلەم ۋە پالاسلار، ھارۋىلارغا دۆۋلەنگەن مىۋە- چىۋە ۋە سەي كۆكتاتلار، دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان ئىشتانلار، پۇتۇلكىلاردا سېتىلىۋاتقان ئەتىرلەر، يۇپ- يۇمۇلاق نانلارنى كۆرگۈنىمدە ئۆزۈمنى قايتىپ كىلىپ بۇ يەردە ئۆلتۈراقلىشىپ قېلىش ئۇچۇن كەلگەندەك ھىس قىلىپ قالدىم. بۇرۇنقىدەكلا بازاردىن ئارزاق ئالما سېتىۋىلىپ ياتىقىمغا ئەكىتىپ، 'پېشقەدەم تۆگەن' ياكى

'خۇشپۇراق هويلا' دىگەن ئاشخانىدا كەچلىك تامىقىمنى يەپ بولۇپ ئاندىن ياتاقتا ئەتە ئۆتىدىغان دەرسنى تەييارلىغىنى قىلغان بولاتتىم. ئاندىن بىرەر قول شاخمات ئويناردىم ۋە ياكى بىر ئىستاكان ئىچىملىك ئېلىپ بالكوندا كەچكى شەپەقنى ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغان بولاتتىم. بۇ نوۋەت بۇ يەردە دىن تارقاتقۇچىلار بولسىمۇ ئۇلار بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلماي، ئۇيغۇرچە ئۆگۈنۈپ، ئىنگىلىزچە بىلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ئارلىشىپ تىلىمنى پىششىقلاپ، مۇمكىن بولسا دايىم مىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ تاقتا چىقىشىممۇ مۇمكىن ئىدى.

ئەمما بۇ نۆۋەت مەن پەقەت بىر ساياھەتچى سۈپىتى بىلەن كەلدىم، بەلكىم بۇرۇنمۇ بۇ زېمىننىڭ مېھمىنىلا بولۇپ ئوتكەن بولغىيدىم. كىشىلەر ئۆزى تۇنۇش بولغان بىر زېمىننى قايتا ساياھەت قىلغاندا دايىم ئۇنى ئۇتمۇشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزگەرمەي قالغان قىسمىنى ياقتۇرۇپ، ئۆزگۈرۈپ كەتكەن قىسمىنى ئانچە بەك خالاپ كەتمەيدىكەن. مەسلەن مەن يۇقۇرىدە ئىسمىنى ئاتاپ ئوتكەن ئىككى ئاشخانا چېقىۋىتىلگەن بولۇپ، مەن خاتىرەمنى قايتىدىن يېڭىلاشقا مەجبۇر بولدۇم. گەرچە غۇلجىدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ بۇ شەھەرنى باشقا خىتاي شەھەرلىرىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتقانلىغىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تېخىمۇ چەتكە قېقىلىۋاتقانلىغىدىن ئىبارەت بۇ خۇلاسىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمىسامىمۇ، كۆڭلۈمدىكى ئۇمۇتسىزلىكلەرگە تەسەللى ئىزدەپ ئەگەر ۋەلسىپىت مىنىپ شەھەر سىرتىدىكى يارقېقى تۇغراق ۋە قان تامچىلايدىغان دەرەخ بار تەرەپلەرگە بارسام چۇقۇم تونۇش مەنزىلەرنى كۆرەرمەن دەپ ئۇمۇتلەندىم.

ئۇزۇن ماڭماي شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئېتىزلىقلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدىم. بىر خىتاي قەۋرىستانلىغىدىن ئۆتىۋىدىم يېقىنقى قەۋرە سۈپۈرۈش بايرىمىدا كويدۇرۇلگەن خۇشپۇراق شاڭلارنىڭ قالدۇقلىرى، ئاق هاراق بۇتۇلكىلىرى، قاچىلاردا ئېچىپ پۇراپ قالغان تاماقلار، ئەجداتلىرىنىڭ ئەرۋالىرىغا ئاتاپ كويدۇرۇلگەن قەغەز پۇللارنىڭ كۇللىرىغا كۆزۈم چۈشتى. سەل ئالدىغىراق مېڭىۋىدىم بىر ئۇيغۇر قەۋرىستانلىغىغا كەلدىم، قەۋرىستانلىقلار قۇيلار ئۇتلاپ يۇرۇپتۇ، چۇپان يىگىت مىنى كۆرۈپ قولنى شىلتىپ سالام قىلدى.

ئۇششاق باللار ئويناۋاتقان يىزا مەھەللىسىدىن تىز ئۆتۈپ كىتىۋاتسام باللار چۇقۇرىشىپ كەتتى، بەلكى مىنى كۆرگەندىن ھاياجانلىنىپ كېتىشكەن بولۇشىسا كىرەك. هاۋا ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي سۇمۇ ئېلىۋالماپتىمەن، ئەمما ئالدىغا ماڭغانسىرى كۆڭلۈم ئەتراپتىكى مەنزىرىلەردىن يەڭگىللەپ قالغاندەك بىلىندى. ئەمما يول ياقىسدا ھەربى تۇساقلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش دېۋزىيەلىرىنىڭ تاختىلىرى خېلىلا كۆپىيىپ قالغانلىغىغا دىققەت قىلدىم، بۇ نەرسىلەر ئىلگىرى يۇقتەك كۆرۈنگەن. گەرچە بۇ رايۇنلارنىڭ چەتئەللىكلەرگە ئۇچۇق ياكى ئەمەسلىگىنى تولۇق بىلمىسەممۇ ۋەلسىپىتمىنى چاپتۇرۇپ تۇساقلاردىن پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتتىم.

يول ياقىسىدىكى تاختىدىن شەھەردىن 20 كىلومېتىر يىراقلاپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، سۈسىراپ كەتكەن بولساممۇ كۆڭلۈم بىر خىل ھاياجان بىلەن تولغان ئىدى. ئەمدى ئاشۇ دەرەخنى كۆرۈشلا قالغان ئىدى.

مەن ئۆچقاندەك ئىلگىرلەپ، كونا ۋەلىسىپىتنىڭ زەنجىرى غىچىرلاپ كەتكەن بىر ئۆيغۇر بوۋايدىن ئۆتۈپ كېتىپ، خېلى يىراقلاپ كەتكەن بولساممۇ ھېلىقى دەرەخنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئەمما شاخلىرىدىن قىزىل لىنتىلار ئېسىلغان، ئەتراپىدا ئەينەك پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان دەرەخ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتى.

يەنە ئۇن نەچچە مىنۇت ئىلگىرلەپ شەھەردىن 22 ـ 23 كىلومېترلاپ يىراقلاپ كەتكەن بولسامۇ ھېلىقى دەرەخ كۆرۈنەي دىمىدى، مەن ئۇنداق بىر يوغان دەرەخنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىشىمگە ئىشەنمىگەچ، چۇقۇم خاتا يەرگە كېتىۋاتقان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ قالدىم.

يەنە بەش كىلىمىتىر ئىلگىرلەپ، بۇ يەرلەرگە ئىلگىرى كېلىپ باقمىغانلىقىمغا چىن پۈتۈپ تۇرسامۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئالدىغا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 30 كىلومېتىر دىگەن يەرگە بارغاندا ئاندىن ئارقىغا ياندىم. پاچاقلىرىمنىڭ چارچاپ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، خۇددى ئۇ دەرەخ بىردەر يەرگە قېچىپ كېتىدىغاندەك تىز ماڭدىم. ئەسلىدە ئۇنداق قىلىشىمنىڭ ھاجىتىمۇ يوقتى، چۈنكى مەن ئۇ دەرەخنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلمىدىم. مىنىڭ بۇ دۇنيالىق نەزىرىمدە ئۇ دەرەخنىڭ ھېچ قانداق قىممىتى يوق بولسىمۇ، بېشىمنىڭ سەل قېيىشقا باشلىغىنىغا قارىماي داۋاملىق پىدالىمنى تېپىپ تىز سۈرەتتە ئالغا ئىلگىرلىدىم. ئەمما ئۇزۇن كەتكەن بۇ يولدا ھېلىقى دەرەخنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنەي دىمەيدۇ، شۇڭا ئالغا ماڭغانسىرى كۆڭلۈمدە بىر خىل پەرىشانلىق سېزىمى ئىششىقا باشلىدى. تۇساتتىن يول ئوتتۇرىسىدا يىراقتىن بىر قارا چېكىت پەيدا بولۇپ، ئاستا ئاستا يوغىناپ شەكىلگە كىرىۋىدى، قارىسام ئۇ مەن يولدا ئۆتۈپ كەتكەن، ۋەلىسىپىتنىڭ زەنجىرى غىچىرلاپ قالغان ئۇيغۇر بوۋاي ئىكەن. بوۋاي يېقىنلىشىۋىدى مەن سالام قىلىپ، قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىپ، ئاندىن ۋەلىسىپىتتىن چۈشىۋىدىم، بوۋاي سەل گاڭگىراپ قالغاندەك ماڭا قاراپ قويۇپ، سالىمىمنى ئېلىك ئېلىپ ۋەلىسىپىتىدىن چۈشتى. مەن بوۋايغا خىتايچىدە يۇرتۇمنى ۋە بۇرۇن مۇشۇ يەردە مۇئاللىملىق قىلغانلىقىمنى چۈشەندۈرسەم بېشىنى لىڭشىتىپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى، چۈنكى بۇ ئىشلارنى يەرلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلسە كېرەك.

ئاندىن " مۇشۇ يولنىڭ ئۈستىدىكى بىر مۇقەددەس دەرەخ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ ئىسمىدە قېلىشىچە مۇشۇ يولدىتىغۇ دەيمەن؟" دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا بىر دەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كىيىن قولىنى شەپكىسىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ بېشىنى قاشلىدى، مەن قايتا تەكرارلىغاندىن كىيىن، ئۇ ئۇيغۇرچە بىر نىمىلەرنى دەپ جاۋاپ بىرىۋىدى، مەن چۈشۈنەلمەي قالدىم. خىتايچە بىر نىمىلەرنى دىۋىدى ئۇنىمۇ بىلەلمىدىم،

**شۇنىڭ بىلەن بۇۋاي قۇلنى خەنجەردەك قىلىپ تۈۋەنگە قارىتىپ تىز سۇرەتتە چاپقان ھەركەتنى قىلدى.**

**ئەمدى كۆڭلۇمدە گۇمانلانغىدەك ھىچ بىر نەرسە قالمىدى، دىمەك مەزكۇر دەرەخ كىسۋىتىلگەن ئىدى.**